نۇرمۇھەممەت توختى

# قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# نەشرىياتتىن

يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى 1949-يىلى 12-ئايدا خوتەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1966-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يېزىغا «قايتا تەربىيە» گە چۈشكەن. 1973-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ 1977-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىر خوتەن پېداگوگىكا ئالىي مەكتىپىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەن ۋاقتى كېيىنرەك. ئۇ 1985-يىلىدىن باشلاپ ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ھازىرغىچە ئەللىك پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، بەش پوۋېست، يۈز پارچىدەك نەسر، ئون پارچىغا يېقىن ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلغان. ئاشۇ ئەسەرلەردىن تۈزۈلگەن تۆت پارچە توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە دەۋر پۇرىقى كۈچلۈك بولۇپ ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلگەن. بۇ قېتىم ئاپتورنىڭ كېيىنكى چاغلاردا يازغان ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ بۇ توپلام تۈزۈلدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېگىشلىك زوق ئېلىشىغا تىلەكداشمىز.

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


ئېشەك قالغان بىر نامرات ......................... 1
ئالتۇن مەش .................................... 21
ئورۇقلىتىش رېتسېپى .......................... 34
بەش پۇتلۇق تۆت ئادەم ............................ 47
كاتىپنىڭ ھەمراھ بولۇشى .......................... 63
ئاخىرقى كېكىرىش................................. 65
9-ئىيۇل ........................................ 75
شاھ مەشرەپ خوتەندە .......................... 109
چېچەك ئىزى ................................. 162
ھېلىمنىڭ ھال ئېيتىشى ........................... 173
ھاۋارايى ھەققىدە ھېكايە ........................ 205
قۇيرۇق ھەققىدە ھېكايە ......................... 212
قۇرت تېرىش ................................. 225
ئالتە كۆڭلۈك پادىشاھ .......................... 233
ئاھ، قېرىندىشىم.............................. 281
قەدىمكى جەسەت ............................. 292


## چاتما ھېكايىلەر


1. كېچىكتۈرۈلگەن مېيىت نامىزى ................ 325
2. يىغا چولپانى ................................ 344

3. چېقىلغان چىش ........................................ 363
4. ھېق ............................................... 375

## پوۋېست

قارلىغاچ ئۇۋۇا سالغان ئايۋاندا ............................ 387

ھېكايىلەر

# ئېشىپ قالغان بىر نامرات

## 1

يىراق ئۇپۇق ئىسسىق لەۋلىرىنى زېمىن لەۋلىرىگە يېقىشۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. كەپتەر تۇپى كۆك ئاسماندا پەرۋاز ئەيلەپ، قۇشلار دۇنياسىنىڭ سېركچىلىرىدەك موللاق سالىدۇ. پاكار، كۆرۈمسىز ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىققان ئاجىز ئىس ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلىدۇ. رەتلىك ئۈنۈپ چىققان كۈزگى بۇغداي مايسىلىرى سوغۇقتا ئوسمىدەك كۆكىرىپ تۇرىدۇ. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىغا، چىتەنلەرنى بويلىتىپ تىزىپ قويۇلغان ئالتۇن رەڭ يانتاق پەنجىلىرىدىن يات، ئۆزگىچە پۇراق تارقىلىدۇ. قىغ دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىۋالغان قىزىل تاجلىق خوراز شادىيانە قىچقىرىدۇ. دالا يالىڭاچ، دەرەخلەر يالىڭاچ. قىشنىڭ ئىزغىرىن شامىلىنى، ياپراقلارنى، ئىسنى ۋە خورازنى كۆرمىگىنىمگە نەقەدەر ئۇزۇن بولغان-ھە! شۇ تاپتا ئۆزۈمنى باللىق چاغلىرىمغا قايتقاندەك سېزەتتىم. يېزا كوچىسىدا يۈگۈرۈپ قىيغاتقۇم، كۆكتىكى كەپتەرلەرگە قاراپ ئىسقىرتقۇم كېلەتتى. تولىمۇ تونۇش، لېكىن ئۇزاقتىن بېرى كۆرمىگەن مەنزىرە...

ئىدارىمىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نۇقتىسىنىڭ بىر يىللىق خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش

ئۆمىكىمىز كەنتنى ئارىلاپ يۈرۈپتۇ. بىر يىلدىن بېرى مۇشۇ نامرات كەنتكە بىر تۇمەندىن ئارتۇقراق مەبلەغ سالدۇق. ئىككى نەپەر كادىرىمىز بىر يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى، ئىلھام بەردى، ئەقىل كۆرسەتتى. مانا ئەمدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى قانچىلىك؟ بىز قانچىلىك يۆلىيەلىدۇق؟ ئۇلار نەچچە بالداق يۇكسەلدى؟ — بۇلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش، تەجرىبە-ساۋاق-لارنى يەكۈنلەش زۆرۈر ئىدى.

ئاشۇ بىر كۈن ئىچىدە، رەسىمدىكىدەك تۈز، رەتلىك، قاتار-قاتار سالا ئېتىزلارغا، تونىلىق ئېتىزلارغا ئىزىمىز چۈشتى. ئېتىز قىرلىرىدىكى سان-ساناقسىز ئۇجمىلەرگە كۆزىمىز چۈشتى. سېمونت تاختاي يېپىپ ياسالغان سۇ سىڭمەس ئېرىق-ئۆستەڭ-لەرنىڭ سېمونت كۆۋرۈكلىرىدىن نەچچە قېتىم ئۆياققا، نەچچە قېتىم بۇياققا ئۆتتۇق. كىچىك ماشىنىمىزنىڭ گۈللۈك چاقى يېڭى ئېچىلغان بوز يەرنىڭ يوللىرىغىمۇ نەقىش چەكتى. كەنتنىڭ ئون بىر نەپەر كادىرى بىزگە ھەمراھ ئىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ ھارمىدى. مۇئاۋىن سېكرېتار، كەنت باشلىقى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى، پەن-تېخنىكىغا مەسئۇل كەنت باشلىقى، چارۋىچىلىققا مەسئۇل كەنت باشلىقى، پىلىچىلىككە مەسئۇل كەنت باشلىقى، پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كەنت باشلىقى، يەر باشقۇرۇشقا مەسئۇل كەنت باشلىقى، ئاياللار مۇدىرى، خەلق ئەسكەرلىرى روتىسىنىڭ كوماندىرى ۋە بوغالتىر قوشۇمچە قىلىپ ھارمىدى. بىز ئاڭلاپ ھارمىدۇق. جاپاكەش دېھقانلار شۇنچە يەرلەرنى تېرىپ، شۇنچە ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ياساپ، شۇنچە بوز يەرلەرنى ئېچىپ، شۇنچە ئۇزۇن يوللارغا شېغىل تۆكۈپ ھارمىغان يەردە، بىز كۆرۈپلا،

ئاڭلاپلا ھېرىپ قالساق قاملىشارمىدى؟ ھارمىدۇق. ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان يېڭىلىقلار، يۈكسىلىش-تەرەققىياتلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر بىزنى ھاردۇرمىدى ... بىر يىل دېگەن قىسقىغىنە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىتقۇ، لېكىن ئاشۇ بىر يىل ئىچىدە، دېھقانلارنى قايسى ئىشلارنى ئورۇنداپ بولمىغان دەيسىز؟ ئۇلار ھەربىر تۈپ بۇغداي-قوناقنىڭ قېشىغا نەچچە قېتىمدىن بارغاندۇ؟ ھەربىر تۈپ كېۋەزنىڭ، ھەربىر تال پىلە قۇرتىنىڭ، ھەربىر چارۋا مالنىڭ قېشىغا نەچچە قېتىمدىن بارغاندۇ؟ سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ئۈچۈن، ئۇرۇق تىكىش ئۈچۈن، مايسا تاقلاش ئۈچۈن، ھارام پۇتاقلارنى ئېلىش ئۈچۈن، ئوغۇتلاش ئۈچۈن، سۇغىرىش ئۈچۈن، تۇۋىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، ئەسكى يۆگىمەچنى يۇلۇش ئۈچۈن، قۇرت چۈشتىمۇ-يۇقمۇ؟ — قاراپ بېقىش ئۈچۈن، دورا چېچىش ئۈچۈن ... ساناپ بېقىڭا، زادى نەچچە قېتىمدىن بارغاندۇ؟ ... سېكرېتارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن، قالغان ئون نەپەر كادىرنىڭ قوشۇمچە قىلىشىدىن بىلدۇقكى، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا، تەبىئەت دېھقانلارنى ئۈمىدسىز قالدۇرماپتۇ. بۇغداي، قوناقتىن، پاختىدىن، پىلىدىن، مايلىقداندىن، مېۋە-چېۋىدىن، ئۈزۈمدىن، چارۋا-باقمىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپتۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر كاللەك ئېشىپ، پىلان يۈز پىرسەنت ئورۇندىلىپتۇ. كەنتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىغان پىلانى بويىچە بۇ يىل يىگىرمە پىرسەنت، كېلەر يېلى يىگىرمە پىرسەنت، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى يىگىرمە پىرسەنت ... نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلماقچىكەن. بۇ يىل قۇتۇلدۇرۇلىدىغان يىگىرمە پىرسەنت ئائىلىنىڭ توقسەن بەش

پىرسەنتى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپتۇ. يەيدىغان ئېشى يېتەرلىك بولۇش، كىيىمى پۈتۈن بولۇش، ھەربىر ئائىلىدە ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئېشىكى بار بولۇش، بىر تۇياقتىن كالىسى بار بولۇش، ھەر نوپۇسقا ئۈچ تۇياقتىن قوي-ئۆچكە بولۇش تولۇق ئىشقا ئېشىپتۇ. جەمئىيەت ئامانلىقى مۇقىم، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى نورمال ئىكەن. مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەت يار بەرسە، پات يېقىندىكى ئۈچ-تۆت يىل ئىچىدە، كەنت نامراتلىقتىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىكەن ...

سېكرېتار ھاياجان، ئىشەنچ ۋە ئازراق ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزلەيتتى. ماختانغۇسى باردەك، لېكىن نېمىشقىدۇر ماختىنىشتىن تارتىنغاندەك قىلاتتى. ئاشۇ ھاياجان، ئاشۇ ئىپتىخارلىق قوشۇمچە قىلغانلارنىڭ ئاھاڭىدىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئاستا-ئاستا بىزگىمۇ تەسىر قىلدى. بىزنىڭ قەلبىمىزدىمۇ ھاياجان ۋە ئىپتىخارلىق باش كۆتۈردى. ئاشۇ نامرات دېھقانلار ئۈچۈن، ئۇلار نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندا خۇشال بولماي تۇرالايمىزمۇ؟ ئۇلارمۇ ئەجرىگە لايىق قەنت چاقسۇن، ئىنساندەك ياشىسۇن ۋە كۈن ئۆتكۈزسۇن، پارتىيىنىڭ پارلاق سىياسىتىنىڭ نۇرىدا چۆمۈلسۇن ... قەلبىمىزدە خۇشاللىق بىلەن ئاشۇ ئىستەك ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى. پەقەت ھېلىقى نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي قالغان بىر ئائىلە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىنى يۈز پىرسەنت ئورۇنداشقا تەسىر يەتكۈزگەن بىر ئائىلە كۆڭلىمىزدە غەشلىك پەيدا قىلىپ تۇراتتى. ئەمدى خۇددى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىنى يۈز پىرسەنت ئورۇندىدۇق» دەپ دوكلات قىلالمىغىنىغا ئوخشاشلا، بىزمۇ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىنى يۈز پىرسەنت ئورۇندىدۇق» دەپ دوكلات قىلالمايتتۇق. ئۇنىڭ بىر يىللىق ئەجىر-تىرىشچانلىقىمىزغا

كۆلەڭگە چۈشۈرگەن سۆرەلمىلىكى ئوغىمىزنى قايىنىتاتتى. مەن مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىق سالاھىيىتىم بىلەن سېكرېتاردىن ئاشۇ نامراتنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. كۆرۈپ بېقىش زۆرۈر ئىدى. تۇرمۇش ئەھۋالىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ تەلەتىنىمۇ كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى. سېكرېتار چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ بىزنى بىر يان كوچىغا باشلىدى.

## 2

— شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ بىر ئائىلىلا قۇتۇلالماي قالدى دېسىلە؟

— شۇنداق، ئاشۇ كاساپەت بېشىمىزغا بىر بالا بولدى، — سېكرېتار ئۇنىڭ قۇتۇلالماسلىقىغا ئۆزى ئەيىبكاردەك پەس ئاۋازدا سۆزلىدى، — ھەرقايسىلىرى ئالدىدىمۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىمۇ بىزنى يەرگە قاراتتى، ئەمدى مانا مۇكاپاتمۇ ئالالمايدىغان بولدۇق ...

— ئىسمى نېمىتى؟

— ئىسمى كېرەم، لەقىمى كىرپە.

— شۇڭا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالىدىكەن-دە، قانداقراق ئادەم ئۇ؟

— نېمىسىنى دەيلا، راۋۇرۇس ئەمگەك كۈچى دېسىلە. ياش، ئۆكۈزدەك بەردەم، پەقەت ئېشەكتەك جاھىل، ئاشۇ جاھىللىقىدىن قۇتۇلدۇرالمىدۇق ئۇنى، گېپىمىزگە كىرگەن بولسا ...

— كىرپە تەشكىلنىڭ گېپىنى پەقەت ئاڭلىمايدۇ، — قوشۇمچە قىلدى كەنت باشلىقى، — ئالدىنقى يىلى كېۋەز

تېرىيدىغان يەرگە زىرە تېرىپتۇ. بۇزدۇرۇۋەتتۇق، بۇ يىل يەنە كېۋەز ئارىسىغا ئانار كۆچىتى قەلەمچە قىپتۇ. ھەممىسىنى يۇلۇۋەتتۇق. قارىسىلا ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى، پاختا دېگەن دۆلەت پىلانىدىكى ئىش تۇرسا، مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ؟

— ھالىغا باقمايدىغان ھارامزادە ئۇ، — ئەمدى قوشۇمچە قىلىۋاتقىنى مۇئاۋىن سېكرېتار ئىدى، — ئۆتكەن يىلى قىشتا چوڭ شەھەرلىكلەر ئىئانە قىلغان كىيىم-كېچەكتىن كەنتىمىزگە ئۈچ تاغار كىيىم بېرىلگەنىدى. كىرپىنىڭ ئائىلىسىگە ئىككى چاپان تەقسىم قىلىپ بەرسەك ئالغىلى ئۇنىمىدى دېسىلە، ھەممىسى يېپيېڭى. تېخى ياماق سېلىنمىغان پۇتۇن كاستۇم، تېخى نېمە دېدى دېمەملا، «مەن باشقىلارنىڭ كونا كىيىمىنى كىيىدىغان ئابدال ئەمەس» دېمەسمۇ، جۇلدۇر كېپەن تۇرۇقلۇق ئابدال ئەمەسمىش، مانا كۆرسىلە ئۇنىڭ گېپىنى ...

— نەچچە نوپۇس ئۇنىڭ ئائىلىسى؟

— ئانىسى بىلەن قوشۇپ يەتتە نوپۇس، ئىككى ئوغلى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. بىرىنى ئوقۇتۇپ، بىرىنى ئەمگەككە سالسا، ئۆزىگىمۇ يېنىك بولاتتى. لېكىن ھەممىسىنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ. كىچىك ئىككىسىمۇ كەنت مەكتىپىدە. بۇ ئىشقۇ سىياسەتكە ئۇيغۇن، لېكىن ...

— كىرپىنىڭ دېيىشىچە، — قوشۇمچە قىلدى پەن تېخنىكىغا مەسئۇل كەنت باشلىقى، — قوشكېزەكلەرنىڭ بىرىنى ئوقۇتۇپ، بىرىنى ئوقۇتمىسا تەڭسىزلىك بولارمىش، ئوقۇمىغىنىنىڭ كۆڭلىگە كېلەرمىش، تېخى بالىلىرىنى ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۇرمەكچىمىش، ۋاي قوۋۇرغام ...

— بالىسى قوشكېزەككەن-دە؟

— شۇنداق، خوتۇنى ئىككى قېتىمدا تۆتنى تۇغقان، ھەممىسى ئوغۇل، كۆرمەملا، «زەردارنى كالا باستى، نامراتنى بالا» دېگەن شۇ ئىكەن ...

— پۇل تېپىشقا ئېپى بولمىغان بىلەن بالا تېپىشقا خېلى ئېپى بار ئۇنىڭ، پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلۇپ، خوتۇنى ئوپېراتسىيە قىلىۋېتىلمىگەن بولسا، يېزىمىزنى بالىغا كۆمۈۋېتەتتى ئۇ ...، — قوشۇمچە قىلدى چارۋىچىلىققا مەسئۇل كەنت باشلىقى.

— ھەر نېمە بولسا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلۇپتىكەن، — سۆز قاتتى ئاياللار مۇدىرى.

كەنت كادىرلىرى بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى تولۇقلايتتى. بەزىدە بىراقلا ئىككى-ئۈچى تەڭ سۆزلەپ كېتەتتى. لېكىن بۇ جاۋىلداش ئەمەس ئىدى. ئاشۇ سۆز ۋە تولۇقلىمىلاردىن نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان كېرەم كىرپە توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى. قەدەملىرىمىز توختىمايتتى. چاۋار-چاتقال، ئەخلەت-غازاڭ، توڭ تېزەك ۋە توپا-تۇمان ئارىلاشقان شېغىللىق يولدىن چاڭ-توزان توزۇپ ئارقىمىزدا قالاتتى. كوچىدا ئوتلاپ يۈرگەن قوي-ئۆچكە، توخۇ-ئۆردەك ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. كەپتەرلەر ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلەتتى.

— كېرەم ئاخۇن يامان ئادەممۇ؟ مەن ئەسكى ئادەم ياكى يارىماس ئادەم دېمەكچىمەن ...

— ئەسكى ئادەم دېگىلى بولماس، كەتمىنىنى راسا چاپىدۇ. لېكىن تەشكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان تەرىپى بار ئۇنىڭ ...

— نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىدىكى سەۋەب زادى نەدە؟

سېكرېتار سەل مەڭدەپ قالدى. باشقا ئون نەپەر كەنت كادىرىمۇ سۆز قاتمىدى. ئۇلار «سەۋەب» توغرىسىدا ئىلگىرى

ئويلاپ باقمىغاندەك قىلاتتى.

— ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟ — ئاز سۈكۈتتىن كېيىن يەنە سېكرېتار ئېغىز ئاچتى، —— يېرى ئاز، نوپۇسى جىق، جاڭگالدىن ئوتتۇن توشۇپ سېتىشتىن باشقا ئۆزگە ھۈنىرى يوق ... سەۋەب مۇشۇمىكىن دەيمەن.

— ئاساسلىق سەۋەب پارتىيىنىڭ، تەشكىلىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقىدا، كىرپە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنمايدۇ. ئەقىل كۆرسەتسە ئاڭلىمايدۇ، — مۇئاۋىن سېكرېتار قوشۇمچە قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇمچىسىدىن كېيىن كەنت كادىرلىرى بەس-بەستە قوشۇمچە قىلىشىپ كەتتى.

— توغرا، لېكىن ئۇ ...

— پارتىيە ئۇنىڭغا يەر بەردى. لېكىن ئۇ ...

— پارتىيە ئۇنىڭغا «نامراتلىقنى تۈگەت، باي بول» دەپ ئىلھام بەردى، لېكىن ئۇ ...

— پارتىيە ئۇنىڭغا «دەسمايە قىلىپ پۇل تاپ» دەپ قەرز ئېلىپ بەردى، لېكىن ئۇ ...

— نېمە قەرز؟ ئۇنىڭ يەنە قەرزى بارمۇ؟ — مەن سوئال قويدۇم كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا سۆز قاتقان يەن-تېخنىكىغا مەسئۇل كەنت باشلىقى سوئالىمدىن كېيىن قەدىمىنى تېزلىتىپ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى.

— مەن ھېلىقى ئايلانما مەبلەغنى دېمەكچى.

— قايسى ئايلانما مەبلەغ؟

— نامراتلارغا قوي-كالا ئېلىپ بەرگەن ئايلانما مەبلەغچۇ.

— نەدىن تاپقان ئايلانما مەبلەغ؟

— بانكىدىن قەرز ئالغان ئايلانما مەبلەغ ...

مەن گاڭگىراپ قالدىم. كېيىن سېكرېتارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، يىل بېشىدا كەنت پارتىيە ياچېيكىسى مۇزاكىرە ۋە قارار قىلىپ، بىر تۈمەن قەرز ئاپتۇ. ئىدارىمىز ئىئانە قىلغان بىر تۈمەنگە قوشۇپ، ئۇنى «كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئايلانما مەبلىغى» دەپ ئاتاپتۇ. قارار بويىچە، ئۇلار بۇ پۇلغا كالا، قوي-ئۆچكە سېتىۋېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانلانغان ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇ ياخشى چارە ئىكەن. بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقىلى بولىدىكەن. بىرى، نامراتلارنىڭ قوتىنىدىكى مالنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىدىكى سانغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىكەن. يەنە بىرى، كۆزدە پاختا ساتقان پۇلدىن تارقىتىپ بېرىلگەن قوي، كالىنىڭ پۇلىنى تۇتۇپ قېلىپ، داۋاملىق ئايلانما مەبلەغ قىلىپ ئىشلەتكىلى، كېيىنكى يىلى قۇتۇلدۇرۇلىدىغان نامراتلارغا قوي، كالا ئېلىپ بەرگىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش يەنە شۇ تەرتىپ بىلەن داۋاملىشىدىكەن ...

مەن ئازراق چۈشەنگەندەك بولدۇم. كەنت تەشكىلى ئېلىپ بەرگەن قوي، كالىنى ئوبدان بېقىپ كۆپەيتسە، بىرىنچى يىلى ئىككى قوي تۆتكە، بىر كالا ئىككىگە كۆپىيىدۇ. ئىككىنچى يىلى تۆت قوي سەككىزگە، ئىككى كالا تۆتكە، ئۈچىنچى يىلى سەككىز قوي ئون ئالتىگە، تۆت كالا سەككىزگە ئاۋۇيدۇ. گېئومېترىيىلىك پروگرېسسىيە ھاسىل بولىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. تۆتىنچى يىلى ئون ئالتە قوي ئوتتۇز ئىككىگە، سەككىز كالا ئون ئالتىغا، بەشىنچى يىلى ئوتتۇز ئىككى قوي ئاتمىش تۆتكە، ئون ئالتە كالا ئوتتۇز ئىككىگە كۆپىيىدۇ ... چارۋىچى

كەسپىي ئائىلىگە ئايلىنىدۇ. ھاللىق سەۋىيىدىن ئېشىپ باي بولىدۇ. گېئومېترىيىلىك پروگرېسسىيە ئۇزلۇكسىزلىككە ئىگە بولۇشىمۇ مۇمكىن. قوي-كالىلار يايلاقتا، پۇل-تىللالار ساندۇقتا پاتماي قېلىشى تۇرغان گەپ ...

مەن ھېس قىلدىمكى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەسەۋۋۇرى كۆكتىكى لاچىنىدەك ئەركىن پەرۋاز قىپتۇ، چارىسىمۇ بولىدىكەن. پاختا ساتقان پۇلدىن تۆلىۋەتسىلا، قوي-كالا ئېلىپ بەرگەن يىلىلا قەرزىدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالىدىكەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، كېرەم كىرپە نېمىشقا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايدىكىنە؟ ئېلىپ بەرگەن قوي-كالىنى سويۇپ يەۋەتكەنمىدۇ يە؟

— كېرەم كىرپىگىمۇ قوي-كالا ئېلىپ بەرگەنمىدىڭلار؟

— ئېلىپ بەرگەن. قوتىنىدىكى مالنى بىراقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سىزىقىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن.

— سويۇپ يەۋەتتىمۇ؟

— ياق.

— سېتىپ خەجلىۋالدىمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمە بولدى؟

— ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئېلىپ بەرگەن قوي، كالىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. تەقسىم قىلىنغان مالنى ئەكەتسۇن دەپ ئادەم ئەۋەتسەك، كەلمىدى. قايتا سۈيلىدۇق، يەنە يوق. ئاخىرى مۇئاۋىن سېكرېتار بىلەن چارۋىچىلىققا مەسئۇل كەنت باشلىقى قوي، كالىلارنى ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ، ھويلىسىغا ئاپىرىپ بەردى. يەنە «باقمايمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار ئاخىرى «باقساڭمۇ باقىسەن، باقمىساڭمۇ باقىسەن» دەپ قوي، كالىنى

هويلىسىغا باغلاپ قويۇپ يېنىپ كەپتۇ. «ئاقىلغا ئىشارە، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئۇلار شۇنداق قىلساق، كۆنۈپ قالار دەپ ئويلىغانىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا كېرەم كىرپىننىڭ ماللارنى يېتىلەپ كېلىپ، كەنت ئىشخانىسى ئالدىغا باغلاپ قويۇپ كېتىشىنى كىم ئويلىغان دەيلا، شۇنداق قىلىپ ماللارنى ئالغىلى ئۇنىمىدى ...

— نېمە قىلغىنىكەن بۇ ئۇنىڭ؟

— كىم بىلىدۇ دەيلا، ئۆزۈم سۆزلەشتىم، كەنت باشلىقى سۆزلەشتى. سۆزلەشمىگەن ئادەم قالمىدى. چوڭقۇر ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدۇق. كەنتنىڭمۇ ۋەزىيىسى بارلىقىنى، قوغلىشىدىغان شان-شەرىپى بارلىقىنى، ۋەزىيىنى ئورۇندىمىساق بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتۇق. ئۆزىمۇ سۆزلىدۇق، سەتمۇ سۆزلىدۇق، ئۇنىمىدى. نېمە دەيدۇ دېمەملا، «ئىككى سەككىز ئون ئالتە، كاللام بىلەن بېشىم بىر»، مۇشۇ بىرلا سۆزنى تەكرارلايدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە: قەرز دېگەن يىگىت بويىنىدىكى سىرتماقمىش. كىچىككىنە قەرزگە كىرىپ قالسا، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەسمىش، پاختا سانىقان پۇلدىن ئېشىنالىسا، ئۆزى قوي-كالا ئالماقچىمىش ... شۇ كۇنلەردىكى ئاچچىقىمنى كۆرگەن بولسىلا هەيران قالاتتىلا. جاهىل كىرپىننىڭ ئاغزى-بۇرنىغا كومىشتىپ سالغۇم، يۇز-كۆزىگە تۇكۇرگۇم كەلدى. ئۆي-جايىنى يىغىپ، نوپۇستىن ئۆچۈرۈپ، كەنتتىن قوغلىۋەتكۈم كەلدى. لېكىن ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. باشقا ئادەم بولسىغۇ مەيلىتى. ئانا تەرەپتىن ئېرىقنىڭ نېمىچىلىك تۇغقان. شۇنىڭ يۈزىنى قىلدىم ... قارىسىلا، ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ كېلىپ قالدۇق. ئاشۇ دوقمۇشتىكى ئەگۈن شۇ.

يول ياقىسىدا قوڭغۇراق تىكەن بىلەن قىزىل يۇلغۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قوشۇما چىتەن سوزۇلۇپ باراتتى. يانتاق پەنجىلىرى چىتەن بويلىتىپ رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى. قۇرۇق يانتاقنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى. غازاڭ، توك تېزەك، چاۋار-چاتقال، توپا-تۇمان ئارىلاشقان شېغىللىق يول ئايىغىمىز تېگىدە شىرىقلايتتى. كېرەم كىرپىنىڭ شادلىق ئەگۈنى بىزگە يېقىنلاپ كېلەتتى. كۆزۈمگە نېمىدۇر بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك بولدى. يەرگە — ئاشۇ شېغىللىق يولغا قارىغان بولسام كېرەك، غازاڭ، قومۇش پاسىرىنىڭ قىلىچسىمان ياپراقلىرى، يانتاق تىكەنلىرى، توك تېزەك ۋە شېغىل ئارىسىدىن كۆرۈپ قالدىم. مېڭەمدىن ئاشۇ نەرسىگە ئىنكاس قايتىپ، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىققۇچە، پۇتلىرىم ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. كەنت كادىرلىرى كەينىمدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتاتتى. توختاشقا ئامال يوق ئىدى. ئۆتۈپ كەتتىم. «تۇڭگان بوۋاي، پاپاخ كىيگەن زاڭزۇ خوتۇن، بەش ... پۇل، بەش يۈەنلىك پۇل»، راست پۇلنى كۆردۈممىكىنە؟ خىيالىي تۇيغۇ ئەمەستۇ؟ يولغا چۈشۈپ قالغان پۇل، نامراتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشۈپ قالغان پۇل ...

قەدەملەر ئالغا تاشلىناتتى. شېغىللىق يول شىرىقلايتتى. پۇتلىرىمىز جاھىل نامرات كېرەم كىرپىنىڭ پەس بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى. كۆڭۈللەردە مۇقەددەس بوسۇغىلاردىن مۇبارەك زىيارەت ئۈچۈن ئاتلىغان چاغدىكىدەك ئىكرام تۇيغۇسى يوق ئىدى. ئەكسىچە، ئاچچىقىمىز، غەزىپىمىز بۇخسۇيتتى. يۆلىسە يۆكسەلمىگەن، قۇتۇلدۇراي دېسە قوتۇر ئاتتەك كەينىگە داجىغان ئاشۇ جاھىلغا تاپا قىلغۇمىز كېلەتتى.

# 3

ئاشۇ كۈنى كېرەم كىرپىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان، بارلىق كۆك قۇملۇقلارغا ئوخشاشلا، يۇلغۇن شېخىدىن قۇشام ئېتىپ، سېغىزلىق لاي-كاكۇل بىلەن سۇۋاپ سالغان پاكار ئۆيدە يېرىم كۈن تۇرۇپ قالدىم. ئەسلىي ئۇنىڭ ئاش-ئوزۇقىنىڭ يېتىدىغان-يەتمەيدىغانلىقىنى، قىشنى ئۆتكۈزەلەيدىغان-ئۆتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇشقاندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن كېتىپ قالسامۇ بولاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ جاھىل نامرات بىلەن سۆزلەشكۈم كېلىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ تەپسىلىي بىلگۈم، كۆڭلىدىكى جاھىلانە گەپلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغۇم كېلەتتى. يەنە ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرۈشنى، بىلدۈرۈشنى خالايتتىم. ئۇنىڭدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇلۇغ سەپىرىدە قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالماسلىقنى، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلغۇم كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەمراھلىرىمنى تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈم قېپقالدىم. پەلتۇيۇمنى سېلىپ، گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مورا ئوچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ياكۇر تاشلىدىم. كېرەم كىرپە يۇلغۇن ئوتۇنى — بەقەمدىن چۈشكەن چوغلارنى پات-پات كۈلۈڭغا تارتىپ تۇراتتى. كۈلۈڭدىن چوغنىڭ تەپتى ئۇرۇپ تۇراتتى. كېرەم كىرپە كىرپىدەك دوغىلاق ئادەم ئەمەس ئىكەن. ئورۇق، قاتمال، گەۋدىلىك، سېرىق كوسا ئادەم ئىكەن. ئوتتۇرا بوي بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بېشىدىكى ئېگىز قاسقانلىق كۆرپە تەلپەك ئۇنىڭ تاشلانمىغان ئاق جۇۋا ئىچىدىكى بويىنى ئېگىز كۆرسىتىپ تۇراتتى، بۇ مېنىڭ ھېلى ھويلىدا ئەھۋال ئۇقۇشقاندا ياندىن قاراپ كۆرگەنلىرىم. ئەمەلىيەتتە، ھويلىغا كىرگەندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ باقمىغانىدىم. قارىغۇمۇ كەلمەيتتى. بۇ مېنىڭ،

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئۈنىمىغان ئاشۇ ئادەمگە غوم ساقلىغىنىم ئىدى. مانا ئەمدى نەزىرىمنى ئۇنىڭ چىرايىغا تىكتىم. ئوت يالقۇنى ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايىنى، چاقان كۆزلىرىنى، يارىشىملىق سىم بۇرۇتىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. يالقۇن شولىسىدىنمىكىن، بۇرۇتلىرى مىس سىمدەك پارقىرايتتى. كۆزلىرىمۇ سىرىقتەك كۆرۈنەتتى. يۈزى سەل ئۇزۇنراق، زاڭىقىنىڭ چوڭلۇقى يۈزىنى ئاشۇنداق ئۇزۇنچاق كۆرسىتىپ تۇراتتى. پېشانىسىدە، كۆز قۇيرۇقلىرىدا روشەن قۇياش قورۇقى بار ئىدى. ھېلى ئەھۋال تونۇشتۇرۇشقانلىرىدا ئۇنى ئوتتۇز ئالتە ياش دېگەن، ئەمەلىيەتتە قىرىق ۋە قىرىق بەش ياشتەك كۆرۈنەتتى. ئاشۇ بىر مىنۇتتا سوزۇلغان كۆزىتىشىمدە، ئۇنىڭ چىرايىدىن جاھىللىقىنىمۇ، غەرەز ئۇقماس تەتۈرلۈكىنىمۇ، پوچى، ھارامزادىلىكىنىمۇ كۆرەلمىدىم. پۈتۈن كۆرۈنۈشى پەقەت بىرلا نەرسىنى — ئۇنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنىلا ئىپادىلەپ تۇراتتى. مېنىڭ قاراشلىرىمدا بولسا، «سەن زادى قانداق ئادەمسەن؟» دېگەن مەنە بار ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ مەنىنى سەزمەيتتى. يوغان، قاتمال قوللىرىدىكى لاخشىگىرگە تىكىلىپ، چوغلارنى قىسىپ، بىرىنى بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا قارىشىنى، ئاشۇ قارىشىدا «مەن بىلەن يەنە نېمە توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى ئۆزلىرى؟» دېگەن سوئاللىق مەنىنى ئىپادىلىشىنى كۈتەتتىم. لېكىن ئۇ كۆزلىرىنى كۆلۈڭدىن، لاخشىگىرنىڭ ئۇچىدىن يۆتكىمىدى. ئاشۇ ئولتۇرۇشىدا مېنىڭ قويۇلغۇسى سوئاللىرىمغا جاۋاب تەييارلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

شۇ كۈنى بىز بەك ئۇزاق سۆزلەشتۇق. كۈن ئولتۇرۇپ گۈگۈم پەردىسى يالىڭاچ يېزا ئۈستىنى ياپقۇچە، سېكرېتارنىڭ ھويلىسىدىكى تونۇرغا تىقىلغان پاقلان كاۋىپىنىڭ پىشىپ-سوۋۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلگۈچە سۆزلەشتۇق. كېرەم كىرپىمۇ ھەممە دېھقانلارغا ئوخشاشلا كەم سۆز ئادەم ئىكەن،

سۆھبىتىمىز قىسقا دىئالوگ شەكلىدىن مونولوگ شەكلىگە زادىلا ئۆتەلمىدى. مېنىڭ سوئالىم ھەر قېتىم ئۇنىڭ قىسقا جاۋابى بىلەنلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئاخىرى ئۆزۈمگە ئۇزۇن-ئۇزۇن چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىشكە، نەقىل-مىسال كەلتۈرۈشكە، ھېكايە-تەمسىل سۆزلەشكە توغرا كەلدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ قاراشلىرى يىگىرمە بەش يىل كەتمەن چېپىپ چۆيۈندەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىدىنمۇ بەكرەك قاتمال ئىكەن. شۇنچە سۆزلىدىم، قىلچىلىكمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇنى قەرز ئېلىشنىڭ بىر خىل مەبلەغ كىرگۈزۈش ئىكەنلىكىگە، ئاشۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىدىن كەملەپ قالغان كالا، قوينى تولۇقلاشقا ئىشەندۈرەلمىدىم ۋە قايىل قىلالمىدىم. بارا-بارا ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەش تەجرىبەمدىن گۇمانلىنىپ قالدىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. باللىرى چوڭ بولۇۋالسىلا ئىشى ئاسانلىشىپ كېتىدىكەن. ئوغۇللىرى توغرىسىدا سۆز چىققاندا ئۇ ئوبدانلا ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلىدى. ئوغۇللىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى، ھەتتا ئۇمىدلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنىمۇ سۆزلىدى.

سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا، گەرچە مەن ئۇنى دەرھال باي بولۇشقا قايىل قىلالمىغان بولساممۇ، لېكىن ئاشۇ جاھىل نامرات توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن مەمنۇن بولۇپ قالدىم. ئۇ نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇزىماقچى بولۇپ ھويلىغا چىققىنىمىزدا، مەن ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سالدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپىلىقمۇ، خۇشاللىقمۇ بىلىنمەيتتى. مەن ئاخىرقى سوئالىمنى قويدۇم:

— بىرەر تەلىپىڭىز يوقمۇ؟ مەسىلەن، بىز ياردەملىشىپ، ھەل قىلىشىپ بېرىدىغان ئىشلار ...

— يوق. دېسەممۇ سىلەر ھەل قىلىپ بېرەلمەيسىلەر.

— ئاۋۋال دەپ باقمامسىز، ئامال ئىزدەپ كۆرمەيمىزمۇ؟
— ياق، دېگەننىڭ پايدىسى يوق.

مەن بەكلا قىستاپ كەتمىدىم. بۇ، بىرى ئۇنىڭ جاھىللىقىنى بىلگەنلىكىمدىن، يەنە بىرى، ئەگەر راستتىنلا بىرەر تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ قالسا، ھەل قىلىپ بېرەلمەي، ئوسال ئەھۋالدا قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن ئىدى. بىز ئەگۈننىڭ ئالدىدا خوشلاشتۇق. شۇ چاغدا، چۈشتە، مۇشۇ بوسۇغىدىن ئاتلاش ئالدىدا كۆرگەن ھېلىقى پۇل تۇيۇقسىز يادىمغا كەلدى. «بىرەرىگە ئۇچرىغاندۇ، مەن كۆرگەننى باشقىلار كۆرمەي قالامتى؟» شۇنداق ئويلىدىم مەن. لېكىن كۆزۈم يەردە. ئاشۇ توڭ تېزەك، چاۋار-چاتقال، غازاڭ-تىكەن، توپا-تۇمان ئارىلاشقان شېغىللىق يولدا ئىدى. بىر قەدەم، ئىككى قەدەم ... بەش قەدەم، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم.

ھېلىقى پۇل يەنىلا يولدا ياتاتتى. بەش يۈەنلىك پۇل، ئاق شاپاق دوپپىلىق تۇڭگان بوۋاينىڭ، ئاق پاپاخ كىيگەن زاڭزۇ ئايالنىڭ سۈرىتى بار پۇل ... مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. كېرەم كىرپە تېخىچە ئەگۈن ئالدىدا تۇراتتى. بوسۇغىدىن سىرتقا چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇش، مېھمان خېلى ئۇزاپ كەتكۈچە كەينىدىن ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرۇش — مانا مۇشۇ دېھقانلارنىڭ ئادىتى ئىدى.

— يولغا پۇل چۈشۈپ قاپتۇ، بەش يۈەنلىك پۇل.
— مەن ئۇنى تۈنۈگۈنلا كۆرگەن.
— كۆرگەن ئادەم نېمىشقا ئالمىدىڭىز؟
— ئۇ بىز چۈشۈرۈپ قويغان پۇل ئەمەس.
— ئۇچرىغاندىن كېيىن ئېلىۋەرسىڭىز بولاتتىغۇ.
— مېنىڭ ئۆزۈمگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىگە قول ئۇزىتىدىغان ئادىتىم يوق.

مەن ھاڭۋاقاندەك تۇرۇپلا قالدىم. نېمە دېيىشنى

بىلمەيتتىم. «ساراڭ دەيمۇ، دەلدۈشمۇ؟ بىغەرەز دەيمۇ، تەقۋادارمۇ؟» مېڭەمدىن ئاشۇ پىكىر كېزىپ ئۆتتى. لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەس ئىدى. پەقەت جاھىل ئىدى. چويۇندەك قاتتىق جاھىل ... «خەلق پۇلىغا دۆلەت گېربىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ قالسا بولمايدۇ». كاللامدىن ئاشۇ پىكىر كېزىپ ئۆتتى. «قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان بىرەر نامراتقا بېرەرمەن ياكى سېكرىتارغا بېرىپ قويارمەن». مەن ئېگىلىپ پۇلنى ئالدىم. پۇل يۇزىدىكى چاڭ-توزانلارنى ئاۋايلاپ قېقىشتۇردۇم. بېلىمنى رۇسلاپ كېرەم كىرپىگە قارىغىنىمدا، ئۇ كۆلۈمسىرەپ-جىلمىيىپ قاراپ تۇراتتى، يېيىلىپ كېلىۋاتقان نېپىز گۆگۈمدا ماڭا راستتىنلا ئۇ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈندى. «ھۇ، كۇررەك جۇۋا، سەن مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن؟»

مەن پۇلنى ئۆزۈم ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالمىغانىدىم. كۆڭلۈمدە ئۇنداق نىيەت زادىلا يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتىم. قىزىرىپ كەتكىنىم ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم بولدى.

## 4

ئاشۇ قېتىمقى ئىدارىمىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن نامراتلارنى يۆلەش مەقسىتىدىكى بىر كۈنلۈك تەكشۈرۈشىمىز ئاخىرلىشىپ، قايتىپ كەلگىنىمىزگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. قىشنىڭ قەھرىتان كۈنلىرى ئۆتۈپ، باش باھارنىڭ ئاجىز ئاپتىپى يېيىلدى. دەسلەپ ئويغانغان گۈلدار تاجلىق ھۆپۈپ ئەسكى تاملارنىڭ تۆپىسىدە كۈشۈلدىدى ... قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئاشۇ دەسلەپكى كۈنلەردە، نېمىشقىدۇر تەكشۈرۈشتىن ئالغان تەسىراتلىرىمنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم. كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمنى،

هېس قىلغانلىرىمنى رەھبەرلىككە، دوستلىرىمغا، تونۇش - بىلىشلەرگە سۆزلەپ بەرگۈم كېلىپلا تۇراتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ راسا قاتۇرۇپ تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىلدى. ياردەم قىلىنغان مەبلەغنىڭ جايىغا ئىشلىتىلگەنلىكى، پىلاندىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ توقسەن بەش پىرسەنتى ئورۇندالغانلىقى ئەسكەرتىلدى، قىشنى ئۆتكۈزەلمەيدىغانلار ۋە ئاش-ئوزۇقى يېتىشمەيدىغانلارغا دەرھال ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىندى. دوستلىرىمغا، تونۇش-بىلىشلىرىمگە بولسا، پۇرسەت تاپسىلا سۆزلەپ بېرەتتىم. ھەممە يەردە سۆزلىگۈدەك، ھەممە كىشىلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرگۈدەك يېڭىلىقلار ئىدى ئەمەسمۇ. بولۇپمۇ ھېلىقى جاھىل نامرات كېرەم كىرپە توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئېشەكتەك جاھىللىقى، بەگزادىدەك پوچى-ھاكاۋۇرلۇقى، قاراشلىرىنىڭ چويۇندەك قاتماللىقى ھەققىدە سۆزلەشنى ئۇنتۇمايتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ جاھىللىقى سەۋەبلىك زەيكۆل كەنتىنىڭمۇ، ئىدارىمىزنىڭمۇ ئىلغار باھالىنالماي قالغانلىقىمىزنى ئەسكەرتەتتىم. ئۇنى نادان، ئەخمەق، ساراڭ، دەلدۈش، كالۋا دەپ سۈپەتلەپ ئاچچىقىمنى چىقىراتتىم. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ جاھىلنىڭ ئەگۈنى ئالدىغا چۈشۈپ قالغان بەش يۈەن پۇل ۋە ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئېلىۋالغانلىقىمنى ئېغىزغا ئالمايتتىم. ئېغىزغا ئالغۇم كەلمەيتتى. نېمىشقا ئېغىزغا ئالغۇم كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم ...

شۇنداق قىلىپ ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى ئاي دېگەنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئىكەن. تالاي-تالاي ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرالايدىكەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەن ئاشۇ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى بىر كۈنلۈك تەكشۈرۈشنى، كەنتتىكى تەرەققىيات-يېڭىلىقلارنى، كېرەم كىرپىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. ئۇلار راستتىنلا ئۇنتۇلغان ئىدى. قايسىبىر كۈنى غەربتىن سوققان شامالدەك، قايسىبىر يىلى ئېقىپ توختىغان تۇمۇ سۈيىدەك، قايسىبىر چاغدا قەلەندەرگە

بىرىلگەن سەدىقىدەك ئۇنتۇلغانىدى. ئۇلار مەڭگۈگە ئۇنتۇلغانمۇ بولاتتى، لېكىن بۈگۈن كۆرگەن گېزىت خۇددى شامالدەك ئۆچكەن ئوتنى پۈۋلەپ قويدى. ئۆچكەن چوغنى يېلىنجاتتى. گېزىتتە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى:

«ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ئەزىمەتكە بارىكاللا»

«ھۆرمەتلىك مۇھەررىر!

مەن بىر ئاددىي تىجارەتچى، ناھىيە بازىرىدا مال سويۇپ ساتىدىغان قاسساپ، بۇ يىل 1-ئاينىڭ 25-كۈنى مەن كۆكقۇم يېزىسىنىڭ بازىرىغا بورداق مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن بارغانىدىم. نىيىتىم كۆپرەك قوي سېتىۋېلىپ، كېلىۋاتقان روزا ھېيت كۈنلىرى گۆش بازىرىنى يەنىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇش ئىدى. ئەپسۇسكى، كېلىشمەسلىكنىڭ يوشۇرۇن تۇرغانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيلا. يولدا كېتىۋېتىپ قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان ئون مىڭ ئىككى يۈز يۈەن پۇلۇمنى دىققەتسىزلىكتىن چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن. پۇلۇمنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى، بارلىق دەسمايەمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى بىلگىنىمدە، يەر-زېمىن ئاستىن-ئۈستۈن بولغاندەك تۇيۇلدى. يىغلىدىم، قاقشىدىم، ھەممە ئۈمىدىم ئۈزۈلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن يېزىلىق ساقچى پونكىتىغا باردىم. ئۇ يەردە مېنى نېمە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ دېمەملا، مەن دەل تاشلانمىغان كوزەك جۇۋا كىيگەن بىر ئادەمنىڭ يوقاتقان پۇللىرىمنى ساقچى پونكىتىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىمەن. خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى. ئاشۇ يەردە بىلدىمكى، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان بۇ ئەزىمەت، كۆكقۇم يېزا زەيكۆل كەنتلىك كېرەم ئاخۇن (كىرپە) دېگەن ئادەم ئىكەن. ئۇ بازارغا ئوتۇن ساتقىلى كېلىۋېتىپ مېنىڭ سومكامنى تېپىۋاپتۇ ۋە ئىچىدە پۇل بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل ساقچى پونكىتىغا ئېلىپ

كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن مىڭ يۈەن سۆيۈنچە
تەگلىدىم، ئالغىلى ئۇنىمىدى، قانچە قىلساممۇ ئالمىدى. ئاخىرى
«باللىرىڭىزغا ھېيتلىق بولسۇن»، دەپ ئىككى يۈز يۈەن
تەگلىسەممۇ ئالمىدى ... مەن چۈشەندىمكى، ئۇ قەلبىدە مەنىۋى
مەدەنىيەت گۈللىرى پۇراق چاچقان ئادەم ئىكەن. ئادەملەرنىڭ
ئېسىلى، مەردلەرنىڭ مەردانىسى ئىكەن ...»

خەتنىڭ ئاخىرى رەھمەت، ئاپىرىن، بارىكاللا، ھەشقاللا،
تەھسىن جۈملىلىرىگە تولۇشقانىدى. مەن گېزىتنى تۇتقان پېتىم
ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئىشەنمەسلىككە ئىلاج يوق ئىدى. ئادرېسى،
ئىسمى، ھەتتا لەقىمى ئېنىق تۇرغان يەردە، ئىشەنمەي بولاتتىمۇ؟
ئەڭ مۇھىمى، بۇنداق ساراڭلىق قىلىش پەقەت ئاشۇ جاھىلنىڭلا
قولىدىن كېلەتتى. مەن ئىشەندىم. ئۇ راستىنلا ھېلىقى بىر
كۈنلۈك تەكشۈرۈشتە قەلبىمدە چوڭقۇر جاھىل تەسىر قالدۇرغان،
مەن ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلەشكەن جاھىل نامرات كېرەم
كىرپىنىڭ ئۆزى ئىدى ...

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ گېزىت مېنىڭ ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان
ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇلۇشى مۇمكىن بولغان ئەسلىمىلىرىمنى يېڭىلاپ
قويدى، قۇرۇغان قىياقنى باھار ئاپتىپىدەك ياشارتتى. كۆز
ئالدىمدا كېرەم كىرپىنىڭ سېرىق كوسا چىرايى، سىم بۇرۇتلىرى
گەۋدىلەندى. مەن ئۇنى يەنە ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇيالمايدىغاندەك
قىلاتتىم. راستىنلا ئۇنتۇيالمايتتىم. قەلبىم بولسا «ھۇ ساراڭ،
خۇدا بەرگەن ئامەتنى قوبۇل قىلمىغان ساراڭ، سەن ئۆمۈر بويى
ئاشۇ جاھىللىقىڭ بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايسەن!» دەپ خىتاب
قىلاتتى.

# ئالتۇن مەش

كۆز پەسلى، يېزىچە ياپيېشىل چاقناپ تۇرغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئالتۇندەك سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان چاغ ئىدى. شەھەرنىڭ ئەڭ گۈزەل خانىملىرى رەشىدەنىڭ ئۆيىگە جەم بولدى. «ئەڭ گۈزەل» دېگەن ئىبارە، ئوتتۇرا ياشلاردىن سەل ھالقىغان خانىملارغا نىسبەتەن، كۆپرەك ئۇلارنىڭ قىممەت باھالىق كىيىملىرىنى، قولىقى، بويىنى، بارماق ۋە بىلەكلىرىگە سېلىۋالغان قوش-قوش ئالماس كۆزلۈك بېزەكلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرەتتى. ئەلۋەتتە ئۆزلىرىمۇ گۈزەل ئىدى. ۋاقىت-قەرەلىدە تۇرغان ئايسىز كېچىدەك قارا چاچلىرىدىن، ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن قىلىنغان سۇس گىرىملىك چېھرىلىرىدىن، ئوت ۋە تەشنالىق چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، جىنەستىدەك قىزىل لەۋلىرىدىن گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. پەقەت سەمرىپ كەتكەن بەدەنلىرىلا ئۆز كۆڭۈللىرىگە گۇمانىي غەشلىك سېلىپ تۇراتتى. ئەمما سىرتتىن قارىغان ئادەم ئاشۇ سېمىزلىكتىنمۇ سېمىزلىك گۈزەللىكىنى ھېس قىلالايتتى. بۇلار مۇشۇ قەدىمىي شەھەردىكى ئابرۇيلۇق خانىملار ئىدى. ئەلۋەتتە ھەممىسى ئەمەس ئىدى. پەقەت ئابرۇيلۇقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇقلىرى ئىدى. بۇلار بۈگۈن ئىككى يىلدىن بېرى ئويناپ كېلىۋاتقان قاتار چايغا قەدەم تەشرىپ قىلىشقان، قاتار چاي بېرىش نۆۋىتى گۈزەل، ھۆرمەتلىك رەشىدەگە كەلگەنىدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا رەشىدەنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىنىڭ ئالدى «خانتاجى»، «ئاۋدى»، «سانتانا» ماركىلىق پىكاپلارنىڭ ئاۋازىدىن جانلىنىپ كەتتى. ئارقىدىنلا رەشىدەنىڭ چوڭ ۋە

چىرايلىق مېھمانخانىسى خانىملارنىڭ كۆلكە-چاقچاقلىرى بىلەن تولدى. ئۇلار بۇگۈن مۇشۇ ئۆيدە قانغۇچە كۆڭۈل ئېچىشماقچىدى.

مۇشۇ خانىملاردا پۇل دېسە پۈتۈن شەھەرنى سېتىۋالالىغۇدەك، ھوقۇق دېسە جاھاننىڭ چېتىگىمۇ گەپ ئۆتكۈزەلىگۈدەك، ئىمتىياز دېسە ئاسماندىكى ئايغىمۇ قول يەتكۈزەلىگۈدەك تېپىلاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە نېمىدۇ بىر نەرسە كەمدەك تۇيۇلاتتى. ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە تاماق يېمەيتتى، بولۇپمۇ كەچلىك تاماقنى زادىلا ئۆز ئۆيلىرىدە يەپ باقمىغانىدى. كەچ بولسىلا ئۇلارنى تونۇش، ناتونۇش، ھەتتا يات ئادەملەر زىياپەتلىرىگە چاقىرىپ كېتەتتى. ئەنقار تۇخۇمىدىن باشقا ھەممە نېمە تەل، ئەڭ مەشھۇر سازەندىلەر ساز چېلىپ كۈيلەپ تۇرغان بۇنداق زىياپەتلەر خانىملارنى بىزار قىلاتتى. ئاغزىنى مايلاپ بولۇپلا ئاللىبىر تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشلىرىدىنغۇ بىزار ئەمەس ئىدى. كۆڭۈللىرى خالاپ قالسا، زىياپەت-خۇشامەتلەر كۆڭلىگە ياققان بولسىلا، بۇنداق تەلەپلەرنى ھەل قىلىپ بېرەلەيتتى. ھەل قىلىشقا خانىملارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئاغزىنىڭ يېلى، قەلىمىنىڭ سىياھىلا زايە بولاتتى. لېكىن خانىملار ئاشۇ زىياپەتلەردە، مەيلى ئۇ ئۆيلەردە ياكى رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلسۇن، بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرۇشتىن، يەپ-ئىچىشلەردىن، پاراڭ قىلىدىغان سۆھبەتنىڭ يوقلۇقىدىن بىزار بولاتتى. ئەرلەر ھاراق ئىچەتتى، پو ئېتىشاتتى. ئاللىبىر ئىشلار توغرىسىدا، مەسىلەن، سېلىنماقچى بولغان ئۈچ قەۋەتلىك بىنا قۇرۇلۇشىنى قايسى ھۆددىگەرگە بېرىش، كىمنى قەيەردىن قەيەرگە يۆتكەش، كىمنى ئۆستۈرۈش، كىمنى پۈتلاش توغرىسىدا قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ كۇسۇرلىشاتتى. خانىملار بولسا، زىياپەت بەرگۈچىنىڭ يەپ-ئىچىشكە زورلىشىدىن جاق تويۇپ، زېرىكىپ ئولتۇراتتى. بۇنداق زىياپەتلەرگە ئۆز ئارا سىردىشالايدىغان دوست-بۇرادەرلەر بىرلىكتە چاقىرىلمايتتى. چاقىرغۇچىلار ئۆز مېھمانلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن كۆرە، دوستلىرىدىن بەكرەك

ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئايرىم-ئايرىم چاقىراتتى. مۇشۇنداق بولغاچقا خانىملار باغلاقتىكى ئىتتەك زېرىكىشەتتى. ئېرىنىڭ ئىدارىسىدىكى مائاش تىزىملىكىدە ئىسمى بار، مائاشىنى ئاز بولسىمۇ تولۇق ئالىدىغان، لېكىن ئىشقا بارمىسىمۇ بولىدىغان بولغاچقا، ئۆيدىمۇ زېرىكىشەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىغان، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇلار ئۆزئارا پاراڭ قىلىشالايدىغان، ئەڭ يېڭى مودا كىيىملىرىنى ۋە قوش-قوش زىبۇ زىننەتلىرىنى كۆرستەلەيدىغان، ئۇنى قانچە پۇلغا سېتىۋالغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىيالايدىغان سورۇنغا موھتاج ئىدى. مانا شۇ ئېھتىياج سەۋەبىدىن مۇشۇ بىر توپ خانىملار كومپانىيە بولۇپ ئۇيۇشقانىدى. نۆۋەت بىلەن ھەپتىدە بىر كۇنلا كومپانىيە ئىچىدىكى بىرەر خانىمنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشاتتى. ئەرلەر تەكلىپ قىلىنمايتتى. ئۇلارغۇ ئادەتتە خەلقنىڭ خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولاتتى. ئەگەر چاقىرىش شەنبە-يەكشەنبىلەرگە توغرا كېلىپ قالسا، يەنىلا خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ماڭدۇرۇۋېتىلەتتى. خانىملار يالغۇز ياشايتتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ تېلېفون سوقۇشى بىلەن قايسىبىر رېستورانلىق مېھمانخانىدىن چاقىرتىپ كېلىنگەن ئەڭ ئۇستا ئاشپەز ئەڭ ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى تەييارلايتتى. خانىملار ئاشۇ نازۇنېمەتلەرگە خالار-خالىماس قول ئۇزاتقاچ، ناخشا سازسىز، ئۇسسۇل-تانسىسىز ئولتۇرۇش قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشىنىڭ بىردىنبىر مەزمۇنى پاراڭ قىلىش ئىدى. ئۇلار كىيىم-كېچەك، زىبۇزىننەتلىرىنىڭ باھاسى توغرىسىدا، شاڭخەيدىن، شېنجېندىن، شياڭگاڭدىن، سىنگاپوردىن ئالدۇرغان زىبۇزىننەت ۋە ئۆي جاھازلىرى توغرىسىدا، قايسىبىر تاغدىكى يېزا باشلىقى ئەۋەتكەن ئۇلار ۋە كەكلىك گۆشىنىڭ تاتلىقلىقى توغرىسىدا، ئۆز ئۆيىدىكى خەلق چاكىرىنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى ۋە قېنىنىڭ قويۇلۇپ

قالغانلىقى سەۋەبلىك تاي گۆشىدىن باشقا گۆشلەرنى يېيەلمەيۋاتقانلىقى توغرىسىدا، كىمنىڭ بېيىپ، كىمنىڭ نامراتلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا، قايسى بەگزادە ئۈچۈن قايسى خانزادىگە چاي ئىچۈرۈپ قويۇلغانلىقى توغرىسىدا، قايسىدۇر بىر نەۋرە ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن خەتنە تويدا قانچە پۇل سوۋغات چۈشكەنلىكى توغرىسىدا، 20 ئۈستەل مېھمان چىللاپ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى خىرىستىيانچە قۇتلۇقلىغانلىقى توغرىسىدا، خەلق چاكىرىنىڭ يەنە ماشىنا يېڭىلىغانلىقى توغرىسىدا، قايسىبىر پەسىنىڭ ئەيمەنمەي قان بېسىمى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەنلىكىدىن غىدىقى كەلگەنلىكى توغرىسىدا، كىمنىڭدۇر ياش ئاشنا تېپىۋالغانلىقى توغرىسىدا، كىمنىڭدۇر خوتۇنىنى ياشلاشتۇرغانلىقى توغرىسىدا، كىمنىڭدۇر ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ ئاچىقىپ كەتكەن نەرسىلىرى ھەققىدە ساقچىغا مەلۇم قىلالمىغانلىقى توغرىسىدا، كىمنىڭدۇر پىخسىقلىقىدىن تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى توغرىسىدا، يەتتە مىڭ يۇەنگە سېتىۋالغان ئۈزۈن تۇكلۇك پىستىنىڭ خۇش قىلىقلىرى توغرىسىدا، قايسى ئاخشام كۆرۈپ قالغان يامان چۈشى ئۈچۈن قانچە پۇل سەدىقە بەرگەنلىكى توغرىسىدا، تاشكەنتتىن، ئىستانبۇلدىن، ھەرەمدىن ئالدۇرغان نەرسىلەرنىڭ يولدا كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا پاراڭ قىلىشاتتى. بەس - بەستە، بىرىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، يەنە بىرىنىڭ سۆزىنى ئارىلاپ قوشۇق سېلىپ سۆزلىشەتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ، قاقاقلاپ، ۋارقىراپ-چىرقىراپ، ھۆيقۇيتۇپ كۈلۈشەتتى. دېيىشمىگەن گەپ، قىلىشمىغان پاراڭ قالمايتتى. كېيىنكى قېتىملىق ئولتۇرۇش ئۈچۈن گەپ قالمىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما كېيىنكى ھەپتە ئۈچۈن يەنىلا گەپ تېپىلاتتى. بەزى گەپلەر يېڭى تەم، يېڭى پۇراق بىلەن تەكرارلىناتتى. تەكرارلانغان گەپلەرنىڭ لەززىتى يەنە باشقىچە بولاتتى.

بۈگۈن رەشىدەنىڭ مېھمانخانىسى ئۆزگىچە خۇش پۇراق ۋە

ئىسسىقتىن ئىللىپ تۇراتتى. خانىملار ئالىي دەرىجىلىك كۆزلۈك پەلتولىرىنى يېشىشتى، بىر-بىرىگە قاراپ تاتلىق-تاتلىق كۈلۈمسىرەشتى ۋە شۇ قىسقىغىنە بىر دەقىقە ئىچىدە بىر-بىرىدىكى يېڭىلىقلارنى كۆزىتىپ ئۈلگۈردى. ئۇلارنىڭ تۆگە تىۋىتى، توشقان تىۋىتى، قوتاز تىۋىتىدىن قىلىنغان پوپايكا-جىلىتكىلىرىمۇ كۆرگەزمە قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئېسىل ئىدى.

ھېچقايسىسىنىڭ زىبۇزىننەتلىرى ئۆتكەن قېتىمقى ئولتۇرۇشقا تاقاپ كەلگەن زىبۇزىننەتلەر ئەمەس ئىدى. ئولتۇرۇش پارىڭىنىڭ دەسلەپكى تېمىسى ھەر قېتىمكىدەك پوپايكىلىرىنىڭ قايسى خىل تىۋىتتىن ئىشلەنگەنلىكى، قايسى دۆلەتتىن ئالدۇرغانلىقى، ئاق ئالتۇندىن ياسالغان ئۈزۈك كۆزىنىڭ رودىزىيە ئالمىسى ياكى بەدەخشان لەئلىسىدىن ئىشلەنگەنلىكى توغرىسىدا بولۇپ ئۆتتى. خانىملار قىشلىقلىرى ئۈچۈن تۈلكە تېرىسى، سۇسەر تېرىسى، قاما تېرىسى، يولۋاس تېرىسى، بۆرە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن جۇۋا-جىلىتكىلەرنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن قايسى دۆلەتنىكى قايسى سودا مەركەزلىرىگە بۇيرۇتما بەرگەنلىكلىرىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشتى. پاراڭ قىزغىن، مەمنۇنلۇق ۋە ئازراق كەمتەرلىك، تارتىنىش ئىچىدە داۋام قىلدى. مېھمانخانا ئىچىدە خۇش پۇراق ۋە ئىسسىق كۈچىيىپ باراتتى. لېكىن بۇ خانىملارنىڭ قىممەتلىك ۋۇجۇدلىرىدىن ئۇرغۇۋاتقان ئىسسىق ۋە خۇش پۇراق ئەمەس ئىدى. ئۇلار بۇنى روشەن ھېس قىلىشتى.

— ئۆيۈڭ بەكمۇ ئىسسىقكىنا، رەشىدە، پارۋايغا ئوت ياقتىڭلارمۇ؟ — ئېغىز ئاچتى مەلىكە خانىم توشقان تىۋىتىدىن ئىشلەنگەن پوپايكىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەرەمدىن ئالدۇرغان ئېسىل كۆڭلىكى ۋاللىداپ كۆرۈندى.

— قويغىن ئۇ پارۋاي دېگەننى، يا ئىسسىقنى، يا سوغۇقنى بىلگىلى بولمىغان، خۇددى لۆم-لۆم ئەرنىڭ تاتلىقى بىلەن ئاچچىقىنىڭ تايىنى بولمىغاندەك، ئاۋارىچىلىكىچۇ تېخى، مەن

مەشكە ئوت ياقتىم، ئېسىل تەنلىرىڭلارنى توڭلاپ قالمىسۇن دەپ ...

— مەشكە ئوت ياقتىم دېدىڭمۇ؟ — بۇ سوئالنى سورىغىنى مۇشۇ خانىملار ئىچىدىكى ئەڭ سېمىز پەزىلىيە خانىم ئىدى. ئۇ ھېلىتىنلا مەخمەل كۆرپە ئۈستىدە ماموق ياستۇققا يانپاشلىۋالغان ئىدى. قىسقارتىپ، «شىر باش» قىلىپ بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرى ئۇنىڭ سېمىز يۈزلىرىنى تېخىمۇ چوڭ قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ھەئە، مەشكە ئوت ياقتىم.

— مەش كۆرۈنمەيدىغۇ بۇ ئۆيدە، قېنى ئۇ مېشىڭ؟ — ئەمدى ئېغىز ئاچتى گۈلبانۇ خانىم، ئۇنىڭ قىسقا، خۇددى ئوغۇل باللارنىڭكىدەك قىلىپ ياستىۋالغان چاچلىرى ئۇنى خېلىلا ياشارتىۋەتكەنىدى. ئەمدىلا قىرىقلارغا يېقىنلاشقان راسا تولغان جۇۋاندەك كۆرۈنەتتى.

— مەش ئەنە، ئاۋۇ بۇلۇڭدىكىسى شۇ، — جاۋاب بەردى رەشىدە.

سۈرمە تارتىلغان، تال-تال كىرپىكلىك ئون جۈپ ئوتلۇق كۆز رەشىدە كۆرسەتكەن بۇلۇڭغا تىكىلدى. ئۇ يەردە مەش كۆرۈنمەيتتى. كۆزلەر ئالىي دەرىجىلىك ئۆي جاھازلىرىنىڭ رەڭلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۈلگۈردى. چاققان، چىرايلىق بىر قانچە جۈپ پايپاقلىق ئاياغ ئېكسپورت ئۈچۈن توقۇلغان ئالىي دەرىجىلىك خوتەن گىلىمى ئۈستىدە رەققاسەتەك يورغىلاپ بۇلۇڭغىمۇ يېتىپ باردى. خۇش پۇراقلىق ئىسسىق گۈپۈلدەپ ئۇرۇلدى. كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ گۈرۈلدىشى ئاڭلاندى. خانىملارنىڭ كۆز ئالدىدا قاپارتما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، قىرلىق پولاتتىن ياسالغان پىستە پاچاقلىق جازا ئارقىلىق يەردىن ئىككى غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، چىرايلىق، نەپىس زىننەت بۇيۇمى ئايان بولدى. ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى دانە ئويما بۇلبۇل قانات قېقىپ،

بىر-بىرىگە تەلپۈنۈپ، پەرۋاز قىلىپ تۇراتتى. مېھمانخانا ئىچىدىكى باشقا ئۆي جاھازلىرىدىن شوخ رەڭلەر بىلەن سىرلانمىغانلىقلا پەرقى بار ئىدى. لېكىن ئاشۇ كۆككە مايىل قارا رەڭگىمۇ ئۇنى ئەنە شۇ رەڭدە سىرلىغاندەك تەسىرات بېرەتتى. رەشىدەنىڭ مەش دېگىنى ئەنە شۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئوت ياندىكى ئۆيدىن قالىنىدىكەن، كۈلىمۇ شۇ تەرەپكە چۈشىدىكەن. پەقەت ئوتلا بىر تەرەپتە كۆيىدىكەن، مېھمانخانىمۇ ئىسسىيدىكەن.

خانىملار جاۋىلدىشىپ كەتتى.

— ئەجەب بەلەن جايلاشتۇرۇپسىلەر.

— مەشنىڭ چىرايلىقلىقىنى دېمەمسىلەر، ئىگىسىدەكلا چىرايلىق ئىكەن.

— ئىسسىتىشلىرىچۇ، خۇددى ياش يىگىتنىڭ تەپتىدەك.

— ھېلىقى قاڭالتىرچى بالا ياسىغاندۇ ھەرقاچان ...

— قايسى قاڭالتىرچى؟

— قاڭالتىرچى قوشۇما قاشنى رەشىدەلا بىلىدۇ.

— ۋاي ئۇيالمايدىغان، ئۇنى سېنىڭ بۇقا گەردەن زەگىرىڭ ياسىمىدى ...

— سەتلەشمىسەڭلارچۇ ئەمدى ...

جاۋىلدىشىۋاتقانلار ئايتۇلان خانىم، شەمسىيە خانىم، مەينىگار خانىملار ئىدى. ئولتۇرغانلارمۇ، مەش ئالدىدىكىلەرمۇ جاۋىلدىشاتتى. پايپاقلىق پۇتلار يەنە ئاۋۋالقىدەكلا خوتەن گىلىمى ئۈستىدە يېنىك يورغىلاپ، مەخمەل كۆرپە ئۈستىگە قايتىپ كېلىشتى. ئالماس ئۈزۈك، تىللا ئۈزۈك تاقىغان چىرايلىق بارماقلار نازۇنېمەتلەرگە ئۇزىتىلىشقا باشلىدى.

— مەش دېگەن يەنىلا مەش ئىكەن. كۆرمەمسىلە ئىسسىقىنى، پارۋاي دېگەن نېمىچۇ، بۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن، — گۈلزار خانىم ئېغىز ئاچتى. ئۇنىڭ سۆزى خانىملارنىڭ ئەمدىلا ئېغىزلىرىدىن چىقاي دەپ قالغان يېڭىلىقلىرىنى نەگىدۇ

قوغلاپ، خىياللىرىنى يەنە ئىسسىتىش مەسىلىسىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئەمما گەپ كۆپرەك پارۋاي ئۈستىدە بولدى. خانىملارنىڭ ھېچقايسىسى ھۆكۈمەت ئۆيىدە ئولتۇرمايتتى. ھەممىسىنىڭ كەڭ-كۇشادە، چىرايلىق شەخسىي قورۇ-جايلىرى بار ئىدى. ئالدىنقى يىللىرى كىچىك تىپلىق پار قازان ئورنىتىپ، پارۋايلارنى قويۇپ، شەخسىي ئۆيلەرنى پارلاشتۇرۇش مودىسى پەيدا قىلغانلارمۇ مۇشۇلار ئىدى. ئەمدى ئۇلار ئەنە شۇ ئېسىل نەرسىلىرىدىن بىزار بولۇشقاندەك كۆرۈنەتتى.

— پارۋاي دېگەن ئاشۇ نېمىنىڭ گۈشىيىپ تۇرۇشىدىن بىزار بولدۇم. سىرتتىن توڭلاپ كىرگەندە يا گۈپپىدە ئىسسىتالمىغان ...

— ھېلى رەشىدە دېدىغۇ، يا ئاچچىقى، يا تاتلىقى يوق ئەردەك ...

— كۆمۈرنىڭ كۆپ كېتىشىنى دېمەمسىلەر تېخى، كۆمۈرنىڭغۇ كارى چاغلىق ...

— بېسىمى تۆۋەن بولسا ئىسسىمىغان، بېسىمىنى ئاشۇرسا سۇ ئېقىپ ئاۋارە قىلغان، سەللا بىخەستەلىك قىلساق ئۆيىنى سۇ باسقان ...

— پارتلىشىنى دەڭلا، ھەممىڭلار ئاڭلىغانغۇ، ئۆتكەن يىلى قىشتا بىزنىڭ پار قازان پارتلاپ كەتتى. يېرىم كېچە ئىدى. «گۈم» قىلغان دەھشەتلىك ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتۇق. بىزنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە نېمە گۇمان چۈشكەن، غالىلداپ تىترەۋاتىدۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيتتۇق، بىزنىڭ ئادەم قورقۇنچىدىن سىرتقا چىقالايدىغاندەك ئەمەس. ئاخىرى ئۆزۈم قوپتۇم. پارغا ئوت قالىغۇچى كۇلۇچ، ئامبۇرلىرىنى كۆتۈرۈپ پالاقشىپ يۈرىيدۇ، سۈرۈشتۈردۈم. پار قازان پارتلاپتۇ. ئاشخانا ئۆينى ۋەيران قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پارۋاي ئىشلەتمەسلىككە قەسەم قىلدۇق.

— بىزمۇ ئېلىۋەتتۇق.

— بىزمۇ بۇ يىل مەش ئىشلەتمەكچى.

— ھەر نېمە دېگەنبىلەن يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ مېشى ياخشىكەن.

خانىملارنىڭ سۆز تېمىسى پارۋايىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى دېگەن پاراگرافتىن مەشنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى دېگەن پاراگرافقا قايتىپ كەلدى. ئۇلار سىلىندىرسىمان مەشنى، كۇنۇسسىمان مەشنى، ساندۇق شەكىللىك يانتۇ مەشنى، ئۆي جاھازلىرى شەكىللىك، زىننەت بۇيۇمى سۈرەتلىك مەشلەرنى تىلغا ئېلىشتى. ھۆرمەتلىك نائىمە خانىم شائخەيدە ياسالغان، كولى ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان، بىر چاڭگال كۆمۈر سېلىپ قويسا پۈتۈن بىر كېچە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈپ تۇرىدىغان مەشنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەشلەر ئائىلىسىدىكى ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئەلا سورت ئىكەن.

— مەش دېگەنگۇ پارۋايدىن مىڭ ھەسسە ياخشى، لېكىنزە، ئاشۇ كۆمۈر ئىسىنىڭ سېسىق پۇرىقى كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، — پەزىلە خانىم سۆزىنىڭ تېمىسىنى يېقىلغۇغا يۆتكىدى؛ ھەي رەشىدە، ئۆيۈڭ ئەجەب خۇش پۇراققۇ، مەشكە نېمە ياقتىڭلار؟

— سەندەل ياغىچى-دە، ئىسرىق سالىدىغان سەندەلمۇ؟

— ھەئە.

— ماۋۇنىڭ يامانلىقىنى قاراڭلار، بىر چالمىدا ئۈچ پاختەك سوقۇپتۇ. ئۆيىنى ئىسسىتىدىكەن، خۇش پۇراققا تولدۇرىدىكەن. يەنە كېلىپ ئائىلىسىنى، ئېرىنى، ئۆزىنى كۆز تېگىشتىن ئاسرايدىكەن.

— مەشكە قالاشقا ئۆرۈك ئوتۇنىنىمۇ بەلەن دەيدۇ.

— راست، ئۆرۈك ئوتۇنىمۇ ياخشى.

— بىر قالام ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ ئوتىغا قاقلانسا، بىر ئېرىكنىڭ گۆشىنى يېگەندىنمۇ بەكرەك قۇۋۋەت قىلىدۇ دېيىشىدۇ.

— ئەمما سەندەل ياغىچىغا يەتمەيدۇ.

— بۇنىمۇ قوشۇما قاش قاڭالتىرچى تېپىپ بەرگەندۇر

ھەرقاچان ...
— قاسساپ تېپىپ بەردى. ئېگىز كۆۋرۈكتىكى قاسساپ بالا.
— ۋاي ئاغزى يامان، زەھىرىگىنى سانجىمىغىن، بىز سەندەل ياغىچىنى نەدىن ئالغانلىقىڭنى بىلمەكچى.
— تاغدىن بىر ماشىنا سەندەل ئەۋەتىپتۇ. بىر قىش قالاشقا يېتەرمىكىن دەيمىز.
— قولۇڭ يەتمەيدىغان يەر يوق سېنىڭ.
— سەندەل بولامدۇ، ئۆرۈك ئوتۇنى بولامدۇ، كۆمۈردىن كۆپ ياخشى، ھوي خېنىملار، سەندەل ياغىچىنىڭ كويىغا چۈشۈڭلار ئەمدى.
— ئوتۇنخانىسى توشۇپ بولغاندۇ ھەرقاچان، بىزنىڭكىگە كەلگەن نەرسە، بۇلارنىڭكىگە كەلمەي قالامتى ...
خانىملار مەشكە يېقىشقا يەنە قايسى خىل ئوتۇنلارنىڭ بەلەنلىكى توغرىسىدا خېلى ئۇزاق تالاش-تارتىش قىلىشتى، سەندەل ياغىچى ئوتۇنى بىلەن ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ ياخشىلىقىغا ئۇلار قايىل ئىدى. شۇنداقتىمۇ يەنە باشقا نەرسىلەرنى ئىزدەپ كۆرۈشتى. ياڭاق ياغىچى ئوتۇنى، چىلان ياغىچى ئوتۇنى، ئامۇت ياغىچى ئوتۇنى توغرىسىدا توختىلىشتى ۋە ئۇلارنىمۇ بۇ يىل قىش قالايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىككىنچى رېتىگە تىزىپ قويۇشتى، جىگدە ياغىچى ئوتۇنى بىلەن تېرەك ياغىچى ئوتۇنى تىلغا ئېلىنمىدى. يۇلغۇن بەقەم بىلەن توغراق ئوتۇنى بولسا، پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغانىدى. خانىملار ئۇزاق تالاش-تارتىشتىن كېيىن قىشلىق ئىسسىنىش تېمىسىدىكى ئىككى چوڭ مەسىلىنى، يەنى پاردىن مەشنىڭ ئەلالىقى مەسىلىسى بىلەن قالاش ماتېرىيالى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئويلىشىچە ھەل قىلىنمىغان يەنە نېمىدۇ بىر نەرسە باردەك ئىدى. ئاشۇ مەسىلىنى يەنىلا ھەرقاچانقىدەك پەزىلە خانىم ئوتتۇرىغا قويدى.
— تۆمۈر مەشتىن چويۈن مەش ياخشى، دېيىشىدۇ.

پەزىلە خانىمنىڭ مۇشۇ سۆزىدىن كېيىن، خانىملار مەشنى زادى قايسى خىل مېتالدىن ياسىسا ياخشى بولىدىغانلىقى مەسىلىسى تېخى ھەل قىلىنمىغانلىقىنى چۈشىنىشتى ۋە بەس-بەستە ئاۋاز قوشۇشتى.

— چويۈن مەش چىداملىق، لېكىن ئىسسىقلىق تارقىتىشتا ...

— تۆمۈر مەشنىڭ ئىسسىقى ئوبدانراق چىقىدۇ.

— قايسى خىل مېتال ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزسە شۇنىڭدىن مەش ياسىغان ياخشى.

— ئالیۇمىنىدىن مەش ياسىسا قانداق بولاركىن؟

— ئوتتۇرا مەكتەپتىكى فىزىكا دەرسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ، مىس ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ، مىس مەش ئوبدان.

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، ھەرقايسىڭلارغا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن. ھېلىقى ھەدىيە غوت-غوتلار، قايسى ھەدىيە غوت-غوت بولاتتى، تا جىڭلىنىڭ ھەدىيەسىچۇ، بىز ئارىمىزغا قاتمىغان ھەدىيە غوت-غوت، شۇلار كۈمۈشتىن مەش ياساتقانىمىش ...

— كۈمۈش ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ.

— كۈمۈش مەش ياخشى ئىسسىيدۇ.

— كۈمۈش ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزگەن يەردە، ئالتۇنمۇ ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ.

— بىز ئالتۇن مەش بۇيرۇتۇپ قويغان، بۇگۈنلەردە پۈتۈپمۇ قالغاندۇ.

بۇ شەھىدە خانىمنىڭ ئاۋازى ئىدى. توققۇز باش خۇددى تىكىس كوماندىسىنى ئاڭلىغان ھۆرمەت قاراۋۇللىرىدەك تۆرگە بۇرالدى. توققۇز جۈپ كۆز ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى. ھەدىيە خانىم مۇشۇ خانىملار ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىكى ئىدى. ئورنى دائىم

تۆرده بولاتتى. كۆپ چاغلاردا ئۆز ھۆرمىتىنى ساقلاپ ئۆزىنى سالاغا تارتىپ ئولتۇراتتى. پەقەت مۇھىم يەرگە كەلگەندىلا پاراڭغا سۆز قاتاتتى. شەھىدە خانىمنىڭ ئالتۇن مەش توغرىسىدىكى سۆزى خانىملارنىڭ ھېچقايسىسىنى ھەيران قالدۇرمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ ھەرقاچان باشلامچى بولىدىغانلىقىغا، ھەرقاچان ئالدىدا ماڭىدىغانلىقىغا كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ سۆزىگە ھەرقاچانقىدەك ھۆرمەت بىلەن قوشۇلۇشتى.

— ئالتۇن مەش ھەممىدىن ياخشى!

— ئالتۇن مەش ياخشى!

— ئالتۇن مەش ئەلا!

— ئالتۇن مەش ...

— خانىملار، ھەممىڭلار ئالتۇن مەش ياسىتىشقا تۇتۇش قىلىڭلار! — شەھىدە خانىم ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتتى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن خانىملارنىڭ ئالتۇن مەش توغرىسىدىكى مەدھىيە سۆزلىرى توختاپ قالمىدى. ئۇلار ئالتۇن مەشتە ئوت ئىسسىنسا، قان بېسىمى تۆۋەنلەيدىغانلىقى، يۈرەك كېسىلى ساقىيىدىغانلىقى، قان تەركىبىدىكى قەنتنىڭ ئازىيىدىغانلىقى، سېمىزلەرنىڭ ئورۇقلايدىغانلىقى، ئورۇقلارنىڭ سەمرىيدىغانلىقى، ئالتۇن مەش ئوتىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ئىمكان يارىتىدىغانلىقى، ئامەت، مەرتىۋە، شۆھرەت، بايلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇزاق مۇھاكىمە قىلىشتى. ئالتۇن مەشنىڭ پايدىسى ھەققەتەن كۆپ ئىدى. خانىملار يەنە ئېرىدى. ئوسمىي، پلاتىنا، كوبالىت، ۋولفرام ... قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتاللاردىن ۋە باشقا قېتىشمىلاردىن مەش ياساش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ تەتقىق قىلىشتى. لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا ئالتۇن مەشكە قايتىپ كېلىشتى. ھازىرچە ئالتۇن مەش ئەڭ ياخشى ئىسسىنىش قورالى بولالايتتى.

※ ※

مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى پات-پات قىيا ئېچىپ، ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ نازۇنېمەتلەرنى سۇنۇپ بېرىپ تۇرغان، رېستوراندىن ئەۋەتىلگەن ھېلىقى ئاشپەز يىگىت ھۆرمەتلىك خانىملارنىڭ مەش توغرىسىدىكى پاراڭلىرىنى چالا-پۇچۇق ئاڭلاپ تۇرغانىدى. ئالتۇن مەش توغرىسىدىكى ئاخىرقى پاراڭلىرىنى بولسا تولۇق ئاڭلىدى. ئۆي تولىمۇ ئىسسىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئېچىۋېتىلگەن ئىشىك ئۇنىڭغا ئاڭلاش ئىمكانىيىتى بەرگەنىدى. ئۇ ئالتۇن مەش توغرىسىدىكى پاراڭلاردىن كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىمۇ خانىملارنىڭ كۈلۈمسىرىشىدەك تاتلىق ئىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر تۈلپىرى بەكمۇ يۈگۈرۈك ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەپ-ئىچىپ تويغان، ھېرىپ-بوشاشقان خانىملارنىڭ «ئاۋدى» ، «خانتاجى» لارغا ئولتۇرۇپ، ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىشلىرى، ئېسىل كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ، قاشتېشىدەك سۈزۈك ۋە ئىسسىقى قاچقان تەنلىرىنى دۈردۈن يوتقان ئىچىگە ئېلىشلىرى، چالا ئۇيقۇلۇق ئادەمنىڭ سىمىز قورساقلىرىغا سۈۋۈنۈپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتقانلىقى گەۋدىلەندى. تاۋۇزدەك يوغان قورساقتا قاتارلىشىپ، مامۇق ياستۇق كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى ئۇچۇنلا ئۇنىڭ بىلەن باراۋەرلەشكەن كىچىككىنە باش ئۇيقۇلۇق ھالدا ئىرغاڭشىدى. ئۇنىڭ نېمىگىدۇر ماقۇللۇق بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولاتتى. ئاشپەز يىگىت مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە بازاردىكى ھەممە زەرگەرلەرنىڭ مەشچىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئەڭ كەم بولغاندىمۇ ئون ئۆيدە ئالتۇن مەش پەيدا بولىدىغانلىقىنى جەزم قىلدى. ئۇ يەنە كۈلۈمسىرىدى. كۈلۈمسىرىشى خانىملارنىڭ كۈلۈمسىرىشىدەكلا تاتلىق ئىدى.

# ئورۇقلىتىش رېتسېپى

تۇرمۇش ئۆزگىرىپ، ئوزۇقلىنىش شارائىتى ياخشىلانغاندىن بېرى، سەمرىپ كېتىش كېسەللىكى پەيدا بولدى، بۇنى «پاراۋان تۇرمۇش كېسەللىكى» دېيىشمۇ بولاتتى.

سەمرىپ كېتىشنىڭ بىر تالاي ئەگەشمە كېسەللىكلىرىمۇ ئەۋج ئالدى. بۇلار داۋالىتىلمىسا، سېمىزلىكنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. تولا يەپ، قورسىقى ئىنەكنىڭ قورسىقىدەك يوغىناپ كەتكەنلەرنىڭ تاڭ ئاتماستىنا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈشى ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىقتى. مىڭ يىللىق ئادەتنىڭ ئەكسىچە كەچتە ئۇماچ ئىچىشمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىقتى. ئۇلار يۈگۈرگەندە، كاساڭدەك يوغان قورسىقى خۇددى سوكۇلدىغان ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى تاغاردەك لوپۇلداپ تۇراتتى. كەچتە ئۇماچ ئىچىۋاتقاندا كۆزلىرىدىن بىچارىلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ ۋەجىدىن ئورۇقلىتىش دورا-دەرمانلىرى كەسپىنىڭ روناق تېپىشىمۇ كېلىپ چىقتى. بىزنىڭ ئالدىمىزغا داۋالىنىش ئۈچۈن كېلىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىمۇ ئەنە شۇ سېمىزلەر ئىدى. سېمىزلىكنى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشمە كېسەللىرىنى داۋالىتىش ئۈچۈنلا كېلىشەتتى. مەن، ئۇزۇن يىللارغىچە سەمرىپ كېتىش كېسەللىكىنى داۋالاش بىلەنلا شۇغۇللانساق كېرەك، بۇرۇنقى چاغلاردىكى ئورۇقلاپ ياداپ كېتىش كېسەللىكىنى، ماغدۇرسىزلىنىش كېسىلىنى، «شامال كېسىلى» نى، «چارلاش كېسىلى» نى داۋالىشىمىز ئەمدى تارىخقا ئايلانسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئەمما دەل مانا شۇ چاغدا، يەنە ئورۇقلاپ كېتىش كېسىلىنى داۋالاشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيسىز!؟

بۇنىڭدىن يېرىم يىلچە ئىلگىرى بىر نەۋرە تۇغقىنىم تۇرسۇنجان مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. بۇ مېنىڭ دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيىسىدە كېسەل كۆرۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. كۆرۈشتۇق، سالاملاشتۇق. ئەھۋاللاشقىلى شارائىت يار بەرمەيتتى. ئۆچىرەت بولۇپ ئولتۇرغان سېمىز بىمارلار كۆرۈنۈشنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەھۋالنى چۈشەندى بولغاي، كېلىش سەۋەبىنى قىسقىلا بايان قىلدى. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ قىزى تۇرسۇنگۈلنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم. ئالدىنقى بىر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي ئىش كۈتۈپ ئولتۇرۇپ قالغان بىر نەۋرە جىيەنىمنى ئىزدەپ ئەتراپقا نەزەر سالدىم. ئۇنى كۆرمىگىلى يېرىم يىلچە بولغانلىقىنىمۇ يادىمغا ئالدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ چىرايلىق، سېمىز، چىڭ، يېمىش جىگدىسىدەك بودەك قىياپىتى كۆز ئالدىمدا بار ئىدى. كاللامغا تۇيۇقسىز: «ئۇمۇ بىكار ئولتۇرۇپ، بىكارغا يەپ سەمرىپ كەتكەنمىدۇ؟ سېمىزلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغاندىمۇ؟» دېگەن پىكىر كەلدى. ئۆچىرەتتە ئولتۇرغان سېمىزلەر سېپىگە قارىدىم. ھەممىسى ئوتتۇز — قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان سېمىزلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى يىگىرمىگە كىرمىگەن جىيەنىم كۆرۈنمەيتتى. يان تەرىپىمدە سەل-پەل كەينىمگە توغرا كېلىدىغان تام تۈۋىدە بىرىنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى سەزدىم. بۇرۇلۇپ قارىدىم، قورايدەك ئورۇق، زامانغا لايىق كىيىملىرى ئۆزىگە كەڭ كېلىپ قالغان بىر قىز ھالسىز ھالدا تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى. «شىر باش» قىلىپ بۇدۇر قىلىنغان چاچلىرى چىرايىنى كىچىككىنە، قوشۇق يۈز قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. كۈلۈمسىرىشى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ۋە زىننىخى ئاستىدىكى تونۇش مېڭىدىن ئۇنىڭ تۇرسۇنگۈل ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. تowۋا خۇدايىم، ئادەم دېگەنمۇ شۇنچىۋالا ئورۇقلاپ كەتكەن بارمۇ، كۆزلىرى جەھەننەمگىچە ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ، قىزىل ئالمىدەك چىرايى

تامدەك تاتىراتتىغۇ، مەتتىزىدە گۆش دىدارى يوق. مەتتىز سۆتتەكلىرى چوقچىيىپ چىقىپتۇ. زاتتاقلىرى ئۆزىراپ، چىشلىرى ھىتتگالتك چىشتەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىدىم، ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئالدىمدىكى ئۇستەلنىڭ يېنىدىكى بىمارلار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدۇم. بىر ھازاغىچە ھېچنېمە دېيەلمىدىم. ھېلىقى كاللامغا كەلگەن ئۇمۇ سېمىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانمىدۇ؟ دېگەن پىكىر نەگىدۇر يوقالغانىدى. سېمىزلىك كېسىلى مودا بولغان دەۋردە، ئورۇقلۇق كېسىلىگە دۇچار بولغان جىيەنىمنى كۆرۈپ نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغانىدىم، ئاخىرى ئېغىز ئاچتىم.

— نېمە بولدىڭىز، قىزىم؟ نېمانچە ئورۇقلاپ كەتتىڭىز؟

— يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي يېنىڭىزغا ئەكېلىشىم، — سوئالىمغا قىزنىڭ دادىسى تۇرسۇنجان جاۋاب بەردى.

— ئورۇقلاشقا باشلىغىلى خېلى ئۇزۇن بولدىمۇ؟

— ئىككى-ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى. دەسلەپتە ئانچە بىلىنمىگەنتى، ئەمدى مانا ...، — يەنە تۇرسۇنجان جاۋاب بەردى.

— قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ، قىزىم؟

— ھېچ يېرىم ئاغرىمايدۇ، — تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆزى ئېغىز ئاچتى. ئاۋازى پەس ۋە ھالسىز ئىدى.

— راستتىنلا بىر يېرىڭىز ئاغرىمامدۇ؟

— راست ھېچ يېرىم ئاغرىمايدۇ.

— ئىشتىھايىڭىز قانداقراق؟

— ئىشتىھايىم ياخشى.

— قانچىلىك تاماق يەيسىز؟

— بىر تەخسە لەڭمەننى كۆردۈم دېمەي يەۋېتىمەن. يەنە بىر نەرسە يېگۈم كېلىپلا تۇرىدۇ.

مەن يەنە ھەيران بولدۇم. يېگەن ئادەم سەمرىشى كېرەك ئىدى. ھېچ يېرى ئاغرىمىسا، ئىشتىھاسى شۇنچە ياخشى تۇرۇپ، يەنە ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالسا، بۇ قانداق بولغىنى؟ ئۇنىڭغا نېمىدەپ دىئاگنوز قويۇشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. لېكىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ياش قىز ئەمەسمۇ، نېمە بولغىنىنى بىلەلمىگەندۇ، بەلكىم ئىچ ئەزالىرىدا كېسەللىك باردۇ. قانىنىڭ تەركىبى ياخشى ئەمەستۇ. 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتساق، ئامېرىكىدىن، ياپونىيىدىن، گېرمانىيىدىن كىرگۈزگەن شۇنچە ئىلغار ئۈسكۈنىلىرىمىز تۇرسا، كېسەلنى تاپالماي قالاتتۇقمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا زامانىۋى دىئاگنوز ئۈسكۈنىلىرىدە تەكشۈرتۈشكە قەغەز يېزىپ بەردىم. شۇلارنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ بىر نەرسە دېمەكچىدىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتىدە ئۇ ھەممە ئەزالىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرتۈپ چىقتى. قان تەركىبى تەكشۈرۈلدى. «B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئۆلچىگۈچى» دە جىگىرى، بۆرىكى، ئۆتى تەكشۈرۈلدى، كېسەل يوق. ئېلېكتر كارتوگراممىلىق يۈرەك تەكشۈرگۈچتە يۈرىكى تەكشۈرۈلدى، كېسەل يوق. «ئاشقازان ئەينىكى» دە ئاشقازىنى تەكشۈرۈلدى، كېسەل يوق. رېنتىگېن نۇرلۇق تەكشۈرگۈچتە ئۆپكىسى تەكشۈرۈلدى. ئۆپكىسى، مېڭىسى سۈرەتكە ئېلىندى. كېسەل يوق ... كېسەل تېپىلمىغانسېرى يەنىمۇ بەكرەك ھەيران بولاتتىم، سەمرىش دەۋرىدە ئورۇقلاش كېسەللىكىنىڭ سەۋەبىنى تاپالماي جىلە بولاتتىم. تۇرسۇنگۈلنى تەكشۈرتۈشكە بىر كۈنى ئانىسى، يەنە بىر كۈنى ئانىسى ھەمراھ بولۇپ كېلەتتى. تۇرسۇنگۈل تەكشۈرتۈشكە كىرىپ كەتكەن چاغلىرىدا ئۇلار مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇراتتى. كېسەللەر سېلىككەن، بوش قالغان چاغلىرىمدا ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتىم. ئۇلاردىكى قىزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تېپىلىشىغا بولغان تەقەززالىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ئانىسى تۇرسۇنجاننىڭ ئېيتىشىچە، تۇرسۇنگۈل

ئالتە ئايدىن بېرى «مەستانە رېستورانى» دا ئىشلەپ كېلىۋېتىپتۇ. ۋەزىپىسى كۆتكۈچىلىك ئىكەن. زىياپەت جوزىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىۋاتقان سەيلەرنى جوزىغا تىزىپ بەرسە، مېھمانلارغا ۋاقتى ۋاقتىدا چاي توشۇپ بەرسە، ئۇلار ناخشا تەلەپ قىلسا، تاپشۇرغان پۇلىغا گۈل ئېلىپ بەرسە بولىدىكەن، خىزمىتى ئېغىر ئەمەس ئىكەن. تاماقنىمۇ رېستوراندىن يەيدىكەن. تامىقى-ئوزۇقلىنىشى ياخشى ئىكەن. كىرىمىمۇ ئوبدان ئىكەن. ئەمما نېمىشقىدۇر مۇشۇنداق ئورۇقلاپ ياداپ كېتىۋېتىپتۇ. ئوبدانلا خىزمەت قىلىۋاتقاندا، يىگىنە يۇتۇپ سالغان كۈچۈكتەك ئورۇقلاپ، ياداپ كېتىشى ئاتا بولغۇچىنى ئەنسىزلىككە ساپتۇ. ماڭا ئۇنىڭ يىگىنە يۇتۇپ سالغان كۈچۈكتەك ... دېگەن ئوخشىتىشى سەل قوپال، شۇنداقلا قىزىق تۇيۇلدى. ئۇنىڭدىن «سىز يىگىنە يۇتۇپ سالغان كۈچۈكنى كۆرگەنمىدىڭىز؟» دەپ سوراپ قويدۇم. ئۇ خېمىرغا كىچىككىنە يىگىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ، قوشنىسىنىڭ تولا قاۋايدىغان كۈچۈكىگە بەرگەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. بىچارە كۈچۈك ياداپ، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ، ئاخىرى ئۆلۈپ قاپتۇ. قىزىنىڭ ياداپ كەتكەنلىكىنى ئويلىسىلا ئاشۇ كۈچۈك يادىغا كېلىۋالىدىكەن، شۇڭا قىزىدىن بەك ئەنسىرەيدىكەن ... تۇرسۇنگۈل تەكشۈرۈشلەرنى تولۇق تۈگەتتى، لېكىن كېسەل تېپىلمىدى. بارلىق تەكشۈرۈش قەغەزلىرىگە يېزىلغان نەتىجە نورماللىقنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. مەن نېمە دېيىشنى، ئۇنىڭ ئورۇقلاپ كېتىشىگە نېمىدەپ دىئاگنوز قويۇشنى بىلمەيتتىم. شۇ كۈنلەردە مېنىڭ كۆز ئالدىمغىمۇ ھېلىقى يىگىنە يۇتۇپ سالغان كۈچۈك كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما بىلەتتىمكى، چوپچوڭ ئادەمنىڭ يىگىنە يۇتۇپ سېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېچ يېرى ئاغرىمىسا، ھېچ يېرىدە كېسەللىك بولمىسا ياكى يىگىنە يۇتۇپ سالمىسا، ئەمىسە ئۇ نېمىشقا ئورۇقلاپ كېتىدۇ؟ كۆڭلۈمدە بويىغا يېتىپ قالغان قىز ئەمەسمۇ،

ئىشق سەۋداسىغا گىرىپتار بولغاندۇ. شېرىنگە، سەنەمگە، زۆھرەگە، ئۇزراغا، زۇلەيخاغا، رابىيەگە، لەيلىگە ئايلانغان بولسا، پەرھادنىڭ، غېرىبنىڭ، تاھىرنىڭ، ۋامۇقنىڭ، يۇسۇپنىڭ، سەئىدنىنىڭ، مەجنۇننىڭ دەردىدە ئورۇقلاپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە ... دېگەن بىر پىكىر پەيدا بولدى. بۇ ئويۇمنى تۇرسۇنگۈلنىڭ ئاخىرقى كۈندىكى تەكشۈرۈشكە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئانىسى تۇرسۇنخانغا ئېيتىۋىدىم، ئۇ، ئىللا-بىللا رەت قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قىزىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ خاتىرجەم ئىكەن، پۈتۈشۈپ قويغان يىگىتى بار ئىكەن. ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرىدىكەن. يېڭى زامانىنىڭ تاھىرى رېستوراندىكى زۆھرە ئىشتىن چۈشكەندە ھەمراھ بولۇپ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويىدىكەن. كۆزدە توي قىلماقچىكەن ...

بۇ ئويۇم پاكىتلار ئارقىلىق رەت قىلىنغاندىن كېيىن، تۇرسۇنگۈلنىڭ ئورۇقلاپ كېتىش كېسىلىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا تېخىمۇ ئامالسىز قالدىم. زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرمۇ تېپىپ چىقالمىسا، يىگىرمە يىللىق دوختۇرلۇق تەجرىبەممۇ ئەسقاتمىسا، بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟ يالغان ئېيتىپ، قالايمىقان دىئاگنوز قويۇشقا، ئۇنى-بۇنى دېيىشكە ياكى سەمرىتكۈچى ھورمۇن تىپىدىكى دورىلارنى يېزىپ بېرىشكە ۋىجدانىم چىدىمايتتى. تۇغقاندارچىلىقىمىزمۇ يول قويمايتتى. ئۇلارغا راست گەپنى دېدىم. ھازىرچە ئورۇقلاپ كېتىش سەۋەبىنىڭ ئېنىقلانمىغانلىقىنى، كىتاب كۆرۈپ، باشقىلاردىن سوراپ چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىدىغانلىقىمنى، ئەمدى دوختۇرخانىغا كەلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، ئېنىقلانغان ھامان ئۇلار تەرەپكە ئۆزۈم بېرىپ يەتكۈزىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. تۇرسۇنگۈلنىڭ ئورۇقلاپ كېتىش كېسىلى راستتىنلا كۆڭلۈمدە بىر تۈگۈنچەك بولۇپ تۇرۇۋالغانىدى. بۇ كېسەلنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىمەن دېگەن قەتئىي نىيەتكىمۇ كەلگەنىدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ سىمىزلىك دەۋرىدە

پەيدا بولغان ئورۇقلاپ كېتىشنى يىلتىزىغىچە ئېنىقلىمايمۇ بولمايتتى. ئەمما ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىنكى ئون نەچچە كۈن ئىچىدە ئاشۇ ئورۇقلاش كېسىلى توغرىسىدا كىتاب ئاختۇرۇشقا، باشقا مۇتەخەسسىسلەردىن سوراشقا زادىلا چولام تەگمىدى. چولام تەگسىمۇ ھەپسىلەم بولمىدى. يېقىندا مۇھىم بىر تەتقىقاتقا بېغىشلانغان ماقالەم رايونىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ۋە جامائەت ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى. بىردىنلا مەشھۇر شەخسكە ئايلىنىپ قالغانىدىم. ئەل-ئاغىنىلىرىم، دائىم كېسەل كۆرسىتىدىغان ئۇلپەتلىرىم تەبرىكلەش ئۈچۈن ھەر كۈنى كەچتە رېستورانلارغا سۆرەپ كېتەتتى. يەنە كېلىپ كۆپرەك ئاشۇ ئورۇقلاش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان تۇرسۇنگۈل ئىشلەيدىغان «مەستانىلەر رېستورانى»غا باشلاپ باراتتى. رېستوران شۇنچىلىك ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىدىكى، ئېلېكترونلۇق چالغۇنىڭ ئاۋازى، ساكس دەمدۇ، كاناي-سۇناي دەمدۇ، تەمبۇر-دۇتار دەمدۇ، داپ-تىزما دۇمباق دەمدۇ ھەممىسىنىڭ ئاۋازى بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئاۋاز كۈچەيتكۈچنى ئەڭ يۇقىرى چېكىگىچە ئېچىپ قويۇپ ۋارقىراۋاتقان غەلىجىلىك ناخشىچىنىڭ ئاۋازى شۇنداقلا ئۇ شىرەدىن بۇ شىرەگە قاراپ ۋارقىراۋاتقان ئاللىكىمنىڭ ئاۋازى قوشۇلاتتى. ئاشۇ ئاۋازلار ئىچىدە بەش مىنۇت ئولتۇرغان كىشى جاھاندا ئالتوپىلاڭ بولۇۋاتقاندەك، ئەجۇج-مەجۇج بېسىپ كېلىۋاتقاندەك، دەججال قوپقاندەك، دەججالنىڭ كۆك ئېشىكىنىڭ ھەربىر تۈكىدىن مىڭ ياڭزا ئاۋاز چىقىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلەتتى. قۇلاق نېرۋىلىرى قاقشاپ كېتەتتى. كۆڭۈلنى ئاينىتقۇچى ئاشۇ ئاۋازلار رېستوران تاملىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان كەڭ ئېكرانلىق تېلېۋىزوردا ئامېرىكىلىق نېگىر ناخشىچىلارنىڭ تولغىما ئۇسسۇلى، چاقماق ئۇسسۇلى ۋە ئاللىقانداق شەھۋانىي ئۇسسۇللارغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشىلىرى بىلەن كۆرۈنۈشلىرى قويۇلۇشقا باشلىغاندا ئەڭ

ئەۋجىگە چىقاتتى. رېستوران مېھمانلىرى ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، نېگىر ئۇسسۇلچىلارنى دوراپ سەكرەشكە باشلايتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى يا ئۇسسۇلغا، ياكى تەنھەرىكەتكە ئوخشىمايتتى، سەكرىشەتتى، ۋارقىرىشاتتى. بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ئېسىگە موللا مۇسا سايرامى يۈز يىل ئىلگىرى «تارىخىي ھەممىدى» دە يازغان « ... بۇ تائىپە نەغمە-ناۋا ساداسى ئىچىدە رەقس ساماغا چۈشۈپ، شاۋقۇن-سۈرەن سېلىپ، كېچىچە جىن-شاياتۇنلاردەك سەكرىشىپ چىقىدىكەن ... » دېگەن جۈملىلەرنى سالاتتى ... مەن ئاشۇ قۇلاق نېرۋىلىرىمنى مىتىدەك يەۋاتقان ئاۋازلار ئىچىدە زەنجىرنى ئۈزۈشكە، باغلاقتىن قېچىشقا تەييار ھالدا ئولتۇراتتىم. شاۋقۇن-سۈرەن ئەل-ئاغىنىلىرىمنىڭ رومكا كۆتۈرۈپ دەۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاتمايتتى. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ مېنى، مۇۋەپپەقىيىتىمنى تەبرىكلەۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلاتتىم. مېنى ئورۇق، ئوتتۇرا بوي، چىرايلىق بىر ئايال تانسىغا تەكلىپ قىلدى. ئاغىنىلىرىمنىڭ ھە-ھۇلىرى ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەمما بۇدۇر چاچ، يۇز-كۆزلىرىگە ئايماي گىرىم قىلغان ناتونۇش ئايال بىلەن تانسا ئويناش كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ تۇراتتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ۋارقىراپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئۇنى ئېسىمگە ئالدىم. ناتونۇش ئەمەس ئىكەن. ئىلگىرىكى يىللىرى پات-پات ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم كەرىمە ئىكەن. توۋا خۇدايىم، بوردىغان قوچقاردەك سېمىز، تۇلۇمچاشقاندەك بوغماق، پەللەكلىرى مەكىت قويىنىڭ دۈمبىسىدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان كەرىمە شۇمۇ؟ ئورۇقلاپ نېمانچە لاتاپەتلىك بولۇپ كەتكەندۇ؟ ھەيران ئىدىم. ئۇ تانسا ئوينىغاچ ۋارقىراپ، ئۆزىگە ئوخشاش پېنسىيىگە چىققان خوتۇنلارنىڭ ئايلانما چىللاشلىرى بار ئىكەنلىكىنى، رېستورانغا ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ... مەن شۇ كۈنى رېستوراندا ۋاراڭ-چۇرۇڭ، تاماكا ئىسى، ھاراق پۇرىقىنىڭ

ئازابلاشلىرىغا چىداپ، سائەت ئون بىرگىچە، مېھمانلار تارقىلىپ، رېستوران تاقالغۇچە ئولتۇردۇم. رېستوراندىكى كۈتكۈچى قىزلارنىڭ ئورۇقلۇقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇلار بىر-دەك، ئوخشاشلا، خۇددى بىرەر ئېنىق بەلگىلىمە بويىچە تاللانغاندەك ئورۇق ئىدى. سوراپ يۈرۈپ رېستورانغا دائىم كېلىدىغانلارنىڭمۇ ئورۇق ئىكەنلىكىنى ياكى ئورۇقلاۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئەتىسى ئەتىگەن ئىشقا چىققىنىمدا خىزمەتداشلىرىم «ياداپ قاپسىز» دېدى. بۇ مەن مۇشۇ ئون نەچچە كۈندىن بېرى ئىزچىل ئاڭلاۋاتقان گەپ ئىدى. ئۆزۈممۇ ئۆزۈمنى ياداپ كېتىۋاتقاندەك، ئورۇقلاپ-يېنىكلەپ قېلىۋاتقاندەك سېزىپ يۈرەتتىم. مەندە ئاشۇ ئورۇقلاش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان نەۋرە جىيەنىم تۇرسۇنگۈلنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى تاپقاندەك تەسىرات بار ئىدى. كىتاب كۆرگىنىم، باشقا مۇتەخەسسىسلەردىن سورىغىنىم يوق، لېكىن كېسەللىكنىڭ سەۋەبىنى تېپىۋالغاندەك ئىدىم. لېكىن ئاشۇ سەۋەب بولدىمۇ، يوق، ئېنىق ھۆكۈم قىلالمايتتىم. مېنى رېستورانلارغا چىللاش ئۈنىنچى كۈنىگە قەدەم قويغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە جىددىي بىر زۆرۈرىيەت بىلەن كىتابپۇرۇش ئاغىنەمنى ئىزدەشكە توغرا كەلدى. ئۇ كىتاب سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، كۈنلەر ئەتىۋارلىق كىتابلارنى يىغىپ ساقلاشقا ئامراق ئادەم ئىدى. سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كىتاب ئىشكاپىغا نەزەر سالدىم. بىئىختىيار، مەقسەتسىز ھالدا قولۇمنى ئۇزىتىپ، بىر كىتابنى ئالدىم. قولۇمغا چىققىنى كىچىككىنە بىر بىرۇشۇرا ئىدى. ئوخشاشلا بىئىختىيار، مەقسەتسىز ھالدا بىرۇشۇرانى ۋاراقلىدىم. كۆزلىرىم ئاشۇ قۇرلاردا توختاپ قالدى. پۈتۈن ئەس-ھوشۇممۇ ئاشۇ قۇرلارغا قادالغانىدى. ئاشۇ قۇرلار نەچچە كۈندىن بېرىكى ئوي-خىياللىرىمنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇراتتى. كىتابپۇرۇش ئاغىنەمنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. مەن بىردىن «تاپتىم!» دەپ ۋارقىرىدىم ۋە يۈگۈرگىنىمچە كىتابپۇرۇش

ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ئورۇقلاش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان تۇرسۇنگۇلنى ئىزدەپ چاپتىم. شۇ چاغدا كىتابپۇرۇش ئاغىنەم مېنى «ساراڭ بولدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالغاندۇ. ئەمما مەن ئىزدىگەن نەرسەمنى راستتىنلا تاپقانىدىم. تۇرسۇنگۇلگە، ئاتىسى تۇرسۇنجانغا، ئانىسى تۇرسۇنخانغا ئورۇقلاپ كېتىش كېسەللىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتىم، چۈشەندۈردۈم، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى، قانداق داۋالىنىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردۇم. چۈشەندۈرۈشلىرىم پاكىتلىق، ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئىدى. ئۇلار قايىل بولدى. شۇ كۈنىلا مەن بۇيرۇغان رېتسېپ بويىچە داۋالىنىشقا كىرىشمەكچى بولدى ...

مەن تۇرسۇنگۇلنىڭ ئورۇقلاپ كېتىش كېسىلىنىڭ سەۋەبىنى ۋە داۋالىنىش ئۇسۇلىنى تېپىش بىلەن بىرگە سەمرىپ كېتىش كېسەللىكىنىڭ داۋالىنىش ئۇسۇلىنىمۇ تاپقاندەك قىلاتتىم. قايتا-قايتا ئويلىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق سېمىزلىكنى داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىي ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىپ بېرىۋاتاتتىم. مەن ھەر كۈنى ئالدىمدا تىزىلىپ، ئۆچىرەت بولۇپ ئولتۇرىدىغان سېمىزلىرىمگە تاپقان يېڭى ئۇسۇلۇم بويىچە داۋالىنىش رېتسېپى يېزىپ تۇردۇم. سېمىزلىرىمنىڭ بەزىسى سۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەندەك، چىنپۈتمىگەندەك قىلاتتى. قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈشلىرىمدىن كېيىنلا سىناپ بېقىشقا ماقۇل بولۇشاتتى. يېڭى رېتسېپىم بويىچە ئۇلار دوختۇرخانىمىزدىن ياكى دورا ئاپتېكىلىرىدىن دورا سېتىۋالمىسىمۇ بولاتتى. پەقەت مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلسىلا سېمىزلىك كېسىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتى. كۆپ ئۆتمەي يېڭى ئۇسۇل بويىچە داۋالاشنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئاتايىتەن ماڭا رەھمەت ئېيتقىلى كېلىشەتتى. مەن ئۇلارنىڭ تاغاردەك يوغان قورساقلىرىنىڭ، دۈمبىدەك لىغىرلاپ تۇرغان پەللەكلىرىنىڭ جىمىپ يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە،

فىگۇرىلىرىنىڭ تۈزلىپ زىلۋا بولۇپ قالغانلىقلىرىغا، ئېگەكلىرىدىكى ئىسپان تايغىنىنىڭكىدەك ساڭگىلىغان گۆشلىرىنىڭ يوقىلىپ ئۆزلىشىپ قالغانلىقلىرىغا قاراپ كۆلۈمسىرەپ ئولتۇراتتىم. يېڭى رېتسېپىم ھەقىقەتەن ياخشى ئۈنۈم بېرىۋاتاتتى. مانا ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئورۇقلاش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان تۇرسۇنگۈلگە ئورۇقلاشتىن قۇتۇلۇش رېتسېپى يېزىپ بەرگىنىمگە، سېمىزلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىمارلىرىمغا سېمىزلىكتىن قۇتۇلۇش رېتسېپى يېزىپ بېرىۋاتقىنىمغا ئالتە ئاي بولدى. تۇنۇگۈن تۇرسۇنگۈل داۋالىنىشتىن قايتىپ كەپتۇ. سەمرىپ مەڭزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ، يېمىش جىگدىسىدەك تولۇپ، ئۆزلىشىپ كەپتۇ. بىر تال دورا يېمەپتۇ، بىر تىيىنمۇ پۇل خەجلىمەپتۇ. ئەمما ئورۇقلاش كېسەللىكىدىن تولۇق ساقىيىپ كەپتۇ. ئاشۇ يىراق، تىنچ سەھرادا ساقىيىپ كەپتۇ. ئۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ، تاتلىققىنە كۈلۈمسىرەپ ئېغىز ئاچتى:

— تاغا، مۇشۇنداق ئاددىي داۋالاش ئۇسۇلىنى نەدىن تاپتىڭىز؟

بۇ مەن رېتسېپ يېزىپ بەرگەن سېمىزلەرمۇ، ئورۇقلاپ كەتكەنلەرمۇ تالاي قېتىم سورىغان سوئال ئىدى. ئۇ چاغدا مەخپىي رېتسېپىمنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن، پاتېنت ھوقۇقۇمنىڭ دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ جاۋاب بەرمىگەنىدىم. ئەمدى مانا ئۆز جىيەنىم سوراۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياخشىراق ئويلاپ باقسام، بۇ خىل داۋالاشنىڭ پاتېنت ھوقۇقىمۇ ماڭا تەۋە ئەمەس ئىكەن. مەن پەقەت يېڭى دەۋردىكى يېڭى كېسەللىكلەرگە تەتبىقلاپتىمەن، خالاس، يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، مەن جىيەنىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردىم:

— رېستوراندىن تاپتىم. سىز ئىشلەيدىغان «مەستانىلەر رېستورانى» دىن.

— چاقچاق قىلماڭە، رېتسېپنى رېستوراندىن تاپقىلى بولامدۇ؟
— يەنە بىر بىرۇشۇرامۇ بار تېخى.
— قايسى بىرۇشۇرا؟
— «پاۋلوف» دېگەن بىرۇشۇرا.
— ئۇنىڭدا نېمىدەپ يېزىلىپتۇ؟
— ئۇلۇغ رۇس فىزىئولوگىيە ئالىمى پاۋلوف ياشاش مۇھىتىنىڭ جانلىقلارغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە شۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلەپتۇ. ئۇ بىر قانچۇقتىن تۇغۇلغان، قوشكېزەك، ئوخشاش جىنسلىق، ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى ئىككى كۈچۈكنى ئايرىپ، باشقا باشقا مۇھىتتا بېقىپتۇ. بىرىنى تولىمۇ ياخشى كۈتۈپتۇ، ئۇنىڭغا ئىتقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇقلارنى كۈنىگە ئۈچ ۋاق يېگۈزىدىكەن. قانچىلىك يەيمەن دېسە شۇنچىلىك يېگۈزىدىكەن. ۋىتامىن تولۇقلاپ تۇرىدىكەن. ياشاش مۇھىتىنى پاكىزلاپ، تازىلاپ تۇرىدىكەن. تۈكلىرىنى تاراپ تۇرىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئەتراپىدا جاغ، دۇمباقلارنى چېلىپ قالايمىقان، قوپال، قاتتىق ئاۋازلارنى چىقىرىپ تۇرىدىكەن. يەنە بىر كۈچۈككە كۈنىگە پەقەت بىر ۋاخلا قاتتىق بولكا تاشلاپ بېرىدىكەن. ھېچكىم ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالمايدىكەن، لېكىن ئۇ تۇرغان كاتەك تىنچ، ئاۋازسىز، خاتىرجەم ئىكەن. پاۋلوف ئۇنىڭ مۇھىتىدىكى تىنچلىقنى ساقلاشقىلا ئېتىبار بېرىدىكەن. ئۇ كۈچۈكلەرنى ئالتە ئاي بېقىپتۇ. ئالتە ئايدىن كېيىن نېمە بوپتۇ دېمەمسىز، ھېلىقى ياخشى باققان، لېكىن قۇلىقىغا توختىماي جاغ، دۇمباق چېلىپ تۇرغان كۈچۈك ئورۇقلاپ، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ، ئاخىرى يىڭنە يېگەن كۈچۈكتەك بولۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. كۈنىگە ئاران كىچىككىنە قاتتىق بولكا غاجىلىغان، لېكىن تىنچ مۇھىتتا ياشىغان كۈچۈك بولسا ئۆلمەپتۇ. ئەكسىچە يوغىناپ، سەمرىپ قاپتۇ. گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ، قىزىم؟

تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىــــك يوغان كۆزلىـــرى ھەيرانلىققا تولغانىدى.

— دېمەك، مەن رېستوراندىكـــى ئاشۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئورۇقلاپ كەتكەنىكەنمەن-دە

— شۇنداق، قىزىم. مەن سېمىزلىكنى داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىۋالدىم. مېنىڭ سېمىزلىككە يېزىپ بېرىدىغان رېتسېپىــم شۇكى، ئۇلار ھەر كۈنى «مەستانىلەر رېستورانى» غا بېرىپ تۆت سائەتتىن ئولتۇرسۇن. كۈن بويى ئولتۇرسا تېخىمۇ ياخشى. ئۇلار ئاشۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىچىدە تولۇق ئورۇقلايدۇ. يەنە رېستوراندا ئىشلەمسىز، قىزىم؟

— ياق، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئەلەملىك ۋە قاتتىق جاراڭلىدى؛ يىگىنە يېگەن ئىتتەك ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالدىم. ئەمدى تىنچ مۇھىت ئىزدەيمەن.

مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم.

# بەش پۇتلۇق تۆت ئادەم

بۇ بەش يىل بۇرۇنقى ئىش، تىرىشچانلىقلىرىم، سوۋغا-سالاملىرىم ئۇنۇم كۆرسىتىپ، ۋەزىپەم ئۆستۈرۈلگەن، مۇشۇ كىچىككىنە كەسپىي ئورۇنغا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشقا چۈشكەن كۈنۈم ئىدى. كۆڭلۈم خۇشال ۋە كۆتۈرەڭگۈ، چىرايىمدىن ئازراق كەمتەرلىك قىزىللىقى بالقىپ تۇراتتى. بۇنى ئەتىگەندە ئەينەككە قاراپ كۆرگەنىدىم. كىچىك بولسىمۇ مۇستەقىل ئىدارە ئەمەسمۇ، ئازادە ئىشخانىسى، ئېسىل خىزمەت ماشىنىلىرى، قولاي خىزمەت شارائىتى، باشلىقلار ئۈچۈن سېلىنغان مەخسۇس ئولتۇراق ئۆيلىرى، «ھە» دېسە، «ھۇ» دەپ چېپىپ تۇرىدىغان خىزمەتچىلىرى بار ئىدارە، مۇئاۋىن بولسامۇ، جىڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئورنى بوش بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭ دېگىنى ھېساب، پىچىقىمنىڭ كەسكىنى كەسكەن بولاتتى. «شارت-شۇرت» كېسىپ ئىشلىسەملا نەتىجە يارىتالايتتىم. پەقەت مەندىن باشقا يەنە ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ بولغانلىقىلا كۆڭلۈمنى ئازراق غەش قىلىپ تۇراتتى. لېكىن بەكلا ئەنسىرەپمۇ كەتمىدىم. چۈنكى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشىدا مېنىڭ ئىسمىم ئەڭ ئالدىغا تىزىلغانىدى. ئىسمىمنىڭ ئالدىغا تىزىلىشى، گەرچە ئاشۇ ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىق ستاژى مېنىڭكىدىن ئۇزۇن بولسىمۇ، يەنىلا مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئۇلاردىن ھوقۇقلۇقراق ئىكەنلىكىمنى، مۇئاۋىن بولسامۇ جىڭدەك ھوقۇق يۈرگۈزىدىغانلىقىمنى، يىغىن باشقۇرىدىغانلىقىمنى، خۇلاسە قىلىدىغانلىقىمنى، قارار چىقىرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا

كۆڭلۈمدە خوجايىنلىق تۇيغۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ ئۈچ نەپەر مۇئاۋىنىمنى مايمۇن ئويناتقاندەك ئويىنىتىپ، ئۆز سەنىمىگە دەسسىتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. ئىقتىدار دېسە ئىقتىدارىم، مۇناسىۋەت دېسە يۇقىرىدا قوللاپ تۇرىدىغان كۆڭۈل يېقىنلىرىم بار ئىدى. خىزمەت دېگەندىن ئوت چىقىرىپ، مەسىلە دېگەننى شاما قىلىۋېتىشىمگە گەپ سىغمايتتى.

مېنى ئالغىلى بارغان ئېسىل پىكاپتىن چۈشۈپ ئىدارە قورۇسىغا تۇنجى قەدىمىمنى باسقىنىمدا، ھەيرانلىقتىن ئاغزىم ئېچىلىپ قالدى. ئىدارە قورۇسىدا رەڭگارەڭ تۇغ-ئەلەملەر لەپىلدەپ، داقا-دۇمباقلار جاراڭلاپ، ناخشا-سۇنايلار ياڭراپ كېتىپتۇ. ھېيت-ئايەم، توي-بايرام تەنتەنىسى ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. بۇلارنى ئاشۇ ئۈچ نەپەر مۇئاۋىنىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا گەپ سىغمايتتى. بۇ قانداق چاكىنىلىق؟ كىچىككىنە بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى كەلگەنگىمۇ شۇنچىۋالا قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ بۇنچىۋالا ھەشەم بىلەن قارشى ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىم ئىجازەت بەردى؟ مەقسىتىڭ نېمە؟ ئايىغىمغا ھۆل خىش قويماقچىمۇ سەن؟ پەشتاقتا چىقىرىپ موللاق سالدۇرماقچىمۇ سەن؟ ...

قاپىقىم تۈرۈلدى. ئەمما شۇ ھامان، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان تۇنجى كۈنۈملا سەپرا مىجەز بيۇروكراتلاردەك ئاچچىقلاپ، چىچاڭشىپ كەتسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قاشلىرىم كۆتۈرۈلدى، قاپاقلىرىم ئېچىلدى. چىرايىمدىكى جىددىيلىك ئاستا-ئاستا جىلمىيىش، كۈلۈمسىرەش بىلەن ئالماشتى. چىرايىمدىن ئۆكلەپ قويغان كاللىدەك ھىجىيىش بالقىغانلىقىنى سېزىپ تۇردۇم. كۈلۈش، لېكىن ئاشۇ كۈلكە ئىچىدە بۇ ھەشەمەتچىلىكنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى تېپىش كېرەك ئىدى.

ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرلىرى،

بۆلۈم، گۇرۇپپا باشلىقلىرى پالاقشىپ ئالدىمغا كېلىشتى. قەلبىمىزدە ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكنىڭ زەھەر زەردابى قايناپ تۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، تاتلىق كۈلۈپ، قوللار ئاغرىپ كەتكۈچە چىڭ قىسىشىپ، سىلكىپ-سىلكىپ كۆرۈشتۇق. سىلكىپ قويۇشلىرىمىزنىڭ قىزغىنلىقتىن ئۆزگىچىرەك مەنىسىمۇ بار ئىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردىكى چېلىشىشلىرىمىزنىڭ، چىشلەپ گۆشىيىشلىرىمىزنىڭ بېشارىتى ئىدى. قىزغىن ئەھۋال سوراشتۇق. ئەھۋال قىسقىچە دوكلات قىلىندى. ياق، ئۇلارچە قىسقىچە ئەھۋال تونۇشتۇرۇلدى. مانا شۇ چاغدا مەلۇم بولدىكى، ھېيت-بايرام شادىيانىسى مېنى قارشى ئېلىش ئۈچۈنلا ئورۇنلاشتۇرۇلماپتۇ. ئىدارە «بىرىنچى ماي»نى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن يازلىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرماقچىكەن. بىر نەپەر مۇئاۋىنىمىنىڭ چاقچىقى بويىچە، بۈگۈنكى تەنتەنە قوش مەزمۇنغا ئىگە بوپتۇ. داقا-دۇمباق، ناغرا-سۇناي ساداسى ئىچىدە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئايىغىم ياراشقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەن. تەنتەنىلەرنىڭ يېرىمى يېڭى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى — مېنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئىكەن ... ئەھۋال تونۇشتۇرۇشتىن بىلدىمكى، ئىدارىمىزنىڭ پەقەت قورۇسىلا بولۇپ، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگۈدەك مەيدانى بولمىغاچقا، مۇسابىقە تۈرلىرىمۇ شۇنىڭغا لايىقلاشتۇرۇلۇپتۇ. لېكىن مۇسابىقىلىشىدىغان تۈرلەر يەنىلا ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ تۈرلىرىدەك كۆپ ئىكەن. ئىككى كىشى پۇتىنى چېتىپ قويۇپ يۈگۈرۈش، ئىككى كىشى دۈمبىلىرى ئارىسىغا شار ئېلىپ يۈگۈرۈش، قولىنى پۇتىغا باغلاپ قويۇپ يۈگۈرۈش، تىكتاك توپ پالىقى ئۈستىگە توپ ئېلىپ يۈگۈرۈش، ۋېلسىپىتنى ئاستا چاپتۇرۇش، ئارغامچا تارتىشىش، يەردىكى توپنى بېشى بىلەن ئۇسسۇپ ئاخىرقى نۇقتىغا ئاپىرىش ... دېگەندەك تۈرلەر ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماي بولمايتتى.

دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە يوق مۇسابىقە تۈرلىرى ئىجاد قىلىنغان ئىدى، ئېنىقراق ئېيتساق باشقىلار ۋېلسىپىتنى تېز چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزسە، بىز ئاستا چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەتتۇق. باشقىلار توپنى پۇتى بىلەن تەپسە، بىز بېشىمىز بىلەن تېپەتتۇق. باشقىلاردا ئىككى ئادەم تۆت پۇتلۇق بولۇپ يۈگۈرسە، بىز ئىككى ئادەم ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ يۈگۈرەيتتۇق ...

تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى قىزىتىش — ئەسلىي ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدارىمىزدىكى ھەربىر كىشى ھەممە تۈرگە تولۇق قاتنىشىش بەلگىلىنىپتۇ. تېخى ئۇتۇپ چىققانلارغا مۇكاپات، تولۇق قاتناشقانلارغا خاتىرە بۇيۇمىمۇ تارقىتىلىدىكەن.

ھەربىر كىشى ھەممە تۈرگە تولۇق قاتنىشىش دېگەن بەلگىلىمە بويىچە، شۇنداقلا ئۆزۈمنىڭ جازىسى يوق، ھاكاۋۇر ئادەم ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنۈم بولسىمۇ، بىرىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولسامۇ يەنىلا ھەممە تۈرلەرگە تولۇق قاتنىشىشىمغا توغرا كەلدى. يەنە كېلىپ ھەربىر تۈر تېخى بىز مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرىدىن باشلىناتتى. بۇ ئەقىلگە سىغاتتى. ئىدارە باشلىقلىرى دېگەن باشلامچى بولۇشى كېرەك ئىدى. مۇسابىقە مۇكاپاتىنى ئىدارە باشلىقلىرىنى قايرىپ قويۇپ باشقىلارنىڭ تالىشىشى بولسا، نېمىسى بىلەندۇر ئەقىلگە سىغمايتتى.

مۇسابىقە باشلاندى. بىرىنچى قېتىملىق مۇسابىقە پۇتىنى چېتىپ قويۇپ يۈگۈرۈش ئىكەن. بىرىنچى كىشىنىڭ سول پۇتى ئىككىنچى كىشىنىڭ ئوڭ پۇتىغا مەھكەم باغلاپ قويۇلىدىكەن. ئىككى كىشى ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ مۇساپىنى يۈگۈرۈپ بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىكەن. قايسىبىر جۈپ كىشى مۇساپىنى بېسىپ بولۇشغا ئەڭ ئاز ۋاقىت سەرپ قىلسا، شۇ بىر جۈپ ئۇتۇپ چىققان بولىدىكەن ... ئىدارە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئاشۇ قائىدىلەرنى ئېلان قىلىۋىدى، مەن چۈشىنىۋالدىم. يەنە نېمىلەرنىدۇر ھېس

قىلغاندەك بولدۇم. ئىشخانا مۇدىرى بۇ تۇرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مۇسابىقىسىگە ئىدارە باشلىقلىرى باشلامچى بولۇپ چۈشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە شۇ زامان نېمىنىدۇ سەزگەندەك، قايسىبىر ئىشنى ئەپسىز ھېس قىلغاندەك توختاپ قالدى. ئۇ قايسى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ سول پۇتىنى قايسى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوڭ پۇتىغا چېتىشتا ئىككىلىنىپ قېلىۋاتاتتى. مەن بۇنى چۈشەندىم. ئەسلى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئوقتۇرۇشىدا يېزىلغان تەرتىپ بويىچە بىرىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ سول پۇتى ئىككىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوڭ پۇتىغا، ئۈچىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ سول پۇتى تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوڭ پۇتىغا چېتىلىپ ئىككى گۇرۇپپا — ئىككى جۈپ قىلىنسا بولاتتى. لېكىن ئىشخانا مۇدىرى ئىككىلىنىپ قېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا چۈشۈپ قالغان پېشقەدەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. نېمىدۇر بىرنەرسە دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئېغىز ئېچىشقا ئالدىرىمىدىم. چۈنكى، بىرىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان ئادەم ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرسە بولمايتتى. ئۇ پەقەت ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىگىلا ئېغىز ئېچىشى كېرەك ئىدى. مەن شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭراپ كەتتى.

— كۆپچىلىك، دىققەت قىلايلى، بىرىنچى قېتىملىق پۇتنى چېتىپ قويۇپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ھۆرمەتلىك ئىدارە باشلىقلىرىمىز چۈشىدىغانلىقتىن، شۇنداقلا ئۇلار تۆت نەپەر بولغانلىقتىن، ئىككىيلەننىڭ پۇتىنى چېتىپ قويۇپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى تۆتەيلەننىڭ پۇتىنى چېتىپ قويۇپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ھەممىمىز رەھبەرلەرگە مەدەت بېرەيلى ...

ئاپىرىن! ئاپىرىن! قانداق ئەپچىل چارە-ھە؟ زىخمۇ

كۆيمىدى، كاۋاپمۇ كۆيمىدى. ھارۋىمۇ ئۆرۈلمىدى، ئاتمۇ ئۆلمىدى. كۆڭۈل غەش بولىدىغان ئىش-باراۋەرلىك ھېس قىلدۇرىدىغان ئىشقا ئايلاندى. مەن ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق ئادەملىكىنى شۇ زامان بىلىۋالدىم. كۆڭلۈمگە ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ ئۆتۈش، پۇرسىتى كەلگەندە ئۇنى يۆتكەپ ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشكە تەۋسىيە قىلىش ئويىنى پۈكۈپ قويدۇم... بۇ چاغدا مېنىڭ سول پۇتۇم ئىككىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوڭ پۇتىغا، ئۇنىڭ سول پۇتى ئۈچىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوڭ پۇتىغا، ئۇنىڭ سول پۇتى تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوڭ پۇتىغا مەھكەم چېتىلىپ بولغانىدى. مەن ئېگىلىشىپ، پۇتلىرىمىزغا قاراپ، بىز تۆت ئادەمنىڭ بەش پۇتلۇق ئادەملەر تىزمىسىغا ئايلانغانلىقىمىزنى كۆردۈم. تەرتىپ بۇزۇلمىغان ئىدى. ئالدى-كەينى يۈگۈرۈشتىن ھاسىل بولىدىغان كۆڭۈل ئاغرىقى يوق قىلىنغانىدى. بىز ئىدارە قورۇسىنىڭ كىچىككىنە سەيناسىدا ئاق ھاك تۆكۈپ چىقىرىلغان يۈگۈرۈش سىزىقلىرىنىڭ چىقىش پەللىسىدە تۇراتتۇق. تەنتەربىيە كومىتېتىدىنمۇ ياكى بىرەر مەكتەپتىنمۇ ئارىيەت ئېلىپ كېلىنگەن بۇيرۇق تاپانچىسى «پاڭ» قىلىپ ئېتىلدى. بىز بەش پۇتلۇق تۆت ئادەم يۈگۈرۈش پەللىسىدىن ئېتىلىپ چىقتۇق. قىيقاس-چۇقان كۆتۈرۈلدى. كىملەردۇر «جايۇ، جايۇ!» دەپ ۋارقىرىسا، يەنە ئاللىكىملەر «غەيرەت، غەيرەت قىلىسىلا!» دەپ توۋلايتتى. بىز ئالغا ئېتىلاتتۇق. لېكىن بەش پۇتلۇق تۆت گەۋدىنىڭ يۈگۈرۈشى ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىكەن. بىزنىڭ بىر-ئىككى قەدەم ئالا-ئالمايلا قەدەملىرىمىز قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىر-بىرىمىزگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۇق. ئورنىمىزدىن تۇرالماي پومداقلىشىپ كەتتۇق. ئىدارە خىزمەتچىلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلار ۋە بالىلار تۇرغان «كۆرۈش سۇپىسى» دىن كۈلكە-قىيقاس كۆتۈرۈلدى. ئىدارىگە قاراشلىق بالىلار باغچىسىدىن كەلگەن بالىلار

ھەممىدىن بەك ۋارقىرىشىپ كۈلۈشەتتى. ئىشخانا مۇدىرى باشلىق مۇسابىقە تەشكىلىي ھەيئەتتىدىكىلەر كېلىپ بىزنى يۆلەپ قويدى. بىز قايتا ئالغا ئىنتىلدۇق، لېكىن يەنىلا يىقىلىپ چۈشتۇق. ئۈچىنچى قېتىم، تۆتىنچى قېتىم يۆلەپ قويۇشتى، ئەھۋال يەنىلا بايامقىدەك بولاتتى. «كۆرۈش سۇپىسى» دىكىلەرنىڭ كۈلكىدىن ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى. تېلىقىپ-قېقىلىپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىدى. بىز بولساق تېخىچە پەللىدىن چىقىپ بولالمىغان ئىدۇق. مەنزىل — ئاخىرقى نۇقتا يەنىلا يىراقتا ئىدى. بەشىنچى قېتىم يۆلەپ قويۇشتىن كېيىن ئىلاجىسىز مۇسابىقىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. مۇسابىقىلىشىش ھوقۇقىمىزدىن ۋاز كەچتۇق. شۇنداق قىلمايمۇ بولماي قالغانىدى. چۈنكى بۇ چاغدا پۇتلىرىمىزنى چېتىپ-چىگىپ قويغان قىزىل لاتىلارمۇ يېشىلىپ كەتكەنىدى ...

ئۇنىڭدىن كېيىن پۇتنى چېتىپ قويۇپ يۈگۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ بىرىنچى تۈرگە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشتىراك قىلدى. گەرچە ئەمدى بۇ تۈر ئىككى كىشىلىك پۇتنى چېتىپ قويۇپ يۈگۈرۈش ھالىتىگە قايتۇرۇلغان، ئۇلار بىزدەك بەش پۇتلۇق تۆت كىشىدىن ئۈچ پۇتلۇق ئىككى كىشىگە ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يۈگۈرۈشى بىزدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى. ئۇلارمۇ ئالغا ئىنتىلەتتى. ئىنتىلەتتىيۇ يىقىلىپ كېتەتتى. ئورنىدىن تۇرالماي پومداقلىشىپ كېتەتتى. خۇددى بىز مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرىنى دوراۋاتقاندەك، ئىدارە باشلىقلىرى يىقىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارمۇ يىقىلىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ كەيپىيات قىزغىن ۋە كۆڭۈللۈك ئىدى. قىيقاس-چۇقان ياڭرايتتى ...

مۇسابىقىنىڭ ئىككىنچى تۈرى باشلاندى. بۇ ئىككى كىشى خۇددى ماي تارتىشىپ قالغاندەك بىر-بىرىگە دۈمچىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، دۈمچىسى ئارىلىقلىرىغا يەل توشقۇزۇلغان ئادەتتىكى

يېنىك شارنى ئېلىپ يېنىچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئىدى. قائىدىسى: شارنى دۇمچىلەر ئارىلىقىدىن چۈشۈرۈۋەتمەسلىك ئىدى. شار دۇمچىلەر ئارىلىقىدىن چۈشۈپ كەتسە، ھەرقانچە تېز يۈگۈرگەن بىلەنمۇ نەتىجىگە ھېساب بولمايتتى. مەن دۇمچىلەر ئارىلىقىغا قويۇلىدىغان ئاشۇ شارنى نېمىدۇر بىر نەرسىگە ئوخشىتىپ باقاتتىم، لېكىن نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى تاپالمايتتىم.

ئىككىنچى تۈرنىڭ بىرىنچى نۆۋىتىگە يەنىلا بىز ئىدارە باشلىقلىرى چۈشۈشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن ئىشخانا مۇدىرى يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. راستىنىلا ئىككىلىنىدىغان ئىش ئىدى. تۆت نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى ئىككىدىن گۇرۇپپىلاشنىڭ قىيىن تۇغۇتتىنمۇ قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشىنەتتى. ئۇلارنى تەشكىل ئېلان قىلغان ئۆزلىرىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە گۇرۇپپىلىغاندىمۇ ‹2-، 1-›، ‹3-، 1-› ۋە ‹3-، 2-›، ‹4-، 2-›، ‹4-، 3-› دىن ئىبارەت ئالتە خىل گۇرۇپپىلىغىلى بولاتتى. تەشكىلنىڭ ھۆججىتىدىكى رەت تەرتىپىنى ھېسابقا ئالمىساق، يەنە ئون ئىككى خىل گۇرۇپپىلىغىلى بولاتتى. بۇنداق گۇرۇپپىلاشنى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەتتى. بۇنداق گۇرۇپپىلاشنى ئىشخانا مۇدىرىمىزمۇ بىلىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن تەشكىل تارقاتقان ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھۆججىتىدە بېكىتىلگەن قانۇنلۇق رەت تەرتىپىنى ئۆزگەرتىش ئۇنىڭ ھەددى ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت ئالدىنقى ئالتە خىل گۇرۇپپىلاش بويىچىلا گۇرۇپپىلاشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. لېكىن ھازىر بولسا ئاشۇنداق قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ دۇمچىلىرى ئارىسىغا شار قىستۇرۇپ يۈگۈرۈش تۈرىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تۆت نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى پەقەت ئىككى خىللا گۇرۇپپىلاپ، ئىككى جۈپقىلا ئايرىپ مۇسابىقىگە سالسا بولۇۋېرەتتى. لېكىن زادى قانداق گۇرۇپپىلاش كېرەك؟

كىم كىم بىلەن بىر جۈپ بولىدۇ؟ قانداق گۇرۇپپىلىغاندا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرى رازى بولىدۇ؟ خاپا بولۇپ-ئاغرىنىپ قالمايدۇ؟ كۆڭلى يېرىم بولمايدۇ؟ ... ئىشخانا مۇدىرى ئىككىلىنىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىككىلىنىشى قانداق گۇرۇپپىلىغاندا شارنى دۇمچىلىرىدىن چۇشۇرۇۋەتمەي تېز سۇرئەتتە مەنزىلگە يەتكۈزۈپ بارالايدىغان گۇرۇپپا ھالىتىنى ئىزدەشتىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت ھېچكىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمايدىغان ھالەتنىلا ئىزدەۋاتاتتى. ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بارىدىغان يىغىنغا بىرلا ماشىنا بەلگىلىگەن ھېلىقى قېتىمدا يۈز بەرگەن ئىشلار ھازىرمۇ ئۇنىڭ يادىدا بار ئىدى. شۇ قېتىمدا ھازىرقى ئۈچىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ماشىنىغا بىرىنچى بولۇپ چىقىپ، ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ باشقا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرى ماشىنىغا چىقىشقا ئۇنىمىغان، ئاخىرىدا يەنە ئىشخانا مۇدىرى تەڭلىككە قالغان، تېخى باشقىلىرىدىن ئاھانەتمۇ ئىشىتكەنىدى. نۇرغۇن قېتىملىق تەكرار ئاغرىنىشلاردىن كېيىن ئۇ باشلىقلارنىڭ يىغىنلاردا ئولتۇرىدىغان ئورنىنىمۇ، ماشىنىدا ئولتۇرۇشلىرىنىمۇ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغقا بارغاندا ماڭىدىغان، ئولتۇرىدىغان تەرتىپىنىمۇ تەشكىلىنىڭ ھۆججىتىدىكى رەت بويىچە بەلگىلەشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ئاغرىنىپ-ماي تارتىپ قالغىلى ئاران تۇراتتى. كېيىنچە ئىككى باشلىققا بىر ماشىنا بەلگىلەيدىغان ئىشنى زادىلا قىلمايدىغان بولدى. بىر يەرگە، بىر يىغىنغا بارىدىغان ئىش بولسىمۇ ئىككى ماشىنا بەلگىلەپ بېرەتتى. ئىلاج قىلىپ ئۇلارنى دوقۇرۇشۇپ قالمايدىغان قىلاتتى. ھېلى ئىككى كىشىلىك پۇتىنى چىپىپ قويۇپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى ئۆزگەرتكەندە، ئۇلارنىڭ يەنە شۇنداق ماي تارتىشىپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتقانىدى. ئۇغۇ ئوڭۇشلۇق بولدى. مەنزىلگە يېتىپ بارالىغان، تۆت قېتىم بىر-بىرىگە

پۈتلىشىپ يىقىلغان بولسىمۇ، تەڭ يىقىلغان، تەڭ بارالمىغان بولغاچقا، دائىم تەڭلىك ئىزدىگۈچى كۆڭۈللىرى ئارام تېپىپ بىر-بىرىدىن خاپا بولۇشمىدى. ئىشخانا مۇدىرىغىمۇ چېچىلمىدى. لېكىن مانا ئەمدى دۈمچىسىگە شار ئېلىپ يۈگۈرۈشتە قانداق بولار؟ تۆت نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى بىر گۇرۇپپىلا قىلىپ، دۈمچىلىرى ئارىسىغا شار ئېلىپ قويغاندا، ئىككىسى شىمالغا، ئىككىسى جەنۇبقا كېتىپ قالماسمۇ؟ ھەممىسى مەنزىلگە قاراپ ماڭماقچى بولسا، ئىككىسى يېنىچە مېڭىپ، بىرى ئالدىغا مېڭىپ، بىرى ئارقىچە ماڭسا، يەنە ئاغرىنىدىغان ئىش چىقماسمۇ؟ ...

ئىشخانا مۇدىرى مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىلىنەتتى. ئۇنىڭچە تۆت نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى دۈمچىلىرى ئارىسىغا شار ئېلىپ يۈگۈرۈشتە بىر گۇرۇپپا قىلغىلى بولمايتتى. چوقۇم ئىككى گۇرۇپپا قىلىش كېرەك ئىدى. ئەمما قانداق ئىككى گۇرۇپپا قىلىش كېرەك؟ ... ئۇ ئىككىلىنەتتى. مەن — بىرىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى. ئۇنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. كۆڭلىدىكى چوتلىرىنىمۇ بىلىپ تۇراتتىم. لامزەللىلىك قىلىپ كەسكىن قارار چىقارمىغىنىغا ئاچچىقىممۇ كېلەتتى. قارىغاندا يېنىمدا، مۇسابىقە رەئىس سەھنىسىدە، ئالمىدەك تىزىلىپ ئولتۇرغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرىمۇ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بىرقانچە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. مەنمۇ بېزىرىپ ئولتۇرۇۋەردىم. باشقىلارمۇ بېزىرىپ ئولتۇراتتى. مەيداندىكى قىقاس-چۇقان پەسىيىپ قالغاندەك ئىدى. ئاخىرى تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئېغىز ئاچتى:

— بىرىنچى، ئىككىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرى بىر گۇرۇپپا بولسۇن، بىز ئۈچىنچى، تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرى بىر گۇرۇپپا بولايلى. بىز قېرىپ قالدۇق، ياشلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز. شۇنداققۇ ...

بۇ ئۆزىنى ئۆزى بىلگەنلىك ئىدى. ئىشخانا مۇدىرى يېنىك تىنىۋالدى. مەسىلە ھەل بولغان ئىدى. مەن تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىدىن رازى بولغاندەك بولۇپ قالدىم. شۇڭلاشقا بىرىنچى قېتىم دۇمچىلىرىگە شار ئېلىپ يۈگۈرۈش نۆۋىتىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاشۇ ئىككى پېشقەدەمگە ئۆتۈندۈم. ئۇلارنى ئالدى بىلەن مەيدانغا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدىم. ئىككىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بۇرنىنى خىڭشىلدىتىپ بۇ ئىشىمنى سەل يارىتىمىغاندەك قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق بولدى. پەللىدىن چىقىش سىزىقىدا ئىككى پېشقەدەم بىر-بىرىگە ئارقىسىنى قىلىشىپ غىژ تارتىشىپ قالغان خوتۇنلاردەك تەييارلىنىپ تۇردى. ئىشخانا مۇدىرى ئۇلارنى سەل-پەل ئۆز ئالدىلىرىغا ئېگىلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۈچىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ مۇبارەك قورساقلىرى تاۋۇزدەك يوغىناپ كەتكەن بولغاچقا ئالدىغا تەس ئېگىلەتتى. ئېگىلىسىلا قورساقلىرى قىسىلىپ نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ ئىشخانا مۇدىرى ئۇلارنى بىر ئاماللار بىلەن ئالدىلىرىغا ئېگىلدۈرۈپ، يەل توشقۇزۇلغان شارنى ئىككىسىنىڭ دۇمچىلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشتۇردى. بۇيرۇق تاپانچىسى يەنە «پاڭ!» قىلىپ ئېتىلدى. ئىككى نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يېنىچە يۈگۈرۈشكە، توغرىسىنى ئېيتقاندا يۈگۈرگەننى دوراشقا باشلىدى. ئۇلار ئىككى-ئۈچ قەدەم ئالمايلا شار دۇمچىلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى. چىقىپ كېتىپقۇ يەرگە چۈشۈپ كەتمىدى. بۇنى كۆرگەن ئۈچىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئالدىغا مېڭىشنى توختىتىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، شارنى قولى بىلەن ئۇردى، شار يۇقىرىغا ئۆرلىدى. يەنە تۆۋەنلەشكە باشلىغاندا تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قولى بىلەن ئۇردى، شار يەنە يۇقىرىغا ئۆرلىدى. شار تۆۋەنلەيتتى، ئۇلار ئۇرۇپ يۇقىرىغا ئۆرلىتەتتى، يەنە چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇلار ھەرقانداق ئىشتا قولنى ئىشلىتىشكە

ئادەتلەنگەندەك تۇراتتى. ئاشۇ شار ئويناشلىرىدا ئۇلار خۇددى ئاشۇنداق ئويناشنى ئۆگىنىۋالغان كېلەڭسىز ئىككى شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئىدارە قورۇسىدا قىيقاس-چۇقان، كۈلكە-چاقچاق ياڭرايتتى. شار ئاخىرى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۈچىنچى، تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرى مەنزىلگە قاراپ ھېچقانچە ئىلگىرىلىيەلمىگەنىدى ...

مەن شارنى ئىككى دۇمچە بەك چىڭ قىسىۋالسا قاڭقىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئىككى دۇمچىنىڭ ئارىلىقى بەك كەڭ بولۇپ كەتسە يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ قانۇنىيەت ئىدى. ئارىلىق مۇۋاپىق ساقلانغان، ھەر ئىككىلا دۇمچە ئوبدان تىرەپ تۇرغاندىلا چۈشۈپ كەتمەيتتى. ئەمدىكى نۆۋەت بىزگە — بىرىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن ئىككىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، بىزمۇ ئىككى قەدەم نېرىغا بارالمىدۇق. شار چۈشۈپ كەتتى. ئەلۋەتتە شارنىڭ چۈشۈپ كېتىشى مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن ئەمەس ئىدى. ئىككىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوبدان ماسلاشمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۆپ ئەپسۇسلاندىم.

مۇسابىقە كۈن بويى داۋام قىلدى. مەنمۇ بىرىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغانلىقىمنىڭ تۈنجى كۈنى كۈن بويى مۇسابىقىگە ئىشتىراك قىلدىم. كۈننىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەنە تىكتاك توپنى پالاقنىڭ ئۈستىگە تۇرغۇزۇپ چۈشۈرۈۋەتمەي يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئىشخانا مۇدىرى بۇ يەككە تۈرنى ئوڭايلا ئورۇنلاشتۇردى. لېكىن مەن بەش قەدەم نېرىغا بارمايلا توپنى پالاقنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ قويدۇم. باشقا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىرىمۇ يېرىم يولغا بارمايلا چۈشۈرۈپ قويۇشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەرگە تاشلانغان ۋاسكېتبولنى ئۆمىلەپ تۇرۇپ، باش بىلەن ئۈسۈپ ئاخىرقى بەلگىلەنگەن نۇقتىغا ئاپىرىش مۇسابىقىسى، ۋېلىسىپىتنى ئاستا چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى بولۇپ ئۆتتى.

ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، شۇنداقلا رەھبەرلىكنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن بۇ تۈرلەرگىمۇ تۆت نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىرىنچى بولۇپ ئىشتىراك قىلدۇق. ۋەھالەنكى ئالدىنقى تۈرلەرگە ئوخشاشلا كۆلكە-چاقچاقتا سەۋەب بولدۇق. چۈنكى ھېچقايسىمىز توپنى ئۇسۇپ ئاخىرقى نۇقتىغا ئاپىرالمىغاندۇق. توپ مەنزىلگە ئەمەس باشقا، نامەلۇم، بەلگىلەنمىگەن تەرەپلەرگە كېتىپ قالاتتى. ۋېلىسىپتنى مىنىپ ئاستا مېڭىش مۇسابىقىسىدە بولسا، ئۇزۇن يىل ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ۋېلىسىپتنى مىنىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم: ئۇلار ۋېلىسىپتكە مىنە-مىنمەيلا يىقىلىپ كېتىشتى. جايىدىلا يىقىلىپ كېتىشتى. ھەرھالدا بۇ تۈردە مېنىڭ نەتىجەم يامان ئەمەس ئىدى. بەلگىلىمە بويىچە ئاستا مىنەلمىگەن بولساممۇ، يەنىلا بەش قەدەم نېرىدا يىقىلىپ چۈشتۈم.

ئاخىرىدا يەنە ئىدارە رەھبەرلىرى ئارقان تارتىشىش مۇسابىقىسىگە ئىشتىراك قىلدۇق. پۈتۈن ئىدارىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىككى تەرەپكە بۆلۈندى. ئىشخانا مۇدىرى تاشلىغان چەك بويىچە مەن بىلەن ئۈچىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىر تەرەپكە، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يەنە بىر تەرەپكە بۆلۈندۇق. ئاممىنى بۆلۈشتە بولسا، ئىشخانا مۇدىرى كۆز مۆلچىرى بويىچىلا سەن ئۇياققا، سەن بۇياققا دەپلا ئىشنى پۈتتۈردى. ئۇلارنىڭ ئاغرىنىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئارقان تارتىشىش باشلاندى. كۈچ تەڭ چىقىپ قالدى. ھېچقايسى تەرەپ قارشى تەرەپنى تارتىپ كېتەلمىدى. قاتتىق ۋە جاھىلانە تىركىشىش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقتى. ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ۋە بالىلارنىڭ «جايۇ!»، «غەيرەت!» لىرى، چۇقان-قىيقاسلىرى، ھەرقايسى تەرەپ گۇيپاڭچىلىرىنىڭ «بىر، ئىككى، تارت!» دەپ ۋارقىراشلىرى ئەسقاتمىدى. ئون مىنۇت،

ئون بەش مىنۇت، ئوتتۇز مىنۇتقىچە تارتىشقان پېتى تۇرۇپ قالدۇق. كۈچ دېگەنمۇ چەكلىك نەرسىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا ھەرئىككى تەرەپ تەڭلا ھالسىزلىنىپ ئارقاننى تۇتقان پېتى يېتىپ قېلىشتۇق. ئىشخانا مۇدىرى «تەڭ!» دەپ مۇسابىقە نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى. مەن سەل ئاغرىندىم: قانداق مۇدىر بۇ؟ بىز تەرەپكە كۆچلۈكلەرنى كۆپرەك ئايرىسا بولمامدۇ؟ ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنۈملا ئاشۇ ئىككىنچى بىلەن تۆتىنچىنىڭ ئالدىدا مېنى ئوسال قىلغىنى نېمىسى؟ ... ئاشۇلارنى ئويلىدىم. لېكىن بەيگىدىن يانغان ئاتتەك، بۇقا ئۇسۇشتۇرۇش مەيدانىدىكى بۇقىدەك ھاسىراپ تۇرغاچقا كۆپ ئويلاشقا ھەپسىلەم بولمىدى. ھازىر ماڭا بىر پىيالە مۇزدەك چاي ۋە پۇت-قوللىرىمنى ئۇزۇن سۇنۇپ دەم ئېلىش زۆرۈر ئىدى ...

ئاشۇ ئىدارىگە بىرىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشقا چۈشكەن ئاشۇ تۇنجى كۈنۈمگە ھازىر بەش يىل بولدى. تۈنۈگۈن بۇ ئىدارىدىكى بىرىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىق ۋەزىپەمدىن قالدۇرۇلغانلىقىم، باشقا بىر ئىدارىگە بەشىنچى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىققا تەيىنلەنگەنلىكىم ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چۈشتى. يىقىلغاندىمۇ راسا پۇتلىشىپ دۈم چۈشكەنىدىم، چىشلىرىم سۇنۇپ، ئاغزى-بۇرنۇم قان بولغانىدى. رەسۋا بولغانىدىم. ئىقتىدارسىزلىقىم، ئاشۇ كىچىككىنە ئىدارىنىمۇ چىمچىلاق قوللىرىمدا چۆرگىلىتەلمىگەنلىكىم ھەممىگە ئايان بولغانىدى. بۇ راست ئىدى. ئىدارە خاراب بولدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئالتە ئايدىن بېرى مائاش ئالالمىدى. ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىمىز بىكار كەتتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ئەڭگۈشتىرىمۇ ئۇنۇم كۆرسىتەلمىدى. ئۆي ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆيلەرنى ساتقان پۇللارنىمۇ خەجلەپ بولدۇق. ئىشچى-خىزمەتچىلەر پۇلسىزلىقتىن نورمالراق تۇرمۇش كەچۈرۈشكىمۇ ئامالسىز قالدى. بىز تۆت نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە

باشلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ئۆلارنىڭكى بىلەن تەتۈر تاناسىپ بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇنى ئىقتىدارىمىزغا ئىسپات قىلىپ كۆرسەتكىلى بولمايتتى.

نېمىشقا دۇم چۈشتۇم؟ — ئەمدى ئەنە شۇ دۇم چۈشۈشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرىدىغان چاغ بولغانىدى. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئاشۇ تۇنجى كۈنۈم كەلدى. شۇ كۈنى ئىدارە قورۇسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «1-ماي» نى كۈتۈۋېلىش تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمدا سۈرەتتەك قايتا ئايان بولدى. شۇ چاغدا ھېس قىلغانلىرىمنىمۇ ئەسكە ئالدىم: بەش يىلدىن بېرى بىز تۆت نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى پۇتلىرىمىزنى چېتىپ قويۇپ تۆت كىشى بەش پۇتلۇق بولۇپ يۈگۈرۈپتىمىز. سەككىز پۇتتىن ئۈچ پۇت كەملەپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر-بىرىگە چېتىقلىق تۇرسا، قانچىلىك ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ؟ ... ئاشۇ كۈنى ئىككى-ئىككىدىن بولۇپ، دۇمچىلىرىمىز ئارىسىغا ئېلىپ يۈگۈرگەن پۈۋەكچە شار ئەسلىي ئىدارىمىز ئىكەن. ئوبدان ماسلىشالمىغانلىقتىن ئۇنى مەنزىلگە ئاپىرالمايلا قالماستىن يېرىم يولدا چۈشۈرۈپ قويۇپتىمىز. ئاشۇ كۈنى مەنزىلگە قارىتىپ ئۈسكەن توپمۇ ئىدارىمىزنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانى ئىكەن. بىز ئۇنى مەنزىلگە قارىتىپ ئەمەس باشقا ياقلارغا قارىتىپ ئىلگىرىلىتىپتىمىز. تىكتاك توپ پالىقى ئۈستىگە ئېلىپ يۈگۈرگەن توپ ئەسلىي ئادالەت ئىكەن. پالاق يۈزى بولسا ئادالەت تەكشىلىكى ئىكەن، ئادالەت تەكشىلىكى بىزنىڭ قولىمىزدا يانتۇ بولۇپ قاپتۇ. ئادالەت ئۇنىڭ ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى مۇسابىقە تۈرى — ئارقان تارتىشىش بولسا، ئىدارىمىزدىكى زىددىيەتلەرنىڭ، ئېلىشىشلارنىڭ، ئىتتەك تالىشىشلارنىڭ مىسالى ئىكەن. بىز شۇ قېتىم ئىككىگە بۆلۈنگەنچە بەش يىل تارتىشىپتىمىز. لېكىن ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمەپتۇ. ئاخىرىدا مەن بىلەن ئىككىنچى

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ يېقىلىشى بىلەن نەتىجىلىنىپتۇ. تارتىشا-تارتىشا پۈتۈن ئىدارىمۇ خاراب بوپتۇ، يېقىلىپتۇ ...

مەن ئويلا-ئويلا ئاشۇلارنى چۈشەندىم. توۋا خۇدايىم، مەن نېمانچە دۆت ئادەم؟ نېمىشقا ئاشۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان كۈنۈملا، مۇسابىقە ئاخىرلىشىش بىلەنلا ئىستېپا سوراپ قايتىپ كەتمىدىم؟ تۆت كىشىنىڭ پۇتى بىر-بىرىگە چېتىپ قويۇلغان تۇرسا، ئىدارە ئىككىگە، ئۈچكە، تۆتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن تۇرسا ئاخىرقى نەتىجە نېمە بولماقچىدى؟ بۇلارنى بەش يىلدىن كېيىن چۈشەنگەنلىكىمنى كۆرۈڭ، دۆتلۈكۈمنى كۆرۈڭ ...

مەن يېقىلدىم. ئەتە بۇ ئىدارىدىن كېتىمەن. لېكىن ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىقلارنى چاقىرىپ ئاخىرقى قېتىم يىغىن ئاچتىم. ئەتە ياكى ئۆگۈن ۋەزىپىگە ئولتۇرىدىغان يېڭى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى، ئۇنى يېڭى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئىشقا چۈشكەن كۈنى ئويۇشتۇرۇشنى، مۇسابىقە تۈرلىرىنىڭ بەش يىل بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش بولۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. مەن ئەتە كېتىمەن. ئىشىنىمەنكى، ئەگەر كېلىدىغان يېڭى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ماڭا ئوخشاش دۆت بولمىسىلا، پۇتىنى چېتىپ قويۇپ يۈگۈرۈشكە خۇشتار ئادەم بولمىسىلا، ۋېلىسىپىت مىنىپ ئاستا مېڭىش مۇسابىقىسىگە چۈشۈشنى خالايدىغان ئادەم بولمىسىلا، چوقۇم ئاشۇ بىرىنچى كۈنىلا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىدۇ. مەن كېتىمەن، تەھقىقكى، يېڭى ئىدارىدە، گەرچە بەشىنچى مۇئاۋىن بولساممۇ، تارتىشىدىغان ئارقاننىڭ بىر ئۇچى يەنە مېنىڭ قولۇمدا بولىدۇ.

# كاتىپنىڭ ھەمراھ بولۇشى

كاتىپ دېگەن دائىم ھەمراھ بولىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ قاچان، نەدە، كىمگە ھەمراھ بولغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق. لېكىن بەزى ئىشلارنى دېمەيمۇ بولمايدۇ. ئۇ ئاشۇ يىلى ئىدارە باشلىقىغا ھەمراھ بولۇپ گۇاڭجۇ دەمدۇ، شېنجېن دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئاشۇ جەنۇب تەرەپلەردە ئېكسكۇرسىيىدە بولدى، جاھاننى كۆردى، ئۆگەندى. ئەلۋەتتە چاڭ چىقىرىپ كۆڭۈلمۇ ئاچتى. خىراجەت ھۆكۈمەتتىن تۇرسا، چاڭ چىقارماي نېمە ئىش قىلسۇن، «ئات مۇتتىن بولسا، قوڭ چويۇندىن» دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ. چاڭ چىقىرىشلاردا كاتىپنىڭ باشلىققا ھەمراھ بولغانلىقىنى ياكى باشلىقنىڭ كاتىپقا ھەمراھ بولغانلىقىنى ئايرىغىلى بولمايتتى. بەزىدە ھەمراھ بولىدىغان خېنىملار تېپىلىپ تۇرغانلىقتىن بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇشمايتتى. بۇلارنى سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن، ئېكسكۇرسىيە دېگەن ئاشۇنداق قىلىدىغان، ئالغان سوۋغا-سالاملار ئۇچۇنمۇ ئاتچوت ھۆججىتى ئالىدىغان ۋە يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدىغان پۇرسەت تۇرسا، بۇلارنى ھەممە كىشى بىلىدىغان تۇرسا سۆزلەپ نېمە كەپتۇ؟ ئىش ئۇلار ئېكسكۇرسىيىدىن يېنىپ كېلىپ يېرىم يىلچە ئۆتكەندە يۈز بەردى. ئىدارە باشلىقى يىقىلدى. «ئاتتىن يىقىلساڭ پاختىغا چۈشەرسەن، ئېشەكتىن يىقىلساڭ تاشقا» دېيىشىدۇ كونىلار. تاشقا چۈشكەندەك چۈشتى. قوۋۇرغا-سۆڭەكلىرى پارە-پارە بولمىغان بولسىمۇ، نېرۋا-ئەسەبلىرى پارە-پارە بولدى. يۈزى تۆكۈلدى. تېخى توپلىۋالغانلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلدى ... كاتىپ يىقىلمىدى. مەسئۇلىيەت

باشلىقىدا تۇرسا، ئۇ نېمىشقا يىقىلاتتى؟ تېخى ئۇ باشلىقىنىڭ يىقىلغانلىق خەۋىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۇ قولاق-بۇ قولاقلارغا كۇسۇرلاپ يۇردى ...

ئىككى يىل ئۆتۈپ كېتىپ يېڭى باشلىق بىلەن يەنە ئېكسكۇرسىيىدە ھەمراھ بولۇشتى. بۇ قېتىم ئىش خېلىلا چوڭ ئىدى. چېگرىدىن ئۆتۈشتى، پۇل غازاڭدەك سورۇپ چېچىلدى. يېڭى تۇرلەر ھەققىدىكى ۋەدىلەر ئۇچۇن سوۋغا-سالاملارمۇ كېلىپ تۇراتتى. تەكشۇرۇشتى، ئۆگىنىشتى، ھەمراھ بولۇشتى، ھەمراھ قىلىشتى، بەردى، ئالدى، چاچتى، كۆڭۈللەر قىزىلگۇلدەك ئېچىلىپ قالدى. چۇنكى، كاتىپمۇ، باشلىقمۇ باي بولۇپ كېتىشكەندى. لېكىن ئىش يەنىلا قايتىپ كەلگەندە يۇز بەردى. ئىككى-ئۇچ ئاي ئۆتمەيلا يېڭى باشلىقمۇ يىقىلدى. ئالۋاستىغا ئوخشاش يىقىلدى. تېخى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق چۇشتى. ئىشلىگەندە گېزىتكە چىقمىغان ئىسمى يىقىلغاندا گېزىتكە چىقىپ چاۋىسى چىتقا يېيىلدى. ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ قېتىم كاتىپمۇ ئامان قالمىدى. ئامان قېلىشنىغۇ قالدى، لېكىن ئۇنىڭغىمۇ چىۋىن قونۇپ ئۆتتى. غوت-غوتچىلار «ئايىغى ياراشمايدىغان كاتىپكەن، كىمگە ھەمراھ بولسا، شۇنى دومىلا باسىدىكەن» دەپ گەپ تېپىشتى. چىۋىن قوندى دېگىنىمىز، ئامان قالمىدى دېگىنىمىز ئەنە شۇ. لېكىن بۇ خېلىلا جىڭ باسىدىغان گەپ ئىدى. كىشىلەر ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ئېقىپ يۇردى. ھەتتا تېخى يىقىلغان باشلىقنىڭ ئورنىغا چىقماقچى بولغانلار ئۇنى ئەمدى كاتىپ قىلىپ ئىشلەتمەسلىكنى، ئىشلەتكەندىمۇ ھەمراھ قىلماسلىقنى، ئېكسكۇرسىيىگە بىللە ئاچىقمايدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۇكۇشتى. راستىنى ئېيتقاندىمۇ بۇنداق ئايىغى ياراشمايدىغان ئادەمنى ھەمراھ قىلىشقا بولمايتتى. خۇددى كۆڭۈلگە پۇكۇلگەندەكلا يېرىم يىلچە ئۆتكەندە يېڭى باشلىق يالغۇز، ھەمراھسىز ھالدا ئېكسكۇرسىيىگە ماڭدى. ئاللىقاچان بىلىۋالدىڭىزكى، ھەمراھسىز ماڭغان بۇ يېڭى باشلىق ئاشۇ كاتىپنىڭ ئۆزى ئىدى ...

# ئاخىرقى كېچىكىش

ئىدارىدىن بىرقانچە مويسىپىت بىراقلا پېنسىيىگە چىقتى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا پېشقەدەم ئىدارە باشلىقىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ياش، ئوروق، چېھرىدە چېچەك ئىزى، داغ ياكى سەپكۈندىن ئەسەر يوق بىرى يۆتكىلىپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭدىن ھېچكىم ئەجەبلەنمىدى. راستىنىلا شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى. قېرىپ ھالىدىن كەتكەن تۇلپارنىڭ ئورنىغا ياش، كۈچلۈك، چاپچىپ تۇرىدىغان دۇلدۇل ئالماشتۇرۇلمىسا ھارۋا ئوڭۇشلۇق ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيتتى. ھەممە كىشى بۇ ئىش دەل جايىدا بولدى دەپ خۇشال بولۇشتى. ھەممىدىن بەكرەك ياش كادىر ئەكبەر خۇشال بولدى. ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا لايىق خۇشاللىقىنى، مەمنۇنلۇقىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بار ئىدى. ئۇ يېڭى ئىدارە باشلىقى ئىشقا چۈشۈپ ئۈچىنچى كۈنى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چىللىدى. ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ئىدارىنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى بىرقانچە ھەققەمسايىلىرىنىمۇ تەكلىپ قىلدى ... ئۇلار بۇرۇندىنلا تونۇش ئىدى. ئەمدى يەنىمۇ چوڭقۇرراق تونۇشۇش ئالدىدا تۇراتتى. تونۇشۇشنى ئاساسقا ئىگە قىلىش شۇنداقلا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىش — يېڭى باشلىقنى مېھمانغا چاقىرىش زۆرۈر ئىدى. بولۇپمۇ ئەكبەر ئاشۇنداق ئويلايتتى، ياش-قوراملىرى تەڭ، كۆرگەن تەربىيىلىرىمۇ ئوخشاش، ھەتتا بوي-تۇرقى، چىراي-تۇزۇلۇشلىرىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭ بىلەن يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇشۇش زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئىدارىگە يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىگە بولغان خۇشاللىقى ۋە مەمنۇنلۇقىنى ئىپادىلەش زۆرۈر ئىدى ...

زىياپەت باشلاندى. ساپالارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان كەڭ ۋە ئۇزۇن شىرەنىڭ ئۈستى 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغا لايىق نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان. قەنت-گېزەك، پىچىنە-پىرەنىك، مېۋە-چېۋە، سوغۇق سەي-يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى. مېھمانخانىنىڭ ئىشىك تەرىپىدىكى بۇرجىكىگە قويۇلغان پاكار ئىچىملىك ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدىن ئالىي دەرىجىلىك ھاراقلار، پىۋا-كۋاسلار، شامپان-كوكاكولالارنىڭ بوتۇلكىلىرى بويۇنلىرىنى سوزۇشاتتى. چوڭ پەتنۇسقا تىزىپ قويۇلغان رومكا-باكاللار كۈلۈمسىرىشەتتى. ھاراق باشلىنىشنىڭ ئالدىدا ئاساسىي يېمەكلىك — تونۇر كاۋىپى شىرە ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. كىمدۇر بىرىنىڭ چاقچىقى بىلەن، «كۆرگەزمە بويۇملار» نىڭ بىر قىسمى شىرەدىن سۈرۈپ چىقىرىۋېتىلدى. گەپلەر ئۇچۇپ، چاقچاقلار لەيلەيتتى. ھەممە خۇش كەيىپ ئىچىدە كاۋاپقا قول ئۇزىتىشتى، تارتىنماي غىزالىنىشتى. ساھىبخانا ئەكبەر «قېنى ئالسىلا، يەنە ئازراق ... » دەپ مېھمانلارنى كاۋاپقا زورلاپ تۇراتتى. ئۇ يېڭى ئىدارە باشلىقىنى بەكرەك كۈتتى. كاۋاپنىڭ ياغسىز قارا گۆش يەرلىرىنى باشلىقىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. «كاۋاپ دېگەننىڭ قوۋۇرغىسى ھەممىدىن تاتلىق بولىدۇ ... » دەپ تەرىپلەپ تۇردى. ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى تەبىئىي ئىدى، كۆپرەك مېھمانلارغا ئورتاق خىتابلار بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى ... يېڭى باشلىق ئۇنچىۋالا قورۇنۇپ كەتمىدى. ئۇ يۆتكىلىپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنىلا مېھمانغا چاقىرىلغانلىقىدىن، سورۇن باشلىنار-باشلانمايلا ئەكبەرنىڭ «سورۇنىمىزغا گۈلدەك يارىشىپ بەردىلە» دېگەن گېپىدىن كۆڭلى سەل غەش بولغان بولسىمۇ، سورۇندىكى تەبىئىي دوستانە چاقچاقلار ئۇنى تېزلا ئېچىلدۇرۇۋەتتى. ئۇ كاۋاپنى ئىشتىھا بىلەن يېدى، ئۆزىمۇ كاۋاپ يېيىشنى ئوبدان بىلەتتى، خېلىدىن بېرى كاۋاپ يېيىشنى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالغانىدى. ئۇ كاۋاپقا تويۇپ، تاغارنى ئۆرگەندەك كۆكسىنى كۆتۈردى. شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە قۇتىغا سېلىپ قويۇلغان بامبۇك چىش كولىغۇچقا

قول ئۇزاتاتتى. مانا شۇ چاغدا تۇيۇقسىز «گارت» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. سورۇن تىنچ بولغاچقا «گارت» قىلغان ئاۋاز ھەممىگە ئاڭلاندى. باشلىق ئۆزىنىڭ كېكىرگەنلىكىنى بىلدى. ئەكبەرمۇ بىلگەنىدى. ئۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالغان باشلىقنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دەررۇ ئېغىز ئاچتى:

— ۋاھ، جۈيجاڭ، ئۆزلىرىگە كاۋاپ ئەجەب يارىشىدىكەن جۇمۇ، يەپ بولغۇچىلا سىڭىپ كەتتى. كاۋاپ دېگەننى مانا شۇنداق سىڭدۈرگان ئادەم يېيىش كېرەك. كاۋاپنى ئۆزلىرىلا يەپ ئارىلىشىپ كەتسىلە ...

ئەكبەرنىڭ چىرايىدىن ئاپتاپ پارلايتتى. باشلىقنىمۇ چىرايلىق كۈلۈمسىرىدى ...

رومكىلار ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، چىرايلار گۈلدەك قىزىرىپ، پىكىرلەر چاقماقتەك ئويناپ، چاقچاقلار سەلدەك تۆكۈلۈپ، يېڭى باشلىققا تۆتىنچى رومكا سۇنۇلغاندا سورۇندىكى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى. ئۇلار يېڭى باشلىقمۇ بارلىق باشلىقلارغا ئوخشاش ئۈچىنچى رومكىدىن كېيىن رەھمەت ئېيتىپ كەچۈرۈم سورايدۇ، سالامەتلىكىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ، رومكىنى قوبۇل قىلمايدۇ دەپ ئويلىشاتتى، لېكىن يېڭى ئىدارە باشلىقى تۆتىنچى رومكىنىمۇ تۇزۇتسىزلا قوبۇل قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى رومكىلارنىمۇ رەت قىلىش ئويى يوقتەك، بوگۇنكى مۇشۇ سورۇندا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىچەلەيدىغانلىقىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويماقچىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھاراق ئىچىشنى بىلەتتى، خېلىدىن بېرى ھاراق ئىچىشنى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالغانىدى ... ئۇ رومكىنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ، سۈمۈرۈپ ئەمەس، بەلكى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، گۈپپىدە گېلىغىلا ئاتتى. ئارقىدىنلا رومكىنى ساقىيغا — ئەكبەرگە ئۇزىتىپ، قولى تەخسىدىن پىشۇرۇلغان توخۇنىڭ ساپسېرىق تۆشىنى بىللە ئېلىپ قايتتى. مانا شۇ چاغدا يەنە «گارت» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. ھەممە مېھمان سۈكۈت ئىچىدە يېڭى

باشلىقنى نەزەر سېلىپ تۇرغاچقا «گارت» قىلغان ئاۋاز ھەممىگە ئېنىق ئاڭلاندى. باشلىق ئۆزىنىڭ كېكىرگەنلىكىنى بىلدى. ئەكبەرمۇ بىلگەنىدى. ئۇ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك كۆرۈنگەن باشلىققا ياردەمگە كەلدى.

— پاھ، جۇيجاڭ، ئۆزلىرىگە ھاراق بەك يارىشىدىكەن جۇمۇ، ئىچىپ بولغۇچىلا سىڭىپ كەتتى. ھاراق دېگەننى مانا شۇنداق سىڭدىغان ئادەم ئىچىشى كېرەك ... ھاراق ئىچكەندە كېكەرتسە بۇ سىڭگىنى، «ھېق» تۇتسا بۇ سىڭمىگىنى، ھاراقنى ئۆزلىرىلا ئىچىپ ئارىلىشىپ كەتسىلە، باشلىق ...

ئەكبەرنىڭ چىرايىدا گۈلدەك كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. باشلىقنىڭ چىرايى گۈلخان يورۇقى چۈشۈپ تۇرغاندەك قىزىل كۆرۈنەتتى. كۆپچىلىككە قاراپ:

رەھبەر بولۇشنى ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. پېقىر بۇ جەھەتتە ئانچە ناكەسىپ ئەمەس ...، — دېدى. ئۇنىڭ تىللىرى رادىئودەك راۋانلىشىپ كەتكەنىدى. يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچقاندا ئۇنىڭ سۆزىنى ئەكبەر ئۈزۈپ قويدى:

— بەلەن ئىچىدىكەنلا، باشلىق، مانا سىلىگە ئوخشاش ھەممىنى قىلالايدىغان ئادەم باشلىق بولسا ئاندىن يارىشىدۇ. ئۆزلىرىلا باشلىق بولۇپ ئۆتۈپ كەتسىلە، باشلىق ...

يېڭى ئىدارە باشلىقى توخۇنىڭ تۆشىنى ھۇزۇرلىنىپ چاينىدى، ئالدىرىماي، تەمىنى تېتىپ چاينىدى. ئۇ پات-پات قاش-قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ-سەكرىتىپ قوياتتى. كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، كىرپىكلىرىنى ئۇرۇشتۇرۇپ، توخۇنىڭ تۆشىگە تىكىلىپ قالغان كۆزلىرىنى باشقا ياقلارغا يۆتكەيتتى، بېشىنى جىددىي سىلكىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ قىلىقلىرىدىن ئۆزىنى ھوشيار بولۇشقا، مەست بولۇپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئۇ توخۇنىڭ تۆشىنى چايناپ بولغۇچە ھاراق يەنە بىر ئايلىنىپ كەلدى. ئۇ رومكىنى ئېلىش

ئۈچۈن قولىنى بىكارلىشى كېرەك ئىدى. ئېڭىشىپ تۆشىنىڭ ئېشىپ قالغان سۆڭىكىنى شىرەگە قويدى-دە، گەۋدىسىنى رۇسلاپ ساپاغا يۆلەندى. ئۇ خۇددى مەست بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن نۆۋەتتىكى رومكىنى ئالدىرىماي قاقماقچىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ساپاغا يۆلىنىپ ساقىي — ئەكبەر تەخسە بىلەنلا تەڭلەپ تۇرغان رومكىغا قول ئۇزاتقاندا يەنە «گارت» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ كەتتى. «گارت» قىلغان ئاۋاز ھەممىگە ئېنىق ئاڭلاندى. ئەكبەر باشلىقنىڭ يەنە كېكىرگەنلىكىنى بىلدى. باشلىقنىڭ ئۆزىمۇ بىلگەنىدى. باشلىق قاشلىرىنى يۇقىرىغا ئېتىپ بېشىنى جىددىي سىلكىدى، ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىن روشەن ئوڭايسىزلىنىش ئىپادىلىرى كۆرۈندى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ بولمىغۇر كېكىرىشىدىن خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ خىجىل بولۇشىغا ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كەلگەن ئەكبەرنىڭ ئاغزى يول قويمىدى:

— پاھ، پاھ، جۇيجاڭ، ئۆزلىرىگە توخۇ گۆشى يارىشىدىكەن جۇمۇ، يەپ بولغۇچىلا سىڭىپ كەتتى. توخۇ گۆشى دېگەننى مانا شۇنداق سىڭدىنغان ئادەم يېيىشى كېرەك ...

يېڭى ئىدارە باشلىقى ھېچنېمە دېمىدى. شەلپەردەك قىزىل چىرايىغا روشەن بىزارلىق ئىپادىلىرى ئۆرلەپ چىقتى. لەۋلىرى ئاللىقانداق مەنىدە قىيىشىپ، كۆز نۇرلىرى سۆرۈنلەشتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىزارلىقنى ھەممە مېھمانلار كۆرۈپ يەتكەنىدى. لېكىن ئۇلار ھەتتا ئەكبەرمۇ ئاشۇ بىزارلىقنىڭ كېكىرىشكە قارىتىلغانلىقىنى ياكى ئەكبەرنىڭ ھازىرغىچە ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان ئوخشاش جۈملە قۇرۇلمىسىغا، ئوخشاش مەنىگە ئىگە سۆزلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ باشلىقنىڭ چىرايىدىكى بىزارلىق ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. بەش قېتىم ئايلانغان كۈچلۈك ھاراق ئاللىقاچان چىرايلارغا ئوت يېقىپ، نېرۋىلارنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئەكبەرنىڭ چىرايىدىن ئاۋۋالقىدەكلا گۈلدەك كۈلكە تۆكۈلۈپ، قولىدىكى تەخسىنى يېڭى ئىدارە باشلىقىغا ھۆرمەت بىلەن تەڭلەپ تۇراتتى:

— قېنى مەرھەمەت قىلسىلا، جۈيجاڭ. ئۆزلىرىگە ھاراق بەك ئوبدان سىڭىدىكەن. قېنى مەرھەمەت قىلسىلا ...

ھاراق سۇدەك ئاقتى. ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى جانلىنىپ، كۈلكە-چاقچاقلار ئۆچتى. نېرۋىلارنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ سورۇندىكى پاراڭ ھېلىدىن-ھېلىغا يۆتكىلىپ تۇردى. يېڭى باشلىقنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى كونا باشلىقنىڭ غەيۋەتلىرى ئارىسىدىن مۇناردەك كۆتۈرۈلۈپ چىقاتتى. مەملىكەت ئىچىدىكى ئىسلاھاتنىڭ نەتىجە خەۋەرلىرى خەلقئارادىكى يېڭىلىقلارغا ئارىلىشىپ كەتتى. بۈگۈن يىراق ئۆتمۈشتىكى تارىخقا يېقىنلاپ، چۆل تاغلارغا، يايلاق باغلارغا باغلىناتتى ... يېڭى ئىدارە باشلىقى پاراڭلارغا ئاۋاز قوشۇپ تۇردى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرى ئەڭ دىققەت بىلەن ئاڭلىناتتى. ئارقىدىنلا ئاپىرىن-بارىكاللىلارغا كۆمۈلۈپ كېتەتتى ... ئۇ پەقەت لەتىپىچىلىك باشلانغاندىلا ئاۋاز قوشمىدى. لېكىن ئۇنىڭ قاقاقلىغان كۈلكىسى، بەزىدە خىجىلچىلىق ئارىلاش تېلىقىپ قېلىشى، ساپادا ھەر تەرەپكە ئۆزىنى تاشلىشى جور بولۇپ تۇردى. لەتىپىلەر ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ئالدىدا ئېيتقىلى بولمايدىغان گەپلەر ئىدى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن، سېھىرلىق مەنىلىرى قاقاقلىغان كۈلكە قوزغىسا، جىنسىي مۇناسىۋەتكە تاقىلىدىغان، ئاشكارا تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان قىسمى خىجىلچىلىق بىلەن كۈلكىنى قوشۇپ يۇغۇرۇۋېتەتتى ... لەتىپەلەرنى تولىراق ئەكبەر سۆزلىدى. ئۇنىڭ لەتىپىچىلىكتە ماھارىتىمۇ-داڭقىمۇ بار ئىدى. لەتىپىلەرگە ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش قوشماي، گۈپپىدە بايان قىلاتتى. چۈشىنىشنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە تاشلاپ قوياتتى. ئاشۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ لەتىپىسى بەزىدە ئاياغلىشىشى بىلەنلا پاراققىدە كۈلكە قوزغىسا، بەزىدە بىر ھازادىن كېيىن كۈلكە كۆتۈرۈلەتتى ... ئۇ بۈگۈن ئاخشام جىق لەتىپە سۆزلىدى. ئەڭ يېڭى، ئەڭ قىزىقارلىق لەتىپىلەرنى سۆزلىدى. ئۇ گويا ئاشۇ ساپا ئۈستىدە دومىلىغىلى يەر تاپالماي، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، تېلىقىپ كۈلۈپ

ئولتۇرغان باشلىققا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچىدەك سۆزلىدى. بىرگە ئۇلاپ بىرنى سۆزلىدى. خۇددى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەندەك، مۇشۇ يەردىلا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلىگەندەك ئۆزى كۈلمەي تۇرۇپ سۆزلىدى. لېكىن ھاراق قۇيۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. مېھمانلارنى سەيگە تەكلىپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بوتۇلكىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بىكارلىنىپ تۇردى. ئىسسىق سەيلەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كەلتۇرۇلۇپ تۇردى. سورۇننىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى جانلىنىپ باراتتى ... يېڭى ئىدارە باشلىقى يەنە ئۈچ-تۆت قېتىم كېكىردى. ئۇ ھەر قېتىم كېكىرگەندە ئاشۇ «گارت» قىلغان ئاۋاز ھەممىگە ئاڭلىناتتى. ئارقىدىنلا ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەبىرى جاراڭلايتتى.

— پاھ، پاھ، جۇيجاڭ، ئۆزلىرىگە پېتىرمانتا ئاجايىپ يارىشىدىكەن جۇمۇ، يەپ بولغۇچىلا سىڭىپ كەتتى، پېتىرمانتا دېگەننى مانا شۇنداق سىڭدىغان ئادەم يېيىشى كېرەك.

— پاھ، پاھ، جۇيجاڭ، ئۆزلىرىگە ئۆپكە-ھېسىپ بەك يارىشىدىكەن جۇمۇ، يەپ بولغۇچىلا سىڭىپ كەتتى. ئۆپكە-ھېسىپ دېگەننى مانا شۇنداق سىڭدىغان ئادەم يېيىشى كېرەك ...

ئەكبەرنىڭ بۇ خىل سۆزلىرى ئىدارە باشلىقى كېكىرمىگەندىمۇ ئىككى قېتىم ئېيتىلدى. بىرىنچى قېتىم باشلىق ئەكبەرنىڭ قىزىق لەتىپىسىدىن كۈلۈپ تېلىقىپ كەتكەندە ئېيتىلدى:

— پاھ، پاھ، جۇيجاڭ، ئۆزلىرى لەتىپە دېگەننى ئاجايىپ ياخشى چۈشىنىدىكەنلا جۇمۇ، لەتىپە دېگەننى مانا شۇنداق چۈشىنىدىغان ئادەمگە سۆزلەپ بېرىش كېرەك ...

ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭدىن مەشھۇر ناخشىچى سالامەت مەخسۇتنىڭ شوخ ناخشىسى ياڭرىغاندا ئېيتىلدى. نېمىشقىدۇ ئەكبەر سالامەت مەخسۇتنىڭ شوخ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندا، جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان تۇلپاردەك چاپچىپ تۇرۇپ، تۇرالماي كېتەتتى، دەرھال ئۇسسۇلغا چۈشەتتى، ئۆزىمۇ

ئۇسسۇلنى ياخشى ئوينايتتى. سالامەت مەخسۇتنىڭ ناخشىلىرى تۇگىگىچە سەھنىدىن چۈشمەي ئوينىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ ئۇنىئالغۇدىن ناخشا ياڭرىشى بىلەنلا ئۇسسۇلغا چۈشتى، باشقىلارنى تارتىپ، بىقىشىپ تۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن ئوينىدى. ئۇنىڭ بىقىشىپ تۇرۇپ ئوينايدىغان ئادەملىرى ئالمىشىپ تۇردى. لېكىن ئۇ سەھنىدىن چۈشمىدى. ئاخىرىدا يېڭى ئىدارە باشلىقىنى ئۇسسۇلغا تارتتى. باشلىق ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، كەچۈرۈم تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىمىدى. باشلىقنىڭ چىرايىدا ھەر قېتىمقىدەكلا بىلىنەر-بىلىنمەس بىزارلىق ئىپادىسى گەۋدىلەندى، لېكىن يەنىلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇمۇ ئۇسسۇل ئويناشنى بىلىدىكەن، قوللىرىنى بۈركۈتنىڭ قاناتلىرىدەك يېيىپ، پۇتلىرىنى چەبدەسلىك بىلەن يۆتكەپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ ئوينىدى. گەرچە ئۇ ئاران ئىككىلا پىرقىرىغان بولسىمۇ، مېھمانلار باريكاللا ئېيتىپ چاۋاك چېلىشتى. ئەكبەرنىڭ تەبىرى ئۇلگۇرۇپ كەلدى:

— پاھ، پاھ، جۇيجاڭ، ئۇسسۇل دېگەننى كارامەت ئوينايدىكەنلا جۇمۇ، ئۇسسۇل دېگەننى مانا شۇنداق گۈل كەلتۈرىدىغان ئادەم ئوينىسا يارىشىدۇ. «قۇشقاچ سويسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. ئۇسسۇل دېگەننى ئۆزلىرىلا ئويناپ ئۆتۈپ كەتسىلە، جۇيجاڭ ...

يېڭى ئىدارە باشلىقى ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ قورسىقى بەك تويۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى ئۇسسۇل ئويناش ئېغىر كەلگەنلىكتىنمۇ ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ ئورنىغا ئولتۇردى ۋە دەرھال يانغا قارىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكبەرنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىگە قارىتا ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى ...

ھاراق ئايلىناتتى. مۇزىكا ياڭرايتتى. مەستلەرنىڭ (ئەمدى ئۇلار مېھماندىن مەستكە ئايلىنىپ بولۇشقانىدى) قىيقاس-چۇقانلىرى، ئالىتاغىل ناخشىلىرى ئاڭلىناتتى. سائەت 11

لەرگە يېقىنلاشقاندا، ھەممە توقسىنى تولغان نەرسىلەرگە ئوخشاشلا سورۇنمۇ چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. جۈپ-جۈپ بولۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. ساقىي ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بىر يەرگە جەم قىلالمىدى. ئەمدى مېھمانلارمۇ، يېڭى ئىدارە باشلىقىمۇ، ھەتتا ساقىينىڭ ئۆزىمۇ كىمگىدۇ دەرد تۆككۈسى كېلىدىغان دەردمەنگە، مۇڭداشقۇسى كېلىدىغان مۇڭداشچىغا ئايلىنىپ كېتىشكەنىدى. ساقىي بېلىق كۆزى قىلىپ لىپمۇلىق ھاراق قۇيۇلغان بىر جۈپ رومكىنى كۆتۈرۈپ ئىدارىنىڭ يېڭى باشلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي رومكىنىڭ بىرىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، بىرىنى ئۆزىنىڭ ئوڭ قولىغا ئېلىپ، سول قولىنى ئىدارە باشلىقىنىڭ دولىسىغا قويدى. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن مۇڭداشتى. ئىدارە باشلىقىدىن كۆرە ئەكبەر كۆپرەك مۇڭ تۆكتى. ئىدارە باشلىقى پات-پات بېشىنى ئىرغاڭشىتىپ ئولتۇراتتى. ئاشۇ بېشىنى ئىرغاڭلىتىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئەكبەرنىڭ ئۆزى توغرىسىدا دەۋاتقان چۈشەندۈرۈشلىرىنى چۈشەنگەندەك، ئۇنىڭ قەلبىنى كۆرۈپ يەتكەندەك، يېڭى ئىدارىدە ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەكلىكى توغرىسىدا كۆڭلىدە سان پەيدا بولغاندەك ئىپادىلەرمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى ... ئاشۇ مۇڭدىشىش جەريانىدا ئەكبەر قولىدىكى رومكىسىنى ئىدارە باشلىقىنىڭ رومكىسىغا ئون قېتىمدەك سوقۇشتۇردى. ئون قېتىمدەك «خوشە، قېنى كۆتۈرەيلى!» دېدى، لېكىن ھاراق يەنىلا ئىچىلمىدى. ئۇنىڭ ئۆزى باشلاپ ئىچمەسلىكىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئاللىقانداق بىر دېيىلمەي قالغان گەپ باردەك تۇيۇلاتتى. كەيىپ بولۇپ قېلىشقان بولسىمۇ ئۇمۇ، ئىدارە باشلىقىمۇ سەگەكتەك كۆرۈنەتتى. كەيپلىرىنىڭ يەنىمۇ كۆتۈرۈلۈشىنى، ئاشۇ دېيىلمەي قالغان گەپنىڭ تارتىنمايلا چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەكبەر ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

— ھۆرمەتلىك جۇيجاڭ، ئۆزلىرى ئادەم تونۇيلا جۇمۇ،

كىمنىڭ ئىقتىدارلىق، كىمنىڭ ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى بىلەلەيلا، مەن ئۆزلىرىگە دېدىمغۇ بۇ ئىدارىدە ... خوشە قېنى، ئىچمۇېتەيلىلا، — ئۇ رومكىنى ئىدارە باشلىقىنىڭ رومكىسىغا يەنە بىر قېتىم سوقتى، — مەن دېمىسەممۇ ئۆزلىرى بىلىلا، قېنى دەپ باقسىلا،بوش قالغان خوجىلىق بۆلۇمىگە كىمنى تەيىنلىمەكچى ئۆزلىرى؟ ... مۇشۇ ئورۇنغا ئەڭ لايىق كېلىدىغان ... ئاۋۇت كېجاڭ پېنسىيىگە چىقتى ... ئۇنىڭ ئورنى ...

يېڭى ئىدارە باشلىقى كۆزلىرىنى ئەكبەرنىڭ چىرايىغا تىكتى. يېنىچە بولۇپ ئەكبەرگە ئۇدۇللاندى. ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭ دولىسىغا قويۇۋالغان قوللىرى ئۇنىڭ بۇرۇلۇشى بىلەن ئاشۇ ھۆرمەتلىك دولىدىن چۈشۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ بۇلارنى سېزەر ئەمەس ئىدى. ئىدارە باشلىقى ئەكبەرنى ئانچە ئۇزۇن كۆزەتمىدى، بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ، گەۋدىسىنى كېرىدى. ئۇ نېمىدۇ بىر نەرسە دېيىشكە تەييارلانغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز «گارت» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەكبەرمۇ، ئىدارە باشلىقىمۇ ئېنىق ئاڭلىدى. ئىدارە باشلىقى ئۆزىنىڭ كېكىرگەنلىكىنى چۈشەندى. يۈزىگە ئۇرۇلغان سېسىق تىنىقتىن ئەكبەرمۇ ئۇنىڭ كېكىرگەنلىكىنى بىلدى. كېكىرىك تولىمۇ سېسىق ئىدى. ئۇ ئەكبەرگە خۇددى كەچنىڭ مابەينىدە ئىچكەن ھاراقلارنىڭ، يېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممە سېسىق پۇراقلىرى ياندۇرۇپ چىقىرىلغاندەك تۇيۇلدى. تەبىر بېرىش كېرەكلىكىنى يادىغا ئالدى، لېكىن ئەمدى بۇ ئاخىرقى كېكىرىككە نېمىدەپ تەبىر بېرىشنى بىلەلمەي قالدى:

— باشلىق ئۆزلىرىگە ... بەك ياراشقۇدەك جۇمۇ، ئۆزلىرىلا ... ئۆتۈپ كەتسىلە ...

# 9-ئىيۇل

ئىيۇلمۇ باشقا ئايلارغا ئوخشاشلا خاسىيەتلىك ئاي ھېسابلىنىدۇ. يانۋاردا «يېڭى يىل»، فېۋرالدا «باھار بايرىمى»، مارتتا «خوتۇن-قىزلار بايرىمى» ۋە «نورۇز»، ئاپرېلدا «ئالداش بايرىمى»، مايدا «ئەمگەكچىلەر بايرىمى» ۋە «ياشلار بايرىمى»، ئىيۇندا «بالىلار بايرىمى»، ئاۋغۇستتا «ئارمىيە بايرىمى»، سېنتەبىردە «ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى» ۋە «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى»، نويابىر ۋە دېكابىرلاردا تارىخىي خاتىرە كۈنلەر بولغىنىغا ئوخشاشلا ئىيۇلدىمۇ «پارتىيە بايرىمى» بار. لېكىن 9-ئىيۇل بايرامىمۇ، خاتىرە كۈنىمۇ ئەمەس. بۇ ئادەمنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

مەن 5-ئىيۇندا يولغا چىقىپ قالغىنىمغا، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق كاج ۋە ئۆز سۆزلۈك شوپۇرنىڭ ماشىنىسىدا يولغا چىقىپ قالغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. دوستلىرىمنىڭ: «بىرەر شوپۇرغا يالۋۇرۇپ ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان «MITSUBISHI» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرساڭ ئىككى يېرىم كۈندىلا مەنزىلىڭگە يېتىپ بارىسەن ...» دەپ بەرگەن مەسلىھەتلىرىگىمۇ لەنەتلەر ئوقۇدۇم. نېمە ئىككى يېرىم كۈن؟ لەنەت، مانا ئۈچ يېرىم كۈن بولدى. تېخىچە يولدا يۈرمەمدىمەن؟

مەن بەكمۇ ئالدىرايتتىم. يۈرتۈمغا قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بارغۇم كېلەتتى. چۈنكى ئۇلۇشكۈن ئەتىگەندىن باشلاپ يالغۇز، ئوماق، ئەركە قىزىم ئۇ يەردە، مىڭ بىر جاپادا قىينىلىپ ئىمتىھان بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىلىسىلەرغۇ، ھەر يىلى 7-ئىيۇندىن باشلاپ ئالىي مەكتەپكە كىرىشكە تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن دۆلەتلىك

ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان مىڭلارچە ئوقۇغۇچى سۈرلۈك ئىمتىھان مەيدانلىرىغا خۇشال ۋە ئەنسىز كىرىپ كېلىدۇ. مىڭلارچە ئوقۇغۇچىنىڭ مىڭلارچە ئاتا-ئانىسى ئىمتىھان مەيدانىنىڭ سىرتىغا توپلىشىپ ئوغۇل-قىزلىرىغا مەدەت بېرىدۇ: پۇرسەت تاپالىسا ۋە سىرتتا ئامانلىق ساقلاۋاتقان ساقچىلاردىن تونۇش تاپالىسا، كىملەردۇ ئىشلەپ تەييارلىغان ئىمتىھان سوئالىنىڭ تار ۋە نېپىز قەغەزگە يېزىلغان جاۋابلىرىنى ئىمتىھان مەيدانىغا مەخپىي يوللار ئارقىلىق شۇڭغۇتۇشىدۇ. ئىمتىھاندىن چىققان ئوغۇل-قىزلىرىنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە بېرىپ كۈتۈۋالىدۇ ۋە «قانداقىراق؟» دەپ سورىشىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابىمۇ بىر خىل: «ئوبدان جاۋاب بەردىم، سىرتتىن تاشلانغان قەغەز تۈگۈنچەك يېنىمغىلا چۈشتى. ھەممىنى تولۇق يازدىم ... » ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىلار غەلىبە بىلەن چىققان ئوغۇل-قىزلىرىنى ئەڭ ياخشى يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئاشپۇزۇللارغا باشلاپ كېتىدۇ ...

ئەھۋال شۇنداق، قىزىم ئۈچ كۈندىن بېرى ئىمتىھان بەرمەكتە. ئۇنىڭغا كىممۇ مەدەتكار بولغاندۇ؟ ئانىسى سىرتتىن جاۋاب يېزىلغان قەغەزلەرنى كىرگۈزۈشنى قاملاشتۇرالىغانمىدۇ؟ قىزىمنىڭ بوينى قىسىلىپ قالغاندىمۇ؟ مەن تىتىلدايتتىم. ئۇزاق يولنى، ۋاقتىدا تۈگىمىگەن يىغىننى، بىلەت بەرگىلى ئۇنىمىغان ئاۋىئاتسىيە بىلەت سېتىش ئورنىدىكى مۇز تەلەت خادىمنى، ھەتتا مۇنۇ ئازلا قالغاندا توختىۋالغان ھېكايىچى شوپۇرنىمۇ قاغايتتىم. ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھانغا بولسىمۇ ئۈلگۈرۈپ بارسام بولمامدۇ؟ قىزىمغا مەدەت بەرسەم، جاۋابلارنى دېرىزىلەردىن شۇڭغۇتسام، قىزىم ئىمتىھان مەيدانىدىن چىققاندا ئالدىغا بېرىپ كۈتۈۋالسام بولمامدۇ؟ مۇنۇ قارىمۇتۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك شوپۇر بولسا ھېكايىسىنى ئېيتماقتا. ۋاي خۇدايىم ، خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك ئىش قىلغىنىنى قارىمامدىغان؟ شۇنچە

ئالدىراۋاتقاندا، ھېكايىگە كىمنىڭ خۇشى؟

مېنىڭ يولدا قېلىشىمغا پۈتۈنلەي ئاشۇ ئاۋئاتسىيە بېلەت سېتىش ئورنىدىكى خادىم سەۋەبكار بولدى. ئايروپىلان بېلىتىنىڭ جىددىيلىكى سەۋەب بولدى. ھۆكۈمەت تەرەپ يىغىن ئاچسىمۇ، يىغىننىڭ ئالدىدىلا يىغىن قاتناشچىلىرىغا يېتەرلىك بېلەتنى زاكاز قىلىپ قويىدىكەن. ھېلىقى مۇز تەلەت بېلەت ساتقۇچىمۇ ئۇلارغا غىڭ قىلماي بېرىدىكەن. لېكىن بىزدەكلەرنىڭ قۇرۇق ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇلار سارالڭ ئەمەس-دە. تىزىملاشقىمۇ ئۇنىمايدۇ. ئۆزىمىز بىرىپمۇ ھېچنېمە قىلالمىدۇق. قاراپ تۇرغىنىمىزدا «كوئىنلۇن يۇڭ-يىپەك شىركىتى» نىڭ يوغان قورساقلىرى چوڭ-چوڭ سومكىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېتىپ كۆپكۆك بېلەتلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. بىز بولساق شۆلگەيلىرىمىزنى يۇتۇپ قاراپ قالدۇق. قايتا سۆزلەشتۇق، كوماندىر-كومىسسارلىرىنى ئىزدەپ يالۋۇردۇق، لېكىن ئوچۇق چىرايمۇ ئېچىشمىدى. ئەتىدىنمۇ، ئۆگۈندىنمۇ ئۈمىد يوق ئىكەن.

تونۇشلىرىمنى، ئىش بىلىدىغان دوست-بۇرادەرلىرىمنى ئىزدىدىم. ئۇلارمۇ باش چايقاپ: «ئىش شۇنداق. ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. ئازراق بىر نەرسە شۇڭغۇتالمىساڭ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن. ئەڭ ياخشىسى ئەتىلا يولغا چىقىدىغان، ئىمپورت قىلىنغان ‹MITSUBISHI› نىڭ شوپۇرىدىن بىرنى تاپ، ئۇ سېنى ئىككى يېرىم كۈندىلا يەتكۈزۈپ بارىدۇ» دېيىشتى.

— ئۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە شۇڭغۇتامدىمەن؟

— ئىنساپىغا قارايمىز-دە.

ئاشۇ تونۇشلىرىمنىڭ ياردىمىدە ئەتىلا يولغا چىقىدىغان شوپۇردىن بىرنى شۇ كۈنىلا تېپىۋالدىم. قارا چاچ، قوي كۆز، بۇغداي ئۆڭلۈك شوپۇر كۈلۈپلا تۇرىدىغان بالا ئىكەن. ئارقىسىغا قايرىپ تارىۋالغان چاچلىرى ئۇنى سالاپەتلىك كۆرسەتسە، ئويناپ

تۇرىدىغان شوخ كۆزلىرى، زامانىۋى ياشلارغا خاس كىيىملىرى، رەڭلىك كۆزەينىكى ئۇنى مودا يىگىتلەردەك كۆرسىتىدىكەن. لېكىن تونۇشلىرىم نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا يېزىلىقلارغا خاس بولغان «ئاخۇن» نى قوشۇپ «ئابلىمىت ئاخۇن» دەپ تونۇشتۇردى. مەن ئۇنىڭ ياسىنىشى، ۋىجىك گەۋدىسى، شوخ كۆزلىرى بىلەن ھېلىقى «ئاخۇن» نىڭ زادىلا ماس كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئابلىمىتلا دېسە بولمامدۇ؟ ھېچبولمىغاندا «ئاخۇن» نى ئەمەس «جان» نى قوشۇپ قويسىمۇ زامانىۋىراق تۇيۇلغان بولاتتى ... لېكىن مەن كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ سۆز ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىكى سىپايىلىكى، باشقىلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىشنى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنىمۇ ساقلايدىغان ئاقسۆڭەكلەرچە ئېسىللىكىنى ھېس قىلغىنىمدىن كېيىن، ھېلىقى «ئاخۇن» نىڭ ئۇنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ قېلىش سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. راستىمنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ھېيت-ئايەم، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا باشقىلار بىلەن ئېگىلىپ سالاملىشىپ، قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ، تەكەللۇپ-تەۋەززۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىدىغان «ئاخۇن» لارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ماي چاپان، ياغ دوپپا، يۈز-كۆزلىرىگە ماي يۇقۇپ قالغان قاسماق شوپۇرلارغا بولسا تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە تانسا زاللىرىنى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان، چىرايلىق جۇپتى بىلەن باغچا-سەيلىگاھ ۋە كىنوخانىلاردا ئۇۋا قىزىتىپ يۈرگەن مەدەنىي-مودا يىگىتكە كۆپرەك ئوخشايتتى. ئۇنىڭ پاكىز ۋە سىپايىلىكى ئۈچۈنمىكىن، بىرىنچى كۆرۈشۈشتىلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بىرقانچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىنلا يېڭى تونۇشقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىم. لېكىن ئۇنىڭ سىپايىلىكى ھەرىكەت ۋە سۆز ئەركىنلىكىمگە يەنىلا چەك قويۇپ تۇراتتى. ئۇ يول كىراسى ھەققىدە زادىلا ئېغىز ئاچمىدى. مەن ئەسلىدە يول كىراسى توغرىسىدا تالاش-تارتىشلىق سودا بولىدۇ

دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىغاندىن كېيىن مەنمۇ ھېچنېمە دېيەلمىدىم. «مەيلىلا، مەنزىلگە يېتىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن بىر گەپ بولار، ئىسسىق چىراي بالىكەن. بەكمۇ نائىنساپلىق قىلىپ تۇرۇۋالماس» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇ مېنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «مۇئەللىم، مۇئەللىم» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي قويىدى. خۇددى ئۆزى ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئاغزىغا تۇنجى ئىلىم سالغان ئۇستازىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك تېخىمۇ سىپايىلىشىپ كەتتى. مەنزىلگە ئەڭ تېز سۈرئەتتە يەتكۈزۈپ بېرىشقا ۋەدە قىلدى. لېكىن چۆچۈرە تېخى خام ئىكەن. تۈنۈگۈن داخېيەنگە كەتكەن بىر مال سېتىۋالغۇچى يۈك بەرمەكچى بوپتۇ. ئەتە داخېيەنگە بېرىپ كەچكىچە يۈك باسالىساق، ئاندىن مېنى 8-ئىيۇل چۈشتە يۇرتقا يەتكۈزۈپ بارالايدىكەن ... مەن پىيازنىڭ بىر ئاز گېچ-گىچلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن نېمە ئامال؟ ئەتىلا يولغا چىقىدىغان ماشىنا ھېيتگاھتىكى مەپىلەردەك كۆپ ئەمەس. خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراپمۇ تۇرمايدۇ.

— ئەنسىرىمىسىلە، مال سېتىۋالغۇچى يالغان گەپ قىلىدىغانلاردىن ئەمەس. ئەتە يۈك بېسىشىمىزدا چاتاق يوق. ئەتە يۈك باسالىساقلا ئۆزلىرىنى 8-ئىيۇل كەچتىن ئىلگىرى يەتكۈزۈپ بارىمەن. مېنىڭمۇ 9-ئىيۇلنى زادىلا چۆلدە ئۆتكۈزگۈم يوق ...

مەن ئىشەندىم. كۈلۈمسىرەپ تۇرغان قوي كۆزلەردە يالغانچىلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئىشەنمەي مۇمكىنمۇ؟ باشقا يولمۇ يوق. 8-ئىيۇل چۈشتە يېتىپ بارالىساق، قىزىمنىڭ ئىمتىھانىغا يەنە بىر يېرىم كۈن مەدەت بېرەلەيمەن. ئۇنىڭ تاۋى چېكىلمەيدۇ. ئاپارغان سوۋغاتلىرىمنى ئىمتىھان مەيدانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىلا كۆرستىمەن. كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. ئىمتىھاننى ياخشى بېرىپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

5-ئىيۇل سەھەردە قوزغىلىپ، سائەت ئونلاردىن ئاشقاندا داخىيەنگە يېتىپ باردۇق. داۋانچىڭدىن سېتىۋالغان بىر تاغار تاۋۇزنى ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام يۈدى. مەن كۆتۈرەي دېگىنىمگە زادىلا ئۇنىمىدى. پەقەت قارا سومكىغا قاچىلانغان پىششىق تۇخۇم، بەش بوتۇلكا قېتىق ... قاتارلىقلارنىلا ماڭا كۆتۈرۈشكە بەردى.

— نېگە ئاپىرىمىز؟ بۇ نەرسىلەرنى ...

— مال سېتىۋالغۇچىغا ئازراق ئادەمگەرچىلىك قىلمىساق بولمايدۇ. قول قولنى يۇيسا ئاندىن ...

مەن ئۇنىڭ داۋانچىڭدىن شۇنچە جىق نەرسىلەرنى نېمىشقا سېتىۋالغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم. ھەي ...

ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام مال سېتىۋالغۇچىنىڭ ياتىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن. بىز كۆتۈرگەن نەرسىلەرنى بىر ئىشخانىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە ئەكىرىپ جايلاشتۇردۇق. ئىشخانىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا يېتىپ پۇتلىرىنى يېزىق شىرەسى ئۈستىگە ئېلىۋالغان ئادەم بىزگە قاراپمۇ قويمىدى. ئەكەلگەن نەرسىلىرىمىزنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ يېنىپ چىققىنىمىزدىلا ئۇ ئاندىن شالاڭ چاچلىق بېشىنى بۇراپ بىزگە قارىدى، لېكىن پۇتىنى شىرەدىن، بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىدىن ئالمىدى. مەن نېمىگىدۇ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ قالدىم. ۋۇجۇدۇمنى خۇددى ئېزىقىپ قېلىپ ئىتالىيىدىكى قارا قول پارتىيىسىنىڭ باش شتابىغا كىرىپ قالغاندەك قىسىنىش تۇيغۇسى ئىگىلىدى.

— كەلدىڭمۇ؟

— ھەئە، — ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام جاۋاب بەر-دى، — داۋانچىڭدىن ئازراق يەل-يېمىش ئالغاچ كېلىۋىدۇق...

— ئۇقتۇم، مەن ھازىر ئىسكىلات بىلەن ئالاقىلىشىۋاتىمەن، سىلەر سىرتقا چىقىپ تاماق يېگەچ كۈتۈپ تۇرۇڭلار ...

سىرتقا چىققاندىن كېيىن مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئاللىقانداق بىر ئىسكەنجىدىن ئاجراپ ئازادىلاشقاندەك بولۇپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ

كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ ھاكاۋۇر بىر خوجايىننىڭ سىيماسى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

شۇ كۇنى تاكى كەچ كىرگىچە ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام ھېلىقى ھاكاۋۇر خوجايىننىڭ ئىشخانىسىغا كەم بولغاندىمۇ بەش قېتىم كىرىپ چىقتى. ھەر قېتىم چىققاندا بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ يېنىپ چىقاتتى. مەن ھېلىقى خوجايىن سۇپەت مال سېتىۋالغۇچىنىڭ «كۇتۇپ تۇرۇڭلار» دېگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. كۆڭلۈمدە 8-ئىيۇل چۈشكىچە بولغان ۋاقىتنى قايتا-قايتا ھېسابلايتتىم، تىت-تىت بولاتتىم. قىزىمنىڭ ئىمتىھان مەيدانىدىكى ھالىتى، بويىنى يېڭىدىن چىللىماقچى بولغان چۈجە-خورازدەك سوزۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىشى، ئۇنىسىز ھالدا «دادا، تېزرەك كەلسەڭچۇ ...» دەپ نىدا قىلىشى كۆز ئالدىمدا ئايان بولاتتى. كىشىلەر «كۇتۇپ تۇرغاندا ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتىدۇ» دېيىشىدىكەن. لېكىن ھازىر ماڭا ۋاقىت خۇددى ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. 7-، 8-ئىيۇللارنى خۇددى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك سېزەتتىم. «ھەي، 5-ئىيۇل قۇياشى، ئورنىڭدا توختاپ تۇرساڭچۇ، ھېلىقى ھاكاۋۇر مال سېتىۋالغۇچى بىزگە يۈك بەرگۈچە، بىز ماشىنىمىزغا يۈك بېسىپ بولغۇچە، ‹يا بىسمىللا› دەپ يولىمىزغا راۋان بولغۇچە توختاپ تۇرساڭچۇ، شۇنداقتا مەن 8-ئىيۇل چۈشتىن ئىلگىرى ئۆيۈمگە يېتىپ بارالايمەن. ئىمتىھان مەيدانىغا بېرىپ قىزىمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويالايمەن. دېرىزىلەردىن قەغەزلەرنى شۇڭغۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىمتىھانىغا مەدەت بېرەلەيمەن. توختاپ تۇر، ئورنۇڭدا قىمىرلىماي توختاپ تۇر، بىز يۈك بېسىپ بولغۇچە توختاپ تۇر ...» مەن ئىچىمدە ئاشۇنداق خىتاب قىلاتتىم، لېكىن قۇياش دېگەننىڭ قۇلىقى يوق ئىكەن. ئادەمنىڭ نالە-پەريادىنى، تەلەپ-ئىلتىجاسىنى ئاڭلىمايدىكەن. ئۇ قىپقىزىل شەپەق لىباسىغا پۈركىنىپ، قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىب بولدى. مەن

تىتىلدايتتىم. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام بولسا نېمىدىن خىجىل بولغاندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىيالمايتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئۇ ئېغىر تىنىپ:

— قاۋاننىڭ قارنى تويمىغان ئوخشايدۇ، يەنە ئازراق شۇڭغۇتمىساق بولمىدى، — دېدى.

سومكىسىنى ئاختۇرۇپ بىر دانە كونۋېرتنى ئالدى. مېنىڭدىن قەلەم سوراپ، كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە «مال سېتىۋالغۇچى XXX كە تېگىدۇ» دەپ يازدى. مەن قاراپ تۇردۇم. ئۇ كونۋېرتنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئۆزىنىڭ ئادرېسىنىمۇ، ئىسمىنىمۇ يازمىدى. ناتونۇش، نامەلۇم بىر ئىسىمنى يېزىپ قويدى ۋە قەلەمنى قويۇپ يانچۇقىدىن ئەللىك يۈەنلىكتىن تۆتنى ئېلىپ كونۋېرتنىڭ ئىچىگە سالدى. مەن ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى دەسلەپتە چۈشەنمىدىم. كېيىن غۇۋا چۈشەنگەندەكمۇ بولدۇم. ھەي ...

ئىككىمىز مال سېتىۋالغۇچىنىڭ ياتىقىغا بىللە باردۇق. ئۇ يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن. پۇتلىرى يەنىلا يېزىق شىرەسىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇ بىزگە قاراپمۇ قويمىدى.

— بىر پارچە خەت ئالغاچ كەلگەنتۇق، چۈشتە ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام كونۋېرتنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. مال سېتىۋالغۇچى قولىنى كۆتۈرۈپ كونۋېرتنى ئېلىشقا ئېرىنىدى بولغاي، بېشى بىلەن «ئاۋۇ يەرگە قوي» دېگەن مەنىدە يېزىق شىرەسىنى كۆرسەتتى. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام كونۋېرتنى ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ يېنىغا قويدى. بىز بىر ھازاغىچە جىممىدە كۈتۈپ تۇردۇق.

— بولدى، ئۇقتۇم، سىلەر كېتىۋېرىڭلار.

بىز ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ تېخى يىگىرمە مېتىرچە ئۆزىمىغاندۇق. كەينىمىزدىن چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— هاي، بۇ ياققا كەل.

چاقىرغىنى ھېلىقى مال سېتىۋالغۇچى ئىدى. ئۇستام ئىتتىك بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەتتى. مەن ئۆز ئىزىمدا ساقلاپ تۇردۇم. ئۇستام قايتىپ كەلگەندە، ئاي نۇرىنىڭ تۇمانىسىمان شولىسىدا، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى خۇشاللىقنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇنىڭ قولىدا يۇك بېسىش تالونى تۇراتتى. مېنىڭ يۈرىكىممۇ شادلىقتىن دۇپۇلدەپ كەتتى. ئەته چۇشكىچە يۇك باسالىساق، 8-ئىيۇل كەچكە يېتىپ بارمايمىزمۇ؟ 9-ئىيۇل، ئاخىرقى ئىككى قېتىملىق ئىمتىھاندا قىزىمغا مەدەت بېرەلەيمەن، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولالايمەن، ھەي، بۇگۇنكى كېچە، سەن تېزرەك ئۆتۈپ كەت. بىزنىڭ يۇك باسىدىغان، يولغا چىقىدىغان ۋاقتىمىز تېزرەك يېتىپ كەلسۇن ...

شۇ كېچە ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدا تۈنىدۇق. نېمىشقىدۇ مېھمانخانىلاردا ياتقىمىز كەلمىدى. «MITSUBISHI» ماركىلىق ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىلنىڭ كابىنكىسىدا ئۇخلايدىغان ئورۇنمۇ بار ئىكەن. ئۇستام ئۇنىمغىنىمغا قويماي ئۇ يەرنى ماڭا ئۆتۈندى. ئۆزى بولسا سومكىنى بېشىغا قويۇپ ئورۇندۇقتا سوزۇلدى. ئۇنىڭ كەيپىياتىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ زومىگەرلىكلىرى ھەققىدە، شوپۇرلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان 1974-، 1975-يىللىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئېيتىشىچە، ئۇ چاغلاردا شوپۇرلار مال سېتىۋالغۇچىغا ئەمەس، مال سېتىۋالغۇچىلار شوپۇرلارغا «باج» تۆلەيدىكەن. كېيىن ئۆزگىرىش بوپتۇ. ئاپتوموبىللار كۆپىيىپ توشۇش ئىقتىدارى يۇك مىقدارىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. يۇك ئىزدىگەن شوپۇرلار ئەمدى مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئالدىغا تىزلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ ...

6-ئىيۇل دېگەندەك چۇشكىچە يۇك بېسىپ بولدۇق. مەن خۇشال ئىدىم. بىر يېرىم كۈن دېگەن ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەس. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ بىر يېرىم كۈن ئىچىدە مېنىڭ

ھېس-تۇيغۇلىرىم، خۇشاللىقلىرىم، غەم -ئەندىشىلىرىم ئاشۇ ماشىنا بىلەن، ئاشۇ قارا چاچلىق شوپۇر بىلەن باغلىنىپ، بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. شوپۇر مەن ئۈچۈن ئالدىرايتتى. مەن ئۇنىڭ خۇشاللىقلىرى ئۈچۈن كۈلەتتىم. ماشىنىمۇ ئەمدى «مېنىڭ ماشىنام» دىن «بىزنىڭ ماشىنىمىز» غا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا خۇددى يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىناتتى ... گۈركىرە ماشىنام، ھەيۋەت بىلەن گۈركىرە، تۇلپاردەك چاپ، دۇلدۇلدەك ئۇچ، كۈمۈش لېنتا ئۈستىدە پەرۋاز قىل، 8-ئىيۇل كەچتە يېتىپ بارالىساقلا يەنە پۈتۈن بىر كۈن مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولىدۇ. قىزىمغا يەنە ئىككى مەيدان مەدەت بېرەلەيمەن. سەن پەرۋاز قىل، توختىماي پەرۋاز قىل ...

ئۇستام ستاتورغا دەسسىدى. ماتور گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى. تۈنۈگۈنكى سەپەردە قۇلىقىم ماتور ئاۋازىغا خېلىلا كۆنۈپ قالغان ئىدى. مەن ئۇستامنىڭ «يا بىسمىللا» دېگەن ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ خوت دەستىسىگە يېپىشقان قوللىرى ئالدىغا تارتىلدى. ماشىنا قاتتىق گۈرۈلدەپ ئورنىدىن قوزغالدى. مەن ئۈچ كۈندىن بېرى ئارزۇ قىلغان سەپەر رەسمىي باشلانغانىدى. يۈرىكىم ماتور ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ھاياجان بىلەن دۈپۈلدىدى. ئۆزۈمنى بىردىن مەنزىلگە — يۇرتقا، قىزىمغا، ئىمتىھان مەيدانىغا يېقىنلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. مەن ئالدىرايتتىم. ماشىنا ئۇچاتتى. يول بويىدىكى ستولبىلار بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلەتتى. يول ئۈستىدىكى بىرەر يېرىم تال شېغىل تاش، زېدىلەنگەن يول يۈزىدىكى قارا نۇقتا، نامەلۇم سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان چېكىتلەر چەكسىز ئۇزۇن سىزىقلارغا ئايلىنىپ ئىز بېسىپ ئۆتكەن يوللارغا سوزۇلۇپ كېتەتتى. ئاشۇ سىزىقلار چەكسىز ئۇزۇن يول ئۈستىدىكى ساناقسىز كۈمۈش لېنتىلاردەك كۆرۈنەتتى ...

ئىككى كۈنلۈك سەپەر تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. خۇش

پېئىل، پاراڭچى، جان كۆيەر ئادەم بىلەن ھەمسەپەر بولۇش ھەقىقەتەنمۇ بىر بەخت ئىكەن. ئۆزۈڭنى دوست-دىلداشلىرىڭ بىلەن سەيلە-ساياھەت قىلىۋاتقاندەك ئەركىن سېزىدىكەنسەن. كۆڭلۈڭ ئازادە بولىدىكەن. پاراڭلىشىپ-سىردىشىپ قانمايدىكەنسەن. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام پاراڭ قىلاتتى. يول ئۈستىدىكى شەھەر-بازارلارنى، ئۆتەڭ-مەھەللىلەرنى تونۇشتۇراتتى. ئاشۇ يەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى، لەتىپە-چاقچاقلارنى، ۋەقە-ھادىسىلەرنى سۆزلەيتتى. مەن ئاڭلاپ قانمايتتىم، سوراپ ھارمايتتىم. ئۇستام پات-پات سۆزىدىن توختاپ «توختايمۇ؟ قورساقلىرى ئاچتىمۇ؟ ھاجەتكە چۈشەمدىلا؟» دەپ سوراپ قوياتتى.

بېشىمنى چايقايتتىم. ماشىنا بولسا كۇمۇش سىزىقلارنى ئارقىغا تاشلاپ داۋاملىق ئۇچاتتى. مەن ئازادە ۋە خۇشال ئىدىم. «ھارامزادە، مۇز تەلەت، نائىنساپ شوپۇر بىلەن ھەمسەپەر بولغان بولسام قانداق بولاتتى-ھە؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالاتتىم. قاچاندۇر بىر چاغلاردا شۇنداقلار بىلەن ھەمسەپەرمۇ بولغانمەن. شاپاق يېگەن بۇقىدەك پۇشۇلداپ ئولتۇرىدۇ. ئۆزىدىن ئۆزى خۇيلىنىپ «ئەجەبمۇ نەس باستى يەي» دەپ كوتۇلدايدۇ. ھېلى دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى چۇشۇر دېسە، ھېلى چىقار دەيدۇ. نامەلۇم بىر مەخلۇقنىڭ ئۇۋىسىغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرگەن تىمساھتەك كۆزلىرىدىن مۇز ياغدۇرىدۇ. بىرەر ئۆتەڭ-ئاشخانىلارغا يېقىنلاشقاندىكى قىلىقىنى دېمەمسىز تېخى، كابىنكىدىن چۇشمەي ئولتۇرۇپ قوغۇن-تاۋۇزغا، گۆش-كاۋاپقا، سامسا-گۆشگىردىلەرگە بۇيرۇيدۇ. ئىسسىق تاماق ئىچكەندە بولسا، تاماقنىڭ ئېسىلىنى بۇيرۇپ، پۇل تۆلەيدىغان چاغدا قارىماي چىقىپ كېتىدۇ ... مەن ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلىسەم، يۇرىكىم مۇزلىغاندەك بولۇپ كېتىدۇ. نېمىشقا؟ بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىخسىقلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. بىزنىڭ پىخسىقلىقىمىزدىكى سەۋەب ئېشىپ-تېشىپ

تۇرىدىغان پۇلىمىز يوقلۇقىدا، پۇلىمىز بولسىغۇ، بىزمۇ پېخسىقلىق قىلالمايمىز. لېكىن ... ئەمدى ئەھۋال شۇ، سېخىيلىق قىلغۇدەك ھالىمىز يوق. ئەكسىچە كۆڭلىمىز بەكمۇ ئىنچىكە، ئىززەت-نەپسىمىز كۈچلۈك. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام خۇش پېئىللىقى، جان كۆيەرلىكى بىلەن كۆڭلۈمنى يايرىتىۋاتسا، مەن قانداقمۇ خۇشال بولماي؟ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئىسسىق تاماق يېدۇق. يولدا يېيىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئېسىل سوغۇق يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالدۇق. لېكىن مەن بىرىنىڭمۇ پۇلىنى تۆلىمىدىم. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام تۆلىگىلى قويمىدى. ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىز؟ «مۇئەللىم، ئۆزلىرىنى چىقىمدار قىلساق بولمايدۇ، بىز دېگەن باشقا گەپ، ئەركىن كەسىپ ئەمەسمۇ، ئېپى كېلىپ قالسا، مائاشقىلا قاراپ تۇرمايمىز، ئۆزلىرى كۆردىلە، مال سېتىۋالغۇچىغا ئۈچ يۈز سومدەك شۇڭغۇتتۇق، باشقا يەردىمۇ شۇڭغۇتۇپ تۇرىمىز، قول قولنى يۇيسا، قول يۈزنى يۇمامدۇ؟ بۇلارنى نەدىن تاپىلا دەملا؟ ئېپى كېلىپ قالسا شەخسىي سودىگەرلەرنىڭ يۈكىدىن بىرەر-ئىككى توننا بېسىۋالىمىز. ئۇلار كىرا ھەققىنى ياخشى تۆلەيدۇ. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنلا، ئۆزلىرى يانچۇق كوچىلاپ ئاۋارە بولمىسىلا، بىز دېگەن ئۇنى كېيىنكى قېتىمدىلا جۆندىۋالىمىز، بىزنىڭغۇ ئۇنداق قانۇنسىز ئىشلارنى قىلغۇمىز يوق، لېكىن نېمە ئامال؟ مال سېتىۋالغۇچى، يۈك تاپقۇچى، يەنە كاسسىر، بوغالتىر، يۆتكىگۈچى ... ھەممىسىگە ئازراق شۇڭغۇتۇش كېرەك. بولمىسا ئىش قاملاشمايدۇ. بىلىلىغۇ ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. بىزنىڭ ئىشىمىز شۇنداق. ئۆزلىرى بولسىلا، كاسسىرنىڭ قولىغىلا قارايدىلا ... »

شۇنداق قىلىپ، ئىككى كۈنلۈك سەپەر تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. مەن قىزىمنى، ئۇنىڭ ئىمتىھان ئەھۋالىنى ئويلاپ تىتىلداشقىمۇ پۇرسەت تاپالمىدىم. لېكىن مەن ئالدىرايتتىم. ھېچبولمىسا ئاشۇ ئاخىرقى ئىككى مەيدان ئىمتىھانغا ئۈلگۈرۈپ

بارسام دەپ ئالدىرايتتىم. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام گازىرنى تولىمۇ كۆپ چاقىدىكەن. تاماكا چەكمەيدىغان ئادەم ئۇچۇن گازىر ئەڭ ياخشى مەلىكە قىلغۇچى بولسا كېرەك، ئۇ ئىككى سوتكا ئىچىدە تۆت كىلودەك گازىرنى چېقىپ بولدى. بىزمۇ مەنزىلگە ئىككى يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە يېقىنلاپ كەلدۇق. يەنە ئۈچ-تۆت سائەت ماڭساقلا مەنزىلگە يېتىۋالىمىز، مەن قىزىمنىڭ ئاخىرقى ئىككى مەيدان ئىمتىھانىــــغا مەدەت بېرەلەيمەن. ئەي خۇدا، يولىمىزنى راۋان قىل، تاڭدىن ئىلگىرى مەنزىلگە يەتكۈز ...

لېكىن چاتاق مانا شۇ چاغدا چىقتى. 8-ئىــــيۇل تۇگەپ سائەتنىڭ ئىسترېلكىسى 9-ئىيۇلغا ئاغقان مەزگىلدە ئۇستامنىڭ پۇتلىرى ماي تەپكىسىدىن كۆتۈرۈلدى. ماشىنا توختاپ قالدى. ئۇستام ماڭا قاراپ ئېغىر خۇرسىندى.

— مەن كۆپ تىرىشتىم. 8-ئىيۇل ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈش ئۇچۇن كۆپ تىرىشتىم. لېكىن تىرىشىشلىرىم بىكار كەتتى. بىز مەنزىلگە يېتىپ بارالمىدۇق. ئەمدى مەن ماڭالمايمەن. مۇشۇ يەردە بىر سوتكا توختايمىز. مەن ئەمدى توختىمىسام بولمايدۇ. مېنى كەچۈرسىلە ...

ئۇستامنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق ۋە غەمكىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ سىرلىق بىر ئەنسىزلىكنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ماشىنا توختاپ قالدى. لەنەت تەگكۈر 9-ئىيۇل بىزنــــى توختىتىپ قويدى. مانا ئەمدى بىز ماشىنىنى يولنىڭ قىرغىقىدا توختىتىپ قويۇپ، يول چېتىدىكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىــــدە ئەتىگەنلىك قۇياشقا، لەنەت تەگكۈر 9-ئىيۇلنىڭ قۇياشىغا قاراپ ئولتۇرۇپتىمىز. توختاپ قالغىنىمىــــزغا ئالتە سائەت بولدى. 9-ئىيۇلنىڭ باشلانغىنىغىمۇ ئالتە سائەت بولدى. هەي، لەنەت تەگكۈر 9-ئىيۇل، سېنى كالېنداردىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە بولماسمۇ؟ سېنى ئۇلۇغ، پارلاق، ئىزگۇ كۈنلەرنىڭ قاتارىدىن مەڭگۈلۈككە

چىقىرۋېتىشكە بولماسمۇ؟

مەن ئالدىرايتتىم. مەنزىلگە يېتىشكە، قىزىمنىڭ ئاخىرقى ئىككى مەيدان ئىمتىھانىغا بولسىمۇ مەدەت بېرىشكە ئالدىرايتتىم. ئالتە سائەت ئىچىدە دېمىگەن گەپلىرىم قالمىدى. يالۋۇرۇپ تىلىمىنىڭ، لەۋلىرىمىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشتى. لېكىن مۇنۇ كاج، ئۆز سۆزلۈك شوپۇرنىڭ قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ياتقىنى ياتقان. مەنغۇ ئۆز يۇرتلۇقلىرىمىنىڭ مەشھۇر كاجلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ھەتتا بۇنداق كاجلىقتىن، «بىرنى بىر دەيدىغان» ئۆز سۆزلۈكىدىن پەخىرلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمىمۇ بولغان. شەرەپ ھېس قىلغان. لېكىن مانا ئۆز بېشىمغا كېلىۋىدى، كاجلىقتىن يەتكۈچە تويدۇم، بىزار بولدۇم. ئۇستام بولسا پەقەت بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى:

— مەن 9-ئىيۇلدا ماڭالمايمەن. 9-ئىيۇلدا ماڭسام بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ چۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتىمىز. ۋاقىت ئۆتۈپ باراتتى، نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك. ئاشۋاقتى بولدى. چۈش بولدى. قىزىم ئاخىرقى ئىمتىھانغىمۇ كىرىپ كەتتى. شوپۇر ئۇستام كېچىدىلا مېنى ماشىنا توسۇپ يولغا سېلىپ قويماقچى بولغانتى، لېكىن قېرىشقاندەك ئەتىگەندىن چۈشكىچە يۇرتىمىز تەرەپكە بىرمۇ ماشىنا ئۆتمەي قويدى. قارشى تەرەپتىن كەلگەنلىرى بولسا بىرنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ تۇراتتى. ئەمدى ماشىنا توسقانىنىڭ، ئالدىرىغانىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. بەربىر ئۆلگۈرۈپ بارالمايتتىم. قۇم دۆۋىسىگە، شوپۇر ئۇستامنىڭ يېنىغا يانپاشلىدىم. ئۇ بولسا ھېكايىسىنى سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرەرمۇ؟ مەن قىزىمنىڭ ئىمتىھانىغا ئۆلگۈرۈپ بارالمىغانلىقىمغا ئەپسۇسلىناتتىم، ئېچىناتتىم. مۇشۇ قېتىمقى نەس باسقان سەپەرنى، قىزىمنىڭ ئۆزۈن سوزۇلغان بويىنىنى، دېرىزە تامان ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى تەسەۋۋۇر

قىلاتتىم.

قۇم قىزىپ كەتتى. چۆلدىن قىزىتىلغان تونۇر ھارارىتى ئۇراتتى. مەن ماشىنىنىڭ ئاستىدىكى سايىگە كىرىپ ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدىم. لېكىن ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام رەت قىلدى:

— ياق، ماشىنىغا يېقىنلىشىشقا بولمايدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ مۈلكى، ئۇستىدىكى يۈكمۇ دۆلەتنىڭ. بىز ئۇنى ئاسرىمىساق بولمايدۇ. 9-ئىيۇلنىڭ ئاپىتىنى ئۇنتۇغا يېقىنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ ...

— سىلە بىلمەيدىلا، 9-ئىيۇل دېگەن ئاپەتلىك كۈن. مەن 9-ئىيۇلدا زادىلا يول يۈرمەيمەن، ماشىنىغىمۇ يېقىنلاشمايمەن. مېنىڭ بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگىنىمگە بەش يىل بولدى. بەش يىلدىن بېرى ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە جامائەتنى چىللاپ تاڭ سەھەردە نەزىر ئۆتكۈزىمەن، دۇئا-تىلاۋەت ئوقۇتىمەن، لېكىن بۇ كۈننىڭ ئاپىتىنى يىراقلارغا قوغلىۋېتەلىگىنىم يوق. ئۇ 9-ئىيۇلنىڭ كىرىشى بىلەنلا ماڭا يېقىنلىشىدۇ ياكى ماشىنامغا يېقىنلىشىدۇ ... مەن ئۇنىڭدىن قېچىشىم كېرەك. زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن ماشىنىغىمۇ، باشقا نەرسىلەرگىمۇ يېقىنلاشماسلىقىم كېرەك ... ئەتىگەن ئۆزلىرىنى باشقا ماشىنا بىلەن يولغا سېلىپ قويۇاي دېگىنىم، ئۆزلىرىنى بۇ ئاپەتتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. بۇ كۈننىڭ ئاپىتىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن ئىدى. ئىلاجى بولمىدى. ئۆزلىرىنى يولغا سېلىپ قويالمىدىم. خۇدا پاناھىدا ساقلىغاي، ئۆزلىرىگە ئاپەتنىڭ قانتى تېگىپ كەتمىگەي، يا، ئۇلۇغ ئىگەم، قۇدرىتىڭ تەڭداشسىزدۇر. پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ھەممىمىزنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ...

ئۇستامنىڭ كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىك ئۇچقۇنلىرى پىلىلداپ تۇراتتى. قارىمۇتۇق چىرايى ئۆزۈن يىل سۇ كۆرمىگەن قۇم دۆۋىسىدەك، قايسى بىر يىلى قۇرۇپ كېتىپ ئۆزۈن يىل ئاپتاپتا

قالغان قومۇش غولىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. گەپ-سۆزلىرى سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. سۆز ئارىسىدا ئۆزى بىلىدىغان بىردىنبىر ئايەت «قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد» نى تەكرارلاپ قوياتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىكى ئەنسىزلىك ئاستا-ئاستا ماڭىمۇ ئۆتۈشكە باشلىدى. مەنمۇ قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك تاقەتسىزلىنەتتىم. 9-ئىيۇلنى ئاپەتلىك ھادىسىلەرگە، پاجىئەلىك ۋەقەلەرگە تولغاندەك ھېس قىلاتتىم. قىزىمنىڭ ئىمتىھانىغا ئۈلگۈرۈپ بارالماسلىقىم، سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولماسلىقى، ھېلىقى مال سېتىۋالغۇچىنىڭ لەنىتى قىياپىتى، چۆلنىڭ ئۆتتۈرىسىدا توختاپ قېلىشىمىز، تونۇردەك ئىسسىق كۈن ... ھەممىسى 9-ئىيۇلنىڭ ئاپىتىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاپەتنىڭ پەقەت 9-ئىيۇلدىلا كېلىشى تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلاتتى. ئەنسىزلىنەتتىم، قورقاتتىم. ھەر نېمە بولۇپ كەتسەممۇ، بۇلارنىڭ سىرىنى ئالدىن بىلىۋالغۇم كېلەتتى. ئادەم دېگەن ھەممە نەرسىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالايىقازانىڭ سىرىنىمۇ بىلىۋالغۇسى كېلىپ تۇرىدىغان مەخلۇق ئىكەن. مەن ئۇستامغا قاراپ خىتاب قىلدىم:

— 9-ئىيۇلدا ماڭمايمەن دەيلا، 9-ئىيۇل ئاپەتلىك كۈن دەيلا، مەن ھېچنېمىنى ئۇقالمىدىم. ئېنىقراق بىرنېمە دېسىلە، ئاپەتنىڭ قانتى نېمىشقا ماڭا تېگىپ كەتكۈدەك؟ نېمىشقا بۈگۈن ئاپەت كەلگۈدەك؟ نېمە ئاپەتكەن ئۇ؟ ئۇستام، ئېنىقراق سۆزلىسىلە، مەنمۇ بىلىپ قالاي، ھەرنېمە بولۇپ كەتسەممۇ نېمە بولغىنىمنى بىلىپ بولاي، بەلكىم ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بىرەر چارە تاپارمىز، ئېنىقراق سۆزلىسىلە ...

— ياق، بۇ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. سۆزلىسەم سۆزلەي، لېكىن ئاپەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. بىلەمدىلا، 9-ئىيۇلنىڭ ئاپەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئاشۇ كۈندە ماڭا بالايىئاپەت كېلىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم.

كىم قاچان ئۆزىگە بالا كېلىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ؟ كىم پالانى كۈنى ماڭا ئاپەت كېلەرمىكىن دەپ ئويلايدۇ؟ شۇنداق بىلمەيتتىم. لېكىن كېيىن تاسادىپىي بىلىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن 9-ئىيۇلنى دەككە-دۈككىدە ئۆتكۈزىدىغان، 9-ئىيۇل كۈنى يول يۈرمەيدىغان، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپ، دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۆيىنىڭ تۆرىگە يوشۇرۇنۇپ ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان بولدۇم. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىم. ئۇ بەربىر قاناتلىرى بىلەن مېنى ئۇرۇپ ئۆتىدۇ. بەدىنىمنى لەختە، يۈرىكىمنى قان قىلىدۇ. ماڭا ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئىلاج يوق، سۆزلىسەم سۆزلەي، مەن 9-ئىيۇلنىڭ ئاپەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى، نەس باسقان كۈن ئىكەنلىكىنى يەنىلا تاسادىپىي بىلىپ قالدىم. سىلىگە نامەلۇم، مېنىڭ ئوڭ قولۇم ئىككى قېتىم سۇنۇپ كەتتى. ھەر ئىككى قېتىم ئاشۇ خانئېرىقتا، بالىماسقا بېرىپ تاڭدۇردۇم. ئۇنىڭدىن باشقا نەگە باراتتىم؟ بىلىلىغۇ، ئۇ يەردە ئاتا ئىسلام ئۆز ئاتىسى بولغان مەشھۇر تېڭىقچى ئىسلامكامنىڭ ئىشلىرىنى داۋام قىلماقتا. ئۇدۇم دېگەن ئاجايىپ ئىش ئىكەن. ئۇدۇم بولسىلا، ئۇدۇمى بار قوللار تېڭىق تاڭسىلا، سۇنغان جاي تېز، ۋاقتىدا، ئەيىب-نۇقسانسىز ساقىيىدىكەن، بۇرۇنقى چاغلاردا ئىسلامكام تاڭغان سۇنۇق ئاشۇنداق نۇقسانسىز ساقىيىدىكەن. ھازىر ئاتا ئىسلام تاڭغان سۇنۇق ئاشۇنداق نۇقسانسىز ساقىيىدۇ. باشقا كىشىلەر تاڭغان سۇنۇق ئۇنداق ئاسان، ئۇنداق نۇقسانسىز ساقايمايدۇ. كىشىلەرنىڭ «ئۇدۇمى بار» دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك. شۇڭىمۇ مەن ھەر ئىككىلا قېتىمدا ئاتا ئىسلامنىڭ ئالدىغا باردىم. سۇنغان قولۇمنى ئاشۇ يەردە تاڭدۇردۇم. قولۇڭ نېمە سەۋەبتىن سۇنغان دەپ سورىماملا؟ بۇ بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇنقى ئىش. ئۈرۈمچىگە كېتىپ باراتتىم. ئاتۇشنىڭ ئۇ يېقىدا، شېكەركۆلنىڭ ئەتراپىدا ماشىنىنى ئۆرۈۋەتتىم. نېمە بولغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ، نېمىشقىدۇر

رولنى كۇچەپ ئوڭ تەرەپكە بۇرىغىنىم يادىمدا، شۇنىڭدىن كېيىن پۇلاڭلاپ ئىككى مېتىردەك چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتتۇق. راست، خۇدا ھەققى راست، ئالدىمىزدىن كېلىۋاتقان ھېچنېمە يوق ئىدى. رولنى نېمىشقا بۇرىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، ماشىنىنىڭ ئالدى جەنۇبقا بولۇپ قاپتۇ. بىچارە جانىۋار بىر دومىلاپ، چوڭقۇرلۇققا يەتكەندە يەنە چاقلىرى بىلەن ئۆرە توختاپتۇ. نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيمەن. كابىنكىدا يەنە ئىككى يولۇچى بار ئىدى، ئۇلارمۇ ھېچنېمە بولماپتۇ. كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشتۇم. يۇك جايىدا، ئارغامچىلار ئۈزۈلمەپتۇ. كابىنكىنىڭ ئازراق ئېزىلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماشىنا ساپمۇساق. يەنە كابىنكىغا سەكرەپ چىقتىم. ستاتورغا دەسسىسەم گۈرۈلدەپ ئوت ئالماسمۇ، دېمەك ماتورمۇ ساق ... ھەيرانمەن. ئۆرۈلگىنىمىزگىمۇ، ساپمۇساق تۇرغىنىمىزغىمۇ ھەيرانمەن. ئەقلىمنى يىغدىم. ئورەكتىن دەرھال چىقىۋېلىش لازىم ئىدى. ئەگەر چۆلدە ئېزىپ-تېزىپ يۈرگەن بىرەر قاتناش ساقچىسى كېلىپ قالسا، بىكاردىن-بىكار پىراۋىغا بەلگە ئۇرۇپ قوياتتى. ماينى ئۇلغايتىپ قوزغاپ باقتىم. ماتور كۈچىگەنلىكتىن ۋىڭىلداپ كەتتى. چاقلار تىرمىشاتتى. لېكىن ئېغىر يۇك بېسىلغان جانىۋار ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن چىقالايدىغاندەك ئەمەس. ئەمدى سۆرەپ قويىدىغان بىرەر رەھىمدىل ماشىنىنى كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئېزىپ-تېزىپ يۈرگەن قاتناش ساقچىسىمۇ كېلىپ قالدى. جىپتىن سەكرەپ چۈشۈپلا ئېغىزىدىن چىققىنى «نېمە ئىش بولدى؟ موللاق ئاتتۇقمۇ؟» دەپ سوراش بولدى. «ھەئە» دېدىم. نەخ مەيدان «مانا مەن» دەپ تۇرغان يەردە يوشۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى؟ پۇۋلىگۈزۈپ ئاغزىمدىن چىققان پۇراقنى ھىدلىدى. يول يۈرۈۋاتقاندا ھاراق ئىچىدىغان ئادىتىم يوق، ھاراق ئىچمىگەنىدىم. «ماشىنىنى كىم ھەيدىگەن؟» دەپ سورىۋىدى، يەنە «مەن» دېدىم. ئىشەنگۈسى يوق، خېلى ئۇزۇن

سوراق قىلدى. ئاخىرى ئىشەندى بولغاي، پىراۋامنى ئېلىپ، ھادىسە تۇغدۇرغىنىمنى، ئاي، كۇنىنى يېزىپ تامغا ئۇردى. ھېلىمۇ خېلى ئىنساپلىق ساقچى ئىكەن، ماشىنىنىڭ، ماتورنىڭ ساق ئىكەنلىكىنى تەكشۇرۇپ بىلگەندىن كېيىن پىراۋنى قايتۇرۇپ بەردى.

ساقچى كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سۆرەپ چوڭقۇرلۇقتىن چىقىرىپ قويىدىغان ماشىنىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇرۇمچى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئۆز شىركىتىمىزنىڭ ماشىنىسى ئىكەن. بىزنى كۆرۇپلا توختىدى. سىم ئارقان بىلەن ماشىنىلارنى چاتتۇق. يانتۇلۇقنى بويلاپ سۆرەپ چىقىرىدىغانغا كېلىشتۇق. مەن ئۆز ماشىنامدا رولنى باشقۇرۇپ ئولتۇردۇم. سۆرىلىپ-تىرمىشىپ يولغىمۇ چىقتۇق. چالا قالغان ئاپەت مانا شۇ چاغدا يۇز بەردى. قولۇم نېمىشقىدۇ رولدىن ئاجراپ كېتىپ قالدى. كۇچەپ بىر تەرەپكە ئۇرۇلغان رول چاقپەلەكتەك پىرقىراپ كەتتى. نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن، ئوڭ قولۇم جەينەكنىڭ تۆۋىنىدىن ساڭگىلاپ تۇرمامدۇ، لېكىن ھەيرانمەن، ئاغرىقتىن ئەسەر يوق. كابىنكىدىن سەكرەپ چۇشۇپ «قولۇم سۇندى» دەپ ۋارقىرىدىم. بەكمۇ كۇچەپ ۋارقىرىغان بولسام كېرەك، ھەممە چۆچۇپ كەتتى. لېكىن ئىشىنىدىغاندەك ئەمەس. چاقچاق قىلىشىدۇ. ئوڭ قولۇمنى كۆتۇردۇم. جەينەكنىڭ تۆۋىنىدىن خۇددى پىيازلىقتىكى قارانچۇقنىڭ يەڭلىرىدەك ساڭگىلاپ قالدى. شۇ كۇنى شىركىتىمىزنىڭ ھېلىقى بىزنى سۆرەپ چىقىرىپ قويغان ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەلدىم. نېمىشقىدۇر قولۇمنى ئاتۇشتا، قەشقەردە تاڭدۇرغۇم كەلمىدى. ئېتىقاد دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن. مەن پەقەت ئاتا ئىسلامغىلا ئىشىنەتتىم، شۇنداق قىلىپ قولۇم بىرىنچى قېتىم سۇنغاندا ئاشۇ ئاتا ئىسلامغا تاڭدۇردۇم. ئىشەنگىنىمدەك بولدى. قولۇم بىر ئايغا بارمايلا ئەيىبسىز، راۋۇرۇس ساقىيىپ كەتتى. قولۇم سۇنغان كۇنمۇ

يادىمدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئەسلەپ، خاتىرىلەپمۇ قويمىدىم. ئۇنى دېمىسىمۇ، قول سۇنغان ئىشنىڭ ئەسلىگۇدەك نېمىسى بار؟

قولۇم ئىككىنچى قېتىم سۇنۇپ كەتتى. باشقىلار ئۇرۇپ قولۇمنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئاشۇ كۇنى مەن كۆمۈر بېسىپ كېلىۋاتقانىدىم. بىر ئەگىمدىن ئۆتكەندە يامغۇر ياغقاندا سەل چۇشۇپ يولنى بۇزۇۋەتكەن يەرگە دۇچ كېلىپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ يولىدىن چىقىپ يولنىڭ سول تەرىپىگە قىستالدىم. دەل شۇ چاغدا قارشى تەرەپتىنمۇ بىر ماشىنا كېلىپ قالماسمۇ، ئىككىمىز قىستىلىشىپ قالدۇق. ئۇمۇ ئۆتەلمەيدىغان، مەنمۇ ماڭالمايدىغان هالەت شەكىللىنىپ قالدى. ئارقام داۋان ئىدى. ياناي دەپمۇ يانالمايتتىم. ماشىنىنى توختىتىپ، قارشى تەرەپتىن كەلگەن شوپۇرنىڭ كەينىگە يېنىپ يول بىكارلىشىنى كۇتۇپ ئولتۇردۇم. هېلىقى شوپۇر بېشىنى كابىنكىدىن چىقىرىپ ۋارقىرىدى.

— سەن شوپۇرمۇ ياكى هاڭگىيلىق ئوتۇنچىمۇ؟

ئۆز يولۇمدا ماڭمىغان خاتالىق مەندە ئىدى، ياۋاش بولدۇم، ئەهۋالنى چۇشەندۇردۇم، لېكىن كەسمىگەن توغراقتەك يوغان، بەڭگىدەك ياپما قاپاق شوپۇر تولىمۇ تېرىككەك ئادەم بولسا كېرەك، «سىڭلىڭنى، ئاناڭنى ...» دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى. ئاخىرى بۇنىڭدىمۇ پۇخادىن چىقماي كابىنكىدىن سەكرەپ چۇشۇپ كابىنكامغا ياماشتى. مېنى يەرگە سۆرەپ چۇشۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى. زاڭاقلىرىمغا چاڭگىلدىتىپ شاپىلاق سالدى. ئۇچىنچى ئۇرغىچە چىداپ تۇردۇم. ئۇچىنچى شاپىلاق كۆزلىرىمدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغىنىنى بىلمەيمەن. مەنمۇ ئوغۇل بالىغۇ، بىركىمنىڭ غالچىسى ئەمەس. ئېهتىمال چىداپ تۇرالمىغان بولسام كېرەك. ئاستى تەرەپتىن راسا كېلىشتۇرۇپ زاڭاققا سالدىم. ئىككىمىز پومداقلىشىپ-- مۇشتلىشىپ كەتتۇق. هازىر ئەسلىسەم، ئەگەر شۇ چاغدا بىرگە

بىر بولغان بولساق، ئۇنىڭ قانچە گەۋرى بولغىنىــــمۇ كارغا كەلمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ كابىنكىدا يەنە ئىككى ھەمراھىـــى بار ئىكەن. كىمدۇر بىرى ئەسكى ماشىنىنىڭ رەگەتكىسى بىلەن بىلىكىمگە كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالدى. ئەمدى قولۇم جەينىكىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ساڭگىلاپ قالدى. شۇندىمۇ بوي بەرمىــدىم. ھېلىقى پور كۆتەكنىڭ بۇرنىغا غەزەپ بىلەن ئۇسسۇدۇم. ئۈچ دېگەن بەرىبىر ئۈچ ئىكەن. ئورنۇمدىن تۇرالمىغۇدەك بولغىنىمدا تاشلاپ كېتىشتى ...

شۇ قېتىم ئىككىنچى نۆۋەت ئاتا ئىسلامنىڭ ئالدىغا باردىم. قولۇم سۇنۇپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە باردىم. پاساھەتلىك تېڭىقچى ھەيران بولۇپ قالدى:

— ئابلىمىت ئاخۇن، بۇ قانداق گەپ؟ ئالدىنقى يىلىمۇ 11-ئىيۇلدا كېلىلا، بۇ يىلمۇ 11-ئىيۇلدا كەپتىلا. مەن ھەر يىلى 11-ئىيۇلدا پەقەت ئۆزلىرىگىلا ساقلاپ ئولتۇرسام بولغۇدەك، — دەپ قالماسمۇ، ئەسلەپ كۆرسەم راست، تېڭىقچىنىڭ دەپتىرىگىمۇ شۇنداق پۈتۈكلۈك تۇرۇپتۇ. ئەسلىمىلەر قەلبىمدە روشەنلەشتى. ئالدىنقى قېتىممۇ شېكەركۆلدىن ئىككـــى كۈندە كەلگەنمەن، دېمەك، قولۇم 9-ئىيۇلدا سۇنغان . بۈگۈن 11-ئىيۇل بولسا، دېمەك قولۇم بۇ يىلمۇ 9-ئىيۇلدا سۇنۇپتۇ ... مەن ھەيران بولۇپ قالدىم. 9-ئىيۇل؟ بۇ نېمە كۈن ئىكەنە؟ مەن تېخىمۇ يىراقلارنى ئەسلەشكە باشلىدىم. بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن، يېڭىدىن شوپۇر بولۇپ «ئازاد» ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدەيدىغان چېغىمدا، ماشىنىنى دەل مۇشۇنداق ئىسســـق كۈنلەرنىـــڭ بىـــرىدە ئۆرۈۋەتكەنلىكىم ئېسىمگە چۈشتى. 9-ئىيۇل بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ دەرھال پىراۋامنى يانچۇقتىن ئېلىـــپ قارىدىم. راست، دېگەندەك 9-ئىيۇل، ماشىنا ھەيدەپ، شوپۇر بولۇپ ماشىنىنى ئىككى قېتىم ئۆرۈۋېتىپتىمەن. ھەر ئىككىلا ھادىسە 9-ئىيۇلدا بوپتۇ، ئىككى قېتىم قولۇم سۇنۇپتۇ. ھەر ئىككىلا قېتىـــم

9-ئېيۇلدا سۇنۇپتۇ ...

شۇ قېتىم قولۇم ساقايغۇچە سۆگەك قايىنتىپ ئىچىپ بىر ئايدەك ئۆيدىن تالاغا چىقماي ياتتىم. مېڭەمگە نېمىشقىدۇر ئاشۇ 9-ئېيۇل مەھكەم ئورنىشىۋالدى. ئۇيان ئويلايتتىم، بۇيان ئويلايتتىم. لېكىن ئاشۇ 9-ئېيۇلدىن قۇتۇلالمايتتىم. ماڭا كېلىدىغان بارلىق بالايىئاپەت، قازايۇ قەدەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ 9-ئېيۇلدىلا كېلىدىغاندەك، 9-ئېيۇل كۈنى بالايىئاپەتنىڭ قارا قانىتى بېشىمغا سايە تاشلايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بارا-بارا 9-ئېيۇلنىڭ ئۆز تەقدىرىم بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىگە، قىسمەتنىڭ 9-ئېيۇل كۈنىلا ماڭا كۈچى يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدىم. راست ئەمەسمۇ، 9-ئېيۇل كۈنى تۇپتۇز يولدا كېتىۋېتىپ ماشىنام ئۆرۈلۈپ كەتسە، بىكاردىن-بىكار قولۇم سۇنسا، شۇنچە يالۋۇرۇپ چىرايلىق گەپ قىلساممۇ ھېلىقى شوپۇر ئۇرۇپ قولۇمنى سۇندۇرۇۋەتسە، مەن 9-ئېيۇلنىڭ كارامىتىگە ئىشەنمەيمەنمۇ؟ ياق، ماشىنىنى مەن ئۆرۈۋەتتىم. ماڭا 9-ئېيۇلدىلا كۈچى يېتىدىغان تەقدىر ئۆرۈۋەتتى. قولۇمغا رەگەتكە بىلەن ئۇرغىنى ھېلىقى ياپما قاپاق شوپۇر ئەمەس، قىسمەت. مېنىڭ قولۇمنى سۇندۇرغىنى قىسمەت ... شۇنداق قىلىپ مەن 9-ئېيۇلنىڭ ئۆزۈم ئۈچۈن ئاپەت ھەمراھ بولىدىغان كۈن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدىم. ئىككى-ئۈچ قېتىمدەك ئۆلۈپ چۈش كۆردۈم. ئۆلۈۋېتىپ كالېندارغا قارىغۇدەكمىشمەن. كۆزلىرىمگە «9-ئېيۇل» دېگەن يوغان قارا خەت كۆرۈنەرمىش ...

قانداق قىلاي؟ ئادەمنىڭ تەقدىرى دېگەن ئۆز قولىدا ئەمەس ئىكەن. قولۇم ساقايغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن پال ئاچقۇزۇپ كۆردۈم. ئۆزلىرى پالغا ئىشەنمەيلا، شۇنداقمۇ؟ لېكىن ئىشىنىپ قالدىم. ھېلىقى ۋېجىككىنە، چىرايىدا ساقالدىن ئەسەرمۇ يوق، كىرپىكلىرى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ كەتكەن، كۆز گىرۋەكلىرى قىپقىزىل بولۇپ تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان پالچى

ھەممىنى تاپتى. «7-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۆزلىرىگە ئالۋاستى چىقىلىدۇ» دېدى. مەن داۋا سورىدىم. تۆت-بەش يۈز كوي پۇل خەجلىدىم. ئۇلار ئوقۇدى ، سۈپكۈچلىدى ... ئىسرىق سالدى، گۈلخان يېقىپ، پالاز قاقتى. كېيىن نېمە بولدى دېمەملا؟ ماڭا بالا كېلىدىغان كۈننى تېپىشىنغۇ تاپتى، لېكىن بالايىئاپەتنى قوغلىۋېتەلمىدى. مەن كېيىنكى يىللا بالايىئاپەت بىلەن يەنە دوقۇرۇشۇپ قالدىم ... بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ نېمە قىلاي؟ 9-ئىيۇلنىڭ ئاپەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى سەزگىنىمگە بەش-ئالتە يىل بولدى. يولغا چىقمايدىغان بولدۇم. ھەر يىلى 9-ئىيۇل سەھەردە جامائەتنى چاقىرىپ نەزىر ئۆتكۈزىمەن. دۇئا-تىلاۋەت قىلدۇرىمەن. ئۆيىنىڭ تۆرىگە كىرىپ، قۇرئاننى كۆكسۈمگە بېسىپ يوشۇرۇنۇپ ياتىمەن. لېكىن كەلمىشتىن قېچىپ قۇتۇلغىنىم يوق. قىسمەت شۇ كۈنى يەنىلا قارا قاناتلىرى بىلەن مېنى ئۇرۇپ ئۆتىدۇ. ۋۇجۇدۇمنى لەختە، يۈرىكىمنى قان قىلىدۇ ... ئالدىنقى يىلى نېمە بولدى دېمەملا؟ يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۆيۈمدە ئامراق خوتۇنۇم بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇرۇشۇپ قالدىم. ئۆتكەن يىلى نېمە بولدى دېمەملا؟ ئۈرۈمچىدىن يېقىن بىر دوستىمىز كەلگەنىدى، ئاغىنىلىرىمدىن بىرى ئۇنى ئۆيىگە چىللاپتۇ. ئەلۋەتتە ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مېنىمۇ چىللاپتۇ. بارماي دېسەم ئۇناشمىدى. مەشھۇر ناخشىچى سالامەتخاننىڭمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قىزىقتۇرۇشتى. باردىم. لېكىن بۈگۈن 9-ئىيۇل ئىكەنلىكىنى، ئارقامدىن بالايىئاپەتنىڭ مارىلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇمىدىم. قانچە زورلىسىمۇ ئىچمىدىم. پەقەت ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھماننىڭ كۆڭلىنى قايتۇرالماي ئىككى رومكىلا ئىچتىم. ئاخىرى نېمە بولدى دېمەملا، ئولتۇرۇشتىن تارقاپ چىققىنىمىزدا خۇپتەندىن يانغان جامائەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدۇق. دەلدەڭشىگەن ئوخشايمەن، «ئابلىمىتمۇ سەن؟ ھۇ، دىندىن چىققان ئىمانسىز» دېيىشتى ئۇلار، كىمدۇر بىرى ياقامدىن

قاماللاپ تەستىكىمگە ئىككىنى سالدى. گەپ-ئۈنسىز جىم تۇرۇۋالدىم. ئەگەر بىرەر قارشى گەپ قىلسام، نېمە ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۆزۈم بىلەتتىم. ئەسەبىيلەشكەن تەلۋىلەر كېچىسى ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى. ئاخىرى ئۇلار مېنى ئۆلۈم بىلەن، دوزاخ بىلەن بىر ھازا قورقۇتۇشقاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىشتى ...

ئەھۋال مانا شۇنداق، بىلەمدىلا، خوتۇنۇم بىلەن ئۇرۇشقىنى، ئۇنىڭ نازۇك دىلىنى رەنجىتكىنى مەن ئەمەس. مېنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىنى، قەلبىمنى يارا قىلغىنى خوتۇنۇم ئەمەس، ئۇ قىسمەت. ئاشۇ 9-ئىيۇلدا ماڭا كۈچى يېتىدىغان قىسمەت. تەستىكىمگە ئىككى شاپىلاق سالغىنىمۇ مەھەللىمىزدىكى مەسچىتنىڭ جامائەتلىرى ئەمەس. ئۇ 9-ئىيۇل كۈنىلا ئۇچۇپ كېلىدىغان بالايىئاپەتنىڭ قارا قاغىسى ...

مەن 9-ئىيۇلدا يولغا چىقمايمەن. ماشىنا ھەيدىسەم تېخىمۇ بولمايدۇ. پەقەت كۈتۈپلا ئولتۇرىمەن. خۇداغا سېغىنىمەن، ئامانلىق تىلەيمەن. ئۆزلىرىنى 8-ئىيۇل ئاياغلىشىشتىن ئىلگىرى مەنزىلگە يەتكۈزۈشكە بار كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم، لېكىن ئىككى مىڭ كىلومېتىر يول دېگەن قىسقا مۇساپە ئەمەس ئىكەن. قانات ياساپ ئۇچۇشقا ئامال بولمىدى. ئەمدى مانا ئۆزلىرىنى چۆلگە تاشلاپ قويدۇم. كەچۈرسىلە، بۈگۈن نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟ بالايىئاپەتنىڭ قارا قاغىسى قايسى تەستىكىمگە ئۇرىدۇ؟ بۇ ماڭا سىر. ئۆزلىرىگىمۇ سىر، باشتا دېدىم، بۇ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان بالايىئاپەت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق. ئۇلۇغ خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسا، سائەتنىڭ ئىسترېلكىسى 10-ئىيۇلغا قەدەم بېسىشى بىلەنلا يولغا چىقىمەن، ئۆزلىرىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ بارىمەن. ئۇلۇغ خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئامانلىق بەرگەي، «قۇلھۇۋەئاللاھۇ ئەھەد ... »

ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ مۇڭلۇق، غەمكىن ئاۋازى

ئاستا-ئاستا پەسەيدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تۈگىگەنىدى. چۆل خۇددى ھېكايە ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغاندەك جىمجىت. چۈشتىن كېيىنكى ئۇيقۇ ئادەمنىڭ دېمىنى سىقاتتى. دېمىم سىقىلغاندەك بولۇپ قالدىم. ئۇستامنىڭ ھېكايىسىگە ئىشىنىشنىمۇ، ئىشەنمەسلىكنىمۇ بىلمەيتتىم. قەلبىمنىڭ تۆرىدىكى ئاللىقانداق بىر تۇيغۇ ئىشىنىشكە زورلىغاندەك قىلاتتى. سەۋەب نەدە؟ بالايىئاپەت — ئابلىمىت ئاخۇنغا كېلىدىغان كەلمىش نېمىشقا 9-ئىيۇلغىلا يېغىلىپ قالىدۇ؟ نېمىشقا، نېمىشقا ... تالاي سوئاللار ئەقلىمنى غىدىقلايتتى. قىزىمنىڭ ئىمتىھانىغا ئۈلگۈرۈپ بارالماسلىقىم، ئايروپىلانغا بېلەت ئالالماسلىقىم، چۆلدىكى ئىسسىقتا قىيىنىلىشىم ... ھەممىسى قىسمەتنىڭ، كاج تەقدىرنىڭ كاساپىتىدىنمۇ؟ 9-ئىيۇل راستتىنلا نەس باسقان كۈنمىدۇ؟ 9-ئىيۇلدا خۇشال بولارلىق ئىشلار بولمىغانمىدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ 9-ئىيۇلدا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى، كەچمىشلىرىمنى ئەسلەشكە تىرىشتىم. لېكىن ھېچقايسىسى يادىمدا يوق ئىدى. ھەتتا ئۆتكەن يىلقى 9-ئىيۇل كۈنىنىمۇ يادىمغا ئالالمىدىم.

— ئۇستام، ئەسلەپ كۆرسىلە، 9-ئىيۇلدا بىرەر خۇشال بولارلىق ئىشلارمۇ بولغانمۇ، يوق؟ مەسىلەن، توي قىلغان كۈنلىرى، پەرزەنتلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرى، خىزمەتكە ئورۇنلاشقان كۈن، مەكتەپ پۈتتۈرگەن كۈن، تۇنجى مائاش ئالغان كۈن ... دېگەندەكلەردىن 9-ئىيۇلدا بولغانلىرى بارمىكىن؟

ئۇستام قۇم دۆۋىسىنىڭ باغرىدا ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. ئۇ چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك ئۇزۇنغىچە جىممىدە ياتتى.

— ياق، بۇنداق كۈن يوق، مەن بۇرۇنمۇ ئويلاپ كۆرگەن. توي قىلغان، پەرزەنت يۈزى كۆرگەن، ئىشقا ئورۇنلاشقان كۈنلىرىم باشقا. بىلىلىغۇ، بىز ئىشچى، ئىشچى دېگەنگە مائاشنى ئاينىڭ ئاخىرىدا بېرىدۇ. 9-ئىيۇلدا مائاش ئېلىپ باققىنىممۇ يوق. مەن ھەر يىلى 9-ئىيۇلدا بىرەر خۇشاللىق ئىشنىڭ يۈز

بىرىشىنى، تاتلىق، چىرايلىق گەپلەرنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىمەن. ھەتتا پەرزەنتلىرىمنىڭ بوينۇمدىن قۇچاقلاپ ئەركىلىشىنىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ كۈندە باللىرىممۇ ماڭا يېقىنلاشمايدۇ. ئېھتىمال كۆزلىرىمدىن قورقۇنچلۇق يېشىل نۇر، ۋۇجۇدۇمدىن مۇزدەك ھاۋا چىچىلىپ تۇرسا كېرەك. مەن شۇ كۈنى پەرزەنت مېھرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالىمەن. مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، پەقەت كۈتىمەن. ئاللىقانداق بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى، قارا قاناتلىق بالايىئاپەتنىڭ دەھشەت سېلىپ ئۇچۇپ كېلىشىنىلا كۈتىمەن ...

— ئۆزلىرى نەچچە ياشقا كىردىلە؟

— ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىردىم. مەن قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى تۇغۇلغانىكەنمەن. دەسلەپتە قۇربان دەپ ئىسىم قويماقچى بولۇشقانىكەن. كېيىن نېمىشقىدۇر ئابلىمىت قويۇشۇپتۇ. بۇنى ئانام سۆزلەپ بەرگەنىدى.

مەن ھېسابلاپ كۆردۈم. بۇ يىلقى قۇربان ھېيتقا يەنە يەتتە كۈن بار ئىدى. «ئۇنىڭ ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگىنى توغرا. ئوتتۇز ئالتە يىلدا بىر قېتىم چۆرگىلەپ كېلىدۇ دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ، بۇ يىل 16-ئىيۇل قۇربان ھېيت بولىدۇ. ئۇنداقتا قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى تۇغۇلغان بولسا 18-ئىيۇلدا تۇغۇلغان بولىدۇ. بەلكىم 19-ئىيۇلدا، ياق، كېلەر يىلى 7-ئىيۇلدا قۇربان ھېيت بولىدۇ. قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى تۇغۇلغان؟ دېمەك 9-ئىۇل. 9-ئىيۇل، بۇ ئۇستامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئەمەسمۇ؟ راست، شۇنداق. ئۇستام ئوتتۇز ئالتە ياش ئەمەس، ئوتتۇز بەش ياش ... »

مەن بىردىن نېمىدۇر بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم. قەلبىمدە يېڭى، سىرلىق، قورقۇنچلۇق بىر پىكىر باش كۆتۈرمەكتە ئىدى. « ... ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇستامغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەت ھەريىلى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە كەلگەن

بولىدۇ. بالايىئاپەت ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا باشلانغانمىدۇ؟ ئۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەنلا بالايىئاپەت ئۇنىڭغا يېپىشقانمىدۇ؟ راست، ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا بىر چوڭ ئۇقۇشماسلىق. ئۇنىڭ بۇ جاپا-مۇشەققەتكە، غەم-ئەندىشىگە، ھەسرەت-نادامەتكە تولغان دۇنياغا كېلىپ قېلىشىلا بىر چوڭ پاجىئە. ئۇقۇشماسلىقتىن يۈز بەرگەن، ئۆز ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان بىر پاجىئە. راست، ئۇنىڭ بۇ پاجىئەسى بەزىدە خۇشاللىقتىن رەڭلىنىپمۇ قالىدۇ. لېكىن بۇ رەڭ ئۆتكۈنچى، خۇددى يامغۇردىن كېيىن ئۇپۇققا كۆتۈرۈلگەن ھەسەن-ھۈسەندەك بىردەملىك، ئۇ تېز ئارىدىلا ئۆز رەڭگىنى يوقىتىدۇ. جاپا-مۇشەققەت، غەم-ئەندىشە، ھەسرەت-نادامەتنىڭ قوينىغا سىڭىپ يوق بولۇپ كېتىدۇ. ئادەمگە نېمە قالىدۇ؟ يەنە ئاشۇ بالايىئاپەت، ئەنسىزلىك، ئۆز كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش ئىستىكى بىلەن قوزغالغان ئىنتىلىش، ئاھ، خۇدا، راستتىنلا بىر پاجىئە، پاجىئە ...»

«ئۇستام نېمىنىدۇر خاتا چۈشىنىپ قالغان، ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالايىئاپەت راستتىنلا بىر كۈنگىلا مەركەزلىشىپ قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ يۈك ئىزدەپ غەم-ئەندىشە چېكىشى، ھېلىقى ھاكاۋۇر مال سېتىۋالغۇچىغا باج تۆلىشى، ۋەزىپىنى ئورۇندايمەن دەپ چۆل-جەزىرىلەردە چېپىپ يۈرۈشى، نېمىنىڭدۇر كۆلەڭگىسىدىن قورقۇپ 9-ئىيۇلدا يوشۇرۇنۇۋېلىشى ... ھەممىسى بالايىئاپەت ئەمەسمۇ؟ ھەممىسى پاجىئە ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ھاياتتىن نېمىلەرنىدۇر كۈتۈشى، پەرزەنتلىرىدىن مېھىر-مۇھەببەت تەمە قىلىشى، ئارزۇ-ئارماننىڭ ئارقىسىدىن پايپېتەك بولۇشى پاجىئە ئەمەسمۇ؟ بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئاھ، خۇدا، ئۇ پاجىئەلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ئۇنى سەزمەيدۇ. بالايىئاپەتنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ بالايىئاپەتنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. ھەممىنى 9-ئىيۇلدىن، 9-ئىيۇلنىڭ قۇياشىدىن، 9-ئىيۇلنىڭ دەقىقە-مىنۇتلىرىدىن

كۆرىدۇ. بۇ پاجىئە ئەمەسمۇ؟ ...»

مەن ئوي-خىيالنىڭ غەلۋىرىدە تاسقىلاتتىم. قەلبىمنى ئۈمىدسىز، خۇنۈك، نادامەتلىك پىكىر چۇلغاپ كېلەتتى. نېمىنىدۇر چۈشەنمەكچى، نېمىنىڭدۇر سىر-تۈگۈچلىرىنى يەشمەكچى بولاتتىم. پىكىرلىرىمنىڭ كېيىنكىلىرى ئالدىنقىلىرىنى رەت قىلاتتى. قەلبىمدە نۇرغۇنلىغان مەركەزداش چەمبەرلەر پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. نېمىشقىدۇر ئاشۇ مەركەزداش چەمبەرلەرنىڭ مەركىزىدە «9-ئىيۇل» خۇددى سىركۇلنىڭ يىڭنىسىدەك قادىلىپ تۇراتتى. «9-ئىيۇل؟ بۇ ئۇستامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، پاجىئەلەرنىڭ پاجىئەسى يۈز بېرىدىغان كۈن. باشقا كۈنلەردە پاجىئە يوقمىدۇ؟ باشقا كۈنلەردە پاجىئە يۈز بەرمىگەنمىدۇ؟ باشقا كۈنلەر قۇياشنىڭ نۇرى ئىللىق، ئىسسىق، يۇمشاق بولۇپ، پەقەت 9-ئىيۇل قۇياشنىڭ نۇرىلا مۇزدەكمىدۇ؟ ...»

«پاجىئەلەرنىڭ پاجىئەسى ئۇستامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە يەنى 9-ئىيۇلدا يۈز بېرىدىكەن. باشقىلارنىڭ پاجىئەسىنىڭ پاجىئەسىمۇ تۇغۇلغان كۈنلىرىدە يۈز بېرىدىغانمىدۇ؟» ئاشۇ سوئال مېڭەمگە كىرىشى بىلەن يەنە ئىزدىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان كۈننى بىلمەيتتىم. مەن تۇغۇلغاندا ئاتا-ئانام بۇ كۈننى قۇتلۇق ھېسابلىمىغانمۇ، خاتىرىلەپ قويۇشمىغانىكەن. شۇنداق بولغاچقا ئۆز پاجىئەلىرىمنىڭ پاجىئەسى مەركەزلەشكەن كۈننى تېپىشقا ئامالسىز قالدىم. مېنىڭمۇ بالايىئاپەتلەرنىڭ ئارىسىدا بالايىئاپەتكە ئۇچرىغان كۈنلىرىم يوق ئەمەس ئىدى. لېكىن قايسى كۈن؟ ئېسىمگە ئالالمىدىم.

قىزىم — ئاشۇ ئىمتىھان مەيدانىنىڭ دېرىزىسىدىن بويىنىنى چۇجە خورازدەك سوزۇپ قاراۋاتقان قىزىم ئېسىمگە كەلدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، كىچىككىنە ئەركە ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يادىمدا ئىدى. قىزىمغا، ئوغلۇمغا، تۇغۇلغان كۈنلىرىدە ...

دەھشەت بىلەن ئۆرۈلگان گۈلدۈر-قاراس سادا پىكىر-خىياللى-رىمنى ئۈزۈۋەتتى. بىز گويا بۆرىدىن چۆچۈگەن كېپىكلەردەك ئورنىمىزدىن سەكرەپ تۇرۇشتۇق. قۇم دۆۋىسىگە يامىشىپ چىققىنىمىزدا چاڭ-توزاننىڭ ئارىسىدا قىڭغىيىپ تۇرغان ماشىنىمىزغا كۆزىمىز چۈشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا — ئون مېتىردەك يىراقلىقتا ئوخشاش تىپلىق بىر ماشىنا توختاپ تۇراتتى. قانداقتۇر بىر ھادىسە يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. بىز يۈگۈرۈشۈپ ماشىنىنىڭ يېنىغا بېرىشتۇق. ماشىنىمىزنىڭ ئارقا سول تەرەپ كوزۇپ جازىسى ئاجراپ يېرىم مېتىردەك سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئارغامچىلار ئۈزۈلۈپ يۈكلەرنىڭ بىر قىسمى تۆكۈلۈپتۇ. خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ ماشىنا يولنىڭ سىرتىغا دومىلاپ كەتمەپتۇ ...
بىز ئالدى تەرەپتە توختىغان ماشىنىغا تىكىلدۇق. ئاشۇ ماشىنىنىڭ ماشىنىمىزغا ئۇرۇلغانلىقى ئېنىق ئىدى. سېرىق چاچ خام سېمىز شوپۇر يېنىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى:
— خۇدا ھەققى، كەچۈرۈڭلار، كۆزۈم قىلدەك ئىلىنىپ قالغانىكەن، كۆزۈمنى ئېچىۋىدىم، ماشىناڭلارغا قاراپ ئۇسكەك بۇقىدەك تۇرتۇپ كېلىۋېتىپتىمەن، رولنى كۈچەپ سولغا ئۇردۇم. نېمە ئىش بولغىنىنى بىلمەيمەن، كەچۈرۈڭلار. ھەممە چىقىمنى مەن تۆلەيمەن، بۇزۇلغان يەرلەرنى ياستىشقا مەن مەسئۇل، كەچۈرۈڭلار ...
مەن ئەمدى ھەممىگە، 9-ئىيۇل ۋەقەلىرىنىڭ چۆچەك ئەمەسلىكىگە، بالايىئاپەتنىڭ قارا قاناتلىرىنىڭ ماشىنىمىزغا ئۇرۇلۇپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدىم. كۆزۈمنى ھېلىقى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن سېرىق چىراي شوپۇردىن يۆتكەپ ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ قاراماتاق چىرايىغا نەزەر سالدىم. ئۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، جاھاننى قاپلاپ كېلىۋاتقان قارا بوراننى خاتىرجەم كۈتۈۋاتقان چۆل قويچىسىدەك بەخىرامان تۇراتتى. كۆزلىرىدە ئازراق قالدۇق ئەنسىزلىكمۇ يوق ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭغا نەزەر

سىلىپ تۇرغىنىمدا، ئۇ نېمىشقىدۇر ھېلىقى سېرىق چىراي
شوپۇرغا قاراپ دوستلارچە كۈلۈمسىرەپ قويدى:
— ھېچ ئىش يوق، بۇزۇلغان يەرنى ياسىۋالىمىز.
ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىغا بىرەر زەخمەت يەتمىدىمىكىن؟
سېرىق چىراي شوپۇر ئەمدىلا ئۆز ماشىنىسىنى يادىغا ئالغان
بولسا كېرەك، خام سېمىز گەۋدىسىنى سۆرەپ ماشىنىسى تەرەپكە
پايپاسلىدى. بىزمۇ ئەگەشتۇق. ماشىنىنى بىر چۆرگىلەپ
تەكشۈردۇق. خۇدا گۇۋاھ، ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ھېچقانداق زەخمەت
يەتمىگەنىدى. پەقەت ئوڭ تەرەپ كوزۇپ جازىسىنىڭ ئالدى تەرىپى
كىچىككىنە سىجىلىپ كېتىپتۇ. سىرلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس
تۆكۈلۈپتۇ ...
سېرىق چىراي شوپۇرنى ھەيرانلىق قاپلىدى. مەنمۇ ھەيران
ئىدىم. 9-ئىيۇلنىڭ ئاجايىپ ۋەقەلىرىگە، بالايىئاپەتنىڭ تۆمۈر
قاناتلىرىنىڭ پەقەت ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ ماشىنىسىغىلا
تېگىپ ئۆتىدىغانلىقىغا ھەيران ئىدىم. پەقەت ئابلىمىت ئاخۇن
ئۇستاملا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك، ئىلگىرىلا
پەرەز قىلغاندەك خاتىرجەم تۇراتتى.
ئۆز ماشىنىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدۇق. تۆمۈر لوم،
بولقىلار بىلەن ئۇرۇپ كوزۇپنىڭ بۇزۇلغان جايىنى ئوڭلاش ئۈچۈن
ھەپىلەشتۇق. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ «ئۆزلىرى
كېتىۋەرسىلە، ھېچ ئىش يوق، ئۆزىمىز ئوڭشىۋالىمىز،
يولىلىرىدىن قالمىسىلا» دېگىنىگە قارىماي ھېلىقى سېرىق چىراي
شوپۇرمۇ كېلىپ ياردەملەشتى. بىرنېمىلەرنى قىلىپ كوزۇپنىڭ
ئاجراپ كەتكەن جازىسىنى ئەسلىي ئورنىغا يېقىنلاشتۇردۇق. سىم
بىلەن ئارقا جازىغا تاڭدۇق. ئەسلىدىكىدەك ئوڭشالمىغان
بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى يەنە ئۈستىگە بېسىلغان يۈكنى تىرەپ
تۇرالايدىغان ھالغا كەلگەنىدى. چېچىلىپ چۈشۈپ كەتكەن يۈكلەرنى
قايتا باستۇق. ئۈزۈلگەن ئارغامچىلارنى ئۇلىدۇق. ئەمدى تېڭىشلا

قالغانىدى. مەن «ئەمدىغۇ ھەممە بالايىئاپەت ئۆتۈپ كەتكەندۇ» دەپ ئويلايتتىم. بىرقانچە قېتىم ئاشۇنداق مەنىدە ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدۇم. لېكىن ئۇ ھېچنېمە دېمەيتتى. كۆزلىرىدىن قالدۇق ئەنسىزلىكنىڭ شولىسى بىلىنەر-بىلىنمەس ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. قۇياش، لەنىتى 9-ئىيۇلنىڭ قۇياشى چۆل گىرۋىكىگە يوشۇرۇنغان، كەچكى شەپەق قىزىل جىيەك بولۇپ ئۇپۇق بىلەن چۆلنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. 9-ئىيۇل تېخى تۈگىمىگەنىدى. مەن «9-ئىيۇل ئاياغلاشماي تۇرۇپ، ئۇستامنىڭ كۆزلىرىدىكى ئەنسىزلىك شولىسى ئۆچمىسە كېرەك» دەپ ئويلىدىم.

ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام ماشىنىنىڭ ئۇستىدە ئارغامچىلارنى تارتىپ چىڭىتماقتا ئىدى. سېرىق چىراي شوپۇر بولسا پەستە، چىڭىتىلغان ئارغامچىلارنى كوزۇپنىڭ تۆۋىنىدىكى ئىلمەكلەرگە ئىلىپ-چىگىپ تۇراتتى، «تارس» قىلىپ قالدى. كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ماشىنىنىڭ ئۇستىدە ئارغامچىلارنى چىڭىتىۋاتقان ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. ئارغامچا ئۈزۈلگەنىدى. مەن «ئەمدى ئۇنىڭ قولى سۇندى» دەپ ئويلىدىم. مېڭەمدىن «ئەتە يېتىپ بارىمىز، ئاتا ئىسلام ئۇنىڭ قولىنى يەنە 11-ئىيۇلدا تاڭىدىغان بولدى ... » دېگەن پىكىر چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. پالاقشىپ بېرىپ ئۇستامنى يۆلىدىم. ئۇ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، ئىنجىقلايتتى. نەپەس ئالالماي قىينىلاتتى. چېكىسىدىن ئاققان قىپقىزىل قان قارىمۇتۇق چىرايىنى بويلاپ سىرغىپ تۇراتتى. «ئاھ، لەنىتى 9-ئىيۇل، سېنىڭ پاجىئەلىرىڭ تېخى تۈگىمىگەنىكەن-دە» .

بىر ھازادىن كېيىن ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام پۇشۇلداپ ئېغىر نەپەس ئالدى. كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا ئۆزى بىر يىلدىن بېرى كۈتكەن ئاللىقانداق بىر ئىشنى كۈتۈۋېلىۋاتقاندەك بەخىرامانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— تۆگىدى، ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم ...

— ئۇستام قوللىرى ... قوللىرى ساقمۇ؟

ئۇ قوللىرىنى كۆتۈردى. چىكىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان قىزىل، ئىسسىق قاننى سىيلىدى.

— قولۇم ساق، بۇ قېتىم قىسمەت چېكەمگە ئۇرۇپ ئۆتۈپتۇ.

مەن ھەيرانلىقتا لال ئىدىم. قەلبىم سوئاللارنىڭ ئىلمەكلىرىگە ئېسىلىپ تېپىرلايتتى: «ئويۇنۇڭ تولا، قىسمەتلىرىڭ ئاندىن كۆپ خۇدايىم، يەنە نېمە كارامەتلىرىڭ بار؟ بىزگە كۆرسەتمىگەن يەنە نېمە كارامەتلىرىڭ بار؟ ... »

مەن ھەيرانلىقتا لال ئىدىم. خۇدانىڭ، 9-ئىيۇلنىڭ، ئادەملەرنىڭ يەنە كۆزگە كۆرۈنمەس، قول بىلەن تۇتقىلى بولماس ئاللىقانداق مۆجىزىلىك نەرسىلەرنىڭ كارامەتلىرىگە ھەيران ئىدىم. ئىشەنچسىز، ئېتىقادسىز، خۇنۇك، يىغلاڭغۇ قەلبىمگە نېمىدۇر بىر نەرسە سايە تاشلاپ ئۆتكەندەك، نېمىدۇر بىر نەرسە چۈشىنىكسىز، رەڭسىز، پۇراقسىز، تەمسىز بىر نەرسە تولۇپ بېرىۋاتقاندەك، شەكىلسىز، مىزانسىز، سالماقسىز بىر نەرسە ئۇسسۇپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. «ئاھ، كارامەتلەرگە تولغان دۇنيا! ... »

ئاشۇ كۈنى، لەنەتتەگكۈر 9-ئىيۇلنىڭ قۇياشى ئاللىقاچان ئۆچكەن بولسىمۇ، بىز تاكى سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى 10-ئىيۇلنىڭ تۈنجى دەقىقىلىرىگە لەۋ تەگكۈزگىچە چۆلدىن قوزغالمىدۇق. ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستام يەنە نېمىنىدۇر كۈتەتتى. مەنمۇ كۈتەتتىم. ئەمدى مېنىڭ كۈتۈۋاتقىنىم ئېنىق ئىدى. مەن ئاشۇ مودا يىگىتلەردەك كېيىنگەن، ئاخۇنلاردەك سىپايە، مۆمىن بەندىلەردەك ئېتىقادلىق ئۇستامغا يەنە نېمە كەلمىشلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتىم. ھەيھات، سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى لەنەتتەگكۈر دەقىقىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىنىمۇ يالاپ ئۆتتى. قۇلىقىمغا «يا

بىسمىللا ... » دېگەن يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى. بىز قوزغالدۇق. ھەممە ئۆتۈپ كەتكەن، ئەندىشە قۇيۇنلىرىمۇ، بالايىئاپەتنىڭ قارا قاغىسىمۇ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بىزنى پارلاق، گۈزەل، تىنچ، خاتىرجەم كۈن كۈتۈپ تۇراتتى.

مەن 10-ئىيۇلنىڭ پارلاق قۇياشى شەرق تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەندە ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدىم. ئىمتىھان مەيدانىغا بارمىدىم. قىزىمنىڭ ئاخىرقى ئىمتىھانلىرىمۇ تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنلا تۈگىگەنىدى. مېنى ئەمدىلا ئويقۇدىن كۆز ئاچقان قىزىم كۈتۈۋالدى. بوينۇمغا گىرە سېلىپ ھۆڭرەپ يىغلىدى. مەن ئۇنىڭ دولىسىنى، يۇمشاق چاچلىرىنى سىلاپ پەپىلىدىم. كېيىن سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ ئىمتىھانلىرى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. ئۇ مەكتىپىدىكى ئەڭ ناچار ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر ئىمتىھان مەيدانىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. مۇزاكىرىلىشىپ، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ئىمتىھان بېرىشكە ئىمكان بولماپتۇ. ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار ھاكىمنىڭ، شۇجىنىڭ، ئىدارە باشلىقىنىڭ، بۆلۈم باشلىقىنىڭ، دىرېكتورنىڭ بالىلىرىنى ئەلاچىلار بىلەن بىرگە ئوتتۇز ئالتىنچى مەيدانغا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. قىزىم ئۇ يەرگە سىغماپتۇ. كونا خىزمەتداشلىرىمۇ ياردەم بېرەلمەپتۇ. تۈگۈنچەك قەغەزلەرنى شۇڭغۇتىدىغانلار ئوتتۇز ئالتىنچى مەيداننىڭ ئىشىكىدىن، دېرىزىسىدىن يىراق كېتىشمەيدىكەن. قىزىم ئولتۇرغان ئىمتىھان مەيدانىدا بولسا، قەغەز شۇڭغۇتىدىغان ئىشلار تازا قاملاشماپتۇ، مەن بولمىغاچقا ئانىسى قاملاشتۇرۇلماپتۇ ... شۇنداق قىلىپ قىزىم كۆڭۈلدىكىدەك ئىمتىھان بېرەلمەپتۇ.

— ئانچە-مۇنچە بىر نەرسە يازالىدىڭىزمۇ؟

— يېزىشنىغۇ يازدىم. ئىمتىھان قەغىزىنى چالا قويماي تولدۇردۇم. لېكىن ...

— خۇدا يۆلەر، قىزىم، پېشانىڭىزگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرىسىز. ئالىي مەكتەپلەرگە، يەنە كېلىپ ئەڭ ياخشى

ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ قىلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. پېشانىڭىزگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرمەي ئىلاجى يوق، — مەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردىم.

قىزىم زېرەك، ئەقىللىق ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىمتىھاننى يامان ئەمەس بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. پەقەت بىرلا ئىش تۈنۈگۈندىن بېرى كۆڭلۈمگە ئەنسىزلىك سېلىپ تۇراتتى. ئۇ 7-ئاينىڭ 7-كۈنى تۇغۇلغان. خەنزۇ رىۋايەتلىرىدىكى پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز سامان يولىدا ئۇچرىشىدىغان كۈندە، ئۇلارنىڭ يېقىملىق پىچىرلاشلىرى تال بوستاننىڭ ئاستىدا، ئايدىڭ كېچىدە ئاڭلىنىدىغان كۈندە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئەگەر ئابلىمىت ئاخۇن ئۇستامنىڭ قىسمەتلىرىدىكىدەك، ھەممە بالايىئاپەت تۇغۇلغان كۈندە كېلىدىغان بولسا ... مەن پەقەت مۇشۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتىم. قىزىمنىڭ ئاشۇ كۈندىكى ئىككى قېتىملىق ئىمتىھانىدىن ئەنسىرەيتتىم. خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلا، قىزىمنى يۆلە، ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بول ...

كۆپ ئۆتمەي ئىمتىھانلارنىڭ نەتىجىسىمۇ كېلىشكە باشلىدى. ئەنسىرىگىنىم بىكار ئەمەس ئىكەن. قىزىم ئۆتەلمەپتۇ. بېكىتىلگەن نومۇر چېكىدىن ئوتتۇز نومۇر كەم ئاپتۇ. نومۇر جەدۋىلىدىن بىلدۇقكى، قىزىم تۇنجى كۈندىكى دەسلەپكى ئىككى ئىمتىھاندا دۇم چۈشۈپتۇ. ئەمدى ئىلاج يوق ئىدى. قىزىمنىڭ يىغلاشلىرىغا، ئاھ-نادامەتلىرىگە نېمىدەپ تەسەللى بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. كۆڭلۈمدە بولسا پەقەت بىرلا نەرسىنى ئويلايتتىم: «ياق، قىزىمنىڭ مۇدۇرۇپ كېتىشىگە ئۇنىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى ئىمتىھان مەيدانىغا كىرەلمىگەنلىكى سەۋەب ئەمەس، سىرتتىن قەغەز تۈگۈنچەكلەرنى شۇڭغۇتالمىغانلىقىمىزمۇ سەۋەب ئەمەس، ئۇنىڭغا پەقەت لەنەتتەگكۈر 7-ئىيۇل سەۋەبكار. ئاھ، لەنەتتەگكۈر 7-ئىيۇل، لەنەتتەگكۈر تۇغۇلغان كۈن ... »

# شاھ مەشرەپ خوتەندە

بۇنىڭدىن ئۈچ يۈز يىگىرمە يىل ئىلگىرى، ياز ئايلىرىنىڭ ئوتتەك پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرى تۇتىشىپ كەتكەن ئەگرى-بۈگرى سىزىق ئۈستىدىكى سايدا، كۆك ئېشەككە مىنگەن بىر ئادەم شەرققە كېتىۋاتاتتى. ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى يۈك ئاز ئەمەس ئىدى. ئىككى يېنىغا نېمىلەردۇر قاچىلانغان جاۋا خۇرجۇن، خۇرجۇن ئۈستىدە ئادەم، ئادەمنىڭ ئارقىسىدا قاردەك ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق غاز قونۇپ ئولتۇراتتى. خۇرجۇننىڭ بىر تەرىپىگە سېرىق تاماكا چېكىشكىمۇ، نەشە چېكىشكىمۇ ئىشلىتىلىدىغان قاپاق چىلىم، يەنە بىر تەرىپىگە سۇ قاچىلانغان قاپاق غانجۇغىلانغانىدى. ئۇزۇن دەستىلىك تەمبۇرنى تېك تۇتۇۋالغان، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان قوپال جەندىگە چىڭ ئورالغان، ئېگىز كۇلاھىنى باستۇرۇپ كىيگەن بۇ ئادەم چوڭقۇر خىياللارغا پاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئېشەك ھالسىز قەدەملەر بىلەن ئاستا ئىلگىرىلەپ باراتتى. پات-پات قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، سالپاڭ قۇلاقلىرىنى پالاقلىتىپ، ئالدى-ئارقىسىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن كۆكيۈنلەرنى قورۇيتتى. لېكىن قاشاڭ كۆكيۈنلەر ئۇنى ئۇنچىۋالا ئوڭاي تاشلاپ كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىرى قاچسا يەنە بىرى كېلەتتى. ئۇلار ئاشۇنداق قىلىپ ئېشەكنىڭ پاچاقلىرىغا، كۆتىگە، چات ئارىلىقىغا يېپىشتى. تۇمشۇقىغا، بۇرنىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، نەشتەرلىرىنى بىمالال سانجىدى. ئازابقا چىدىمىغان ئېشەك بىردىن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، تۇمشۇقىنى يەرگە تەگكۈزۈپ يورغىلاپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ

يورغىلىشىدا بۇرنىغا، كالپۇكىغا قونۇۋالغان كۆكيۇنلەرنى يەرگە سۇرۇپ، توپىغا مىلەپ چۇشۇرۇۋەتمەكچى بولاتتى. لېكىن، بىر قارىسا كۆك چىۋىنگە، بىر قارىسا غوڭ-غوڭ ھەرىگە ئوخشايدىغان ئاشۇ جانىۋارلار ئالىقاچان ئۇنىڭ بۇرنى ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. ئېشەك قاتتىق پۇشقۇرۇپمۇ، تۇمشۇقىنى يەرگە سۇركەپمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلالمىدى. نەشتەر ئازابى ئۇنى قىيناپتتى. ئاغرىققا چىدىمىغان ئېشەك يورغىلاپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۆزىنى گۇپپىدە يەرگە تاشلاپ، تۇگۇلۇپ يېتىۋالدى ...

ئۇستىدىكى ئادەم ئېشەكنىڭ بوينىدىن ئېشىپ يەرگە دومىلاپ چۇشتى. نەگىدۇر قاڭقىپ كەتكەن تەمبۇرنىڭ تارلىرىدىن تىرىڭلىغان ئاۋاز چىقتى. غازلا قانىتىنى كېرىپ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، تېخىچە تۇگۇلۇپ يېتىۋالغان ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىدە قونۇپ ئولتۇراتتى ...

يىقىلغان ئادەم كېلەڭسىز جەندىسىنى سۆرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئەلەم بىلەن ئېشەككە قارىدى. ئېشەك پۇشقۇرۇپ، تۇمشۇقىنى يەرگە سۇرۇپ تېپىچەكلەيتتى. ئاپئاق تۇمشۇقلىرىغا قۇم دانچىلىرى يېپىشقانىدى، ئۇنىڭ ئىگىسى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۇشەندى. نەدىندۇر بىر تال قۇرۇپ قالغان يۇلغۇن چىۋىقىنى تېپىپ كېلىپ، ئېشەكنىڭ بۇرنىنى كوچىلىدى، خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ، ئىككى دانە كۆكيۇننىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ چىقاردى. ئېشەك پۇشقۇرۇشتىن تىنچىپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن يەنىلا قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئارقا پۇتلىرىغا، چات ئارىلىقىغا ئۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. جەندە كىيگەن ئادەم ئېشەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۇپ يەنە كۆكيۇنلەرنى ئۆلتۇرۇشكە كىرىشتى. ئېشەكنىڭ پاچاقلىرىغا يېپىشىۋالغان كۆكيۇنلەرنى چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ چۇشۇردى. ئارقىدىن يەرگە تىزلىنىپ، ئېشەكنىڭ قورسىقىغا، چات ئارىلىقىغا نەزەر سالدى. ئاشۇ تومپىيىپ تۇرغان ھاياسىز يەرگە بىرقانچە كۆكيۇن مەھكەم چاپلىشىۋالغانىدى. ئۇ

يۇلغۇن چىۋىق بىلەن كۆكۈيۈننى ۋاسىلدىتىپ سالدى. چىۋىق كۆكۈيۈنگىمۇ، ئاشۇ ھاياسىز يەرگىمۇ تەگدى. ئېشەك بىردىن چىچاڭشىپ سەكرەپ كەتتى ۋە خېلى يىراققا بېرىپ توختاپ، بېشىنى بۇراپ ئىگىسىگە يېلىنىش بىلەن تىكىلدى ...

جەندىلىك ئادەم تىزلانغان يېرىدە ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى چۈشەنگەن ۋە چوڭقۇر خىياللار ۋەجىدىن ئۇنتۇلغان ئۆمۈرلۈك كۆڭۈل يارىسى يەنە يادىغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىردىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن تارامىلىغان ئاچچىق ياش ساقال-بۇرۇت باسقان سۇرلۇك يۈزىنى بويلاپ سەلدەك ئاقتى ... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوردىدىكى ئاشۇ چىرايلىق دېدەكنىڭ گۈزەل سىيماسى گەۋدىلەنگەندەك بولدى. ئارقىدىنلا قىپقىزىل قىزدۇرۇلغان تامغىنىڭ شەھۋەت تومۇرىغا ۋاژىلدىتىپ بېسىلغاندىكى ئازاب نېرۋىلىرىنى قاقشىتىپ ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. لېكىن بۇلار ھەممىسى ئۆتكەن ئىش ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرلۈك ئازابلا قالغانىدى ... جەندە كىيگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرىدىن تېخىچە نادامەت ياشلىرى قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ دەسلەپ دەمدەردەك بۇقۇلداپ، كېيىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، بەھرى ئەزىمدىكى كىتتەك سوزۇپ-سوزۇپ يىغلىدى. قۇم-تۇپراققا پۇچىلىنىپ زېمىنغا، قوللىرىنى پەلەككە سوزۇپ يىغلىدى. قۇم-تۇپراققا پۇچىلىنىپ زېمىنغا، قوللىرىنى پەلەككە سوزۇپ ئاسمانغا نالە قىلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى نالە-پەريادىنى ھېچنېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوغلاقلىرىدىن ئايرىلغان ئاھۇ كېيىكمۇ، جۈپتىدىن ئايرىلغان شىر-يولۋاسمۇ بۇنداق مۇڭلۇق، بۇنداق ئاچچىق پەرياد كۆتۈرەلمەيتتى. جۈپتىگە ئوق تەگكەن ئاققۇنىڭ قىچقىرىقلىرىمۇ، زەينەپتىن ئايرىلغان كاككۇكنىڭ نىداسىمۇ ئۇنىڭ نىداسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ ئىنسان ئوغلىنىڭ ئەڭ ئېغىر ئازابى ئۈچۈن يىغلايتتى. يوق قىلىنغان، خورلانغان ئەرلىكى ئۈچۈن،

نابۇت قىلىنغان ئەرلىك ھېس-تۇيغۇلىرى ئۈچۈن، خاراب قىلىنغان ئۆمرى ئۈچۈن يىغلايتتى ...

ئۇنىڭ نالە-پەريادى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئۇ گويا ئاشۇ نالە-پەريادلار ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، بۇ ئۇنىڭ پانىي ئالەمدىكى ئاخىرقى نەپەسلىرىدەك بىلىنەتتى. لېكىن، ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنى ئۇ ئاشۇ بەختسىزلىككە دۇچار بولغان دەسلەپكى ئايلاردا قەلبىگە پۈككەن پىكىر ۋە نىيەت ئورنىدىن تۇرغۇزغانىدى. ئۇ جانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى، ئۆز تېنىگە قويۇپ قويۇلغان خۇدانىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ئۆزىدە ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتى. ئۇ يەنە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئىچكى ئىلاھىلىققا بېرىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ پۈتۈن كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى بارلىقىغا، ئۆزىدە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ، ۋۇجۇدى مۇتلەقتە ئۆزىنىڭ روھى قارار تاپقانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ يەنە ئۆزى ئۈچۈن، خورلانغان ئەرلىكى ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى بولاتتى ... ئەنە شۇ نىيەت ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ كۆك ئېشەكنىڭ يېنىغا بېرىپ، قاپاق چىلىمنى ئېلىپ، قاپقارا نەشىنى باستى. چاقماق تاش بىلەن پولات بىلەيىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، ئوت چىقىرىپ، توغراقنىڭ پورىغا تۇتاشتۇردى ۋە ئۇنى پۈۋلەپ چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا — نەشىنىڭ ئۈستىگە قويدى. قېنىپ-قېنىپ شورىدى، تېزلا مەست بولۇپ، ئالەمنى، ئۆزىنى، دەرد-ئەلەملىرىنى ئۇنتۇدى ...

ئۇ ئەمدى يەنە كۆك ئېشەكنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىغان بوستانلىققا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ھەممە نېمىنى ئۇنتۇغانىدى. قولىدىكى تەمبۇرنى تىرىڭلىتىپ، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ زىل ساداغا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ غايىب ئاۋازىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك قۇلاق سالاتتى. تەمبۇرنىڭ تىرىڭلىغان ئاۋازى ئاستا-ئاستا رىتىمغا چۈشتى. مۇڭلۇق، غېرىب، سېھىرلىك

سادا ساي ئىچىنى جاراڭلىتىۋەتتى. ئاشۇ ساداغا جەندە كىيگەن ئادەمنىڭ بوم ئاۋازى تەڭكەش بولدى:

مۇرادىڭغا يېتەي دېسەڭ قەلەندەر بول، قەلەندەر بول،
ستەم ئەھلىن يۇتاي دېسەڭ قەلەندەر بول، قەلەندەر بول.
ئېغىزدىن كۆپۈر ساچاي دېسەڭ، شارابى دەھىر ئىچەي دېسەڭ،
يامانلاردىن قاچاي دېسەڭ قەلەندەر بول، قەلەندەر بول.
پەساد ئەھلىن قوۋاي دېسەڭ، كۆتىگە بىر تېپەي دېسەڭ،
كېپەن تونىن پىچاي دېسەڭ قەلەندەر بول، قەلەندەر بول.
رىيازەتسىز بولاي دېسەڭ، تېنىم ئازاد يۈرەي دېسەڭ،
جاھاننى سەير ئېتەي دېسەڭ قەلەندەر بول، قەلەندەر بول.
بۇ تەقۋادىن كېچەي دېسەڭ، سېھرى زوھىد پاش ئېتەي دېسەڭ،
ھەق يولىنى تۇتاي دېسەڭ، قەلەندەر بول، قەلەندەر بول...
......

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قەلەندەرلىك يولىغا چۈشكەندى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە قەلەندەرىيە تەرىقىتىگە ئاجايىپ مەيىل كىرگۈزدى ۋە ئۆچمەس نام قالدۇردى. لېكىن يىللار-ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىم قوم-تۇپراققا مىلىنىپ پەلەككە، زېمىنغا نالە قىلغان كۆرۈنۈشىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بىر-بىرىگە سۆزلەپ، ھېكايە، رىۋايەت قىلىپ يۈرۈشتى. ئەڭ ئاخىرىدا رەسىم قىلىپ سىزىپ قالدۇرۇشتى ...

※ ※

قەلەندەر «قۇم رابات» تىن ئۆتۈپ، خېلى ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن، بىر كۈنى كەچكە يېقىن قاراقاشنىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇدۇل يول بىلەن ماڭماي ھېلى

جەنۇبقا — قاراقۇرۇم تەرەپكە، ھېلى شىمالغا — تەكلىماكان تەرەپكە يۈرۈپ، كۆجۈم مەھەللىلەرنى قانغۇچە سەيلە قىلغانىدى. ئۇ شۇ ئارىدا «ئىمامى ئەپتەر» نىڭ بېشىغا، «باغدات پاشلىشايىم» غا، «ئىمامى ئەسكەر» گە يولۇقۇپ ئۆتتى. ئۇ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرەتتى. تال-بوستانلىق ھويلىلار، مەجنۇنتال سايە تاشلاپ تۇرغان كوچىلار، قوغۇن ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرغان كۈزلەكلەر ئۇنىڭغا ياقتى، ئىشچان، چىدامىلىق، ئەقىللىق، مېھماندوست كىشىلەر ۋە گۈزەل، ھايالىق قىزلار ئۇنى مەھلىيا قىلغانىدى. ئۇ قاراقاش كىشىلىرىنىڭ ئوخشاشلا قاراقاش، قارا كۆز، قارا كوكۇلىلىق ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، قاراقاشنىڭ بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۆزىنى ئورىۋالغان كىشىلەر ئالدىدا، تەمبۇرنى سايرىتىپ، تەسىراتىنى قوشاق قىلىپ قاتتى:

قارا-قارا قاشلىرىڭغا قاتساڭچۇ مېنى،
قاراقاشنىڭ بازارىدا ساتساڭچۇ مېنى.
قاراقاشنىڭ بازارىدا ئۆتمىسەم ئەگەر،
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتساڭچۇ مېنى.

بازاردىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇرۇپ، بارىكاللا ئېيتىشتى. كۆلاسىغا تەڭگە-تىيىنلارنى جاراڭلىتىپ تاشلاشتى. قەلەندەر رەت قىلمىدى، لېكىن ئاخىرىدا ئاز قىسمىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى باللارغا چاچقۇ-مارجان قىلىپ تاشلاپ بەردى-دە، كېتىپ قالدى. ئۇ «يىپ بازىرى» دىن ئۆتۈپ «كالا بازىرى» نىڭ يېنىدىكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭجامۇ قاراقاش، قارا كۆز، قارا ساقاللىق ئادەم ئىدى. ئۇ جۇلدۇر كىيىم، مەينەت قەلەندەرنىڭ قولىدىكى تەمبۇرنى كۆرۈپ يىرگەنمەستىن كۈتۈۋالدى. قولىدىن كۆك ئېشەكنىڭ تىزگىنىنى ئالدى. ھۆرمەت بىلەن ھۇجرىغا باشلىدى.

— يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇۋالامدىلىكىن، سوپۇم؟

— ياق، ھاجىتى يوق.

نامازشام ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، تەرەت ئالامدىلىكىن، سوپۇم؟

— مەن ناماز ئۆتمەيدىغان جوھۇتمەن.

دەڭجا ھەيران بولدى. ئۇنىڭ قارا، قوشۇما قاشلىرى ھىمىرىلىپ، قارا كۆزلىرىنىڭ قاراقاتتەك قارىسى قەلەندەرگە قادىلىپ قالدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى.

— ئۆزلىرىگە نېمە لازىمكىن، سوپۇم؟

قەلەندەر ئۇندىمەستىن قولىنى قوينىغا سالدى ۋە بىر تەڭگىنى ئېلىپ، دەڭجانىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— ئۆزۈمگە ئوزۇق، ئېشىكىمگە بوغۇز، غېزىمغا دان ئەپكەل!

دەڭجا ئېڭىشىپ تەڭگىنى يەردىن ئالدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۇندىمەستىن ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يوغانلىقى كوزىدەك كېلىدىغان بىر كۆكچى قوغۇننى ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. قوغۇن شۇنچىلىك ئۇز تولاشقانىدىكى، گويا ئاشۇ قاراقاشلىق نەققاشلار ئالايىتەن نەقىش چېكىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. قەلەندەر چېھرىدە مەمنۇنلۇقىنى جۇلالىتىپ قوغۇننى پىچتى، ھۇجرا ئىچىنى قوغۇننىڭ خۇش ھىدى گۇپپىدە قاپلىدى. پۇرىقىدىنلا ئۇنىڭ تەمى بىلىنىپ تۇراتتى. قەلەندەر قوغۇننى ئىككى كاسىلاپ، ئۇرۇقىنى ئېلىپ غازىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىككى كاسا قوغۇننى ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ يېدى. ئاخىرىدا شاپىقىنى ئۇششاق توغراپ كۆك ئېشەكنىڭ ئالدىغا ئاچىقىپ قويدى. ئۇ، ئوقۇر ئالدىدا كۆك ئېشەكنىڭ غۇرۇسلىتىپ شاپاق چاينىشىغا قاراپ تۇردى. ئېشەك شاپاقنى يەپ بولۇپ، يوغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا قايتا تىككەندە، قەلەندەر دۇئاغا قول كۆتۈردى. دەڭ ھويلىسىدىن كۆز سېلىپ تۇرغان دەڭجا يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدى.

قەلەندەرمۇ دەڭجانى كۆرگەندى، ئۇ ئۆزۈن ئەمەس، قىسقىغىنا دۇئا قىلدى ...

ئۇنىڭ كىمگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، نېمە دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. لېكىن ئۇزاق يىللار-ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئاشۇ دۇئانى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ئۇلار: شۇ قېتىم ئەۋلىيا قاراقاشلىقلارنىڭ شەنىگە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، «ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىلغايسەن» دەپ دۇئايى-سېھىر قىلغان، شۇڭا قاراقاشلىقلار ئەقىللىق كېلىدۇ، دېيىشىپ يۈردى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئەۋلىيا «قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى بولۇپ كەتكەي!» دەپ دۇئا قىلغانىمىش، باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ چىشى يىگىرمە سەككىزدىن ئوتتۇز تالغىچە، قاراقاشلىقلارنىڭ چىشى ئوتتۇز ئىككى بولۇشىدىكى، رىزقىنىڭمۇ چىشىغا ئوخشاشلا كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ دۇئايى-كارامەتتىن ئىمىش.

ئەپسۇسكى قاراقاش، قارا كۆز، قارا ساقاللىق دەڭجا ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، قەلەندەر دەڭدىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. ھۇجرىدىكى سۇپىدا تۇنۇگۈنكىگە ئوخشاشلا بىر تەڭگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

※ ※

قەلەندەر قاراقاش دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ بىر كۈنلۈك پەسىيىش ۋاقتى — سەھەرنى تاللاپ، كىمدۇ بىرى كۆرستىپ قويغان كېچىك ئارقىلىق دەريادىن ئۆتتى. دەريادىن ئېشەكنى يېتىلەپ كېچىپ ئۆتۈۋېتىپ، سۇ ئىچىدە يالتىراپ تۇرغان مۇشتۇمدەك قارا قاشتېشىنى سۈزۈۋېلىپ، خۇرجۇنغا سېلىپ قويدى. ئۇ پايانسىز كەڭلىكتە يېيىلىپ ئېقىۋاتقان دەريادىن

چىقىپ، قۇما[1] دېگەن كەنتتە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، چاقار[2] دېگەن يەردە دەريا قىرغىقىدىكى مەغپىر مازارنى سەيلە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىقئۆي[3]، يۇرۇشكە[4]، تايناق[5]، شاخلىق[6]، لايقا[7] ئار- قىلىق سەھۋالىمغا چىقىپ «كۆھمارىم» نى كۆزدىن كەچۇردى. ئۇ يەردىن كەينىگە يېنىپ، داكۇي، بۇزاقلار ئارقىلىق «ئىمامى مۇساكازىم» مازىرىغا كېلىپ، نەشىنى بولۇشىغا چېكىپ، ئۇچ كۇن ئۇخلىدى. ئۆزىنىڭ كۇپۇرانە سۆز-قىلىقلىرى بىلەن شەيخنى هەيران قالدۇرۇپ، ئۇ يەردىنمۇ يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۇچرىغان ئادەملەردىن نېمىلەرنىدۇر سوراپ باراتتى. مازارنىڭ ئورنىنى، يولىنى، ئۆزىنى قوندۇرۇشى مۇمكىن بولغان ئاللىقانداق شەخسلەرنىڭ ئۆي-قورۇلىرىنى ئېنىقلايتتى. سەھرا كىشىلىرى تولىمۇ ياۋاش ۋە قىزغىن ئىدى. سورالغان سوئالغا ھەقدادىغا يەتكۇزۇپ ھۆرمەت بىلەن جاۋاب بېرەتتى، ھەتتا تېخىمۇ ئىززەت كۆرسىتىپ، سورالغان يەر ۋە ئىزدىگەن ئۆيگىچە باشلاپ ئاپىرىپ قوياتتى. ئاشۇ مۇنبەت، گۇزەل يېزىلارنى ئايلىنىپ يۇرۇپ، قەلەندەر تال-ئۇزۇملۇك باغلاردا، قوغۇن-تاۋۇزلۇقلاردا مېھمان بولدى. ئۇنىڭ كۆك ئېشەكى غۇرۇسلىتىپ شاپاق چاينايتتى. غېزى قوغۇن ئۇرۇقىنى لەززەتلىنىپ يۇتاتتى. ئۇزۇن دەستىلىك تەمبۇرى بولسا رەھمەت-ھەشقاللا پەدىسىدە يېڭى-يېڭى كۇيلەرگە تىرىڭلايتتى ... قەلەندەر قاراقاشتىن چىقىپ ئون كۇنلەردىن كېيىن جەنۇب تەرەپتىن — قاچچى، قارامەت، تۇساللا، گازۇن دېگەن يەرلەردىن ئۆتۇپ «گۇرجان دەرۋازىسى» ئارقىلىق خوتەن شە- ھىرى — ئىلچىگە كىرىپ كەلدى. قەدىمكى شەھەر پاكار-پاكار ۋە غۇجۇەك ياغاچ ئۆيلىرى ئارقىلىق كىشىگە خۇددى ئاستا-ئاستا يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى. قەلەندەر ئىلچىنىڭ كوچىلىرىدا يول سوراپ، دەڭ-قونالغۇ ئىزدەپ

① ② — خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسى تەۋەسىدىكى كەنت نامى.
③ ④ ⑤ ⑥ ⑦ — خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزا-كەنتناملىرى.

ئۆزۈنغىچە تىمىسقىلاپ يۈردى. بۇ يەرنىڭ سەھرا-يېزىلىرىدىمۇ، شەھەر-بازارلىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ «ر» تاۋۇشىنى زادىلا تەلەپپۇز قىلالمايدىغانلىقىنى، «ر» نىڭ ئورنىغا «ي» نى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار يەنە جۈملىنىڭ ئاخىرىغا غەلىتە قىلىپ «يا» نى قوشۇۋالاتتى. دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئاڭقىرمىسا گېپىنى ئۇققىلى بولمايتتى. قەلەندەر تىلىدا «ر» تاۋۇشى بولمىغان قەدىمكى ساكلارنى يادىغا ئېلىپ: «ئېھ ساكلار، ئېھ ساكلار، بويسۇندۇرۇلغىنىڭلارغا سەككىز يۈز يىلدىن ئاشتى. تېخىچە ‹ر› نى ئۆگىنەلمەپسىلەر-دە ... » دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى قوشۇۋېلىنغان قەدىمكى مىللەتنىڭ ئاخىرقى قارشىلىق كۆچىگە بولغان قايىللىق ئىگىلىگەندى ... قەلەندەر ئاشۇ تەسىراتلىرىنى مۇجەسسەملەپ، ئىلچىنىڭ تار كوچىسىدا تەمبۇرنى تۈنجى قېتىم سايراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ چۆرىسىگە گۇررىدە ئولاشتى. ئۇ قەدىمكى ساكلارنىڭ «يا» قوشۇمچىسىنى رادىف قىلىپ، بىر غەزەل تەڭكەش قىلدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا خۇددى خوتەنلىكلەرنى دوراۋاتقان يات يۇرتلۇق ھەزىلكەشكە ئوخشايتتى:

شۇكرى لىللاھ غەمگۇزارىم كەلدى يا،
غەمدە قويغان گۈلئۇزارىم كەلدى يا،
جىلۋىسىنى كۆرستىپ زاھىردە ئەلگە رەڭبەرەڭ،
بۇ بەدەن دەشتىنى كەزگەن دىلفىكارىم كەلدى يا.
نېچە كۈن ۋەسلىن سوراپ يۈردۈم خوتەن سەھراسىدا،
جەئفىرى سادىق ئىمام تىبى زامانىم كەلدى يا.
مەشرەبىڭ مەھشەردە يىغلاپ داد ئېتەر،
داد ئېتىپ يارنى ئىزدەپ كەلدى يا.

كىشىلەر غەزەلنى تولۇق چۈشىنىشكەنىدى. ئالقىش

ياڭرىتىپ، باربكاللا ئېيتىشتى. تەڭگە تىيىنلار قەلەندەرنىڭ كولاسىغا جىرىڭلاپ چۈشتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا ئاز بىر قىسمىنى ئۆزىگە ئېلىپ، قالغانلىرىنى بالىلارغا چاچقۇ-مارجان قىلىپ كېتىپ قالدى.

قەلەندەر نېمىشقىدۇر «قەلەندەرخانا» غا ئەمەس، گۈللۈغ ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى بىر دەڭگە چۈشتى. دەڭچا قىزغىنلىق بىلەن كۆك ئېشەكنىڭ چۇلغۇرىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چاقناپ تۇراتتى. «دەيۈشىمىكىن دېسەم تەمبۇي كۆتىيىۋاپتۇ، نەغمىچىمىكىن دېسەم جەندە-كولاھ كىيىۋاپتۇ» دەپ پىچىرلىدى ئۆز-ئۆزىگە، لېكىن ئۇنىڭ ھەيرانلىقى قەلەندەرنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا تەسىر يەتكۈزمىدى. ئۇ قەلەندەرنى ھۇجرىغا باشلىغاندىن كېيىن قىزغىنلىق بىلەن خىتاب قىلدى:

— نېمە ھاجەتلىيى باكىن، تەخسىيىم؟

قەلەندەر دەڭچانىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. زۇۋان سۈرمەستىن قولىنى قوينىغا تىقىپ، تەڭگىنى ئالدى-دە، دەڭچانىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— ئۆزۈمگە ئوزۇق، ئېشىكىمگە بوغۇز، غېزىمغا دان ئەپكەل!

دەڭچا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— تەخسىيىم، شەھىيىمىز ئەزەلدىن قىممەتچىلىك شەھەي، بىي تەڭگىگە ئاش، بوغۇز، دان سېتىۋالغىلى بولماسمىكىن، ئەمدى بۇ بىي تەڭگە ...

قەلەندەر دەڭچانىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ تۇردى. ئۇ گويا دەڭچانىڭ تېزرەك ئەقلىنى ئىشقا بۇيرۇشىنى كۈتۈپ تۇرغانغا ئوخشايتتى. لېكىن دەڭچا ئاشۇ كولۇمسىرىگەن ھالىتىدە «ئەمدى بۇ بىي تەڭگە، ئەمدى بۇ بىي تەڭگە ... » سىنى تەكرارلاپ تۇراتتى. قەلەندەر ھەممىنى

كۆرۈپ چۈشىنىپ يەتكەندى. ئۇ يېنىدىكى ئاق غازغا قاراپ قويۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى. دەڭجا ئۇنىڭ نىمىگە دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. قەلەندەرنىڭ دۇئاسى تولىمۇ قىسقا ئىدى. ئۇنىڭ نىمىدەپ قايسى ئايەتنى ئوقۇپ دۇئا قىلغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلىيالمىدى ···

لېكىن ئۇزاق يىللار-ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئاشۇ قىسقا دۇئانى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار: ئاشۇ قېتىم ئەۋلىيا خوتەنلىكلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ «سېنىڭ ئىشىڭنى خۇدا قىلغاي» دەپ دۇئا قىلغان. شۇڭا خوتەنلىكلەرنىڭ كۆلپەت-جاپاسى كۆپ بولمايدۇ، دېيىشىپ يۈردى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شۇ قېتىم ئەۋلىيا «خوتەنلىكلەرنىڭ پۇشايمىنى چۈشتىن كېيىن كەلگەي! ··· » دەپ دۇئايى-سېھىر قىلغانىمىش، خوتەنلىكلەرنىڭ دائىم ئەتىگەن قىلغان ئىشىغا چۈشتىن كېيىن پۇشايمان يەپ يۈرۈشىدىكى سەۋەب شۇنىڭدىنمىش ···

ۋەھالەنكى، قەلەندەر شۇ كېچە ئاچ قورساق يېتىپ قالدى، دەڭجا ئۇنىڭ ئۇخلىغان-ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلەلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ غېزى بولسا، كېچىچە غاقىلداپ، كۆك ئېشىكى پات-پات ھاڭراپ چىقتى ···

※ ※

قەلەندەر تاڭ سەھەردە دەڭدىن چىقىپ تاكى پېشىنغىچە خوتەن شەھرىنى چۆرگىلەپ يۈردى. كۆك ئېشەكنى ھېچ يەردە توختاتمىدى، تەمبۇرنىمۇ سايراتمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ جەندە-كۇلاھىدىن كۆرە، ئۇزۇن دەستىلىك تەمبۇرىغا، رەزگى ئېشىكىگە، ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىگە قونۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرغان ئاق غېزىغا بەكرەك قىزىقىپ قارىشاتتى. لېكىن ئۇ توختىماي ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ «سۇ دەرۋازىسى» دىن «يەركەن

دەرۋازىسى» غىچە، «گۆرجان دەرۋازىسى»دىن «ھېيتگاھ دەرۋازىسى» غىچە، «قىزىق دەرۋازىسى» دىن «ئاقسۇ دەرۋازىسى» غىچە كېزىپ چىقتى. «سۇ دەرۋازىسى» تەرەپتە ئېگىز-ئېگىز توغراقلار سايە تاشلاپ تۇرغان «ئەسكىري مازار» نى، «ھېيتگاھ دەرۋازىسى» تەرەپتە «ھەسسۇلتان مازىرى» نى، ئۇنىڭدىن يىراقلاپ چۈشۈپ «ئاغچابۇلاق» دېگەن يەردە «ئالتە قىزلىرىم مازىرى» نى، قاراقاش دەرۋازىسى تەرەپتە «لىچىن ئاتا مازىرى» ، «توغراق مازار» نى، ئات بازىرى يېنىدا «جالاپ مازار» نى، تامباغ تەرەپتە «مۇپتى غوجام مازىرى» نى، شورباغ تەرەپتە «شەمسى تەبرىزىم مازىرى» نى سەيلە-تاۋاپ قىلىپ ئۆتتى. ھەممە مازارلارنىڭ دەرۋازىسىدا تىلەمچىلەر قاتار-قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەقتائالانىڭ، ھەزرىتى رەسۇلىللانىڭ، تۆت چاھارىيالارنىڭ، پاتىمە-زۆھرالارنىڭ، ھەسەن-ھۈسەننىڭ ھەققىدە سەدىقە سورىشاتتى ...

قەلەندەر بازارلارنىمۇ ئايلاندى. پۈتكۈل بازاردا سودا-سېتىق قايىنىغان قازاندەك ۋاراقشىيتتى. كەشمىرلىكلەرنى، دېھلىلىقلارنى، كابۇللۇقلارنى، ئەنجانلىقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەرەبلەر، پارسلار، ھىندىلار، پەرەڭلەر، خەنزۇلار ئېلىپ-سېتىشىپ يۈرەتتى. قاشتېشى، ئالتۇن-كۈمۈش، گىلەم، ئەتلەسلەر چاقنايتتى. ھىندىلارنىڭ دورا-دەرمەكلىرى، ئەرەبلەرنىڭ قۇرئان ۋە خورمىلىرى، خەنزۇلارنىڭ چىنە-تەخسىلىرى ئايرىۋاشلىناتتى. ئالتۇن-تىللالار، كۈمۈش تەڭگىلەر، مىس تىيىنلار جىرىڭلايتتى. قىچقىرىقچىنىڭ «ئەييۇھەنناس» لىرى، كاۋاپچى، سامسىپەز، مانتىپەز، ھالۋىچى، گۆش گىردىچى، باققاللارنىڭ خېرىدار چىللاشلىرى، ئۇرۇشقان-سوقۇشقانلارنىڭ تىل-ئاھانەت، غەلۋە-چۇقانلىرى قوشۇلۇپ، بازار ئىچى بوران چىققاندەك گۇرۇلدەيتتى. ئاشۇ گۇركىرەك ئىچىدە ئاتلىق چارلاپ يۈرگەن رەئىس شەرئىنىڭ «يۈزۈڭنى ياپ نائەھلى، ھۇ بىنومۇس! » دېگەن

ئاگاھلاندۇرۇشنى، قامچىنىڭ تارسىلداپ ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. گۈل پۇرىقى، قوغۇن، سامسا، كاۋاپ ھىدى، ئىپار، ئەنبەر، زەپەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن چۇچۇتىلىۋاتقان زاغۇن يېغى، ئۇكىلىنىۋاتقان كاللا، ئاشلانغان تېرە، ئىسلىنىۋاتقان كۆن-خۇرۇملارنىڭ قاڭسىق پۇراقلىرى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. خوراز، بۆدۈنە چوقۇشتۇرۇۋاتقانلارنى، ئىت-سەگ تالاشتۇرۇۋاتقانلارنى، بۇقا، قوچقار ئۇسسۇشتۇرۇۋات-قانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ساتار چېلىپ مۇقام ئېيتىۋاتقان، راۋاب تىرىڭشىتىپ جەڭنامە سۆزلەۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناپ كەرەشمە كۆرسىتىۋاتقانلارنى، نەشە چېكىپ دوست تارتىۋاتقان، تاۋكادا جەمشىتنى چىللاپ، دەتتىكام ئېتىۋاتقان، چېلىش سورۇنىغا چۈشۈپ، كۈچ سىنىشىۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. دۇكانلارنىڭ لاكلانغان چىرايلىق شادا قەپەسلىرىدە بۇلبۇل-كۆكتالغۇلار، تورغايلار، شاتۇتىلار سايرىشاتتى. كىچىككىنە تاغ قاغىسىنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كوچا ياقىسىدىكى قەنەرلەردە تۆگە ، ئات، كالا-قوتاز، قوي، توخۇ-ئۆردەك، ئۇلا، كەكلىك، بۆدۈنە، قۇشقاچ گۆشلىرى ... ئېسىلىپ تۇراتتى. ھەرە، چىۋىنلەر ۋىژىلدايتتى، بازار گۇرۇلدەيتتى. جاھان ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك ئىدى.

قەلەندەر گويا ئاشۇ جاھان غوۋغالىرى بىلەن زادىلا مۇناسىۋىتى يوقتەك بىنەزەر چۆرگىلەپ يۈرەتتى. كۆك ئېشەكنى دېۋىتەتتى. ئۇنىڭ بازار كۆرۈپ چۆرگىلەپ يۈرۈشىدە، ئاشۇ نەرسىلەرگە نەزەر سېلىشىدا ھېچقانداق مۇددىئاسى يوق ئىدى. پەقەت كۆرۈش ئۈچۈنلا كۆرەتتى، چۆرگىلەش ئۈچۈنلا چۆرگىلەيتتى. ئۇ پەقەت بىر قېتىم ئېشەكتىن چۈشتى. بۇنىڭغا ئاشۇ كوچىلارنىڭ ئىتتىنىڭ ئۈچىيىدەك تار بولۇشى، نەپسى بالا نائەھلىلەرنىڭ كوچىغا قىستاپ ئۆي-تام سېلىپ يولنى تارلاشتۇرۇپ قويۇشى سەۋەب بولدى. ئالدىدىن يۇلغۇن شېخى ئارتىلغان بىر سۇر

ئېشەك كەلگەندى، ئىككى ئېشەك كوچىغا پاتمىدى. يا سۇر ئېشەكنىڭ شېخى، ياكى كۆك ئېشەكنىڭ يۈكى ئۆرۈلۈش كېرەك ئىدى. قەلەندەر خېلى ئۈزۈنغىچە سۈكۈت ساقلاپ كۈتكەن بولسىمۇ سۇر ئېشەك يول بەرمىدى. ئېشەكنىڭ ئىگىسى توختىماي «پوش-پوش!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئاخىر كۆك ئېشەكنىڭ يۈكى — قەلەندەر ئېشەكتىن چۈشتى. ئۇ ئېشەك پەس بولسا ئېگىشىش كېرەكلىكىنى چۈشىنەتتى. كۆك ئېشەك تامغا قىستالدى. قەلەندەر كۆك ئېشەككە يېپىشتى. شۇنداقتىمۇ سۇر ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى يۈلغۈن شېخى قەلەندەرنىڭ جەندىسىنى ئىلىپ، ئاق غازنى پالاقلىتىپ، ئاران تەستە ئۆتۈپ كەتتى ...

قەلەندەر ئۆزلىرى قىستالغان تامغا قاراپ خېلى ئۈزۈنغىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يادىغا باللىق چېغىدا، ئاشۇ يىراق نامانگاننىڭ تار كوچىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بىر ئەسلىمە چۈشتى. نامانگاننىڭ كوچىلىرىمۇ ئاشۇنداق تار ئىدى. ئۇ يەردىمۇ كوچىنى تارلاشتۇرۇپ، يولنى قىستاپ ئۆي-تام سېلىۋالىدىغان نائەھلىلەر بار ئىدى، ئۆزىنىڭ هويلىسىنى كېڭەيتىۋېلىش ئۈچۈن جامائەتنىڭ يولىغا ئەجدىهادەك چاڭ سېلىشاتتى. بىر نائەھلى — نەپسى قۇل مەسچىت بىلەن موللا ۋەلىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدىكى يولنى قىستاپ ئۆي سېلىۋالدى. ئۆيىنىڭ بۇرجىكى يولغا خۇددى ئۇنىڭ گېلىدىكى پوقاقتەك بۆرتۈپ چىقىپ، يول تېخىمۇ تارلىشىپ كەتتى، سۈپىتىمۇ بۇزۇلدى. ئاشۇ كوچىدىن كۆپ كىشىلەر ئۆتىدىغان بولسىمۇ نائەھلىنىڭ كۆكەرمىلىكىدىن قورقۇپ غىڭ قىلىشالمىدى. ئاخىر يەنىلا ياش بابارەھىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى:

— جامائەت يولىنى ئىگىلىۋېلىش مۇسۇلمانلىق جۈملىسىدىن ئەمەس ...

— نېمە دېدىڭ، قۇل بەچچە؟ يەنە بىر دېگىنە، يولغا پاتماي قالدىڭمۇ-يە؟

— مەنغۇ پاتارمەن، لېكىن، ھارۋا — مەپە ئۆتۈپ قالسا پاتمايدۇ.

— سېنىڭ ئۆيۈڭگە ھارۋا ئۆتەتتىمۇ؟ ۋاي قوۋۇرغامەي، مۇنۇ موللا ۋەلىنىڭ يالاڭ ئاياغ بەچچىسى مەپىگە ئولتۇرماقچىمىش تېخى، ۋاي خالايىق، تىڭشاڭلار، مۇنۇ قۇل بەچچە ... ھا، ھا، ھا ...

ياش بابارەھىم نەپسى قۇلنىڭ زەھەردەك گەپلىرىدىن مەڭدەپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ سوئال قويدى:

— بۇ يولدىن ھارۋا ئۆتمەمدىكەن؟ مەن مەپىگە ئولتۇرسام بولمامدىكەن؟ ئەگەر مەپە ئۆتۈپ قالسا قانداق قىلىسەن، نەپسى قۇل ئاكا؟

— ئەگەر سەن مەپىگە ئولتۇرۇپ ئۆتمەكچى بولساڭ، ئۆيۈمنى چېقىپ، يولنى كېڭەيتتۇرۇپ بېرىمەن، ئۇقتۇڭمۇ، قۇل بەچچە؟ ۋاي ئەخمەق جۇلدۇر كېپەن، ئاۋۋال بىر پۇتۇڭغا كەش تاپ، ئاندىن مەپە ھەققىدە چۈش كۆر — ھا-ھا-ھا ...

— ئاشۇ گېپىڭ راستمۇ، گېپىڭدە تۇرالامسەن؟

— ھۆججەت قىلىپ بېرەيمۇ، يالاڭتۆش؟ قېنى ھۆججىتىڭنى ياز، ئوڭ قولۇمنىڭ باش بارمىقىنى بېسىپ بېرىمەن، قېنى ياز ...

ھۆججەت بىردەمدىلا پۈتۈلۈپ تەييار بولدى. نەپسى قۇل مەردانىلىك بىلەن راستىنىلا ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقىنى باستى، لېكىن ئۇ شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۆيىنى چېقىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى خىيال قىلىپمۇ قويمىدى. چۈنكى ئۇ يالاڭتۆش موللا ۋەلىنىڭ ئۆيى تەرەپكە مەپە ئۆتسە قۇياش مەشرىقتىن ئەمەس، مەغرىبتىن چىقىدۇ، دەپ ئويلايتتى ...

شۇ كۈنلەردە موللا ۋەلىنىڭ يالغۇزى — بابا رەھىمنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلىرى، سىرلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى ئاستا-ئاستا ئەل

ئىچىگە تارقىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ھېكمەتلىرىدىن تەئەججۇپكە چۈشكەن ئىلىم سۆيەر نامانگان ھاكىمى ئۇنىڭ بىلەن دىدار مۇلاقات بولماقنى ئىزدەپ، چىللاپ كېلىشكە ئاتلىق چاپارمەن ئەۋەتتى، لېكىن بابارەھىم ياياق بېرىشنى رەت قىلدى. ھاكىم ئىككىنچى قېتىم كۆمۈش ئېگەرلىك نامانگان ئارغىمىقىنى ئەۋەتتى، بابارەھىم يەنىلا رەت قىلدى. ئۈچىنچى قېتىم تەتىللا سايىۋەنلىك ھاكىمانە مەپىسىنى ئەۋەتتى. مەپە نەپسى قۇلنىڭ پوقاقتەك بۆرتۈپ چىققان ئۆيىنىڭ دوقمۇشىدىن پاتمىدى. چىللاققا كەلگەن دورغا ئاشۇ يەرگىچە ياياق بېرىشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، بابارەھىم مەپە ئىشىكى ئالدىغا كەلمىگۈچە ئۆيىدىن چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دورغىنىڭ قولىغا نەپسى قۇل قول قويغان ھېلىقى ھۆججەتنى تۇتقۇزۇپ قويدى ... قۇم سائەت بىر قېتىم دۈم كۆمتۈرۈلۈپ، قۇم ئېقىمى تەتۈرگە قاراپ يېرىمى ئېقىپ بولغۇچە، مەپە دېگەندەكلا موللا ۋەلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. بابارەھىم تەتىللا سايىۋەنلىك مەپىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ ھاكىم ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىققاندا، ئەمدى نەپسى قۇلنىڭ پوقاق ئۆيى كوچىدىن يوقالغانىدى ...

مانا ھازىر ئىلچىنىڭ تار كوچىسىدا يولغا پوقاقتەك بۆرتۈپ چىققان ئۆي تېمىغا قاراپ تۇرغان قەلەندەر مۇشۇ شەھەردىنمۇ ئۆزىگە ئوخشاش نائەھلىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرەلەيدىغان بىرەر ئەپچىلەمنىڭ چىقمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. لېكىن، ئاشۇ يىراق نامانگاندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئەسلەپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ يادىغا يەنە ئانىسى سەلىمە ۋە سىڭلىسى كەلدى. نامانگاننىڭ بۈك-باراقسانلىق باغ مەھەللىلىرىنى، ئۆزى ئوقۇغان مەدرىسىنى، ئاشۇ تار كوچىلارنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ سىنەسى يۇرت ئىشقىدا، ئەل ۋە ئۇرۇق-تۇغقان ئىشقىدا پىژىلداپ ئېچىشتى.

※ ※

قەلەندەر پېشىنغا يېقىن دەڭگە قايتىپ كەلدى. لېكىن دەڭگە كىرمىدى. دەڭنىڭ يېنىدىكى مەسچىتنىڭ ئىچىگە ئەزانخانىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەردە مەزىن ناماز پېشىنغا ئەزان ئېيتىۋاتاتتى. ئەزان مۇڭلۇق ھىندىچە ئاھاڭدا ئوقۇلۇۋاتقان بولۇپ، ياڭراق ئاۋاز ئۇنى يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى. قەلەندەر ئاشۇ ئەزانخانىغا كۆتۈرۈلگەندە خوتەن شەھىرىنى ئۈستىدىن ئېنىق كۆرۈشكە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئاشۇ چاغدىكى ئۈچ يۈز يىللاردىن كېيىن قايتا ياسىلىپ «ناسىر ھاجىم مەسچىتى» دەپ ئاتالغان ئاشۇ مەسچىتنىڭ ئەزانخانىسى ئۈچ بۇرجەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئېگىز مۇنار ئىدى، «گۈللۈغ ئۆستەڭ» گە تاقاپ سېلىنغان مەسچىت دەرۋازىسى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەلەندەر ئېشىكىنى يېتىلەپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، مەسچىت ھويلىسىدا كۆكىرىپ تۇرغان ياش، لېكىن ئېگىز تۆت تۈپ سېدە دەرىخىنى كۆردى. ئۇ كۆك ئېشەكنى سېدىگە باغلاپ، تەمبۇرىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ «ئەنجان شوتىسى» ئارقىلىق ياغاچ مۇنارغا كۆتۈرۈلۈۋېتىپ، مەسچىت ئەتراپىنىڭمۇ مازار بىلەن قورشالغانلىقىغا، ئېگىز ۋە قېرى توغراقلارنىڭ قەبرىلەرگە سايە تاشلاپ تۇرغانلىقىغا نەزەر سالدى. ئۇ ئەزان پەشتىقىغا يېتىپ چىققاندا، ئەزان تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. ئىككى قولىنىڭ باش بارماقلىرىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغا تەگكۈزۈپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەزان توۋلاۋاتقان مەزىننىڭ كۆزلىرى قەلەندەرگە تىكىلىپ قالدى، ئاۋازى ئاستا-ئاستا ئۆچتى، قەلەندەر پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ چار ساقاللىق مەزىننىڭ نەشتەردەك تىكىلىشلىرىگە پەرۋا قىلماي، پەشتاق ئۈستىدە ئايلىنىپ، شەھەرگە نەزەر سېلىپ چىقتى. شەھەرنىڭ غەربى ۋە غەربىي جەنۇب قىسمى ئېگىز، شىمالى ۋە شەرقىي قىسمى پەس ئىدى. شەرقتە، يېقىنلا يەردە

يۇرۇڭقاش دەرياسى دولقۇن ئۇرۇپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇراتتى. قەلەندەر شەھەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ قاچانلاردۇر بىر چاغلاردا يۇرۇڭقاش تېشىپ ئاققان ئويمانغا سىلىنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە شەھەرنىڭ تار، ئۇستى يېپىق كوچىلىرىغا، پاكار-پاكار ياغاچ ئۆيلىرىگە نەزەر ئاغدۇردى. دۇمچەك-دۇمچەك قەبرىلەر بىلەن تولغان، خادا-شادىلار يالىڭاچلىنىپ تۇرغان مازارلار شەھەرنى بۆلەك-بۆلەكلەرگە بۆلۈۋەتكەنىدى. خادا-شادىلاردا سامان تىقىلغان تۇلۇملار چوقچىيىپ، تۇغ-ئەلەملەر ۋە قوتاز قۇيرۇقلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. قەلەندەر قەدىمكى شەھەردە مازارنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىگە ھەيران قالدى ۋە شۇئان يىراق ۋە يېقىن تارىختىكى ئۇرۇشلارنى، باسقۇنچى، بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ زۇلۇملىرىنى، كۇچلۇكخاننىڭ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقلىرىنى يادىغا ئالدى. «شەھىدانە خوتەن» دېيىشكەنلىرى راست ئىكەن-دە، دەپ ئويلىدى. ئۇ شەھەرنى تولۇق كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ، ئەزان پەشتىقىنىڭ سالاسۇنىدىن ئېسىلىپ پەسكە، ئايىغى تېگىگە قارىدى. «گۇللۇغ ئۆستەڭ» لايلىنىپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ قىرغىقىدا بىر تالاي ياش تالىپلار ئىشتانلىرىنى تىزىغىچە سىيرىپ قويۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىۋاتاتتى. ئۇچۇمىغا ئالغان سۇنى ئەۋرىتىگە چېچىپ يۇياتتى. ئەۋرەتلىرىدىن ساقىغان سۇ يەنە يالاپ ئۆستەڭگە چۈشەتتى ...

قەلەندەر ئۆستەڭنىڭ سەل ئايىغىغا نەزەر سالدى. ئۇ يەردە يەنە ئاللىكىم ئۇچۇمىدا ئاغزىغا سۇ ئېلىپ غار-غار قىلىۋاتاتتى. يەنىمۇ پەستىرەك باش-كۆزىنى قارا رومال بىلەن چۈمكىگەن بىر ئاجىزە قاپاقنى «گۇللۇغ ئۆستەڭ» گە چۆكۈرۈپ سۇ ئۇسسۇۋاتاتتى. قەلەندەر بىردىن يىرگىنىپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا كۇلۇمسىرەپ، ئىشتانىبىغىنى يەشتى. ئۇ قىلچە ھېيىقماستىن ئاشۇ ئېگىز مۇنار ئۇستىدە تۇرۇپ «گۇللۇغ ئۆستەڭ» گە شارقىرىتىپ

سىيدى. تويۇقسىز چىققان شارقىرىغان سادا تاھارەت ئېلىۋاتقان
تالىپلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇچۇق ھاۋادا ياغقان تويۇقسىز «يامغۇر»
— سۇيدۇك تامچىلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستۈۋېشىغىمۇ چاچرىدى. ئۇلار
ئىشتانلىرىنى كۆتۈرۈپ، ھودۇقىنىچە ئۆستەڭ بويىدىكى يولغا
قېچىپ چىقتى ۋە ئاسمانغا قاراشتى. ئېگىز مۇنارنىڭ چوققىسىدا
جەندە-كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر «گۇللۇغ ئۆستەڭ»گە شارقىرىتىپ
سىيىپ تۇراتتى. قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى.

— ھوي كاپىي، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ھۇ، سۇغا سىيگەن جۇھۇت.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟

— چۈش بۇ ياققا ...

قەلەندەر كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇ ئالدىرىماي ئىشتانبېغىنى
ئېتىپ، چاڭ-توزان ۋە ئىس-تۈتەك ئاستىدا گۈرۈلدەۋاتقان
شەھەرگە نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

پەستە قىيا-چىيا داۋام قىلاتتى.

— چۈش بۇياققا ...

— نەدىن كەلگەن بىئەدەپسەن؟

— ئەدەبلەپ قويۇش كېرەك ئۇنى ...

قەلەندەرنى ئەزاننىڭ دۇئاسىنى ئەمدىلا تاماملىغان، مەزىن
ئاخۇنۇممۇ دۆشكەلىدى.

— نېمە قىلغان قىلىق بۇ، ساياكمۇ يا سەن؟ چۈشە پەسكە،
ھۇ بىئەدەپ ...

قەلەندەر مەزىن ئاخۇنۇمغا بۇرۇلدى.

— قېنى ئۆزلىرى ئالدىدا مەرھەمەت قىلغايلا ...

— چۈش دەۋاتىمەن سېنى ...

— ئۆزلىرى ئالدىدا ماڭسىلا مەزىن ئاخۇنۇم، مەن ئالدىلىرىغا
ئۆتۈۋالسام بىئەدەپلىك بولىدۇ، قېنى مەرھەمەت ...

قەلەندەر كۈلۈمسىرەيتتى، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ چار ساقىلى

غەزەپتىن تىترەيتتى. كىچىككىنە پوقۇقى چىلگە قاپاقتەك گىلدىڭلايتتى. خېلى ئۇزاق سالا-سۇلھتىن كېيىن ئاخىر يەنە مەزىن ئاخۇنۇم ئالدىدا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. قەلەندەر ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان چۇشۇپ كەلگەندە، پەستىكى ئالامانىڭ گەپ-سۆزلىرىدە ئۆزگىرىش بولغانىدى.

— سارالىڭ ئوخشايدۇ.

— سارالىڭ بولمىسا سۇغا سىيەمدۇ؟

— قەلەندەر كىيىمى كىيىۋالغان سارالىڭ ئىكەن ...

— سارالىڭ بولسىمۇ مەن ئۇنى ... قېنى بۇ ياققا تۇرۇڭلار ...

قەلەندەر «ئەنجان شوتىسى» نىڭ ئاستىنقى ئۇچىنچى پەشتىقىغا چۇشۇپ، خۇددى ئورۇندۇق-كۇرسىدا ئولتۇرغاندەك پۇتلىرىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. قولىنى ئۇزىتىپ تامغا يۆلەپ قويغان تەمبۇرىنى ئالدى ۋە تىرىڭلىتىپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ئالامانىڭ غەزەپ-نەپرەتلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك مەنىسىز قارايتتى. لېكىن قەلبىدە ھەيرانلىق ئارىلاش بىر پىكىر — بۇ تالىپلار خوتەنلىك ئەمەسمىكىنە؟ «ر» تاۋۇشىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىدىكەنغۇ، ھە، راست مەكتەپ كۆرگەنلىرى «ر» نى ئۆگىنىۋاپتۇ-دە، — دېگەن پىكىر كېزىپ يۈرەتتى. شۇ ئەسنادا يېشى چوڭراق بىر تالىپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— سەن قەلەندەرمۇ ياكى سارالىڭمۇ؟

— ھەم قەلەندەر، ھەم سارالىڭمەن.

— سۇغا سىيگىنىڭنى بىلەمسەن؟

— نېمىشقا بىلمىگۇدەكمەن؟! ئەتىگەن ئاشۇ ئۆستەڭدىن ئىچكەن، ئەمدى يەنە ئاشۇ ئۆستەڭگە قوشۇۋەتتىم.

— شوخلۇقۇڭ دۇرۇسمۇ؟

— بالىسى ئانىسىغا قوشۇلدى، جۇدالىق تامام بولدى ...

قەلەندەر بەخىرامان ئىدى، تەمبۇرىنى تىرىڭلىتىشنى توختىمىغانىدى. سوئاللارغا دۇدۇقلىماي، هازىر جاۋابلىق بىلەن ئۇن قېتىپ تۇردى. ئاچچىقلاپ چىچاڭشىپ كەتكەن تالىپلار هېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

— راستىنلا ساراڭ ئوخشايدۇ.

— ساراڭ ئەمەس، كاپىر چاغۋا ...

— ياق، ساراڭ ئەمەس ئىكەن، ساراڭ بولسا ئاشۇنداق سۆزلىيەلەمدۇ؟

— سۆزلەپ قالغان ساراڭمىكىن يا ...

— سوراپ باققىنا، كاپىرمىكىن، مۇسۇلمانمىكىن؟ ...

هېلىقى سوئال سوراۋاتقان چوڭ ياشلىق تالىپ هەمراھلىرىنىڭ هە-هۇلىرى بىلەن يەنە سوئال سوراشقا باشلىدى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ، كاپىرمۇ؟

— مۇسۇلمان دېسەڭ مۇسۇلماندۇرمەن، كاپىر دېسەڭ كاپىردۇرمەن.

— سەن كىمنىڭ قۇلىدۇرسەن؟

— باقى بوياقچىنىڭ قۇلىدۇرمەن.

تالىپلار ئىچىدە گۇررىدە ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئۇلار «كاپىركەن، كاپىركەن» دەپ ۋارقىراشتى. سوئال سورىغۇچى غەزەپلەنگەن هالدا يەنە بىر سوئال سورىدى:

— سەن كىمنىڭ ئەۋلادىدۇرسەن؟

— ئاتام موللا ۋەلى بىلەن ئانام سىلىمخاننىڭ ئەۋلادىدۇر-مەن ...

«كاپىركەن، راستىنلا كاپىركەن» دېگەن ۋارقىراشلار سوئال-جاۋابنى ئۈزۈپ قويدى. سوئال سورىغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ئەمدى ئالدىدا جەندە-كۇلاھ كىيگەن قەلەندەر ئەمەس، نامەلۇم بىر كەلگۈندى دەھرىنىڭ تۇرغانلىقىغا ئىشەندى، تالىپلار

ۋارقىرىشاتتى.
— ماڭ مەھكىمە شەرئىيگە بارىمىز.
— ماڭسام ماڭدىم.
— سېنى ئۇ يەردە يۈز پالاق ئۇرۇپ مۇسۇلمان قىلىشىدۇ.
— ئوڭلىنىپ قالىسەن ...
— ساراڭلىقىڭمۇ ئوڭشىلىدۇ ...

قەلەندەر شوتىدىن چۈشۈپ، سېدىگە باغلانغان كۆك ئېشەكنى يەشتى. ئۇ يەنىلا بەخىرامان ئىدى. قورققانلىق ياكى ھودۇققانلىقى بىلىنمەيتتى. گويا مەھكىمە شەرئىيگە يېقىن بىر قېرىندىشىنى ياكى قەدىناس دوستىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندەك ئوڭايلا تالىپلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. مەسچىت دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېلىلا شارقىرىتىپ سىيگەن «گۈللۈغ ئۆستەڭ» گە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويدى ...

ئۇزۇن يىللار، ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئەۋلىيانىڭ مۇشۇ «گۈللۈغ ئۆستەڭ» گە سىيگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. «گۈللۈغ ئۆستەڭ» نىڭ سۈيىنىڭ تاتلىقلىقى، ئېغىرلىقى، بىر تېتىغان ئادەمنىڭ مېھرىنى ئۈزەلمەي خوتەندە تۇرۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەشكەندە ئاللىقانداق بەخت-ئىپتىخار بىلەن «شەھەرنىڭ مەركىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان گۈللۈغ ئۆستەڭگە ئەۋلىيا سىيگەن ... » دەپ ئەسلىتىپ يۈردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەۋلىيانىڭ سۈيدۈكى ئارىلاشقان سۇ تاتلىق بولارمىش ... قەلەندەر ھېرىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئېشىكىگە مىنىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. نېمىشقىدۇر تالىپلار ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە تاقاراشمايلا قوشۇلدى. قەلەندەر ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىگە قونۇپ ئولتۇرغان غازنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى، يەنە بىر قولىدا تەمبۇرنى تۇتقان پېتى ئېشەككە سەكرەپ مىنىۋالدى.

※ ※

خوتەننىڭ توپىلىق كوچىسىدا، بىر توپ تالىپلارنىڭ ئالدىدا، ئۆستىگە جەندە، بېشىغا ئۆچلۆق كۆلاھ كىيگەن قەلەندەر كۆك ئېشەككە تەتۈر مىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھېلى غازنى قۇچاقلاپ، تەمبۇرنى تۇتقان ھالدا ئېشەككە ئوڭ مىنگەنىدى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا سول پۇتىنى ئېشەكنىڭ قىسقا يايلىلىق بويىنىدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئوڭ تەرەپكە يېنى بولۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى يايداق ئېشەككە مىنىپ ئېتىزدىن قايتقان، ھوسۇلىنىڭ موللۇقىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان دېھقانغا ئوخشايتتى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئوڭ پۇتىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىدىن ئارتىلدۇرۇپ بىر بۇرۇلدى-دە، ئېشەك ئۈستىدە تەتۈر بولۇۋالدى، غازنى ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىگە قوندۇرۇپ قويۇپ، تەمبۇرنى تىرىڭلىتىشقا باشلىدى. ئېشەككە تەتۈر مىنگەن قەلەندەرنىڭ تەمبۇر چېلىپ مېڭىشى تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. تالىپلار چۇرقىرىشىپ كەتتى:

— ھوي ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟

— ئېشەككە ئوڭ مىن، كاپىر ...

قەلەندەر بەخىرامان ئىدى. ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئېشەك ئارقىسىدىن ئەگەشكەن تالىپلارغا خۇش نەزەر سېلىپ باراتتى، ئارىدا بىر تالىپ ئېشەكنىڭ نوقتىسىدىن تۇتۇپ توختاتتى:

— ئېشەككە ئوڭ مىن دەۋاتىمىز، ساراڭ، قېنى ئوڭ بول ...

قەلەندەر تالىپلارغا دىققەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. بېلى تالغان كۆك ئېشەك قىمىرلاپ ئېغىرلىقىنى ئوڭ پۇتلىرىدىن سول پۇتلىرىغا يۆتكىدى. تالىپلارنىڭ «ئېشەككە ئوڭ مىن، ھوي كاپىر، ئوڭ مىن» دېگەن سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەلەندەر خېلى ئۇزاقتىن كېيىن

ئېغىز ئاچتى.

— ھۆرمەتلىك ئەھلى ئىلىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە ئەھلى ئۆلىمالارغا ھۆرمەت قىلىش ۋاجىپ، دېگەن. ئۆزىمۇ ئەھلى ئۆلىمالارغا ئىززەت كۆرسىتەتتى. مەن ئېشەككە ئوڭ مىنىپ ماڭسام ھەرقايسىلىرىغا ئارقام بولۇپ قالىدىكەن. ئەھلى ئىلىمگە ئارقىسىنى قىلىش ھۆرمەتسىزلىكتۇر، شۇڭا مەن ...

تالىپلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئۇلار ئەمدى نېمە دېيىشلىرىنى بىلەلمەي قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا يولسىزلىق بىلەن ئۇنى ئېشەككە ئوڭ مىنىشكە قىستايتتى. تالاش-تارتىش ئۇزاققا سوزۇلدى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە يان بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئاخىر يەنىلا تالىپلار تەسلىم بولدى.

قەلەندەر كۆك ئېشەكنى دېۋىتىپ، ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ قويدى. كۆك ئېشەك ئورنىدىن قوزغىلىپ مەھكىمە شەرئىيگە يورۇپ كەتتى. تالىپلار ئەگەشتى. ئاشۇ ھالەت خۇددى نىكاھسىز مۇھەببەتلەشكەن زىناخورنى يۈزىگە قارا سۈۋاپ، بېشىغا كۇلاھ كىيگۈزۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىۋاتقانغا ئوخشايتتى. قەلەندەرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى سۇ تەگمىگەن يۈزىمۇ قازان كۈيىسى سۈۋاپ قويغاندەك قارا ھەم مەينەت ئىدى. كىشىلەر نەپرەت بىلەن قارىشاتتى. بىكار تەلەپلەر ئەگەشتى، باللار چۇقان سېلىشاتتى، تاش-داڭگاللارنى ئېتىشاتتى، قەلەندەر بولسا بەخىرامان ئىدى، سازايى قىلىش تاكى مەھكىمە شەرئىيگە يېتىپ بارغۇچە داۋاملاشتى.

ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش خوتەن شەھىرىنىڭ كوچىلىرى ئۈچۈن تۇنجى قېتىممۇ، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىممۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۆزىنى ئۆزى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇزاق يىللار-ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئەۋلىيانىڭ ئاشۇ كوچىلاردىن

ئېشەككە تەتۈر مىنىپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ھەر قېتىم يۈزىگە قارا سۈۋىغان زىناخورلار ۋە باشقا گۇناھكارلار ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ سازايى قىلىنغاندا، ئۇلار ئاشۇ ئەۋلىيانى يادىغا ئېلىشاتتى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم ھېلىقى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا سازايى قىلىنغان بىچارىلەرنى كۆرگەندە ئۇنى يەنە يادىغا ئېلىشتى. لېكىن ئەمدى بۇ بىچارىلەرنىڭ بېشىدا كۇلاھ، يۈزىگە قارا سۈۋالغان بولسىمۇ ئاستىدا ئېشەك يوق ئىدى ...

※ ※

ئۇلار مەھكىمە شەرئىيگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇ يەردە ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن سوتنىڭ ئاخىرقى پەتىۋاسى ئېلان قىلىنىپ بولغانىدى. ھارغىنلىقتىنمۇ ياكى نېمىنىدۇر كۈتۈپ زېرىككەنلىكتىنمۇ قازى، قازى-قۇززات، ئەلەم، مۇپتى، رەئىسلەر پاششا كاۋىسىدەك يوغان سەللىلەرنىڭ ئاستىدا ئېزىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. كۆزلىرى خۇددى ئۇخلاۋاتقان مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك يېرىم يۇمۇلغانىدى. ئۇلار كىرىپكىلىرى ئارىسىدىكى ئاشۇ تارقىسچىلىقتىن تالىپلار ھەيدەپ كىرگەن جەندە-كۇلاھلىق قەلەندەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئېچىشتى، لېكىن ئۇنىڭدىن قولغا چىققۇدەك پارا ياكى مۆھۈر ھەققى ئۇندۇرۇۋېلىشقا جەزم قىلالماي يەنە كۆزلىرىنى يۇمۇشتى. پەقەت قازى-قۇززاتلار «نېمە ئىش؟» دەپ سوراپ قويدى پەس ئاۋازدا. لېكىن، ئۇنىڭ سوزۇلغان ئاۋازىدىن ئۇلۇغۋارلىقى جاراڭلاپ تۇراتتى. تالىپلار قەلەندەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ۋە بەرگەن جاۋابلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ كاپىر-دەھرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتى. جازالاپ بېرىشنى، خەلقئالەمگە ئىبرەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قازى جىددىي دىنىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆزىنى ئاچتى

ۋە دەرھال سوراقنى باشلىدى. لېكىن، ئۇمۇ تونۇشتۇرۇلغان ئاشۇ گەپلەردىن ئالدىدىكى قەلەندەر سىياق ئادەمنىڭ ئوڭ ياكى ساراڭ ئىكەنلىكىگە دەرگۇمان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ سوراقنى دەل ئاشۇ جايدىن باشلىدى.

— ئەقلى-ھوشۇڭ جايىدىمۇ؟

— ساراڭ ئەمەس، ئوڭمەن، قازى جانابلىرى.

— نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

— مەھكىمە شەرئىدە تۇرۇۋاتىمەن، جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا.

— تالىپلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىڭ توغرىسىدا دېگەنلىرى راستمۇ؟

— راست، جانابلىرى، ئۇلار يالغان ئېيتمىدى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماندۇرمەن، جانابلىرى.

قەلەندەر تېز، توغرا، ئېنىق جاۋاب بېرەتتى، لېكىن ھالىتى بىنەزەر ئىدى، ئاشۇ سوئاللارغا ئويلىمايلا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تالىپلار ئۇنىڭ جاۋابلىرىدىن ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ھېلى مەسچىت مۇنارىنىڭ پەشتىقىدا ئولتۇرۇپ بەرگەن جاۋابلىرىغا ئوخشىمايتتى. گويا ئۇ تالىپلارنى تۆھمەتچىگە چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندەك قىلاتتى. تالىپلارنىڭ كۆزلىرى ئەنسىزلىكتىن چاراقلاپ، پۇلتىيىپ كەتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىزلىككە چۈشكەن بىر تالىپ «ئابايا ئۇ ئۇنداق دېمىگەن» دەپ لوقما سالدى. قازى سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن ھېلى تالىپلارنىڭ سوئالىغا نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭ؟

— توغرا جاۋاب بەرگەنىدىم، جانابلىرى.

تالىپلار «يالغان، يالغان» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ئۇلار نېمىدەپ سورىغانىدى؟

— سەن مۇسۇلمانمۇ ياكى كاپىرمۇ؟ دەپ سورىغانىدى جانابلىرى.

— سەن نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟

— مۇسۇلمان دېسەڭ مۇسۇلماندۇرمەن، كاپىر دېسەڭ كاپىردۇرمەن، دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم، جانابلىرى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلغىنىم، جانابلىرى، ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا، مۇسۇلمان ئادەمدىن كاپىرمۇ سەن، دەپ سوراش دۇرۇس بولارمۇ، جانابلىرى؟

قازى توختاپ قالدى. مەھكىمە شەرئىيىنىڭ ئىچىنى ھەيرانلىق قاپلىدى. ئەلەم، مۇپتى، رەئىسلەرنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى ئېچىلىپ كەتتى. تالىپلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇتۇلۇپ قالغانىدى. قەلەندەرنىڭ ھەربىر سۆزىگە «جانابلىرى» دېگەننى قوشۇپ ئېيتىشىدا روشەن مازاق مەنىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قازى قەلەندەرنىڭ مەينەتلىشىپ كەتكەن چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىدىن ئالدىدىكى قەلەندەرنى بوش چاغلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ تالىپلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىلمەك-توقۇناق سوئاللىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— سەن راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟

— «كەلىمە تەيىبە» گۇۋاھ، جانابلىرى.

— قاچاندىن بېرى مۇسۇلماندۇرسەن؟

— يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى مۇسۇلماندۇرمەن، جانابلىرى.

تالىپلار «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشتى. ئۇلار «ئەلمىساقتىن بېرى مۇسۇلماندۇرمەن» دەپ جاۋاب بەرمىگەن قەلەندەرنى تۇتۇلۇپ قالدى، دەپ ئويلاشقانىدى، قازى سورىقنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئاشۇنداق دېگىنىم، جانابلىرى.

— نېمشقا ئەلمساقتىن بېرى مۇسۇلمان ئەمەسسەن؟

— ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىردىم، جانابلىرى، يەتتە يېشىمدا ئاتام سۈننىتىمنى قىلدۇرغان. شۇ يىلى موللامنىڭ مەكتىپىدە «كەلىمە تەيىبە» تىلىمغا جارى بولدى. ئۆزلىرى ئېيتىپ باقسىلا، جانابلىرى، سۈننەت قىلدۇرمىغان، كەلىمە تەيىبنى دېيەلمىگەن ئادەم مۇسۇلمان بولارمۇ؟

قازى مەڭدەپ قالدى، چېكىسىدىن پۇژژىدە ئىسسىق تەر چىقتى. لېكىن ئۇ كۆپ سوراقلارنى قىلىپ پىشىپ كەتكەن قاقۋاش ئىدى، دەرھال يېڭى ھۇجۇمنى باشلىدى:

— سەن ئابايا «سەن كىمنىڭ قۇلىدۇرسەن؟» دېگەن سوئالغا «باقى بوياقچىنىڭ قۇلىدۇرمەن» دەپ جاۋاب بېرىپسەن، راستمۇ؟

— راست، جانابلىرى، مەن باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماندۇرمەن، جانابلىرى.

— ئەمىسە بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى بولغاندىكىن باقى بوياقچىنىڭ بەندىسى دېگىنىم، جانابلىرى. ئۆزلىرى ئويلاپ كۆرسىلە، ئاللانىڭ نامى-شەرىپى مىڭ بىردۇر. ئاشۇ مىڭ بىر مۇبارەك ئىسىم قاتارىدا باقى دېگەن ئىسىممۇ ئاللانىڭ نامىلىرىغا مەنسۇپتۇر ...

— ئۇنداق بولسا بوياقچى دېگىنىڭ نېمىسى؟

— ھويلىدىكى گۈلزارغا قاراپ باقسىلا، جانابلىرى، گۈللەر قىزىل، سېرىق، ھال رەڭلەردە ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ياپراقلار يېشىل رەڭدە چاقناپ تۇرۇپتۇ، قارا ساقاللىرى قاردەك ئاقىرىپتۇ. بۇلارنى ئاللا بويىماي كىم بويىغان؟ ئاللانىڭ ئۆزى ئۇستا بوياقچىدۇر، جانابلىرى، ئاشۇ باقى بوياقچىنىڭ ئۆزى يالغانچىنىڭ چىرايىنى قارا بوياپ قويۇشقىمۇ قادىردۇر، جانابلىرى ...

قازى مەگدەپ قالدى. چېكىسىدىن ئىككىنچى قېتىم پۇژژىدە ئىسسىق تەر ئۆرلىدى. ئۇ قەلەندەرنىڭ جاۋابلىرىنى «خاتا» دەپ هۆكۇم قىلىشقا ئاجىز ئىدى. «توغرا» دېيىشكىمۇ رايى بارمايتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قوينىدىن يىپەك ياغلىقنى ئېلىپ، چېكىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. تالىپلارغا هومىيىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قارىشىدا «نەدىن تېپىپ كېلىشتىڭ بۇ تىلى ئۇزۇننى؟» دېگەن تەئەددى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاشۇ سەت قەلەندەر ئالدىدا يېڭىلىپ، تۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن تېرىكىپ، يېلى ئېشىپ كەتكەن پومزەكتەك يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر سورىماقچىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ يەنە لەت بولۇشىدىن قورقۇپ زۇۋان سۈرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ تۇيۇقسىز «سېنىڭ ‹گۇللۇغ ئۆستىگى› گە سىيگىنىڭ كۇپۇرانىلىق، قىرىق دەررە ئۇرۇشقا لايىقسەن!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ غەزەپتىن خۇددى بەيگىدە چاپقان ئاتتەك هاسىرايتتى. قەلەندەر بولسا تىنچ ئىدى. نېمىنىدۇر زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك مىيىقىدا كۇلۇمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاشۇ بەخىرامان هالىتىنى ئۆزگەرتمەي، ئورۇق، ئۇزۇن قوللىرىنى قازىغا قارىتىپ كۆتۈردى:

— نېمە ۋەجىدىن، قازى جانابلىرى؟

— سۈنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن ...

— سۈنىڭ يەتتە يۇمۇلانسا هالال بولىدىغانلىقىنى بىلمەملا، جانابلىرى؟ ئۆزلىرى ئاشۇنداق دېمىگەنمىدىلە، جانابلىرى؟ مېنىڭ سۈيدۇكۇممۇ سۇ، ئۇ ئەزان پەشتىقىدىن چۈشكىچە يەتتە قېتىم ئەمەس، يەتمىش قېتىم يۇمىلاندى. ئۇ هالال، جانابلىرى ...

— ياق، مەن ئۇنداق دېمىگەنمەن، سۈنى بۇلغىغانلىقىڭ ئۈچۈن قىرىق دەررە ئۇرۇشقا لايىقسەن، قېنى پاششاپ، هۆكۇمنى ئىجرا قىل ...

قەلەندەر ئەمدى قولىنى چىلان ياغىچىدىن ياسالغان پالاق كۆتۈرۈۋالغان پاششاپقا قارىتىپ كۆتۈردى. بۇ ئۇنىڭ «ئالدىرىما»

دېگىنى ئىدى. ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقىدەك بەخىرامانلىق ئىچىدە قازىغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەگەر سۇنى بۇلغىغانلىقى ئۈچۈن قىرىق دەررە ئۇرۇلۇش كېرەك بولسا، ئاۋۋال مۇنۇ تالىپلارنىڭ ھەربىرىنى قىرىق دەررىدىن ئۇرسىلا، جانابلىرى، ئاندىن كېيىن مېنى.

— نېمە ۋەجىدىن؟

— پاك سۇنى بۇلغىغانلىقى ۋەجىدىن، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى «گۇللۇغ ئۆستەڭ»گە چىلاپ تەرەت ئېلىشتى، ئىچىدىغان سۇنى بۇلغىدى ...

— راستمۇ؟

بۇ سوئال ئەمدى تالىپلارغا قارىتىلغانىدى. تالىپلارنىڭ سەللىلىك باشلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ۋۇجۇدلىرىغا تىترەك ئولاشتى. دەررىنىڭ «پاق-پۇق» ئۇرۇلغان دەھشەتلىك ئاۋازلىرى قۇلاقلىرىغا ئاڭلانغاندەك بولۇپ، شۇركۇنۇپ-تولغىنىپ كېتىشتى.

قازى تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەۋرەتلىرىنى ئۆستەڭگە چىلاپ تاھارەت ئالىدىغان ئاشۇنداق بىنومۇس-بىشەرئىي قىلمىقتىن ئۆلگۈدەك بىزار ئىدى. مەسچىت-مەدرىسلەردىمۇ تالاي قېتىم ئاشۇ قىلىقنى سۆكۈپ ۋەز ئېيتقان، مەسچىت-مەدرىسلەرگە تاھارەت ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان قۇم چۆگۈن، ساپال چەينەكلەرنى، نوگاي-قاپاقلارنى قويدۇرغانىدى. لېكىن بۇ خەق يەنە ئاشۇ پاسكىنا قىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. سۈت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆلگەندە چىققىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. قازىنىڭ شۇ تاپتا تالىپلارنى بىشەرئى قىلىقى ئۈچۈن قىرىق دەررىدىن ئۇرغۇزغۇسى كەلدى، لېكىن ئىككىلىنىپ قالدى. ئۆزىنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى تېخىچە قۇرئاندىن نېرى ئۆتەلمىگەن دەڭگىرەك ئوغلىمۇ تالىپلار ئىچىدە تۇراتتى. مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئوغۇللىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئاشۇ سۆزنى قاتمىغان باللار

قىرىق دەررىنىڭ ئاستىدىن ساق تۇرالارمۇ؟ ھەي ... قازى ئىككىلىنەتتى، نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى، بۇ سوراقنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتى. شۇ ئارىدا ئەلەم ئاخۇنۇم ئارىغا چۈشتى. ئەلەم ئاخۇنۇم پۈتكۈل سوراق جەريانىدا، قەلەندەرنىڭ بەخىرامان ھالىتىگە، جۇلدۇركېپەن تۇرقىغا، ئاجايىپ پاساھەتلىك جاۋابلىرىغا ھەيرانلىق-مەمنۇنلۇق نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇرغانىدى. كۆڭلى سىرلىق بېشارەتنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن قەلەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى تونۇماي قاپتىمىز، نامىشەرەپلىرى نېمىكىن؟

— قەلەندەرمەن، نامىشەرىپىممۇ قەلەندەر ...

— ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك سۆھبەتلىرىگە مەيلىمىز بار ئىدى. قەلب دۇردانىلىرى ئارىسىدىن ئازراق گۆھەر تېرىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرەرلىمىكىن؟

قەلەندەر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ مەقسىتىنى — ئۇنىڭ قازى ئاخۇنۇمنى تەڭلىكتىن، تالىپلارنى پالاقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ ياش باللارنى تاياقتا قويغۇسى يوق ئىدى، پەقەت ساۋاق بېرىپ قويۇشنىلا ئىستەيتتى. ئۇ تاقارىشمىدى:

— قېنى ئەمىسە باشلا.

ئەلەم ئاخۇنۇم قەلەندەرنى باشلاپ مەھكىمە شەرئىيدىن چىقتى ...

ئۇزاق يىللار-ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەر مەھكىمە شەرئىيدە بولۇپ ئۆتكەن ئاشۇ بىر قېتىملىق سوراقنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ھەر قېتىم رەڭدار نەرسىلەرنى كۆرگەندە باقى بوياقچى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى كۆڭۈللۈك ھالدا يادىغا ئېلىشاتتى. ئەۋرىتىنى ئۆستەڭگە چىلاپ تاھارەت ئېلىۋاتقان بىشەرئىلەرنى ئۇچراتقاندا قەلەندەرنىڭ ئۇنتۇلماس تەنبىھىنى

ئەسلىشەتتى. لېكىن، ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان بەزى نائەھلىلەرنىڭ چوڭ ئۆستەڭگە ئەۋرىتىنى چىلاپ، پاك سۇنى بۇلغايدىغان قىلىقىنى يەنىلا پات-پات ئۇچرىتىپ تۇرۇشاتتى ...

شۇ تاپتا ھۆرمەتلىك ئەلەم ئاخۇنۇم قەلەندەر ئەمدى ئوڭ مىنىۋالغان كۆك ئېشەكنى كىچىك پېئىللىق بىلەن يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئېسىل كىيىنىۋالغان، بېشىغا يوغان سەللە ئورىۋالغان چاكارغا ئوخشايتتى. قەلەندەر بولسا ئېشەك ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇراتتى. كىشىلەر ھەيران بولۇپ قارىشاتتى. ھەي، ھۆرمەتلىك ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ بىر ئەرزىمەس قەلەندەرنىڭ ئېشىكىنى يېتىلەپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، ھەي تەتۈر پەلەك ...

※ ※

ئەلەم ئاخۇنۇم كۆك ئېشەكنىڭ باشبېغىدىن يېتىلەپ باراتتى. كۆڭلىدە قىلچە كىر-پۇشايمان يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكەت-قىلىقلىرىدىن ئۇلۇغۋار بىر زاتقا، نامى كەلگۈسىدە ئەسىرلەر بويى ئۆچمەيدىغان بىر مۆتىۋەرگە خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا چەكسىز ئىشەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ كەمتەر ئادەم ئىدى. سىرلىق-نامەلۇم بىر كەلگۈندى قەلەندەرگە قىلىۋاتقان مۇشۇ خىزمەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ كەمتەر نامىنىڭ يەنىمۇ ۋايىغا يېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئەخلەت ئارىسىدىكى گۆھەرنى تونۇيالايدىغان كۆزلىرىنىڭ يەنىمۇ داڭقى چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ قىلچە نومۇس قىلماستىن جۇلدۇركېپەن قەلەندەرنىڭ ئېشىكىنى يېتىلەپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ قالغان كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا سىرلىق خىياللارنى قالدۇرۇپ باراتتى. ھاڭ-تاڭلىقىنى يەنىمۇ

ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. ئۇلار ئاشۇ يۈرۈشىدە «خەلپىلىك ھويلا»
غا — خوجا ئەۋلادى بولمىش ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خانىدانىغا يېقىنلاپ
باردى، «خەلپىلىك ھويلا» نىڭ ئارقىسىدىكى «مۇپتى غوجام»
مازىرىنىڭ خادا-شادىلىرى، تۇغ-ئەلەملىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. توپىلىق يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قاتار-قاتار ئۈجمە
دەرەخلىرى يولغا قويۇق سايە تاشلاپ، كىشىگە ھۇزۇر بېرەتتى.
كۆك ئىشەك ھۆرمەت-ئىززەت ئىچىدە «خەلىپىلىك ھويلا» نىڭ
ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىنىڭ ئېگىز بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى.
ئىچكىرى-تاشقىرى ھويلىلار، نەقىشلىك دىراۋزۇن ھۆسن
بېغىشلاپ تۇرغان پېشايۋانلار، ئاستىمۇ، تاملىرىمۇ زىلچا-گىلەملەر
بىلەن بېزەلگەن ئايۋان-سارايلار قەلەندەرنىڭ دىققىتىنى قىلچىمۇ
جەلپ قىلالمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېغىل تەرەپكە ئېلىپ
كېتىۋاتقان كۆك ئىشەككە ھەسرەت بىلەن قاراپ قويۇپ،
مېھمانخانىغا قەدەم باستى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە كۆك ئىشەككە
قارىتىلغان «كىم سېنى سالپاڭ قۇلاق، تۆت ئاياغلىق بولسۇن
دەپتۇ؟ جىسمىڭدا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى بار تۇرۇقلۇق
مېھمانخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشتىن چەتلىتىلدىڭ، ھەي،
بىچارە ... » دېگەن پىكىر كېزىپ ئۆتتى. لېكىن قاردەك ئاق،
قارا تۇمشۇقلۇق غاز بولسا، ئىككى تەرىپىگە ئېغىناقلاپ
غاقىلدىغىنىچە مېھمانخانىغا — ئوتتاشتەك گىلەملەر ئۈستىگە قەدەم
تەشرىپ قىلدى. ئەلەم ئاخۇنۇم غازنىڭ تۆت پۇتلۇق ئەمەس،
ئىككى پۇتلۇق بولغىنى ئۈچۈنمىكىن ئۇنى توسمىدى. قەلەندەرنىڭ
بولسا رايى شۇ ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشام ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىلىرى،
غالچا-مەدىكارلىرى، دېدەك-چۆرىلىرى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك
پايپېتەك بولۇپ، قەلەندەر ئۈچۈن پۈتۈن بىر ئاخشام خىزمەت
قىلدى. جاھاندىن تېپىش مۇمكىن بولىدىغان نازۇنېمەتلەرنىڭ
ھەممىسى ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خانىدانىدىن تېپىلاتتى. توخۇ سۈتىدىن

باشقا ھەممە يېمەكلىكلەر داستىخانغا تۆكمە قىلىندى، لېكىن قەلەندەر كەم ئىشتىھا ئىدى. ئۇ قوغۇن-تاۋۇزلارنى، بېھى، نەشپۈتلەرنى كۆك ئېشەككە چىقارتىپ تۇردى. ھالۋا-مانتىلارنى تەخسىسى بىلەنلا غازغا ئۆتتۈندى. ئەڭ ئاخىرىدا يېڭى ئۈزۈلگەن ئانارلارنى ئالىقىنىغا ئۇۋاپ، غازنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ياقۇتتەك ئانار دانىلىرىنى ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ يېگۈزدى. قەلەندەر پۈتۈن بىر ئاخشام داۋامىدا زادىلا زۇۋان سۈرمىدى، مۇبارەك نەزەرلىرىنى ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ تەشنا چېھرىلىرىگە بىرەر قېتىممۇ تاشلاپ قويمىدى. ئۇ گويا قەلب دۇردانىلىرىنى ئەلەم ئاخۇنۇمدىن قاچۇرۇۋاتقاندەك، ئېسىل نەزەرلىرىنى ئەلەم ئاخۇنۇمغا تەقدىم قىلغۇسى كەلمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ناماز خۇپتەنگە ئەزان چىققاندا، ئەلەم ئاخۇنۇم لەۋ يېرىپ: «ھەزرىتىم، تاھارەتلىرىنى يېڭىلىۋالامدىلىكىن؟» دەپ سورىدى، قەلەندەردىن ھېچقانداق ئىنكاس قايتمىدى. «ئاڭلىماي قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان ئەلەم ئاخۇنۇم تەكلىپىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ئەنە شۇ چاغدا قەلەندەر كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ: «مەن ھەرقانداق ھەمدۇ-سانانى قوبۇل قىلىشقا تەييارمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ئاخشامدا چاچقان قەلب دۇرلىرى پەقەت شۇلا ئىدى. ئەلەم ئاخۇنۇم ھەيران بولدى ۋە ئارقىدىنلا چىرايىدىن ئاللىقانداق بىر يوشۇرۇن سىرنى چۈشەنگەندەك ئىپادىنى جىلۋە قىلدۇردى. ئۇ قايتا-قايتا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ناماز خۇپتەنگە چىقىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. ھەزرىتىمنى يالغۇز قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم تىلىدى. قەلەندەر گويا ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلىمىغاندەك بىئىنكاس ئىدى ...

ئەلەم ئاخۇنۇم خۇپتەن نامىزىدىن قايتىپ كىرگەندە، قەلەندەر چىلىمنى خۇرۇلدىتىپ، نەشە چېكىپ ئولتۇراتتى. زىلچا-گىلەملىك مېھمانخانىنى نەشە ھىدى قاپلىغانىدى. قەلەندەر ئۆپكىسىدىن ياندۇرغان ئىسنى غازنىڭ تۇمشۇق-بۇرنىغا قارىتىپ

پۈۋلەيتتى. غاز ئېلىپىسسىمان كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، دەسلەپتە بوش-بوش غاقىلدىدى، كېيىن تېخىمۇ شوخلىنىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، گىلەم ئۈستىدە غاقىلداپ چېپىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئاق لىباسلىق رەققاسقا ئوخشايتتى. شوخلۇق بىلەن غاقىلداشلىرى بولسا كېچىچە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ساما سېلىپ چىققان سوپىنى ئەسلىتەتتى. قەلەندەر نەشىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ قىسقىغىنا دۇئا قىلدى ۋە شۇ زامات ماموق ياستۇققا يانپاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئەلەم ئاخۇنۇممۇ ئۇخلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، مېھمانخانا ئىشىكىنى ئاۋايلاپ يېپىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئەلەم ئاخۇنۇم مېھمانخانا ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ نەزەر سالغىنىدا، قەلەندەر ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. سىيىپ-چىچىپ، بىزەپ قىلىنىۋېتىلگەن مېھمانخانا ئىچىدىن گەندىنىڭ سېسىق ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. گىلەم ئۈستىدىكى ئالامەتلەردىن كۆك ئېشەكنىڭمۇ مېھمانخانا ئىچىدە تۈنىگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوغۇن-تاۋۇز، بېھى-نەشپۈتنى كۆپ يەپ، شاتىراقلاپ قالغان كۆك ئېشەك ئوتقاشتەك قىزىل گىلەملەرنىڭ ئۈستىنى بۇلغىۋەتكەنىدى. ئادەم گەندىسى، ئېشەك تېزىكى، قۇش مايىقى ئارىلىشىپ، چېچىلىپ ياتاتتى ... سېسىق پۇراق بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن ئەلەم ئاخۇنۇم مېھمانخانا ئىچىگە كىرىپ، تامغا يېزىپ قويۇلغان «ماڭا قىلغان ئىززىتىڭگە سېيمەك ۋە چىچماق كېرەك» دېگەن خەتلەرنى كۆردى ۋە بۇنىڭ يېڭى توقۇلغان بىر غەزەلنىڭ تۇنجى مىسراسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەلەم ئاخۇنۇم ھەيران ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىنى سىرلىق بىر تۇيغۇ قاپلاپ كېلەتتى ...

ئۇزاق يىللار — ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىلچىلىكلەر ئەۋلىيانىڭ «خەلپىلىك ھويلا» غا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى،

ئېيتقان بىر جۈملە سۆزىنى، نەشە چېكىپ قىلغان دۇئاسىنى، مېھمانخانىغا سىيىپ-چىچقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار: شۇ قېتىم ئەۋلىيا مۇقەددەس جەندە-كۇلاھىنى ئەلەم ئاخۇنۇمغا قالدۇرۇپ كەتكەن، دېيىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەلەندەر نەشە چېكىپ قىلغان دۇئاسىدا: «ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەلەملىك مۇقامىدا ئۆتكەيسەن!» دەپ سېھرىي ئالامەت قىلغانىمىش، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى سۇلايمان ئەلەم، شەمشىدىن خوجا ئەلەم قاتارلىقلارنىڭ تاكى ئەخمەت توختى ئەلەمگىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەلەم بولۇپ ئۆتكەنلىكى ئاشۇ سېھرىي ئالامەتنىڭ ۋەجىدىنىمىش. مېھمانخانىغا سىيىپ-چىچقانلىقى بولسا، ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى يوشۇرۇپ پىنھان تۇتۇش ئۈچۈن قىلغان ئىش ئىمىش ... يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قەلەندەر شۇ قېتىمقى دۇئاسىدا «قىزلىرىڭ ئۆمۈرۋايەت تۇل قالغاي!» دەپ قارغىغانىمىش ۋە خوتەنگە ئەلەم بولغانلارنىڭ قىزلىرىغا ئەر چىقماسلىقىدىكى سەۋەب شۇنىڭدا ئىمىش ...

بۇ چاغدا قەلەندەر كۆك ئېشىكىنى دېۋىتىپ، يىراق مەنزىللەرنى كۆزلەپ، خوتەن شەھرىدىن چىقىپ كېتىپ باراتتى.

※ ※

قەلەندەر تاڭ سەھەردە، يورۇڭقاش دەرياسىدىكى كەلكۈننىڭ پەسەيگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خېلىلا تۆۋەندىن، «تاش كېچىك» ئارقىلىق دەريادىن ئۆتتى. ئۇ كۆك ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ، قاراقاش دەرياسىدىكىگە ئوخشاشلا، قولىنى دەرياغا تىقىپلا چىلگە قوغۇنچىلىك كېلىدىغان ئاق قاشتېشىدىن بىرنى سۇزۇپ، خۇرجۇنغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئاشۇ قاشتېشىنى نېمىگە سۇزگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت سۇزۇپ قويۇش ئۈچۈنلا سۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ دەريادىن ئۆتۈپ ئۇزاق ماڭمايلا «ھېلىم

ئاتا» مازىرىنىڭ ئالدىدا زاھىر بولدى. ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ، يىراققا — شىمالغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ قەلب كۆزلىرى يورۇڭقاش دەرياسى بويىدا بىر سىزىق ئۈستىگە تىزىلىپ، يىراق-يىراق چېچىلىپ ياتقان «تۇغيانچى» مازىرىنى، «ئىمامى شاھىم» مازىرىنى، «ئىمامى پەتتار» مازىرىنى، «مازار تاغ» نى بىمالال كۆرەتتى. ئۇ ئۇزاققا سوزۇلغان چوڭقۇر خىياللاردىن ئويغىنىپ، قۇم ئىچى بىلەن شەرققە يۈرۈپ كەتتى. چۈشكە قالمايلا «ئىمامى ئاسىم» ۋە «ئىمامى قاسىم» لارنىڭ قەبرىسىگە يەتتى. ئۇ بۇ يەردە ئىمامى ئاسىم ۋە ئىمامى قاسىملارنىڭ روھىغا دۇئا-تەكبىر ئېيتىمىدى، سەنسۇئىل كاپىرنىڭ قەبرىسىگە سىيىپ-چىچىپمۇ يۈرمىدى. پەقەت چىلىمىنى خورۇلدىتىپ بىر پەنەك نەشە چەكتى. قۇمغا كۆمۈلۈپ، كۆتىنى چۈشتىن كېيىنكى كۈننىڭ ئاپتىپى قىزدۇرغىچە ئۇخلاپ ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىمالغا بۇرۇلۇپ، سۇي، جىيا دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ، يورۇڭقاش دېگەن يېزىدا «ئۇشلۇقۇم مازار» ، «قارا ساقال مازار غوجام» ، «ئىمامى مەھەممەت نەقىي مازار غوجام» ، «ئىمامى مۇھەممەت تەقىي مازار غوجام» لارنى يوقلاپ، لوپنىڭ يېزا، جاڭگاللىرىنى ئارىلاپ، دول دېگەن يەردە «باغداد پاششايىم» غا كېلىپ چۈشتى. قاراقاشنىڭ چىدىرقۇم دېگەن يېرىدىمۇ «باغداد پاششايىم» نى كۆرۈپ ئۆتكەنلىكىنى ئەسلەپ، ھەيران بولدى. دول[1]دىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ سامپۇلا[2] دېگەن قەدىمكى يۇرتنىڭ تاشلىق قەبرىستانلىقى ئارقىلىق تاغ ئۈستىدىكى ساي بىلەن ئۇدۇل ئاچچىق دېگەن يەرگە راۋان بولدى. «ئۈجمە مازار غوجام» دا ئۈجمىنىڭ يېرىقىغا قىسىلىپ قالغان زىكرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى كۆرۈپ، ئون بەش كۈن نەشە چېكىپ ئۇخلىدى. تاغ ئىچى ئارقىلىق چىرا تاغلىرىغا

---

① دول — لوپ ناھىيىسىدىكى جاي نامى.
② سامپۇلا — لوپ ناھىيىسىدىكى جاي نامى.

ئۆتۈپ، ئىمامى مۇھەممەت ئاخىرزاماننىڭ تاش ئىچىگە كىرىۋالغان يېرىنى كۆرۈپ، تاش يېرىقىدىن ئېقىپ چىققان كۆز يېشىدا بىر يىل يۇيمىغان يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئۆتتى. چاقار[1]دا «ئىمامى خۇدا سالىم مازىرى» غا، ئىمامىلار[2]دېگەن يەردە ھەزرىتى تۆت ئىماملارنىڭ شېھىتلىكىگە يولۇقتى. ئۇ يەردىن كېرىيىنىڭ پۇلۇ تېغى ئارقىلىق نىيە تاغلىرىغا ئۆتۈپ، كۆك مەرەستە ھەسسۇلتىنىمغا يولۇقۇپ، ساي بىلەن نىيىگە كېلىپ چۈشتى. تەلپەكچىلىك كېلىدىغان بۇ كىچىككىنە يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالماققۇدۇق دېگەن يەردە شېھىتلىك پاششايىمنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. نىيىلىكلەر شېھىتلىك پاششايىمنى ئاچقۇچى، ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىمنى قۇلۇپى دەپ چۈشەندۈرۈپ، شېھىتلىك پاششايىمغا دۇئا قىلمايلا ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىمغا بارسا دۇئاسى ئىجاۋەت بولمايدۇ دەپ، قالماق قۇدۇقتا تاۋاپ قىلىپ ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى. قەلەندەر شېھىتلىك پاششايىمدىمۇ باشقا مازارلاردىكىگە ئوخشاشلا نەشە چېكىپ، تەمبۇر چېلىپ ئون بەش كۈن ياتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن چۆل ئىچىگە ئاتلىنىپ ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىمغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى ... ئۇ نېمىشقىدۇر يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ بارماي، مازارمۇ مازار چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بىرەركىم پالانى يەردە مازار بار دېسە، شۇ ياققا قاراپ كېتىۋېرەتتى. مازاردا دۇئا قىلمايتتى. ئىستىقامەت قىلىپ، تىلەك تىلەپ، شاخ يېرىپ، بىرەركىمنىمۇ قارغىمايتتى. نامى ئانچە مەشھۇر ئەمەس كىچىك مازارلاردا توختىماي، چوڭراق مازارلاردا ھەپتە، ئون بەش كۈن، ھەتتا قىرىق كۈن توختاپ، مازاردا ياتقان مۇقەددەس زاتلار بىلەن سىردىشاتتى. ئۇلارنىڭ تەزكىرە-كەچمىشلىرىدىن ئۆز سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەيتتى. ئاشۇ مۇقەددەس زاتلار ئۇنىڭ نەزىرىدە مەشھۇر-مەشھۇر ئەمەسلىكى

① چاقار — چىرا ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.
② ئىمامىلار — چىرا ناھىيىسىدىكى يېزا نامى.

بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئىنساني كامالەتكە قانچىلىك يېقىنلىقى بىلەن پەرقلىنەتتى». ئۇ ئاشۇ زامانلاردىن «ئۆزى» نى ئىزدەيتتى؛ ئۆزىنى تاپسىلا ھەقنىمۇ تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ ماشايىخلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كامالەت يولىغا ئىنتىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىكلەر ئىچىدە يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇڭىمۇ مازارمۇ مازار كېزىپ يۈرەتتى ... قەلەندەر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا جاۋابكار ئەمەس ئىدى. مازارلارنىڭ گۈمبىزىگە باش قويۇپ ھەپتە، ئون بەش كۈن، قىرىق كۈن چوڭقۇر خىياللارغا پاتقىنىدا، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئامالىنى ئىزدەيتتى. ئۆزىگە بولغان جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ئۆز ۋۇجۇدىدىن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسىنى تېپىشقا قىستايتتى. ئۆزىنى، ئۆز كامالىتىنى تاپالمىغانسېرى قەلبى ئۇلۇغ بىر ئىشقى گۈلخانىدا كۆيەتتى. ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىشق ئوتى قەلبىنى تاۋلايتتى. تاۋلانغان قەلبتىن يېڭى-يېڭى ھېكمەتلەر پىشىپ چىقاتتى. «ھېكمەت كۆپ جايدا قايغۇمۇ كۆپ»، ئۇ ئازابلىناتتى، پۇچۇلىناتتى ...

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاشۇ مازارلاردا، شەيخنى، تاۋاپچىلارنى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى «كۆپۈرانە» ھېكمەتلىرى، بىشەرئىي قىلىقلىرى بىلەن ھەيران قالدۇرۇپ، يېڭى-يېڭى مازارلارنى ئىزدەپ كېتىپ قالاتتى.

قەلەندەر ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم مازىرىدا ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. ئۇنى ئاشۇ يەردە «ئۈچ يىل ئېتىكاپتا ئولتۇردى، ئۈچ يىل چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئۆزىنى ئىزدىدى، ئۈچ يىل نەشە چېكىپ ئۇخلىدى» دېسىمۇ بولاتتى. پەقەت ئۇ ھەر يىلنىڭ سەيلە-تاۋاپچىلار توپلىشىپ كېلىدىغان ئايلىرىدىلا خىيالدىن ئويغىناتتى. تەمبۇرنى سايرىتىپ، ئۇلارغا يېڭى-يېڭى ھېكمەتلەرنى تەقدىم قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ مەنىلىك غەزەللەر ھۇمايۇن قۇشنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلگەن دەستە-دەستە گۈللەردەك چېچىلاتتى، ئۇنىڭغا مەيلى سەيلە-تاۋاپ مەزگىلى

بولسۇن، مەيلى يىلنىڭ باشقا مەۋسۇملىرىدە بولسۇن نەشە ياكى ئوزۇق تۈگەپ قېلىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەر يىلقى سەيلە-تاۋاپ مەۋسۇمىدا تاۋاپچىلار ئۇنىڭغا ۋە شەيخكە ئاتاپ، قاراياغدەك پارقىراپ تۇرىدىغان مونەك-مونەك نەشە، پۈتۈن يىلغا يەتكۈدەك ئوزۇق ئالغاچ كېلەتتى. ھەر يىلقى سەيلە-تاۋاپ مەۋسۇمى قەلەندەر ئۈچۈن دەرد-ئەلەملىرىنى، قايغۇ-ئازابلىرىنى ئۇنتۇش مەۋسۇمى بولاتتى، ئەنە شۇ پەيتلەردىلا ئەسلىي ئادەملىككە قايتقان، خىيالىي ئالەمدىن رېئال دۇنياغا يېنىپ چىققان، ئازاب دېڭىزىدىن ئاراملىق قىرغىقىغا ئۇلىشىۋالغان بولاتتى. تەمبۇر چېلىپ، غەزەل ئوقۇپ ئادەملىكىنى، ئادەملىك ھېس-تۇيغۇسىنى، ئارامىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى. تاۋاپچىلارغىمۇ ئاشۇنداق كۆرۈنەتتى. سەيلە-تاۋاپ مەۋسۇمى ئاياغلىشىپ، تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى شالاڭشىغان چاغلاردا بولسا، ئۇنىڭ خىيال دۇنياسى يەنە باشلىناتتى، ئازاب دېڭىزى دولقۇنلايتتى. قەلبىدىكى دەرد-ئەلەم گۈلخىنى يالقۇنجاپ، ۋۇجۇدى كۆيگەن كاۋاپتەك پىژىلدايتتى، نەشە چېكىپ ئازابلارنى ئۇنتۇشقا ئۇرۇناتتى، چوڭقۇر ساماۋى خىياللارغا بېرىلىپ ئۆزىنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇراتتى ...

قەلەندەر ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشايىم مازىرىدىن ئۈچ يىلدىن كېيىن يېنىپ چىقتى. چىقىشقا ئاشۇ يەردىن ئۆزىنى تاپالمىغانلىقى سەۋەب بولدى. ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشايىمنىڭ روھى ئۇنىڭغا ھېچنېمە كۆرسىتىپ بېرەلمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى ئىزدىگەنسېرى ھەقىقىي ئادەملىك تۇيغۇ، ئەرلىك شەھۋەت، ئىنسانىي ئارزۇ-ھەۋەس يىراقتىن كۆرۈنگەن ئېزىتقۇ سۇغا ئوخشاش جىمىرلاپ ئۇنى ئازدۇراتتى. لېكىن، ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم قالغانلىقى يادىغا چۈشكەندە قەلبى ھەقىقىي ئادەمنىڭ قەلبىدەك ئازابلارغا تولاتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاشايىمدىن يېنىپ چىقىۋاتقان يولدا، تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ قانداقتۇر ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ زەررىسى

ئىكەنلىكىدىن، تۇغۇلۇشىدىنلا فەنا بولۇپ، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىپ قالدى. ئۆزى بىلەن ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ھېس قىلغانسېرى قەلبىدە ئەلەم-نادامەت ئوتى يالقۇنلاپ كېتەتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئىنتىلەتتى. ۋۇجۇدى، قەلبى ئاللانىڭ ئىشقىدا ياناتتى، ئاللانىڭ ئىشق قازىنىدا قاينايتتى. يار ۋەسلىگە ئېرىشىش — ئۇنىڭ ئالىي نىشانىغا ئايلانغانىدى. ئۇ تۇيۇقسىز مەڭگۈلۈك ۋىسالىنى — ئاخىرەتنى ئىختىيار قىلىپ قالدى. ئەتراپ غايەت يوغان ۋە ئېگىز توغراقلار، بەھەيۋەت ئۆسكەن يۇلغۇنلار بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى. قەلەندەر دۆلىسىدىكى خۇرجۇننى يەرگە قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللىقاچان — ئۇ ئېگىز قاراقۇرۇم تاغلىرى ئىچىدە مازارمۇ مازار كېزىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۆلۈپ كەتكەن كۆك ئېشەكنىڭ باشبېغىنى ئالدى. قاردەك ئاق، قارا تۇمشۇقلۇق غازنىمۇ شۇ چاغلاردا تۈلكە يەپ كەتكەنىدى. قەلەندەر كۆك ئېشەك ۋە ئاق غازنى ياد ئەتكەن ھالدا بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى. ئارغامچىنى توغراقنىڭ پەغەزدەك كۇندىلەڭ ئۆسكەن يوغان پۇتىقىنىڭ ئۇچىغا چەگدى. يەنە بىر ئۇچىنى ھالقا قىلىپ بوينىغا سالدى. ئاخىرقى قېتىم ئەتراپقا — پانىي ئالەمگە نەزەر سالدى. توغراق ئېگىز ئىدى. يىراق-يىراقلاردا كۆز يەتكۈسىز باراقسان توغراقلىقلار، يۇلغۇنلۇقلار، قومۇش-يانتاقلىق-لار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قەلەندەر ئۆزى مىنىپ ئولتۇرغان توغراق پۇتىقىغا قارىدى. ئۇ مانا مۇشۇ يەردە باقىي ئالەمگە ئۆتمەكچى، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ ۋىسالىغا ئۇلاشماقچىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ نۇرانە سىيماسى كۆرۈنگەندەك بولدى ...

قەلەندەر ئۆزىنى پەسكە قارىتىپ تاشلىدى، ئارغامچىنىڭ ھالقىسى قىسقىراپ، گېلىدىن بوغدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ئاخىرقى ئوي كېچىپ ئۆتتى: يېرىم مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئالەمنى كۆرىمەن ...

لېكىن، مانا شۇ چاغدا كارامەت يۈز بەردى. توغراقنىڭ شۇنچە يوغان پۈتىقى ھۆل چىۋىقتەك ئېگىلىپ، قەلەندەرنىڭ يالاڭ ئاياغ تاپىنىنى يەرگە تېگىپ قالدى. گېلىمۇ تۈزۈكرەك بوغۇلمىغانىدى، لېكىن ئۇ بۇلارنى سەزمەيتتى. قەلەندەر مانا ئۆلىمەن، ئەنە ئۆلىمەن، دەپ خېلى ئۇزاق كۈتتى، لېكىن ۋۇجۇدى مۇتلەقىنىڭ ۋىسالىدىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئويلاپ، تاپىنىنىڭ يەرگە تېگىپ قالغانلىقىنى، نەپىسىنىڭمۇ راۋان يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ بىر خىل رىتىمدا سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قولىنى كۆتۈرۈپ ئارغامچىنى تۇتتى ۋە ئۇنىڭ ھالقىسىنى بوشاتتى، ئېگىلىپ يەرگە تېگەيلا دەپ قالغان توغراق پۈتىقىدىن ئارغامچىنى يەشتى. لېكىن، توغراقنىڭ يوغان پۈتىقى تۈزلىنىپ ئەسلىگە كەلمەي، ئېگىلگەن پېتى قېتىپ قالدى. ئۇ خۇددى ئالايىتەن ئېگىپ قويغان قىسماققا ئوخشاپ قالغانىدى. قەلەندەر قولىدىكى ئارغامچا بىلەن قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان توغىراققا قاراپ، باقىي ئالەمنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى چۈشەندى. خۇدا ئامانىتىنى ئالغىلى ئۇنىمىسا ئۇ يەرگە كەتكىلى بولمايتتى ...

كىشىلەر ئۇزاق يىللار-ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئەۋلىيانىڭ ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىمدا ئۈچ يىل تۇرغانلىقىنى، ئاشۇ يەردىن قايتىشتا توغراققا ئېسىلىپ، خۇدايىتائالا بىلەن تېززەك دىدارى ۋىسال بولۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. تاۋاپچىلار ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تەقدىرنىڭ ئاشۇ كارامىتىگە — قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان توغراق پۈتىقىغا قاراپ ياقىلىرىنى چىشلىشەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەۋلىيا ئاشۇ توغراققا ئېسىلىش ئارقىلىق ئاللانىڭ قۇدرىتىنى سىناپ كۆرگەنىمىش، ئەسلىدە بولسا ئۆز ئەجىلىنىڭ قۇندۇز شەھىرىدىكى شاھ مەھمۇدخانىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلەرمىش. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، قەلەندەر ئىمامى

جەئفىرىم سادىق پاششايىم مازىرىدا شاخ يىرىپ، ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى نابۇت قىلغان ھىدايىتۇللا ئاپئاقغا جازا تىلىگەنمىش. تىلىكىنىڭ ئىجاۋەت بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن توغراققا ئېسىلغاندا، توغراق ئەنە شۇنداق ئېگىلىپ قالغانمىش. ئەۋلىيا بۇنىڭدىن تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىسىز قىل تەۋرىمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىگە كەلگەن ھەممە كەلمىشلەرنىڭ تەقدىردىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغانمىش ...

بۇ چاغدا ئەجىلىنىڭ تېخى توشمىغانلىقىنى ھېس قىلغان قەلەندەر خۇرجۇننى يۈدۈپ يىراقلارغا قاراپ كېتىپ باراتتى.

※ ※

قەلدەندەر تۆت يىل ئۆتكەندە غەربكە قايتىپ خوتەن شەھىرىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا، چىرىنىڭ ئىماملار دېگەن يېرىدە شېھىت بولمىش، ھەزرىتى ئىمامى ھەپتەنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولمىش تۆت ئىماملار — ھەزرىتى ئىمامى نەسىردىن، ھەزرىتى ئىمامى مۇئىمدىن، ھەزرىتى ئىمامى زوھىرىدىن، ھەزرىتى ئىمامى قەۋمىدىنلارنىڭ نەسەب يىلتىزلىرىنى بويلاپ كېزىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى ھەپتە، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى قاسىم، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى تەقىي، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى جەئفىرىم سادىقلارنىڭ قەبرىگاھلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ مۇشۇ ئىخلاسمەن خوتەنلىكلەرنىڭ «تۆت ئىمام» لارنىڭ ھەممە بوۋا، ئەجدادلىرى ئۈچۈن خاتىرە ئابىدە تىكلەپ، قەبرە تۇرغۇزغانلىقلىرىدىن ھەيران قالدى. ئۇ يەنە ئاشۇ تۆت ئىماملارنىڭ يەنىمۇ يىراق بوغۇن، يىلتىزلىرى بولمىش ئىمامى جەئفىرىم سادىقنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىمامى مۇھەممەت باقىر، ئۇنىڭ ئاتىسى

ھەزرىتى ئىمامى زەيدىنىلئابىدىن، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمامى ھۇسەن. دەشتى كەربالا، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان، جەددى ھەزرىتى مۇھەممەت سەللەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسساللاملار ئۇچۇنمۇ قەبرە-ئابىدە تۇرغۇزۇشقانمىكىنە، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن ئەل ئىچىدىن سۇرۇشتۇرگەندە بۇنداق ئابىدىلەر يوق بولۇپ چىقتى.

قەلەندەر قايتىشقا — نامەلۇم، سىرلىق، يېڭى سەپەرلەرگە يول ئالغان شۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ نامى ئاللىقاچان «دەشتى خوتەن» گە پۇر كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سىرلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى، گۈزەل شېئىر-غەزەللىرىدىن «بىسىيار رىغبەت ۋە مەيىل» تاپقان «قەلەندەرىيە» ئۇنىڭ نامىنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ «تۇغما ئەۋلىيا» لىقى ھەققىدە يېڭى-يېڭى رىۋايەت-ئەپسانىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقان بولۇپ، ھەربىر يۇرت-بازارلاردا تەشكىل قىلىنغان «قەلەندەرخانا» لار ئۇنىڭ يولىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىشەتتى. ئۇنى كۈتۈۋالغان بىرىنچى ئۆتەڭ — كېرىيىدىلا قارلۇق ۋە چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ ئاشۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭغا «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى» ئۇنۋانىنى تەقدىم ئېتىپ، ئۇستىگە «جەندەئى شاھ قەلەندەر» نى يېپىشتى. ياۋاش، پاكار، تۇكلۇك ئاتقا مىندۇرۇپ قويۇشتى. بۇ ئاشۇ بىمەھەل ئىگىسىنى تاشلاپ كەتكەن كۆك ئېشەكتىن سەل ئېگىزرەك ئات ئىدى. ئۇ قايسى ئۆتەڭ-قونالغۇغا، قايسى يۇرت-بوستانلىققا قەدەم باسمىسۇن، قەلەندەرلەر «شامەشرەپ، شامەشرەپ!» دەپ ۋارقىرىشىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. «قەلەندەرىيە» گە گۇمان بىلەن قارايدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا زوقلىناتتى. غەزەللىرىنى مۇتالىئە قىلىپ، ھېكايىلىرىنى سۆزلىشەتتى. قەلەندەرمۇ تەرىقەتداشلىرىنىڭ ھۆرمەت-ئىززەتلىرىنى رەت قىلمايتتى، ئۆتەڭلەردە ئەمدى دەڭ ئىزدەپ يۇرمەي، بىراقلا «قەلەندەرخانا» لارغا چۈشىدىغان بولدى. ئۇ قەدەم باسقان قەلەندەرخانىلار بىردىن قىزىپ كېتەتتى. خورۇلدىتىپ چىلىملاردا

نەشىلەر چېكىلەتتى. داپلار داراڭلاپ، ساتار-تەمبۇرلار ياڭراپ، غەزەللەر ئوقۇلاتتى. سوپىلارنىڭ غەلــــتە ھەرىكەتلەر بىــــلەن باشلىشى ئارقىســــدا زىكرى-ساما ئەۋجىــــگە كۆتۈرۈلەتتــــى. قەلەندەرلەرنىڭ غەزەل ۋە ساماغا نەقرات قىلىپ قاتقان «ھۇم، ھۇم، ھۇم!» دېگەن بوغۇق ۋە كۈچلۈك ساداسى ھاۋانى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. ئاشۇ ساما ۋە «سۆۋەت» لەرنىڭ ساداسى ئۇزۇنغىچە ساقلىناتتى ...

قەلەندەر قايتىش سەپىرىدە مازار ئىــــزدەپ، تاغ ئارىلاپ يۈرمەي، يۇرتمۇ يۇرت، كەنتمۇ كەنت كېزىپ چىقتى. پەقەت كېرىيىنىڭ بۇ غازى لەڭگەر دېگەن يېرىدە ئىمامى غەززالــــى مازىرىغا يولۇقۇپ، مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمــــى ئەبۇھامىــــت مۇھەممەت ئىبنى مۇھەممەت ئەل غەززالىم بىلەن روھىي كامالەتكە يېتىشنىڭ تۆت باسقۇچى — شەرىئەت باسقۇچى، تەرىقەت باسقۇچى، مەرىپەت باسقۇچى ۋە ئەڭ ئادائقى ھەقىقەت باسقۇچى توغرىسىدا غايىبانە سۆھبەتلەردە بولدى. ئالىمنىڭ «ھەقىقەت باسقۇچىــــغا ئۇلاشقان ئادەم تېخى مەيدانغا كەلمىدى، ئەخمەق بولما!» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلەندى. چىرىدىكى ئىمامى جەئفىرىم تەيبان پاششايىمغا كېلىپ، ئۇ كىشىدىن مەشھۇر «ئوھۇد ئۇرۇشى» ھەققىدە جەڭنامىلەرنى ئاڭلىدى. قالغان چاغلىرىدا ساپلا كەنت-مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئەۋلىيالىق نەزەرلىرىنى ساددا خەلققە تەقدىم قىلىپ ئۆتتى. ئۇ ئارىلىمىغان كېرىيىنىــــڭ مۇغاللا، قارلۇق، چۆپچىلە، چاي، شىۋول، لايسۇ دېگەن يېزا قىشلاقلىرى، چىرىنىڭ گۈلاخما، دامىكۇ دېگەن يېزىلىرى قالمىدى. ئۇ ئاشۇ يەرلەردە ئاددىي خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتتى.

قەلەندەر خوتەن شەھىرى — ئىلچىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۆزىنى پىنھان تۇتۇشى زۆرۈرلۈكىنى، ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلىرىنىڭ «قەلەندەرىيە» تەرىقىتىنىڭ مىزانلىرىغا ئۇيغۇن بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئىلچىگە جەندە-كۇلاھىنى

يېشىپ تاشلاپ، پاكار ئېتىنى يېتىلەپ، تەرىقەتسىز يولۇچىدەك كىرىپ كەلدى. قەدىمكى شەھەر تۆت يىل ئاۋۋالقىدەكلا ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق، قاينام-تاشقىنلىق ئىدى. مەدداھلار تەرەپ-تەرەپتە سورۇن تۈزۈپ، جەڭنامىلەرنى، رىۋايەت-ئەپسانىلارنى سۆزلىشەتتى. ئەلنەغمىچىلەر راۋاب، ساتار، تەمبۇر، دۇتارلىرىنى سايرىتىپ «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى» نىڭ ناخشا-غەزەللىرىنى كۈيلىشەتتى. قەلەندەر بىر مەدداھنىڭ سورۇنىغا يېقىنلاپ كېلىپ توختىدى. ئۇنى ھېچكىم تونۇمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنۇش مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مەدداھنىڭ سۆزلىرىگە مەمنۇنىيەت بىلەن قۇلاق سالدى. مەدداھ ئېغىزلىرىدىن تۈكۈرۈك چاچرىتىپ، نامانگان شەھىرىدە ئۇخلاپ ياتقان ياش ۋە گۈزەل بىر ئايالنىڭ ئۈستىدە سىرلىق ۋە غايىبانە بىر شولىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئايالنىڭ ئاشۇ نۇرنىڭ مەلاقاتى بىلەن ھامىلىدار بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتاتتى. ھېكايىدىكى كۆرۈنۈشلەر قەلەندەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاستا-ئاستا گەۋدىلىنىپ باراتتى ...

ياش ئانا بازارغا كەلدى. باققالنىڭ سېۋىتىدىكى قاشتېشىدەك جۇلالىنىپ پىشقان ئۈزۈملەر نۇردىن ھامىلىدار بولغان ئانىنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ تولدۇردى. ئانا ئەنە شۇ ئۈزۈمگە سېزىك ئىدى. ئۇ سېۋەتتىن بىر مىدىق ئۈزۈمنى ئېلىپ رۇخسەتسىز يېدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قورسىقىدىن: «ئەي ئانا، نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھەققىنى رۇخسەتسىز يەيسەن؟ باققالنى رازى قىل، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ قورسىقىڭدىن غايىب بولۇپ كېتىمەن» دېگەن سادا ياڭرىدى. ئانا ئېگىلىپ يىپىنى سېتىپ، باققالنى رازى قىلدى. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت ئۆتكەندە نۇر ئوغلى تەۋەللۇت بولدى. ئۇ يەتتە كۈنلۈك بولغاندا يەتتە ئايلىق بالىدەك، يەتتە ئايلىق بولغاندا يەتتە ياشلىق ئۆسمۈردەك ئۆستى ... موللام «ئېلىپ» دېسە بالا «ئېلىپ» دەپ تەكرارلايتتى.

موللام «بە» دېسە، بالا «مەندە بەرگىلى ھېچنېمە يوق» دەپ جاۋاب بېرەتتى. «ئېلىپ» تىن ئۇياققا ئۆتكىلى ئۇنمايتتى. موللام ئۇنىڭ ئاتا — ئانىسىغا-بۆزچى موللام ۋەلى بىلەن سەلىمىخانغا ئەرز قىلدى. بالا موللىسى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا بىردىن «ئېلىپبە» نى سۆدەك يادلاپ ئوقۇپ بەردى. ئارقىدىنلا ھەربىر ھەرپ، تاۋۇشنى غەزەل-مىسرالىرى بىلەن شەرھلەپ چىقتى: «ئېلىپ، ئېلىپتەك قامىتىڭنى ئېپتىدا قىلدىم بۈگۈن ... »

شاھ قەلەندەر ئۆزى قاچانلاردۇر بىر چاغدا توقۇغان غەزەلنى يادىغا ئالدى. رىۋايەتنىڭ ئۆزى ھەققىدە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ ئەزايىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. مەدداھ «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى» نىڭ كىيىنكى ئىشلىرىنى رىۋايەت قىلىشقا كىرىشكەندە، قەلەندەر ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى ۋە ئىككىنچى سورۇنغا — راۋاب تۇتۇۋالغان ئەلنەغمىچى غەزەل ئوقۇۋاتقان يەرگە يېقىنلاشتى. ئۇ يەردىمۇ «شاھ مەشرەپ» نىڭ غەزىلى ئوقۇلۇۋاتاتتى. قەلەندەر نېمىشقىدۇر ئاڭلاپ بېقىشنى ئىختىيار قىلدى. چۈنكى ئەلنەغمىچىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ساز ۋە يېقىملىق بولۇپ، قەلەندەر ئۆزى توقۇغان ۋە ئۆزى ئاھاڭ سالغان ئاشۇ غەزەل ۋە ئاھاڭغا ئاجايىپ پاساھەت كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

ئول دىلبىرى رەنانى مەن يار تۇتاي دەيمەن،
مەي بولسا بىھەم ئاندىن بىر قەترە يۇتاي دەيمەن.
ئالەم ھەممە لەيلىدۇر تۈن-قاش قاراسىدەك،
ئايدەك يۈزىگە باقىپ مەستانە ئۆتەي دەيمەن.
ئىشق يولىدا كاپىر ئاشىققا قىلار تەنە،
بىر ئۇف ئىلە كاپىرنى ئۇرۇپ يىقىتاي دەيمەن.
كۆز ياشىم دەريا بولدى، دوزاخ ئوتىدا مەشرەپمەن،
ئىشق ئوتىدىن تاۋلاپ دوزاخنى قورقۇتاي دەيمەن.

قەلەندەرنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. راۋابچى ئۇنىڭ غەزىلىدىكى «زاھىت» دېگەن سۆزنى «كاپىر» دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇپ، مەنىسىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەن، غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا رىتىممۇ بۇزۇلغانىدى. قەلەندەرنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى چېچى ئۆسۈپ دولىسىغا چۈشكەن، چاچ-ساقاللىرى قارا قارغىنىڭ چاڭگىسىدەك چىگىلىشىپ كەتكەن، يۈز-كۆزلىرىنى مەينەت باسقان راۋابچىغا تىكىلىپ توختاپ قالدى. شۇ ئەسنادا راۋابچىنىڭ يېڭى سۆزلىرى قەلەندەرنىڭ قۇلىقىغا كىردى: «ئەي شەخسلەر، پېقىر شاھ مەشرەپ سەرسەرى ھەر قايسىڭلاردىن سەدىقە تىلەيدۇ، ئاللانىڭ ھەققى، ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ھۆرمىتى ھەققى ...» قەلەندەر ئەمدى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى. تەمبۇرنىڭ ئۇزۇن دەستىسى بىلەن راۋابچىنىڭ يالغان ئېيتقان ئاغزىغا ئۇرغۇسى كېلىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ خىتاب قىلدى:

— شاھ مەشرەپ سەدىقە تىلىمەيدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆزى بېرىدۇ، سەن شا مەشرەپ ئەمەسسەن ...

— مەن شاھ مەشرەپنىڭ ئۆزىمەن.

— ئەمەسسەن.

— دەل شۇنىڭ ئۆزىمەن.

— ئۇنداق بولسا قېنى، دەرھال بىر يېڭى غەزەل توقۇپ باق.

— ......

راۋابچى دۇدۇقلاپ قالدى، ئارقىدىنلا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟

— بابا رەھىم ئاتلىق، شاھ مەشرەپ لەقەملىك مىنەلھەقمەن!

— يالغان!

— راست!

— يالغان ...

ھىلال ئاي شەكلىدە سورۇن ھاسىل قىلغان ئاڭلىغۇچىلار ئاللىقاچان بۆرۈلۈپ قەلەندەرگە قارىشىپ قالغانىدى. قەلەندەر ئېتىغا سەكرەپ مىندى-دە، «مانا قارا» دەپ تەمبۇرنى سايرىتىپ غەزەل ئوقۇشقا كىرىشتى. كىشىلەر توپى ئىچىدە قەلەندەرنى تونۇيدىغانلارمۇ بار ئىدى. شۇ ھامان «شاھ مەشرەپ، شاھ مەشرەپ دېگەن شۇ، شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى دېگەن شۇ» دېگەن پىچىرلىشىشلار سورۇننى بىر ئالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا زوق بىلەن نەزەر تاشلىشاتتى. شۇ ئارىدا ھېلىقى يالغانچى راۋاپچى غىپپىدە تىكىۋەتتى، ئۇ مەھكىمە شەرئىگە كۇپۇر سۆزلەيدىغان قەلەندەرنى ئۇچراتقانلىقىنى، ئۇنىــــڭ ئۆزىنـــــى «مـــــنەلھەقمەن» دەپ جاكارلىغانلىقىنى چېقىشقا كەتكەنىدى. قەلەندەرنىـــڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭراپ كەتتى:

ئەييۇھەل ئەشراقى بوي ۋەسلى جاھان كەلتۈرمىشىم،
ئۆرگۈلۈپ قەشقەرمۇ، يەركەن، ئىلچى ئامان كەلتۈرمىشىم،
گاھ مۇغاللا ①، گاھى قارلۇق ②، چۆپچىلە ③، جاي ④ كەن-
تىدىن،
كەچقۇرۇن ئاتقا بوغۇز بىرلە سامان كەلتۈرمىشىم،
گاھى شىۋول ⑤، گاھى لايسۇ ⑥، گاھ گۈلاخما ⑦ دىن ئۆتۈپ،
چىرىلىقتىن قاق تىلەپ، ئىششەك چىلان كەلتۈرمىشىم.
ئىلچى — يۇرۇڭقاش شەھىرىدىن گۆش-ياغۇ، چاي ئېلىپ،
قاراقاش بازارىدىن ئەبجۇش قازان كەلتۈرمىشىم،
بىناۋالەر بىرلە گۈلخاندا كۆڭۈللەر شاد ئېتىپ،
دەممۇ دەم ھۇناتىۋان ئاھۇ پىغان كەلتۈرمىشىم.
مەشرەبا ئۆمرۈڭ خوتەن دەشتىدە ئۆتتى قان يۇتۇپ،

①② ③ ④ ⑤ ⑥ — كېرىيە ناھىيىسىدىكى يۇرت-مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى.
⑦ — چىرا ناھىيىسىدىكى يۇرت نامى.

قانۇ جاننى كۆيدۈرۈپ يارغا ئىمان كەلتۈرمىشىم.

غەزەل ئاياغلاشقاندا، بازاردىكى پۈتكۈل خالايىق شاھ قەلەندەرنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانىدى. تەرىقەت پېشىۋاسىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان خوتەن قەلەندەرلىرى ئاللىقاچان يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشقانىدى. ئۇلار ئۇنىڭ مۇبارەك ئۈزەڭگۈلىرىگە لەۋ تەگكۈزۈشكە، يۈگەن بېغىغا ئېسىلىشقا، ئېتىنى يېتىلەشكە ئالدىرىشاتتى. ئۇلار شاھ قەلەندەرنىڭ ئېتىنى سۆرىگەندەك، يېتىلىگەندەك، ئىتتەرگەندەك، كۆتۈرگەندەك قىلىپ ئالامانىنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ ماڭدى. بىرلىرى «سەرسەرى، سەرسەرىم!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. شاھ قەلەندەر بولسا توختىماي غەزەل ئوقۇيتتى، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئېيتاتتى. ئۇ گويا ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك، پەرۋايى پەلەك ھالدا قەلب مۇڭلىرىنىڭ چوڭقۇر كۆيى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ توساتتىن مۇڭلۇق «ھۆكمەت» باشلىدى. ھۆكمەتنىڭ نەقراتىغا ھەممە قەلەندەر ئۈن قاتتى. جازاباتلىق سوپىلار ئاللىقاچان پاكار ئاتنىڭ ئەتراپىدا زىكرى-سامانى باشلىۋەتكەنىدى. «ھۇم! ھۇم! ھۇم!» قىلغان تەلقىن ئاۋازى گۈرۈلدەيتتى ... ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئاستا-ئاستا ئالغا سىلجىپ «سۇمە» گە — «قەلەندەرخانا» غا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە «سۇمە» دىن «ھۇم! ھۇم! ھۇم!» قىلغان تەلقىن ساداسى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى. ھاۋا لەرزىگە كېلىپ، شەھەر ئاسمىنى گۈرۈلدەيتتى. گويا خوتەن ئاشۇ بوغۇق، مۇڭلۇق، گۈركىرەك ئاۋاز ئارقىلىق ئاھ ئۇرۇپ، نالە قىلىۋاتقانغا ئوخشايتتى.

ئۇزاق يىللار-ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىلچىلىكلەر ئاشۇ زىكرى-سامانى، بوراندەك گۈرۈلدىگەن تەلقىن ئاۋازىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى» بىزنىڭ

«سۇمە» دە «سۆۋەت» ئۇيۇشتۇرغان، پۈتۈن شەھەرنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان، دېيىشىپ يۈردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ خوتەندە «قەلەندەرىيە» نىڭ ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ كەلگەنلىكى ئەنە شۇنىڭ ۋەجىدىن-مىش ...

ئاشۇ ئاجايىپ جاراڭلىق، ئۇزۇنغا سوزۇلغان زىكرى-سامانىڭ ئاخىرقى كۈنى شاھ قەلەندەر «سۇمە» دىن ئۈن-تىنسىز غايىب بولدى. ئۇ يېڭى-يېڭى نىشانلارنى كۆزلەپ، ئۇزاق سەپەرلەرگە يول ئالغانىدى.

※ ※

شاھ قەلەندەر مەشرەپى سەرسەرى خوتەندىن كەتتى. لېكىن ئۇ توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئۈچ ئەسىردىن كېيىنمۇ ئۇنتۇلمىدى. كېيىنكى ئۇزاق زامانلار جەريانىدا يەنە نۇرغۇن شاھ قەلەندەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتى. تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىمۇ شاھ ئەيساخان ئىسىملىك چىرايلىق، قارا ساقال، قارابۇرۇت، قاراكۆز، بوستان كىرپىكلىرى مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان شاھ قەلەندەر «سۇمە» نى جايى ماكان قىلىپ، ھەر پەيشەنبە كۈنى قەلەندەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، توپلىق شەھەر كوچىلىرىدا غەزەل ئوقۇپ يۈردى. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىرەك غوللۇق، ئېگىز بوي تەمبۇرچى شاھ قاسىمخان «قەلەندەرىيە» گە رىغبەت كىرگۈزمەكچى بولغانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، تاكى ھازىرمۇ شاھ مۇھەممەت — شاھ پاسارخاننىڭ ئوغلى؛ شاھ قاسىمخاننىڭ شاگىرتى — كوچىلاردا ئادەم يىغىپ راۋابنى تاراڭلىتىپ ئاجايىپ گەپدانلىقى ۋە ھازىر جاۋاب قوشاقلىرى بىلەن ئەل چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ يۈرۈپتۇ ... ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى «شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرى» نىڭ ئورنىنى باسالمىدى. ئۇنداق

گۈزەل غەزەل ۋە چىرايلىق ھېكمەتلەر ئۇلارنىڭ ئاغزىغا جايىز بولمىدى. غەزەل بىلەن كۈيىنى، كۈي بىلەن غەزەلنى يۇغۇرۇپ ئۆتەلمىدى. مازارلارنى كېزىپ «تۆت ئىمام» لارنىڭ ئەۋلاد-يىلتىزلىرىنىڭ تەقلىدىي قەبرىلىرىگە تاۋاپ قىلىدىغانلار ھازىرمۇ تولۇپ يېتىپتۇ. لېكىن شاھ قەلەندەر مەشرەبى سەرسەرىدەك «ئىمامى جەئفىرىم سادىق پاششايىم» دا ئۈچ يىل ياتىدىغانلار چىقمىدى. تۇغراقتا ئېسىلىپ، ئاللانىڭ ۋىسالىنى ئىزدەيدىغانلار، چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ ئۆزىنىڭ كاماللىتىنى قوغلىشىدىغانلار تېخىمۇ چىقمىدى ... بۇ قەدىمكى يۇرتتىكى ئاشۇ خەلق ھېلىمۇ تالاي-تالاي مازار-پاششايىملارنىڭ قەبرىلىرىگە باش قويۇپ يېتىپتۇ. خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، ئەللەي ناخشىسىمۇ ئاڭلىنىدۇ ... شاھ مەشرەپ خوتەن دەشتىدە كېزىپ يۈرگەندە ھېچكىم ئۇنىڭدىن «تەسىراتىڭ قانداقراق؟» دەپ سوراپ كۆرمىگەن بولغىيدى. مەن بۈگۈنكى كۈندە، ئەگەر ئاشۇ سوئال ئاشۇ چاغلاردا ئۇنىڭدىن سورالغان بولسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن، دەپ ئويلايمەن ...

# چېچەك ئىزى

كېبىرجاننى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. بۇ خەۋەر خۇددى قانات چىقارغاندەك شۇ كۈنىلا كادىرلار ئىدارىسىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. بازار-رەستىلەردە كەمدىن-كەم كۆرۈنىدىغان، خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان يۈزلىرىنى بىلمىنەر-بىلمىنەس چېچەك ئىزى قاپلىغان بۇ ئېگىز بويلۇق يىگىتنىڭ بۇنچىۋالا ئىستىقباللىق ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ بۇ يېڭىلىق بىردەمدىلا ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئىشخانىدىن ئىشخانىغا، ئۆيدىن ئۆيگە كۆچتى. ھەممە ئادەم ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى.

— قانداق ئىستىقباللىق يىگىت-ھە؟ پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقى چىرايىدىنلا چىقىپ تۇراتتى. ئەمدى مانا ئۆز بەختىنى تېپىپتۇ...

— كۆمۈلۈپ قالغان ئالتۇن ئىكەن-دە، ئالتۇن! ئۈرۈمچىلىكلەر ئاجايىپ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى ئالتۇننىمۇ كۆرۈپتۇ. ئالتۇن ئۆز قىممىتىنى تېپىپتۇ...

— تەلەيلىكنى ھەرقانچە كۆمۈپ قويساڭمۇ بەخت قۇشى ئىزدەپ تاپىدۇ، بىچارە كېبىرجاننى نەچچە يىلدىن بېرى ھېچكىم كۆزگە ئىلمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ئامەت كەپتۇ. پېشانىسىگە بەخت قۇشى قوندى، دېگەن مانا شۇ-دە.

— ئامەت دېگەن نېمە ئۇ؟ خۇراپىي گەپلىرىنى قويسىلا، ئۇ قورسىقىدىكى مول بىلىمگە تايىنىپلا ئىستىقبالىنى تاپتى...

شۇنداق قىلىپ، كېبىرجان دېگەن بۇ چوقۇر يىگىت بىردىنلا كىشىلەر نەزىرىدىكى ئالتۇنغا، تەلەيلىك تەلەيجانغا، بەخت قۇشى

بېشىغا قونغان بەختىيارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنى يۆتكەش بۇيرۇقى كەلگەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغاندەك، ئالتۇن ئادەم ئىكەنلىكىگە، كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدىغاندەك تۇراتتى. راست ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئورۇمچىلىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشەتتىمۇ؟

بۇنىڭغا كادىرلار ئىدارىسىنىڭ يۇزلىرى چېچەك ئىزىدىن زىنىنەتلەنگەن باشلىقى ھامۇت ھەممىدىن بەكرەك ھەيران بولدى. گەرچە كېبىرجاننى تونۇمىسىمۇ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭمۇ يۇزىدە چېچەك ئىزى بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى بۇرۇنراق تونۇمىغىنىغا، بايقىمىغىنىغا ئېچىندى. «ھەي، نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق تونۇشمىغان بولغىيتتىم؟ — دەپ ئەپسۇسلىناتتى ئۇ ئىچىدە، — ئەگەر بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، بايقىغان بولسام، ئۇنى ئۆستۈرۈپ تېگىشلىك ئورۇنغا، ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان ئەمەلگە قويۇپ ئىشلەتكەن بولاتتىم ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ...»

ھامۇتمۇ باشقا خىزمەتداشلىرىغا ئوخشاشلا ئالدىن مۆلچەرلەش، پەرەز قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئادەم ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ پەرەز ۋە ھۆكۈملىرى باشقىلارنىڭكىگە سەل ئوخشىمايتتى. بەزىلەر يۇمىلاق، چىرايلىقىنا سەمرىگەنلەرنى ياكى ئېگىز بويلۇقلارنى ۋە قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ھال تارتىشنى بىلىدىغانلارنى ئىقتىدارلىق، دەپ پەرەز قىلىشاتتى. ھامۇت بولسا ئۇلارنىڭ ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ ئورۇق-سېمىزلىكى، يۇمىلاق-ياپىلاقلىقى، ئېگىز-پاكارلىقى ۋە ياكى ھال تارتىشنى بىلىدىغان-بىلمەيدىغانلىقى بىلەن زادىلا ھېسابلاشمايتتى. ئۇ، مەيلى قانداقلا ئادەم بولمىسۇن، چىرايىغا قاراپلا ئۇنىڭدىكى ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتنى بىلىۋالاتتى. ئۇنىڭچە، چىرايىدا چېچەك ئىزى بولسىلا، بۇنداق ئادەم ئىقتىدارلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ يۇزىدە

چېچەك ئىزى بار كىشىلەرنى كىچىكىدە چىققان چېچەك ئۆلارنىڭ يۈزلىرىگە نەقىش تارتىپلا قالماي، بەلكى ئەقلىنىمۇ زىنىنەتلىگەن، بۇ خۇددى ئوغۇز سۈتىنىڭ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئاجايىپ رول ئوينايدىغانلىقى بىلەن ئوخشاش، دەپ قارايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پەقەت يۈزىدە چېچەك ئىزى بارلارنىلا ئەتىۋارلاپ ئىشقا قويۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشنى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بېجىرىپ كەلگەنلىكىدىن، ئۆزىنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىققانلىقىدىن، ھەرقايسى ساھەلەردە تايانچلاردىن بولۇپ قالغانلىقىدىن رازى بولغان. ئومۇمەن ئۇنىڭ بۇنداق ئالدىن قىلغان پەرەز ۋە ھۆكۈملىرىنى «ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى، ئەمەلىيەت جەريانىدا توغرىلىقى ئىسپاتلاندى» دەپ خۇلاسە قىلىشقا بولاتتى. ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى شۇنداق تونۇيتتى ...

ئەمدى مانا ئۇ ئىزدەپ يۈرگەن گۈلدار يۈزلۈكلەردىن بىرى يۆتكىلىپ كېتىۋاتسا، ئۇ قانداقمۇ ھەيران بولمىسۇن، قانداقمۇ ئېچىنمىسۇن، ئەپسۇسلانمىسۇن؟

ھامۇت ئەنە شۇنداق ھەيران بولۇپ، ئېچىنىپ، ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرغاندا، كېبىرجاننىڭ ئىدارە باشلىقى قاسىم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭمۇ يۈزىدە چېچەك ئىزى بارئىدى. ئىككى باشلىق بىر-بىرىنىڭ چىرايىدىكى چېچەك ئىزىغا قارىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، كېبىرجاننىڭ يۆتكىلىپ كېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى باشتىن-ئاخىر ئەپسۇسلۇق بىلەن تولغانىدى. ھامۇت قاسىمنىڭ كېبىرجاننىڭ ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىمۇ چېچەك ئىزى بارلىقىنى بۇرۇنراق خەۋەر قىلمىغانلىقىدىن خېلىلا ئاغرىندى، تالانت ئىگىلىرىنى بايقاشتەك مۇھىم مەسىلىگە سەل قارىغانلىقىنى تەنقىد قىلدى. مۇشۇ تەنقىدنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئاخىرىدا قاسىم كېبىرجاننى يۆتكەپ بەرمەسلىكنى، ئۇنى دەرھال ئۆستۈرۈپ، ئۆزىگە مۇئاۋىن قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەگەر

شۇنداق بولسا كېبىرجاندەك بۇنداق تالانت ئىگىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىدارىسىدىكى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرالايدىكەن، يېڭى-يېڭى غەلىبە، يېڭى-يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىكەن. «بۇمۇ بولىدىغان چارىدەك تۇرىدۇ، — دەپ ئويلىدى ھامۇت، — ئۆستۈرىمىز دېسەك، ئۇ يۆتكەلمەسلىككە قوشۇلۇشى مۇمكىن. ئۆزى يۆتكىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمىسىلا، ئۆزى قوشۇلمايدىكەن دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ يۆتكەپ بەرمىسەك بولمۇۋېرىدۇ ... »

— قاسىم جۇيجاڭ، ئۆزلىرى كېبىرجان بىلەن گەپلىشىپ باقسىلا، بۇنداق تالانت ئىگىلىرىنى تاپماق ناھايىتى تەس. ئۇنى ئۆستۈرەيلى، سىلىنىڭ ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلەيلى، يۆتكەلمەيمەن دېسىلا، ھەممە تەلەپلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەيلى. ئوبدانراق تەربىيە بەرسىلە، ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىسىلە، ئەگەر يەنىلا ئۇنىماي قالسا يېنىمغا ئەۋەتسىلە، ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.

— ئوبدان، كېبىرجان بىلەن سۆزلىشەي، ئۇنى بىر ئىلاج قىلىپ تۇتۇپ قالايلى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە كۈن ئىچىدە كېبىرجان ئاجايىپ ئىززەت-ئىكراملارغا نائىل بولدى. ئۇ «تاۋاردىن ئەتىۋار باللار ... » بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ. ئۇنىڭغا دەرھال بىر ئۆيمۇ بېرىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇش كۆڭلىگە ياقمىسا، جىڭ ئىدارە باشلىقى بولسىمۇ بولۇۋېرىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرىلدى. ھەتتا ئۇنىڭغا قايسىدۇ بىر ئىدارە باشلىقىنىڭ سىپسترالىق كۆرسىنى يېڭىلا تۈگەتكەن چىرايلىق قىزىنى لايىق نامزاتى قىلىپمۇ كۆرسەتتى. كەلگۈسىدە كېلىپ قېلىشى چوقۇم بولغان ئاللىقانداق يۇقىرى ئەمەل-مەنسەپلەرنىمۇ ئەسكەرتىشتى ... شېرىن گەپلەر دەريادەك ئاقتى. ۋەدىلەر تاغدەك دۆۋىلەشتى. كېبىرجان بىلەن قاسىملا ئەمەس، ھامۇتمۇ

سۆزلەشتى. كىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش-زىياپەت بولسا، ھامۇت، قاسىملار كىمنىڭكىگە چىللانسا، ئۇنىمۇ شۇ يەرگە چىللاشتى. «كەلگۈسىدىكى ئىدارە باشلىقى» نى سورۇننىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇشتى. ھەممەيلەن دەسلەپكى رومكىلىرىنى «كۆڭلۈم» قىلىشتى. لېكىن بۇ ئىززەت قىلغاننى بىلمەيدىغان كېبىرجان رومكىنىغۇ قوبۇل قىلدى، ئەمما ئەمەل-مەنسەپ، ھوقۇق-ئىمتىياز، شان-شەرەپ دېگەنلەرنى رەت قىلدى، كېتىمەن، دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، كېبىرجان ئۇرۇمچىگە راستىنلا يۆتكىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ جاھىللىقىدىن ھېچكىم ئاغرىنمىدى. ھامۇتمۇ، قاسىممۇ ئاغرىنمىدى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىدىن ئاغرىنىشتى. كېبىرجاندەك تالانت ئىگىسىنى بۇرۇنراق تونۇپ يېتەلمىگىنىگە، ئۇنىڭ يۇزىدىكى چېچەك ئىزلىرىنى بۇرۇنراق كۆرۈۋالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىشتى. «ھەي ئىست، ئۇنىڭ يۇزىدىكى چېچەك ئىزىنى بۇرۇنراق كۆرگەن بولسام ئۇنىڭدىكى ئىقتىدار-قابىلىيەتنى ئالدىن بىلىۋالغان بولاتتىم، ئۇ چاغدا ئۇنى ئەلۋەتتە تۇتۇپ قالغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ، — ھامۇت مانا شۇنداق ئويلايتتى، — ناھىيىمىز ئۇچۇن يۇزىدە چېچەك ئىزى بار ئادەملەر قانچىلىك مۇھىم ئىدى-ھە!» ھامۇتنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە پەقەت ئەپسۇسلىنىشلا قالدى. قويۇۋەتمەسلىككە، ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ بەرمەسلىككە ئىلاجى يوق ئىدى. يۆتكەش بۇيرۇقى كەلگەن تۇرسا، ئۆزىمۇ كېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالسا يەنە نېمە ئىلاج بولسۇن؟ ئاخىر ئۇلار كېبىرجاننىڭ يۆتكىلىشىگە قوشۇلدى.

كېبىرجان كادىرلار ئىدارىسىدە يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋاتاتتى. كاتىپ ئۇنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى شتىرلىتىپ يېزىۋاتاتتى. ھامۇت كېبىرجانغا ھەسرەت، ئېچىنىش بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە تېخىچە ئەپسۇسلۇق

هۆكۇم سۇرەتتى. مۇشۇنداق بىر قابىلىيەتلىك كادىرنى تۇتۇپ قالالمىدى، تالانت ئىگىسىنى بۇرۇنراق تونۇۋالالمىدى. شۇنداق ئىكەن ئۇ نېمىشقىمۇ ئەپسۇسلانمىسۇن؟

— ھە، كېبىرجان، شۇنداق قىلىپ راستتىنلا كېتىدىغان بولدىڭىز-ھە!

— رەھمەت، ھامۇت جۇيجاڭ، ھەرقايسىلىرىنىڭ مېنى ئەتىۋارلاپ ئېلىپ قالماقچى بولۇشقانلىرىغا رەھمەت، ئەمدى قارىسىلا، ياش ئىكەنمىز، ياش كۆڭۈل دېگەن ئىنتىلىپلا تۇرىدىكەن. ئۇ ياقلاردا بەش-ئون يىل ئىشلەي، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كەلسەممۇ، يۇرتىمىز بىر يەرگە قېچىپ كەتمەس. شۇ چاغدا كېلىپ ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلساممۇ كېچىكمەسمەن. ھەرقايسىلىرىغا رەھمەت!

كېبىرجان خۇشاللىق ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھامۇتقا تىككەن ھالدا شۇنداق جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ياغدەك يۇمشاق ئىدى. ئۇ ھامۇتنىڭ يۈرىكىگە يەنىمۇ بەكرەك ئوت يېقىۋەتتى. شۇنداق ئوڭلۇق، شۇنداق قابىلىيەتلىك بىر تالانت ئىگىسىنى تۇتۇپ قالالمىسا، قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا، قولىدىكى ئالتۇننى باشقىلار كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ كەتسە، ھامۇتنىڭ يۈرىكى نېمىشقىمۇ كۆيمىسۇن؟

ھامۇت كېبىرجاننىڭ چىرايىغا ھەۋەس، زوق، ئەپسۇسلىنىش بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى. كېبىرجانمۇ ھامۇتنىڭ چىرايىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا يەنە راھەتمۇ، ئازراق خۇشامەت-كۇچۇكلىنىش ئىپادىسىمۇ بارئىدى. ئۇلارنىڭ قىياپىتى خۇددى بىر-بىرىنىڭ چىرايىدىكى چېچەك ئىزلىرىنى ساناۋاتقاندەك، ئاشۇ چېچەك ئىزلىرىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ بىر-بىرىدىن قابىلىيەت، ئىقتىدارىنى مۆلچەرلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئىشخانىنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى. ئوتتۇرا بويلۇق،

يالاڭۋاشتاق، رەتلىك كىيىنگەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.
— هوي، ئەخمەتمۇسەن؟ قاچان كەلدىڭ؟ سالامەتمۇسەن؟ تىنچلىقتۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىنى؟ — كىبىرجان ئىشىكتىن كىرگەن يىگىتنى كۆرۈش بىلەنلا هاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئەخمەت دېگەن هېلىقى يىگىت كىبىرجاننىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرەلمەي قالدى، — تۇغقان يوقلاپ كەلدىڭمۇ ياكى كاماندىروپكىغىمۇ؟ هەي، سېنىزە، قارا، بويۇڭمۇ خېلىلا ئۆسۈپ قاپتۇ. بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟
ئەخمەت بەزى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، بەزى سوئاللارغا جاۋابمۇ بەرمەي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، كىبىرجان هەش-پەش دېگۈچە ئۇرۇمچىگە يۆتكەلگەنلىكىنى، هازىر رەسمىيەت بېجىرىۋاتقانلىقىنى، ئەتە-ئۆگۈن ئىچىدىلا يولغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەخمەت بولسا تېخىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. كىبىرجان بىردىن يېنىدىكى هامۇتنى يادىغا ئالدى. هامۇت بۇ ئىككى يىگىتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىگە هاڭۋاققان هالدا قاراپ تۇراتتى.
— ۋۇي، مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپمۇ قويماپتىمەنغۇ، قارا، ئەخمەت، بۇ كىشى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى هامۇت جۇيجاڭ بولىدۇ. قابىلىيەتلىكلەرنى قاتتىق ئەتىۋارلايدىغان كىشى، — كىبىرجان هامۇتقا بۇرۇلدى، — بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم، ئىسمى ئەخمەت، ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىدۇ ...
ئەخمەت هامۇتقا قول ئۇزاتتى. هامۇتمۇ قولىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.
— مەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، بۇ مېنىڭ رەسمىيەتلىرىم، — ئەخمەت هامۇتقا بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى.
— هۇي، نېمە ئىش، نېمە رەسمىيەت؟ — كىبىرجان دەرهال ئەخمەتتىن سورىدى.
— يۆتكىلىش رەسمىيىتى، مەن ئۇرۇمچىدىن يۆتكىلىپ

كەلدىم.

كېيىرجان ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپلا قالدى. ھامۇت كونۇپىرتتىن ئەخمەتنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقتى. بۇ ئادەتتىكى يۆتكىلىش رەسمىيىتى ئىدى. يۆتكىلىش رەسمىيىتى دېگەن كىچىككىنە بىر ۋاراق قەغەز، ئىسمى، جىنسى، يېشى، خىزمەتكە چىققان ۋاقتى، مائاش دەرىجىسى ... ئۇنىڭغا يېزىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ، بۇ گەپلەردىن بىر ئادەمنىڭ قابىلىيەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى قانداقمۇ بىلگىلى بولسۇن، ھامۇت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەخمەتكە قارىدى. ئەخمەتنىڭ چىرايىدا ئۇنىڭ ئىقتىداردىن دېرەك بېرىدىغان ھېچنېمە يوق ئىدى. ھەتتا بىرەر يېرىم تالمۇ چېچەك ئىزى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى. كۈلكە ئىقتىدارنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، ھامۇتنىڭ چىرايىغا ئاستا-ئاستا مەنسىتمەسلىك ئىپادىلىرى ئۆرلەپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆز ئىقتىداردىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىغان، يېشىل ماش بىمالال سىغقۇدەك چوڭلۇقتىكى يۇمىلاق-يۇمىلاق چوقۇرلىرى قىيسايغاندەك بولۇپ ئېلىپىس شەكلىگە كىردى. ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ ھەقىقەتەن كۆزى بار-دە. يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى پارقىرىغان نەرسىنىڭ ئالتۇن ياكى مىس ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايدۇ. يۈزىدە بىر تالمۇ چېچەك ئىزى بولمىغان كىشىدە قانچىلىك قابىلىيەت بولماقچىدى؟! بۇنى ئۈرۈمچىلىكلەرمۇ بىلىپ يەتكەن گەپ. شۇڭا كەشنى توغرىلىشىپتۇ. ئەمدى بىز بۇنى نېمە ئىشقىمۇ سالارمىز؟ بىكار نانچىدىن يەنە بىرى كۆپىيىپتۇ. ھەي ... قابىلىيەتلىكلەر كېتىدۇ، ئىقتىدارسىزلار كېلىدۇ. بۇنداقتا ناھىيىمىزنىڭ ئىشلىرى نېمىمۇ بولۇپ كېتەر-ھە؟

— يىگىت، سىزنىڭ بۇ يەردە تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— مەن مۇشۇ يەرلىك، ئاتا-ئانام ياقاباغ يېزىسىدا.

— ئەمىسە سىز ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە كۈن دەم ئېلىپ تۇرۇڭ. بىز سىزگە مۇۋاپىق بىر ئورۇن تېپىپ ئاندىن

ئورۇنلاشتۇرايلى، ئىشقىلىپ، بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر پەقەت قابىلىيەتلىك ئادەملەرگىلا چاپلىشىدۇ، ئورۇن تاپماق بىر ئاز تەس بولارمىكىن دەيمەن. بىرقانچە كۈن دەم ئېلىپ تۇرۇڭ ...

ئەخمەت كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى.

— مەن پەن-تېخنىكا پونكىتىغا بارسام ئوبدان بولاتتى. ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بولسىمۇ مەيلى.

— بىز ئۇلار بىلەنمۇ سۆزلىشىپ باقىمىز.

كېبىرجان رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغانىدى. ئەخمەت بىلەن ئىككىسى بىللە چىقىپ كېتىشتى. ھامۇت كېبىرجانغا قىيالماسلىق، ئەخمەتكە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قالدى. ھەي، ئاشۇ ئەخمەتنىڭ يۈزىدە نېمىشقىمۇ چېچەك ئىزى يوق بولۇپ قالغان بولغىيدى؟ ئەمدى ئۇنىڭ تەقسىماتى قانداق بولار؟ ھەي، چېچەك ئىزى، ھەي چېچەك ئىزى ...

كېبىرجان كەتتى. ئەخمەت كەلدى. كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدا يېڭىلىق دېگەن بىردەمدىلا پۇر بولۇپ كېتىدۇ. ئەخمەتنىڭ ئۈرۈمچىدىن «قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكى» توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ بىردەمدىلا ھەممە كىشىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. تېخى بۇ يېڭىلىققا «ئىقتىدارسىز نېمىكەن ئەمەسمۇ، شۇڭا كۆتىگە تېپىشىپتۇ» دېگەن گەپمۇ قوشۇلغانىدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتتى. پەن-تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقى، يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى — بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزلىرىدە زىچلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان چېچەك ئىزلىرى بار ئىدى — قاتارلىقلار كادىرلار ئىدارىسىگە كېلىپ ئەخمەتنىڭ ئارخىپىنى كۆرۈپ چىقىشتى. ئەخمەت ئارخىپقا چاپلانغان سۈرەتتىمۇ ئوخشاشلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىشتى. قانچە دىققەت بىلەن تىكىلىشكەن بولسىمۇ لېكىن ئەخمەتنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان

چىرايىدىن بىرتالمۇ چېچەك ئىزى تاپالمىدى.

— راستىنلا ئىقتىدارسىزكەن، بىزگە لازىم ئەمەس ...

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا شۇنداق دېيىشتى.

ئەخمەتمۇ كادىرلار ئىدارىسىگە بىرقانچە قېتىم كەلدى. ھەر قېتىم كەلگەندە ھامۇت ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ:

— مەن دېمىدىممۇ؟ بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر پەقەت قابىلىيەتلىكلەرگىلا چاپلىشىدۇ، دەپ، توختاپ تۇرۇڭ، ئورۇن تاپساقلا سىزگە ئۆزىمىز خەۋەر قىلىمىز، — دەپ يولغا سالدى.

لېكىن ئەخمەت ئالدىرايتتى. مۇشۇ تېرىقچىلىق مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئىشنى قولغا ئېلىشنى، كۆڭلىگە پۈككەن تەجرىبىنى باشلىۋېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە ئۆزى توغرىسىدىكى مىش-مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى. قانچە ئويلاپمۇ ئۆزى ئۈستىدىن نېمىشقا شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقانلىرىنى بىلەلمەي قالدى. كېيىنرەك بۇنى بىلگەن چاغدا، بۇ غەلىتە مەنتىقىدىن ھەيران بولۇشنىمۇ، غەزەپلىنىشنىمۇ بىلەلمىدى. قانداق مەنتىقە بۇ؟ ھازىر دۇنيادا چېچەك مىكروبى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىلغان تۇرسا، ئەمدى ئۇلار كەلگۈسىدە بۇنداقلارنى نەدىن تاپىدىكىن؟ ...

كۆپ ئۆتمەي، ئەخمەتنىڭ پۈتۈن دۇنيادا چېچەك مىكروبى ئاللىقاچان يوقىتىلدى، دېگەن سۆزلىرى ھامۇتنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىنى يەنىمۇ بەكرەك غەم باستى. بۇنداقتا، بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيادا ئىقتىدارلىق ئادەملەر تۈگەپ كەتمەمدۇ؟ ھەي، پەيتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، بولمىسا، ناھىيىمىزنىڭ ئىشلىرى نېمە بولىدۇ؟ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى توختاپ قالامدۇ؟ ئۇ ئۆزىگە ئۇچرىغانلا ئادەمنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئاشۇ چىرايلاردىن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، چېچەك ئىزىنى ئىزدەيتتى. ئەخمەت بولسا تېخىچە تەقسىماتنى كۈتۈپ

ياتاتتى. هامۇت بولسا گۇلدار يۇزلۇكلەرنى تاپالمىغانسىرى
ئەپسۇسلىناتتى. شۇنداق قىلىپ، هامۇتنىڭ ئەپسۇسلىنىشى،
ئەخمەتنىڭ هەيرانلىقى ئىچىدە تىرىقچىلىق مەۋسۇمى ئۆتۈپ كەتتى،
ئەخمەت ئۆز تەجرىبىسىنى باشلىيالمىدى. هەي چىچەك ئىزى ...

# ھېلىمنىڭ ھال ئېيتىشى

## 1

ھېلىم تەلپەك راسا بىر ھەپتە ئويلاپ، «يىغلىمىسا ئەمچەك سالماس» دېگەن تەمسىلنىڭ روھى بويىچە، ۋالىيىنى ئىزدەپ ھال ئېيتىش نىيىتىگە كەلدى. قوشنىلارمۇ شۇنداق مەسلىھەت بېرىشتى. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى يېرىم چاقچاق، يېرىم راست گەپ بولسىمۇ، ھېلىم ئاخۇن بىلىۋالدىكى، ۋالىي بولغۇچى شىۋاقلىقتىكى باقى دېھقاننىڭ ئوغلى ئىكەن. دېھقانلارنىڭ گېپىنى خۇددى دادىسىنىڭ پەندى-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغاندەك قۇلاق سېلىپ ئاڭلارمىش. «دۇشەنبەبازار» دىكى ئىمىن ئاخۇننىڭ ئەرزى تۇپەيلى، كاتتا يېزا باشلىقىنى تەنقىدلەپ كىرگىلى تۆشۈك تاپالمىغۇدەك قىلىۋەتكەنمىش، ھەتتا ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىغانمىش ...

ھېلىم ئاخۇن سۇر ئېشەككە ھارۋىنى قاتتى. شەھەرگە ئالدىنقى يىلى نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىغا ئېلىپ بەرگەن مۇشۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ئېسىلزادە خوجىلاردەك گىدىيىپ كىرمەكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مۇشۇ ئېشەك، مۇشۇ ھارۋىدىن بىردەم بولسىمۇ ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى. سۇر ئېشەك بىلەن غىچىرلاپ ماڭىدىغان ھارۋىسىدىن پەخىرلىنەتتى. شۇ يىلى ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئوبيېكتى قىلىنغان، قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئۈچ تۇياق قوي ئېلىپ بېرىلگەن، «نامراتلىقتىن قۇتۇلدى» دەپ ئېلانمۇ قىلىنغان.

لېكىن كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا «فوند» تاپشۇرسەن دەپ بىر تۇياق قوينى ئېلىپ كېتىشتى. 6-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا تەقسىملەپ بېرىلگەن پىلە قۇرتلىرىنى چاشقان يەپ كەتتى. بۇنىڭ جەرىمانىسى دەپ يەنە بىر قوينىمۇ ئېلىپ كېتىشتى. بۇ قېتىم يېرىڭگە سۇنى كۆپ باشلىۋاپسەن دەپ ئاخىرقى قوينىمۇ ئېلىپ كېتىشتى. شۇ كۈنكى ئىش ھېلىم ئاخۇن تەلپەكىنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. يېزا باشلىقى ھەسەن باداڭ بىلەن كەنت باشلىقى سىيىت تاز مىراپلارنى باشلاپ «تومۇسۇ» نى باشقۇرغىلى كەلدى. سۇغىرىلىۋاتقان ئېتىزلارغا مېتىر-تاياق سانجىپ سۇنىڭ قېلىنلىقىنى ئۆلچىدى. شۇنداق قىلىپ ھېلىمنىڭ يېرىگە — ئېتىزىغا بىر يېرىم سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى سۇنى ئارتۇق كىرىپ كەتكەنگە چىقاردى. نېمىنىدۇر ھېسابلاپ سەكسەن كوي جەرىمانە قويدى.

— كۆزۈڭ يوقمۇ سېنىڭ؟ تومۇز ۋاقتىدىكى زەمزەمدەك ئەتىۋار سۇنى شۇنچە كۆپ باشلىۋالغىنىڭ نېمىسى، دەرھال جەرىمانىنى تۆلە، — دېدى يېزا باشلىقى ھەسەن باداڭ قورساقلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— پۇلۇم يوق، — دېدى ھېلىم ئاخۇن. ئۇ سۇنى مەن باشلىۋالمىدىم، قوشنامنىڭ قىرىدىن يار كېتىپ ئۆزى كىرىپ كەتتى دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن بولدى قىلدى، تاكاللىشىپ ھۆرمەتلىك يېزا باشلىقىنى يەنە ئاچچىقلىتىپ قويۇشتىن قورقتى.

— پۇلۇڭ يوق؟

— ھەئە.

— ئېغىلدا قويى بار، — سۆز قاتتى كەنت باشلىقى سىيىت تاز ئالدى پەشلىك قىلىپ.

— قويۇڭ بىلەن جەرىمانىنى تۆلەيسەن! — ھۆكۈم قىلدى يېزا باشلىقى. ئاشۇ يەردە پىرقىرىشىپ يۈرگەن بىرقانچە كىشى (ھېلىم ئاخۇن ئۇلارنى يېزا باشلىقىنىڭ دالتەكلىرى دەپ

ئويلايتتى) ھېلىم ئاخۇننى سۆرەپ-ئىتتىرىپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. كەنت باشلىقى سىيىت تاز يول باشلىدى. ھېلىم قوينى جەرىمانىگە تۆلەشكە بەك ئۆكۈنۈپمۇ كەتمىدى. «ئۆزلىرى ئېلىپ بەرگەن قوي، ئۆزلىرى ئېلىپ كەتسە نېمە بوپتۇ» دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇلار ئەمدىلا ئەت ئېلىپ پۇتلىرى پارقىراپ كەلگەن پاقلاننى ئارقا پۇتىدىنلا سۆرەپ ماڭغاندا كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. خوتۇنى بىلەن قىزىنىڭ يىغلاشقانلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قارا كۆزىگىمۇ ياش تولدى.

ئاشۇ ئاخىرقى قوينى ئېلىپ كېتىشكەنگە چوڭ ئىش بولۇپ كەتمەيتتى. چوڭ قىلسا ئۇنى يەنە «نامرات» دەپ جاكارلىشاتتى. نامرات دېيىشسە نېمە بوپتۇ؟ ئۇ ئەسلىدىلا نامرات ئىدى. ئاتا-ئانىسىدىن ھېچقانداق مىراس قالمىغان. ئۆزى ئەللىك يىل ئىشلەپمۇ ھېچنېمە تاپالمىغان. ئاشۇ يىلى ئۇنىڭغا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئۈچ تۇياق قوي ئېلىپ بېرىشتى. ئۇ يالاڭ ئېشەك بىلەن يىراق جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇشتىن قۇتۇلدى. ئېغىلىمۇ جانلىنىپ قالدى. ھېلىم ئاخۇن خۇشال بولدى، تاتلىق خىياللارنى سۈردى، لېكىن مانا ئەمدى يەنە ئېلىپ كېتىشتى. قويغۇ مەيلى، لېكىن ئۇ ئېشەك ھارۋىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. ھارۋا بىلەن ئوتۇن توشۇماق ئوڭاي ئىدى. بىر قېتىم جاڭگالغا كىرسىلا بىر ھەپتىلىك ئوتۇننى ئاچىقىۋالغىلى بولاتتى. قوينى ئەكىتىشىپ ئون كۈنلەردىن كېيىن، ئەتىگەن مەسچىتتىن تارقىغاندا، كىمدۇ بىرى ئاشۇ پاقلاننى شۇ كېچىسى سىيىت تازنىڭ تونۇرىدا كاۋاپ قىلىشقانلىقىنى سۆزلەپ قالدى. ھېلىم ئاخۇن ئىرەڭشىمىدى. ئېكىتىشكەنىكەن تونۇرغا تىقىشامدۇ، شورپا قىلىشامدۇ، زىخقا تارتىشامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. لېكىن كوت-كوت غەيۋەتچىلەرنىڭ ئاغزى بېسىقمىدى.

— سېنىڭ قويۇڭنىڭ يېغىنى ئۇلار چايناپتۇ …

— خوتۇنۇڭ بىلەن قىزىڭ ئوت ئېلىپ، غازاڭ سىيرىپ

باقسۇنۇ، ساڭا سۆڭىكىنى بولسىمۇ غاجاش نېسىپ بولماپتۇ ...

— ئىچىڭ ئېچىشمىدىمۇ؟

— ئۆزلىرى بەرگەن قوي ئىدى، ئۆزلىرى يەنە ئەكەتتى، نېمىگە ئىچىم ئاغرىيتتى؟

— ھوي ئەخمەق، سېنىڭچە ئۇ ئۇلارنىڭ قويى ئىكەن-دە ؟

— ئەمىسە مېنىڭمىدى؟

— ئۇلار ھۆكۈمەت تارقاتقان قەرز پۇلغا ئېلىپ بەرگەن قوي ئۇ، بىكارغا بېرەتتىمۇ؟ قەرز پۇلنى كۈزدە ساتقان پاختاڭدىن تۇتۇپ قېلىپ بولدى. شۇنىمۇ ئۇقماي يۈرەمسەن، چوڭ دادا؟

ھېلىم ئاخۇن كۆزىنى يوغان ئاچتى، كۆزىدىن ھەيرانلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— راستىما؟

— سەن كۈزدە ساتقان پاختاڭنىڭ پۇلىنى ھېسابلاپمۇ كۆرمەپسەن-دە، ۋاي بىچارە بايقۇش ...

ھېلىم ئاخۇن چۈشەندى. ھېلىقى ئۇلار كاۋاپ قىلىپ يېگەن قارا پاقلان ئەسلى ئۆزىنىڭ ئىكەن، ئۆزىنىڭ بولۇپ بولغىنىكەن، ئالدىنقى ئىككى قويمۇ شۇنداق ئىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ قويلىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇنى قارىتىپ قويۇپ بۇلاپ كېتىپتۇ. ئۇ بولسا غىڭ قىلالماپتۇ.

ھېلىم ئاخۇننىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ بارلىق ساددا ئادەملەرگە ئوخشاش ئاچچىقى كەلسە چىداپ تۇرالمايدىغانلاردىن ئىدى. قولىغا پالتىنى ئالدى. ئۇ ھەممە ئىشنى كەنت باشلىقى سىيىت تازدىن كۆردى. جاڭگالدا ھەر يوغان توغراقلارنى كېسەلىگەن پالتا سىيىت تازنىڭ ئالاگەدەن بوينىنىمۇ ئۈزۈپ تاشلىيالايدۇ، دەپ ئويلىدى، لېكىن توختاپ قالدى. بۇنداق قىلسا بولمايتتى. ئۇ قانداق قىلىش ھەققىدە راسا بىر ھەپتە ئويلىدى ۋە ئاخىرى ۋالىينى ئىزدەپ ھال ئېيتىش نىيىتىگە كەلدى. ھارۋا ئىشەككە قېتىلىپ تەخ بولغان، ئۇ ھارۋىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە

قاراپ ماڭسىلا بولاتتى. لېكىن ئۇ يەنە توختاپ قالدى. قۇرۇق قول بېرىشنى بىئەپ كۆردى. مەسچىتتە ئىمام ئاخۇنۇم سۆزلىگەن نۇشىرۋان ئادىلنىڭ راست گېپى ھەققىدىكى ھېكايە ئېسىگە چۈشتى. تەڭداشسىز كۆپ بايلىققا ئىگە، تەڭداشسىز ئادىل پادىشاھ نۇشىرۋانمۇ ئوردىغا كىرگەن ئادەمنىڭ قولىغا قارايدىكەنمىش، ۋالىي قولۇمغا قارىسا ... دەپ ئويلىدى. گەرچە ھېلىم ئاخۇن باقى دېھقان بىلەن ھېلىقى يىلى بوز يەر ئېچىشتا بىللە ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن تونۇشمايتتى، ئۆز ئەمەس ئىدى. ئۆز بولسىغۇ قۇرۇق قول بارسىمۇ بولۇۋېرەتتى. لېكىن ... ھېلىم ئاخۇن ئېشەكنى ھارۋا بىلەن ئېغىلنىڭ ئەگۈنىگە باغلاپ قويۇپ سوۋغات تەييارلاشقا كىرىشتى. ئادەتتە ئۆزى تاماق يەيدىغان، ئاندا-مۇندا سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن چار گۈللۈك سىرلىق تەلەڭگىگە غورا قاچىلىدى. غورا ئوسىمدەك كۆك ۋە پارقىراپ تۇراتتى. كۆرگەن ئادەمنىڭ ئاغزىغا ئاچچىق شۆلگەي يىغىلاتتى. غورىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن خوتۇنى تاماق يەيدىغان تەلەڭگىگە ئۆگزىگە يامىشىپ تۇرغان ئۈجمىدىن بىر قاچا ئۈجمە ئالدى. ئۈجمىلەر راسا مەي باغلاپ پىشقانىدى. ئاق ناۋاتتەك پارقىراپ تۇرغان ئۈجمىلەر ئېرىپ كېتەيلا دەپ تۇراتتى. ھېلىم ئاخۇن كاۋىنىڭ يوغان يوپۇرماقلىرى بىلەن تەلەڭگىلەرنىڭ ئاغزىنى يېپتى ۋە ھارۋا ئۈستىگە جايلاشتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇ ۋالىي ئۈجمىلەرنى يېگەندە ئاغزىنى تامشىپ كېتىدۇ دەپ ئويلايتتى. يولدا ئۇچرىغان قوشنىلار «يول بولسۇن» دېيىشتى. ھېلىم ئاخۇن: «ۋالىينى ئىزدەپ ماڭدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كۆرپە تەلپىكىنى قىرلاپ كىيىۋالغان، ئۇستىدىكى ئىشتاندىن تەگكەن كىيىملىرىمۇ خېلى رەتلىك ئىدى. راستتىنلا ۋالىي بىلەن كۆرۈشكىلى، شەھەر تاماشاسى قىلغىلى ماڭغان ئادەمگە ئوخشايتتى. قوشنىلار كۈلۈمسىرەپ، چاقچاق قىلىپ، ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپ قېلىشتى.

# 2

هېلىم ئاخۇن شەھەرگە چۈشكە يېقىن كىرىپ كەلدى. شەھەرنىڭ كوچىلىرى ياغلاپ سۈپۈرگەندەك پاكىز، يېڭى ياسالغان ئاسفالت يول ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. يولنى بۆلەك-بۆلەكلەرگە ئاجراتقان، ئاق، سېرىق سىزىقلار ۋاللىدايتتى. هېلىم ئاخۇن «يولغا سىزىق سىزىپ قويغىنى نېمىسى؟» دەپ ئويلىدى ۋە هاۋرىسىنى دەريادەك كەڭ يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى بىلەن هەيدەپ ماڭدى. ئېشەكنىڭ تاقىلانمىغان تۇيىقىدىن تاراقشىپ ئاۋاز چىقاتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىن قارا قوڭغۇزغا، ئوجۇن قوڭغۇزغا، دۆلەت قوڭغۇزىغا ئوخشايدىغان كىچىك ماشىنىلار گۈرۈلدەپ چېپىشىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. تېخى قىزىل قوڭغۇزغا، يېشىل قوڭغۇزغا، سېرىق قوڭغۇزغا ئوخشايدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. شوپۇرلار پىكاپ دېرىزىلىرىدىن هېلىم ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئېشەك هارۋىسىغا ئاجايىپ-غارايىپنى كۆرگەندەك هەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇشاتتى. يولنىڭ چېتى بىلەن كېتىۋاتقان ئادەملەرمۇ، يول ياقىسىدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا قارىشاتتى. هېلىم ئاخۇن شۇنچىۋالا خەقنىڭ نېمىشقا ئۆزىگىلا قارىشىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى، سەل خىجىل بولغاندەك بولدى، لېكىن ئېشىكىنى خىتتىڭشىتىپ مېڭىۋەردى، خېلى ئۇزۇن ماڭدى. تۆت كوچا كېسىشكەن «چىلەك» كە كەلگەندە ئۇمۇ هەيران بولۇپ قالدى. ئۆزى ماڭغان يولدىن كېلىۋاتقان ماشىنىلار توختاپ يەنە بىر يولدىن كېلىۋاتقان ماشىنىلار توختىماي چېپىشىپ كېتىشىۋاتاتتى. · هېلىم ئاخۇن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. توختاپ قالغان ماشىنىلارنى يانداپ ئۆتۈپ مېڭىۋەردى. «چىلەك» نىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ماشىنىلار توختاپ، سىگنال چېلىپ ئۇنىڭغا يول بەردى. شوپۇرلار شوخ ئىسقىرتىشىپ

ئۇزىتىپ قىلىشتى. ھېلىم ئاخۇنمۇ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇت ئارىسىدىن پارقىرىغان چىشلىرىنى شوپۇرلار كۆردىمۇ، يوق، بۇنىسى نامەلۇم، لېكىن كۈلۈمسىرىگىنى ھېلىم ئاخۇننىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئۇ «چىلەك» تىن ئۆتۈپ بولغاندا تۇيۇقسىز ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى.

— ھوي ئاكا، ھوي تەلپەك، قاياققا؟ ھوي ...

ھېلىم ئاخۇن بۇرۇلۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئۇ يەنە ھەيران بولدى ۋە خۇشالمۇ بولدى. «ئەجەب لەقىمىمنى چاقىرىدىيا، تونۇيدىغان ئادەممۇ نېمە؟» ئاق رەڭلىك فورما كىيگەن، ئوخشاشلا ئاق قاسقان شەپكىلىك يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ھېلىم ئاخۇن ھودۇقتى. «كىيىمى ساقچىنىڭ كىيىمىگە ئوخشايدىكەن، شەپكىسىمۇ ئوخشايدىكەن، لېكىن سېرىق رەڭلىك ئەمەس، ئاق رەڭلىك ئىكەن. پاختىدەك ئاق رەڭلىك...» دەپ ئويلىدى. ئىشەكنىڭ باشبېغىنى تارتىپ كۈتۈپ تۇردى. ئاق رەڭلىك فورما كىيگەن يىگىت يېقىنلاپ كېلىپ ئوڭ قولىنى چېكىسىگىچە كۆتۈرۈپ، پۇتلىرىنى جۈپلەپ چاس بەردى.

— نەگە ماڭدىلا، ئاكا، ئۆزلىرى ...

— ۋالىي بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتىمەن، ئۆزلىرى مېنى تونۇمدىلا؟

ئاق فورمىلىق يىگىت ئىشەككە، ھارۋىغا، ھېلىم ئاخۇنغا تەپسىلىي قاراپ چىقتى، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

— ۋالىينى ئىزدەپ ماڭدىم دېسىلە؟

— ھەئە، ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىدىغان گەپلەر بار ئىدى. مەن ئۆزلىرىنى تونۇمىدىم، ئۆزلىرى ئەجەب مېنى تونۇيدىكەنلا؟

ئاق فورمىلىق يىگىت يەنىمۇ بەكرەك كۈلۈمسىرىدى، تۇرۇپ جىددىي قىياپەتكە ئۆتۈپ نېمىنىدۇ دېمەكچى، نېمىنىدۇ

چۈشەندۈرمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، يەنە شۇ زامان چىرايىغا كۈلكە ئالماشتى.

— تونۇيمەن، ئاكا، ئۆزلىرىنى ھەممىمىز تونۇيمىز، ۋالىي بىلەن كۆرۈشكىلى ماڭغان بولسىلا مېڭىۋەرسىلە، ئاكا، ئاۋۇ ئېگىز بىنانى كۆردىلىمۇ؟ ۋالىي ئاشۇ بىنادا، ئاشۇ بىناغا كىرسىلە بولىدۇ ...

ئاق فورمىلىق يىگىت يەنە ئوڭ قولىنى چېكىسىگە — شەپكىسىنىڭ يېنىغىچە كۆتۈرۈپ چاس بەردى. ئۇ يەنىلا كۈلۈۋېتىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى. ھېلىم ئاخۇن ئۇنىڭدىن رازى بولدى. ئۇ ۋالىينى قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىرەرىدىن سورارمەن دېگەن نىيەتتە ئىدى، مانا بۇ ئاق كىيىملىك يىگىت ئۆزلۈكىدىن ئۇ يەرنىمۇ كۆرسىتىپ قويدى، تېخى يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېيتتى. ھېلىم ئاخۇننىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. چوڭ يولدا مېڭىشى، شوپۇرلارنىڭ ئىسقىرتىپ ئۆزىتىپ قويۇشى، ئاق كىيىملىك يىگىتنىڭ ۋالىينىڭ ئىدارىسىنى كۆرسىتىپ قويۇشى ئۇنىڭغا بىر ئوڭۇشلۇقلۇقتىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك، ئۆزىگە ئاقىۋول بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ھارۋىسىنى ھەيدەپ، ئېگىز بىنانىڭ ئالدىغا بۇرۇلۇپ توختىدى. ئېشەكنى ھارۋىدىن چىقارمايلا يول ياقىسىدىكى يېشىل قوۋزاقلىق دەرەخكە باغلىدى. ئىككى قاچىدىكى غورا بىلەن ئۈجمىنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ بىناغا قاراپ ماڭدى.

دەرۋازا ئالدىدا ئوخشاش سېرىق رەڭلىك كىيىم، سېرىق رەڭلىك قاسقان شەپكە كىيگەن ساقچى تاياقتەك قېتىپ تۇراتتى. ھېلىم ئاخۇن ساقچى دېگەننى بىلەتتى. ساقچىدىن قورقۇپراق، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئىچكىرىگە قاراپ مېڭىۋەردى.

— ھوي، ھوي تەلپەك، قاياققا؟

ھېلىم ئاخۇننىڭ پۇتلىرى قەدەم ئېلىشتىن توختىدى. ئىككى قولىدا تەلەڭگە، يوغان ۋە ھەيۋەتلىك دەرۋازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا

قارانچۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. بېشىنى ئىككى ياققا بۇراپ ئۆز لەقىمىنى چاقىرغان ئادەمنى ئىزدىدى. يېقىن ئەتراپتا ئىنس-جىننى كۆرمىدى ۋە ئۆزىنى چاقىرغۇچىنىڭ تاياقتەك قېتىپ تۇرغان ساقچى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى.

— ۋالىي بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم ...

— ۋالىينىڭ نېمىسى سىلە؟ — سورىدى ساقچى تاياقتەك قېتىپ تۇرۇپ.

— نېمىسى دېدىلىمۇ؟ مەن ئۇنىڭ دادىسىنى تونۇيمەن، دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى ...

— دېمەك، ھېچنېمىسى ئەمەس دېگىنە، — سەنلەشكە چۈشتى «تاياق» ، — ئاكاۋوي، سېنىڭ خالىغىنىڭچە كىرىپ-چىقىدىغان دېگىنىڭ ئەمەس بۇ. ئۆزىنىڭ كۆكتاتلىقىغا ماڭغاندەك كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى ماۋۇ تەلپەكنىڭ، كىملىكىڭ بارمۇ؟

— بۇ ... ئۇ ...

— دېمەك ئۇمۇ يوق-دە، ۋالىي بىلەن كۆرۈشمەن دېگۈچە ئىشىكىڭنى باقە، ۋوي تەلپەك، ئادەمنى بىزار قىلىپ ...

«تاياق» نىڭ گەپلىرىدىن ھېلىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. «تاياق» نىڭ قوپاللىقى، ۋالىي قېشىغا كىرگىلى قويماي توسۇۋېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەگكەنىدى. ھېلى كوچىدا چاس بەرگەن ئاق كىيىملىك يىگىتنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، مۇنۇ «تاياق» بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ ئۆتتى. ھېلىم ئاخۇنمۇ بوش ئادەم ئەمەس ئىدى. شۇنچە يىراقتىن ۋالىي بىلەن كۆرۈشمەن دەپ كەلسۇنۇ، ئەمدى مۇنۇ «تاياق» نىڭ توسۇۋېلىشىغىلا بولدى قىلامتى ئۇ.

— سوجاڭ بېگىم، نېمىدەپ كىرگىلى قويمايلا، مەن يا ئوغرى بولمىسام، ۋالىي بىلەن دېيىشىدىغان مۇھىم گېپىم بار، دادىسىمۇ مېنى تونۇيدۇ. ئۇنداق قىلماي كىرگۈزۈۋەتسىلە، كىرگۈزۈۋەتكەنگە بىرەر يەرلىرى كەملەپ قالامتى سىلىنىڭ ...

— ھوي تەلپەك، ھېلى دېدىمغۇ، سېنىڭ خالىغانچە كىرىپ كېتىۋېرىدىغان كۆكتاتلىق بېغىڭ ئەمەس بۇ، تونۇشتۇرۇش ئەكەل، ھەتتا كىملىكىڭمۇ بولمىسا، سېنى قانداق كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟

— ئۇنداق قىلمىسىلا، سوجاڭ بېگىم ...

— ماڭ ... ماڭ، ئاداش، نېمە چاپلىشىۋېرىسەن كۆك چىۋىندەك، ماڭ كەت، تونۇشتۇرۇش ئەكەل ...

— ھوي، ماۋۇ كىمنىڭ ئېشىكى؟

يىراقتىن ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ھېلىم ئاخۇن ئارقىغا بۇرۇلدى. ھېلى باغلاپ قويغان ئېشەكنى بىر يالاڭۋاش تۇكباش نوچى يېشىۋاتاتتى. ھېلىم ئاخۇن ئىككى قولىدا ئىككى تەلەڭگىنى كۆتۈرگەن پېتى ئېشەك ھارۋىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ مىڭىشى خۇددى نامەلۇم بىر سېھرىي كۈچتىن ھەرىكەتكە كەلگەن قارانچۇققا ئوخشايتتى.

— مېنىڭ ئېشىكىم، نېمىشقا يېشىلا ئۇنى؟

— سېنىڭ ئېشىكىڭمۇ؟ كۆردۈڭمۇ ماۋۇ جىرىمنى غاجاپ رەسۋا قىلىۋېتىپتۇ. ئوتتۇز كوي جەرىمانە تۆلەيسەن ...

— جەرىمانە تۆلەيسەن؟

— ھەئە، كىم سېنى بۇ يەرگە ئېشەك باغلا دېدى؟ ھەربىر تۈپى ئىككى يۈز كويغا توختىغان جىرىم بۇ، تېز بول، جەرىمانە پۇلىنى چىقار.

— ئۆزلىرىنىڭ جىرىمىمىتى بۇ، غوجام، جىرىم غاجىغانغىمۇ جەرىمانە ئالغان بارمۇ؟

— بۇياققا ماڭ، سەن بىلەن پەيچۇسوغا بېرىپ گەپلىشىمەن.

تۇكباش نوچى ئېشەكنى يېتىلەپ ماڭدى. قارىغاندا ئۇ جەرىمانە ئۈچۈن ئېشەك بىلەن ھارۋىنى ھېسابلاپ ئەكېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھېلىم ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى ئەنسىزلىك باستى. جەرىمانىگە ئەكەتكەن قوي ئۈچۈن ئەرز قىلىپ كېلىپ، ئەمدى

ئېشەك بىلەن هارۋىدىنمۇ قۇرۇق قالدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— كادىر غوجام، ئېشەك بىلەن هارۋىنى ئەكەتمىسىلە، ئۇ بىزنىڭ بىردىنبىر مۈلكىمىز. ئەكەتمىسىلە، ئۆزلىرىمۇ بىلىدىلا، ئېشەك دېگەن ئاشۇنداق نېمە، ئەقلى بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋار جىرىمىنى غاجامتى، رەھىم قىلسىلا ...

تۇكباش ھېلىم ئاخۇننىڭ تەلەپلىرىگە ئۇنامدىغان؟ ئۇ ئېشەك هارۋىنى يېتىلەپ مېڭىۋەردى. ھېلىم ئاخۇن قولىدىكى ئىككى تەلەڭگىنى هارۋا ئۈستىگە قويۇپ، هارۋا ئارقىسىدىن پالاقشىپ توختىماي يالۋۇردى.

— كادىر غوجام، رەھىم قىلسىلا، ئېشىكىم بىلەن هارۋامنى قايتۇرۇپ بەرسىلە، كادىر غوجام ...

تۇكباش ئېشەك بىلەن هارۋىنى بىر چوڭ دەرۋازىلىق قورۇنىڭ ئىچىگە يېتىلەپ كىرىپ باغلىۋالدى. ھېلىم ئاخۇننىڭ ئالدىنى توسۇپ، «ئوتتۇز كوي جەرىمانىنى قاچان تۆلىسەڭ، ئېشەك هارۋاڭنى شۇ چاغدا قايتۇرۇپ بېرىمەن، جەرىمانىنى تەييارلا» دېدى-دە، بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئوتتۇز كوي! ھېلىم ئاخۇندا ئوتتۇز كوي نېمە قىلسۇن؟ كۈزدە پاختا ساتقاندا بېرىشكەن پۇلنى خەجلەپ بولدى. خوتۇنى بىلەن قىزىغا قىشلىق كىيىم ئالدى، ئۆزىگە كۆن ئۆتۈك ئېلىشقىمۇ يەتمىدى. كونا ئۆتۈكىنى باشقىدىن چەملىتىپ كىيىدى. ئاشۇنىڭدىن كېيىن پۇل قارىسى كۆرگىنى يوق. نەدىكى ئوتتۇز كويكەن ئۇ؟ تېخى بىر تالاي قەرزى تۇرۇپتۇ. پاختا ئۇرۇقلۇقى چىگىتنى، ئاق ئوغۇتنى، يەرگە ياپقان يالتىراقنى، ئېتىزغا باشلىغان سۇنى، يەر ئاغدۇرۇش ھەققىنى، يەنە ئاللىنېمىلەرنى قەرزگە بەردۇق، دېيىشتى. ئالمايمەن، يەرنى ئۆزۈم ئاغدۇرىمەن دېسە ئۇناشمىدى، قەرز دەپ بېرىۋەردى. قانچىلىك قەرز بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، پاختا سېتىۋالىدىغان يەردىكى

شاراقشىتىپ چوت سوقىدىغان غوجام بىلىدۇ. كۆزلۆككە يەنە پاختا ساتقاندا ئوتتۇز كوي ئاشامدۇ، يوق، ئۆنىمۇ بىلمەيدۇ. ئوتتۇز كوينى نەدىن تاپسۇن؟!

ھىلىم ئاخۇن ئېشەك هارۋىنى باغلىۋالغان ھويلىدىكى تۆمۈر شادىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئېشەك بىلەن ھارۋىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى، كۆڭلىدە نېمىلەرنىدۇ ئويلايتتى. «ھەممىنى تاپقان ئاشۇ تاياقتەك قېتىپ تۇرىدىغان سوجاڭ، غورىدەك توڭ نېمىكىنا ئۇ، قەھرىتان قىشتىكى شىۋىرغاندەك قاتتىق تەگدى، ۋالىي بىلەن كۆرۈشكىلى قويمىغىنىنى قاراڭ، كۆرۈشكەنگە بىر يېرى كەملەپ كېتەتتىمۇ ۋالىينىڭ؟ ئورۇقلاپ ياداپ كېتەتتىمۇ ۋالىي؟ ئاشۇ توڭ غورا توسۇۋالمىغان بولسا، ۋالىي بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالىمنى دېگەن بولاتتىم. ھەممىدىن يامان بولغىنى مۇنۇ تۆكباش كادىرنىڭ ئېشەك بىلەن ھارۋىنى تۇتۇۋالغىنى، ئېشەك جىرىم غاجىسا مەندىن جەرىمانە ئالىمەن دەيدىيا تېخى، شۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەن-ھە، ھۆ ئۈزۈن قۇلاق، بىردەم نەپسىڭنى يىغىپ تۇرساڭچۇ، ئەسلىدىمۇ تويماس، قارنىڭ يامان بىرنېمىتىڭ، دىققەت قىلمىساملا خەقلەرنىڭ بۇغدايلىقىغا، قوناقلىقىغا، بېدىلىكىگە كىرىپ كېتەتتىڭ، يەپ تويمايتتىڭ، جىرىم غاجاشقۇ كونا ھۈنىرىڭ، ھۆ تويماس، تاياقلا يارىشىدۇ ساڭا، قۇلاقلىرىڭغا، باش-كۆزلىرىڭگە تاراسلىتىپ ئۇرۇپ قويسا ياۋىشىپ قالىسەن، ھۆ تويماس ئۈزۈن قۇلاق ...» تۆكباش كادىر ئىككى-ئۈچ قېتىم چىقىپ ئوتتۇز كوينى سۆيلەپ كىرىپ كەتتى، ھەر قېتىمدا ھىلىم ئاخۇن: «ئوتتۇز كوي تۇگۈل ئۈچ موچەنمۇ پۇلۇم يوق» دەيتتى ۋە يالۋۇرۇشقا باشلايتتى. تۆكباش كادىر يالۋۇرۇشلارغا قۇلاق سالامدىغان؟ ئۇ: «پۇلۇڭ بولمىسا، مۇشۇ يەردە چىۋىنغا تالىنىپ ئولتۇرۇۋەر، ھۆ تەلپەك، سېنىڭ مۇتتەھەملىكىڭنى كىم بىلمەيدۇ. ئېشىكىڭ ئەتىۋار دەرەخنى غاجىلاپ راخىنە قىلسۇنۇ، يەنە جەرىمانە تۆلەشتىن قاچماقچىمۇ سەن؟ بىلىمەن، تۆمۈردەك چىڭ نېمىلەرسەن،

ئاسانلىقچە يانچۇقۇڭدىن پۇل چىقمايدۇ، قېنى، كۆرۈپ باقايلى، كىم يامانكىن؟... » دېگىنىچە كىرىپ كېتەتتى.

ھېلىم ئاخۇن ئۇزۇن ئولتۇردى، قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتتى. يولغا چىقىش ئالدىدا بېلىگە بىر زاغرا تۈگۈۋالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. لېكىن ئەمدى بۇ پۇشايماننىڭ پايدىسى يوق ئىدى. قورساق ئاچسا ئېچىپ تۇرۇۋېرەتتى. مۇھىمى ئۇنىڭ پېشىن نامىزى بىلەن دىگەر نامىزى قازا بولۇپ كەتتى. قۇياش ئاللىقاچان بىنالارنىڭ ئارقىسىغا پەسلەپ كەتكەنىدى. ئۇ «دىگەر ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى» دەپ ئويلىدى ۋە قازا نامازلىرى ئۈچۈن تۇۋا-ئىستىغپار ئېيتتى ...

ئېشەك ھارۋا باغلاقلىق ھويلىدىكى ئۆيلەردىن ئادەملەر چىقىشقا باشلىدى. ئەرلەر ئوخشاشلا تۇكباش، ئاياللىرى ئوخشاشلا يالاڭ پاچاق — ئىشتانسىز ئىدى. ھەممىسى ئۆزلىرى چىققان ئىشىكلەرنى قۇلۇپلاشتى ۋە ئالدىراش دەرۋازىغا قاراپ مېڭىشتى. ھېلىم تەلپەك ئاشۇ تۇكباشلار ئىچىدىن بايا ئېشەك ھارۋىنى تۇتۇۋالغان تۇكباشنى تونۇيالماي قالدى. تۇكباشلار بىر-بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

تۇكباشلاردىن بىرى ھېلىم ئاخۇنغا يېقىنلاپ كەلدى:

— ھە تەلپەك، ئوتتۇز كوينى تەييارلىدىڭمۇ؟

ھېلىم ئاخۇن ئولتۇرغان يېرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئېشەك ھارۋىنى تۇتۇۋالغان تۇكباشنى تونۇدى ۋە ئورنىدىن قوپتى.

— كادىر غوجام، ئوتتۇز كوي پۇلۇم بولسا، ئاللىقاچان ئۆزلىرىگە بەرمەيتتىممۇ؟ رەھىم قىلسىلا، ئېشەك ھارۋا بىزنىڭ بىردىنبىر مۈلكىمىز، ئاخىرقى بىر تال قويىمىزنىمۇ كاۋاپ قىلىپ يەپ كېتىشتى. شۇنى دېمىسەم، شەھەرگە كىرەتتىممۇ؟ ۋالىينى ئىزدەيتتىممۇ؟ ساتقۇدەك بىرەر نەرسەم بولسا سېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇز كوي جەرىمانىلىرىنى تۆلىمەيتتىممۇ؟ رەھىم قىلسىلا، ئېشەك ھارۋامنى ...

— گەپ ئۇقمايدىغان ئادەممۇ نېمە سەن، تەلپەك، ئاباي دېدىمغۇ، قاچان ئوتتۇز كوي جەرىمانىنى تۆلىسەڭ، شۇ چاغدا ئېشەك هارۋاڭنى قايتۇرۇپ بېرىمىز. پۇل تېپىپ كەل، ئۇقتۇڭمۇ پۇل!

توكباش دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. هېلىم ئاخۇن ئەمدى نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا دەرۋازىغا ياندىش سېلىنغان ئۆيدىن يەنە بىر توكباش چىقىپ هېلىم ئاخۇن تەلپەكنى ئىتتەرگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى ۋە تۆمۈر شادىلىق دەرۋازىنى جالاقلىتىپ ئېتىۋالدى.

## 3

هېلىم ئاخۇن تەلپەك تۆمۈر شادىلىق دەرۋازا ئالدىدا ئۇزاققىچە تۇرۇپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ تۆمۈر شادىلىرى ئارىسىدىن ئېشىكى بىلەن هارۋىسىغا پات-پات قاراپ قوياتتى. ئاچ ئېشەكنىڭ ئاچلىقتىن هاڭرىغان تونۇش ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. «دوممىلە باستۇردۇڭغۇ ئىتنىڭ هەققى قوتۇر، ئاشۇ توكباشنىڭ تىللا تۆكۈلىدىغان دەرىخىنى غاجىلىمىغان بولساڭ، بۇ پېشكەللىكمۇ يوق، خەپ سېنى، خەپ سېنى...»

هېلىم ئاخۇننىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۆزىگە كۈلگىسى كېلەتتى، ئۆزىگە ئاچچىقىمۇ كېلەتتى. «بىر تال چىچقاق قوزىنى دەپ ئېشەك هارۋىدىنمۇ ئايرىلدىڭ، ئالە شەرىڭنى، — ئۆزىگە كۈلۈۋاتقان هېلىم ئاخۇن ئاشۇنداق ئويلايتتى، — شەهەر دېگەن ئاجايىپ يەركەنا، ئېشەكنىڭ جىرىم غاجىلىشى ئۈچۈنمۇ جەرىمانە ئالىدىكەن. ئېتىزغا سۇ ئارتۇق كىرىپ كەتسە، پاختا يېرىگە بۇغداي تېرىۋالساڭ، پىلە قۇرتى ئۆلۈپ كەتسە، قوناقنى ۋاقتىدا چاناپ ئوغۇتلىمىساڭ، بالاڭ مەكتەپكە بارماي قالسا، خوتۇنۇڭ

ئىككىدىن ئارتۇق تۇغۇپ قويسا ... جەرىمانە ئالغاننى ئاڭلىغان، كۆرگەن، تۆلىگەن. لېكىن ئېشەك جىرىم غاجىغانغا جەرىمانە ئالغاننى ئاڭلىمىغان، تېخى تۆمۈر شادىلىق دەرۋازا ئىچىگە سولىۋالغىنىنى كۆرمىگەن. كۆرگەن، ئاڭلىغان بولسام شەھەر دېگەنگە كېلەتتىممۇ؟ ئاجايىپ يەركىنا بۇ ... » ئۆزىگە چالۋاقاۋاتقان ھېلىم ئاخۇن ئاشۇنداق ئويلاتتى. ئۇ ئۇزاق ئويلىدى، ۋارقىراپ-جارقىراپ جېدەل قىلغۇسى كەلدى، لېكىن باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن ئۇيالدى. ئۇنى مەھەللىدىكىلەر دائىم زاڭلىق قىلىشاتتى، قىلغان ئىشىنىمۇ، دېگەن گېپىنىمۇ زاڭلىق قىلىشاتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن بەك قورقاتتى، لېكىن يەنىلا ئۇنى زاڭلىق قىلىدىغانلارنىڭ ئاغزى بېسىلمايتتى. ھېلىم ئاخۇن ھازىرمۇ زاڭلىق قىلىشتىن قورقتى. شەھەرلىكلەر ئىچىدىمۇ جەرىمانچىلەر بولغانغا ئوخشاش زاڭلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى. شۇڭا ۋارقىراپ-جارقىراپ جېدەل قىلىشتىن يالتايدى. ئاچ ئېشەك تۆمۈر دەرۋازا ئىچىدە پات-پات ھاڭراپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئاچ قورسىقىمۇ كورۇكىرايتتى. ھېلىم ئاخۇن ئېشەك بىلەن ھارۋىنى يېرىم يىل ئىشلەتكەنلىكىنى ئەسلىدى. جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ، ئېتىزغا قىغ يۆتكەپ، تۇگمەنگە ئۇگۇت ئاپىرىپ ئوبدانلا كۆنۈپ قالغانىدى. ئىلگىرى قىغنى تاغارغا ئۇسۇپ، بىچارە خوتۇنى بىلەن قىزى دۈمچىسىدە يۈدۈپ ئېتىزغا ئاپىراتتى. ھارۋىلىق بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دولىسى شامالداپ ئارام تېپىپ قالغان، مانا ئەمدى ھارۋىنىمۇ تارتىۋېلىشتى. بىچارە خوتۇن قىغنى يەنە دولىسىدا توشۇيدىغان بولدى، ئۆزىمۇ ئۇگۇتنى تۇگمەنگە يۈدۈپ ئاپىرىدىغان بولدى. ئېشەكتىن ئايرىلىپ قالغىنى تېخىمۇ چاتاق بولدى. جاڭگالدىن ئوتۇننى نېمە بىلەن ئاچىقار؟ ئېشەك بولمىسا ئوتۇن ئاچىققىلى بولارمۇ؟ ئوتۇن دېگەننى يا ئۆتنە-يېرىم قىلغىلى بولمىسا ...

ھېلىم ئاخۇن ئۇزاق ئويلاپ تەقدىرگە تەن بەردى. ئاللا بىر يېرىم يىللا ئىشلەتكىلى بۇيرۇغانىكەن: نېمە ئامال؟ خۇدا بەرمىگەن رىزىقتا ئانامنىڭ ھەققى بارمىتى؟ دەپ ئويلىدى ئۇ. قۇياش ئېگىز بىنالارنىڭ كەينىدە پېتىپ بولغانىدى. ھېلىم ئاخۇن دەرۋازا ئالدىدىن قوزغالدى. كېتىش كېرەك ئىدى. تۆمۈر شادلىق دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇۋەرگەننىڭ ئەمدى نېمە پايدىسى؟ ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمىغاندەك، ئوغرى ئالغان، قاراقچى بۇلىغان نەرسىلەرنى دەپ ئۆيىنى، خوتۇنىنى تاشلىۋەتكىلى بولاتتىمۇ؟ ھېلىم ئاخۇن ياغلاپ سۇپۇرگەندەك پاكىز تۇرىدىغان چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ماڭدى. گەۋدىسى سولىشىپ مۈكچەيگەن، بېشى ساڭگىلاپ ئىككى دولىسى ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى. يېنىدىن قوڭغۇزغا ئوخشايدىغان ماشىنىلار چىرقىراپ سىگنال چېلىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ھېلىم ئاخۇننىڭ ئۇلارغا قاراشقا ھەپىلىسىمۇ بولمىدى. كۆز ئالدىدا ئاچلىقتىن ھاڭراپ-ھاڭراپ ھالىدىن كېتىۋاتقان سۇر ئېشەك، بىر پاي تاش كامىرىغا ياماق چۈشكەن، غىچىرلاپ ماڭىدىغان ھارۋا گەۋدىلىنىپ تۇراتتى ...

— ھوي تەلپەك، نەگە؟

ھېلىم ئاخۇن چۆچۈپ كەتتى ۋە ئەتراپىغا بېقىپ ئۆزىنىڭ تۆت يول كېسىشكەن «چىلەك» نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاق كىيىملىك، ئاق قاسقان شەپكىلىك بىر يىگىتنىڭ ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى ئاڭقىردى. قاسقان شەپكىلىك يىگىت ئاپئاق پەلەي كىيگەن ئوڭ قولىنى چېكىسىگىچە كۆتۈرۈپ چاس بەردى. ھېلىم ئاخۇن ئۇنى تونۇدى. ئەتىگەن ۋالىي تۇرىدىغان بىنانى كۆرسىتىپ قويغان يىگىت شۇ ئىدى. يىگىتمۇ ھېلىم ئاخۇننى تونۇدى. ئۇ ھېلىم ئاخۇننىڭ قولىدىن يېتىلەپ چوڭ يولدىن پىيادىلەر يولىغا ئاچىقتى ۋە پىيادىلەرنىڭ ياندىكى بۇ كىچىك يولدا، ماشىنىلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى چوڭ يولدا ماڭىدىغانلىقىنى بىر ھازا چۈشەندۈردى. ئارقىدىنلا نېمىنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ:

— ھە ئاكا، ۋالىي بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ھېلىم ئاخۇن بۇتتەك گۈشىيىپ، تاجىسى كېسىۋېتىلگەن كۆتمەك سۆگەتتەك قېتىپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىلدايتتى، چىرايى دومسايغاندەك، ئۇمچەيگەندەك كۆرۈنەتتى.

— نېمە بولدى، ۋالىي بىلەن كۆرۈشەلمىدىڭىزمۇ؟

ھېلىم ئاخۇن گۈشىيىپ تۇرۇۋەردى، كۆرۈنۈشى خۇددى سىرتتا كىمدىندۇر ئازار يەپ، ئۆيگە قايتقاندا ئانىسىغا ئۇنىسىز ھال ئېيتىۋاتقان كىچىك بالىغا ئوخشايتتى. ساقچى يەنە سورىدى:

— ئېشەك ۋە ھارۋىڭىز قېنى؟ ئەتىگەن ھارۋا بىلەن ئۆتكەنتىڭىزغۇ؟

ھېلىم ئاخۇن يەنىلا گۈشىيىپ تۇراتتى. ئاشۇ گۈشىيىشلىرىدە ئۇنسىز نىدا، ئۇنسىز شىكايەت، ئۇنسىز ئىلتىجا بار ئىدى. ئاق كىيىملىك يىگىت توختىماي سورايتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىگەن، ئەتىگەن چاقچاق قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمىسەم بولۇپتىكەن، ئېشەك ھارۋىنى دەڭگە ئاپارغۇزسام بولۇپتىكەن، دېگەن ئۆكۈنۈشتە ئىدى. ئۇ سوراۋېرىپ ھېلىم ئاخۇننى ئېغىز ئاچقۇزدى. ھېلىم ئاخۇن جەرىمانىگە كەتكەن قوتۇر قوزىنى دەپ ۋالىينى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، ئۇزۇن قولاق، يوغان قورساق تويماس شەيتاننىڭ تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخنى غاجاپ قويغانلىقىنى، توكباش كادىرنىڭ ئوتتۇز كوي جەرىمانە قويغانلىقىنى، ئوتتۇز كوي جەرىمانە ئۈچۈن ئېشەك بىلەن ھارۋىنى تارتىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، ئۇزۇپ-ئۇزۇپ سۆزلىدى، ئاۋازىدىن ئاغرىنغانلىقى، ئېسەدىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئاق كىيىملىك يىگىت چۈشىنەلمىگەن گەپلىرىنى يانداۇرما سوئال بىلەن ئېنىقلاپ تۇراتتى.

ئاخىرى ھەممىنى چۈشەندى.

— توختاپ تۇرۇڭ، ئاتا، توختاپ تۇرۇڭ، مۇنداقلا كەتسىڭىز بولماس، توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئاخىردا ۋە «چىلەك» نىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، يەنە بىر نەپەر ئاق كىيىملىك يىگىتكە نېمىلەرنىدۇر دەپ قويۇپ كەلدى. هېلىم ئاخۇننىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ ماڭدى.

— ئېشەك هارۋىسىنى سولاپ قويغان ئىدارىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن.

— نەدە؟

— بۇياقتا ...

ئەمدى هېلىم ئاخۇن ئاق كىيىملىك يىگىتنى ئەگەشتۇرۇپ ماڭدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن مېڭىشتى. هېلىم ئاخۇن ئۇچرىغان ھەممە دەرۋازىلارغا قاراپ ماڭاتتى. ئېگىز بىنالار بىلەن قورشالغان كەڭ رەستىنىڭ ئىككى يېقىدىكى دەرۋازىلار بىر-بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ھەممىسى تۆمۈر شادىلىق ئىدى. هېلىم ئاخۇن ھەربىر تۆمۈر شادىلىق دەرۋازىغا بىر قېتىم دوقۇرۇپ يەنە قايتاتتى. ئاق كىيىملىك يىگىت نېمىنىدۇ چۈشەنگەندەك بولدى ۋە ئەمدى هېلىم ئاخۇننى ئۆزى باشلاپ ماڭدى. هېلى ئوڭغا، هېلى سولغا بۇرۇلدى. چوڭ كوچىدىن كىچىك كوچىغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭدىن يەنە چوڭ كوچىغا چىقتى. ئاخىرى ئۇمۇ يەنە بىر تۆمۈر شادىلىق دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— مۇشۇمۇ؟

هېلىم ئاخۇن دەرۋازا شادىلىرىنىڭ ئارىسىدىن قارىدى. دەرۋازا ئۇستىدىكى چىراغنىڭ نۇرىدىن ئەتراپ ئاپتاپتەك يورۇپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى قاماشتى. تۆمۈر شادىلارنىڭ ئاراشلىرىدىن بويۇندىدى، لېكىن هېچنېمىنى كۆرەلمىدى. كۆرەلمىگەنىكەن، ئېشەك بىلەن هارۋا باغلىۋېلىنغان هويلا بۇ بولۇشى ناتايىن ئىدى. هېلىم ئاخۇن «بۇ يەر ئەمەسكەن» دېمەكچى بولدى. ئېغىزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا، ئاچلىقتىن ئۇچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن سۇر

ئېشەكنىڭ جەھلى بىلەن ھاڭرىغان تونۇش ئاۋازى ياڭراپ كەتتى.

— مۇشۇ يەركەن، مۇشۇ يەركەن . . . ، — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىم ئاخۇن تەلپەك ھاياجانلىنىپ، — مېنىڭ ئېشىكىمنىڭ ئاۋازى، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى مىڭ ئېشەك ئارىسىدىمۇ تونۇيالايمەن ...

ئاشۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئاق كىيىملىك يىگىت قىلدى. تۆمۈر شادىلىق دەرۋازىنىڭ قۇلۇپ سېلىنغان زەنجىرى جالاقلاپ ئاۋاز چىقاردى. دەرۋازىغا ياندىشتۇرۇپ سېلىنغان ئۆيدىن چىققان كالتە ئىشتانلىق كادىر ئاق قاسقان شەپكىنى كۆرۈپ دەرھال دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇلار قىسقىلا پاراڭلاشتى، قاسقان شەپكىلىك يىگىت بىر قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر يېزىپ ئۇزۇن ئىشتىنى يوق كادىرغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ھېلىم ئاخۇن ھېلى ئېشەك بار تەرەپكە، ھېلى ئۇلار تەرەپكە قارايتتى. نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ھەپىلىسى بولمىدى، گېپىنىمۇ ئۇقالمايتتى. ئىشتانسىز كادىر ئېشەك ھارۋىنى يېشىپ يېتىلەپ كەلگەندە نېمىنىدۇ چۈشەنگەندەك بولدى. ئىشتانسىز كادىر ئېشەكنىڭ باشبېغىنى ھېلىم ئاخۇننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. سۇر ئېشەك ھېلىم ئاخۇننىڭ پۇرىقىنى سېزىپ خىرتىلداپ كەتتى ...

ئاق قاسقان شەپكىلىك يىگىت ياندىشىپ ماڭغاچ، ئېشەك ھارۋىنى قايسى يول بىلەن ھەيدەشنى، قايسى يوللارغا كىرمەسلىكنى، ۋالىينى ئىزدەپ كەلگەندە ھارۋىنى قايسى دەڭدە قويۇپ كەلسە بولىدىغانلىقىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئېيتىپ سۆزلىدى. ھېلىم ئاخۇننىڭ قايسى ناھىيە، قايسى يېزا، قايسى كەنتتىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ھېلىم ئاخۇن دەپ بەردى. ئاق قاسقان شەپكىلىك يىگىت يەنە نېمىلەرنىدۇر تاپىلىدى. لېكىن بۇ گەپلەر ھېلىم ئاخۇننىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئېشەك ھارۋىغا قايتا ئېرىشكەنلىك خۇشاللىقى مەۋج ئۇراتتى، كۆڭلىدە

جىرىم غاجاپ ئاۋارىچىلىككە قويغان ئۆزۈن قۇلاققا ئاچچىقسمۇ بار
ئىدى. «خەپ سىنى، خەپ سىنى، غۇنچىنىنىڭ ئازابىغا قويمـ-
سام ...» دەيتتى ئىچىدە. شەھەردىن چىقىپ يېزىغا بارىدىغان يول
ئاغزىغا كەلگەندە ئاق كىيىملىك يىگىت خوشلاشتى. ھېلىم ئاخۇن
ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ: «ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئەجرى بولار،
غوجام، بەندىدىن قايتمىسا خۇدايىم ياندۇرار» دېدى. ئاق
كىيىملىك يىگىتتىن ئايرىلىپ ئۆزۈن ماڭمايلا ھېلىم ئاخۇن
كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئىشقا ئاشۇردى. يول ياقىسىدىكى
جىرىملىقتىن كەتمەن دەستىسىدەك تومۇلۇقتىكى كۆك چىۋىقتىن
بىرنى ئوشتۇۋالدى ۋە تويماس يوغان قورساقنىڭ كاللا-باشلىرىغا،
ئۆزۈن قۇلاقلىرىغا ۋاسىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ھېلى ئوڭدىن
ئۇرسا، ھېلى سولدىن ئۇراتتى. ئېشەك ئازابقا چىدىماي ئۆزىنى
ھەر تەرەپكە تاشلايتتى، لېكىن ھارۋىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى.
ھېلىم ئاخۇن ئۇرغاچ توختىماي تىللايتتى: «ھۇ، نىجىسنىڭ
پۇشتى، ھۇ، ئاچ كۆز ئەرۋاھ، قارنىڭ نېمانچە تويمايدۇ سېنىڭ،
ئېگىزغا باغلىسام ئارغامچىنى ئۈزۈپ قوناقلىقلارنى راخىنە
قىلىسەن، يولدا ئازراق ئارقاڭدا قالسام قوشنىلارنىڭ بۇغدايلىقىنى
چەيلەيسەن، بىردەم ئاچ قالغىنىڭغا چىدىماي ھاڭراپ ئالەمنى
بېشىڭغا كىيىسەن، ئەمدى سەن يېمىگەن تىللا دەرەخنىڭ قوۋزىقى
قالغانمۇ؟ قورسىقىڭ تويامدۇ، يوق سېنىڭ؟ تويمىسا مانا تاياققا
توي، ھۇ، تويماسنىڭ پۇشتى، نىجىسنىڭ ئەرۋاھى...» ھېلىم
ئاخۇن توختىماي تىللايتتى، توختىماي ئۇراتتى، جەھلى بىلەن
ئۇراتتى. تاياققا چىدىمىغان ئېشەك بېشىنى ئالدى پۇتلىرىنىڭ
ئارىسىغا تىقىۋېلىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. كاسىسىنى ئاللىقاچان
ھارۋا قىرىغا ئېلىۋالغان ھېلىم ئاخۇن توختىماي ئۇراتتى.
ئېشەكمۇ، ھارۋىمۇ يولدىن چىقتى. ھېلىم ئاخۇن توسۇپ
ئۈلگۈرەلمىدى. يول ياقىسىدىكى چوڭقۇرلۇققا ھارۋا بىلەن
قوشۇلۇپ ئۆرۈلدى ...

هېلىم ئاخۇن بىقىنلىرىنى سىيلاپ، ۋايۋايلاپ ئورنىدىن قوپقاندا، ئۇزۇن قۇلاق شەيتان هارۋا شوتىسىنىڭ ئىچىدە تويماس قورساقلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ ياتاتتى، تۆت پۇتىنى توختاۋسىز پۇلاڭلىتىپ پۇت ئاتاتتى. تولۇن ئاي يورۇتۇپ تۇراتتى. هېلىم ئاخۇننىڭ يەنە ئاچچىقى تۇتتى: «هۇ نىجىس، ئاي تاماشىسى قىلماقچىمىدىڭ، سەن ئالايمىغان ئاشۇ سۇزۇك ئاي قالغانمۇ؟ هۇ تويماس» ... هېلىم ئاخۇن تىللىغاچ هارۋىنىڭ جاۋۇر-جۇمبۇرلىرىنى، ئولتاڭ-ئارقانلىرىنى يەشتى. هارۋىنى تارتىپ، ئىتتىرىپ خېلى تەستە ئوڭدا قىلدى. ئۇنىڭغىچە ئۇزۇن قۇلاق ئۆزى قوپتى. ئۇ قانداقتۇر بىر گۇناھ قىلىپ قويغاندەك بېشىنى يەرگە ئېگىپ تۇراتتى. هېلىم ئاخۇن ئۇنى يەنە هارۋىغا قاتتى. ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇراپ يولغا ئاچىقاي دەپ تەرەددۇتلەنگەندە، پۇتى بىر نەرسىگە تاراڭشىدە تەگدى. يەرگە ئېڭىشىپ دىققەت بىلەن قارىدى. ئەتىگەن ۋالىيغا دەپ غورا ۋە ئۈجمە قاچىلىغان چار سىرلىق تەلەڭگىلەر ئاي نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئوسىمدەك كۆك غورىلارمۇ مەڭلىشىپ سېرىق ناۋاتقا ئوخشاپ قالغان، بودەك ئۈجمىلەرمۇ چېچىلىپ كەتكەنىدى. هېلىم ئاخۇن ئىككى تال ئۈجمىنى تېرىپ پۇۋلىمەيلا ئاغزىغا سالدى. ئۈجمىلەر قۇم ئارىلاش غىرسىلىغان بولسىمۇ يەنىلا هەسەلدەك شېرىن ئىدى. هېلىم ئاخۇن بۇلارنى هېلىقى ئاق كىيىملىك يىگىتكە بەرمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى ...

## 4

هېلىم ئاخۇن تەلپەكنىڭ ۋالىينى ئىزدەش جەريانىدا يولۇققانلىرى كۆكقۇمغا پۇر كەتتى. بامدات نامىزىدىن يانغاندا، ئۇ ئىشلارنى هېلىم ئاخۇننىڭ ئۆزى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— شۇنداق قىلىپ ئاق كىيىملىك، قاسقان شەپكىلىك يىگىت مېنى تونۇيدىكەن دېگىن؟

— شۇنداق، تونۇيدىكەن، تونۇمىسا، ئاتا-بوۋامدىن قالغان لەقىمىمنى نەدىن بىلىدۇ. ئۇ مېنى ئىززەت بىلەن «تەلپەك» دەپ چاقىردى. تىلى ھالۋىدەك يۇمشاق بالىكەن، قىلىقلىرى ئاندىن تاتلىق، ماڭا قاراپ ئوڭ قولىنى چېكىسىگە كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلەن چاس بەردى. ۋالىينى ئىزدەيدىغانلىقىمنى بىلىپ، ۋالىي تۇرىدىغان بالىخانىدىنمۇ ئېگىز بىنانى ھۆرمەت بىلەن كۆرسىتىپ قويدى. تونۇمىسا شۇنداق قىلامتى؟ ... تېخى ئېشەك ھارۋىنى ئېلىپ بەرگىنىنى دېمەڭ، ئاشۇ تۆمۈر شادىلىق دەرۋازىنى تاپقۇچە ئۆز ئوغلۇمدەكلا قولۇمدىن يېتىلەپ ماڭدى، ئوغلۇمدەكلا شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ...

— شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇز كوي جەرىمانىنى تۆلىگىلى ئۇنىمىدىم - دە.

— نېمىشقا تۆلەيتتىم؟ سۇر ھاڭگىغا مەن ئۆگىتىپ قويدۇمما؟ جەرىمانە ئالىدىغان بولساڭ ئېشەكتىن ئال، تاپىنىڭغا تىكەن كىرسە چوقاڭنى كولايدىغان قانداق نېمىسەن دېدىم، تۇكباش گەپ تاپالماي قالدى ...

— ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىنى ئۈچۈن سۇر ھاڭگىنى راسا ساۋىدىغانسەن؟

— بوش قويامدىغان، ئۇ يوغان قورساق تويمىغۇرنى راسا سالدىم. ئەگەر ئاچ كۆزلۈك قىلىپ تىللا ياپراقلىق دەرەخنى غاجىلىمىغان بولسا، ۋالىي بىلەن بىمالال كۆرۈشەتتىم ئەمەسمۇ؟ شۇنچىۋالا تويمىغۇرلۇق بولامدۇ؟ پۈتۈنسۈرۈك بىر دەرەخنى غاجاپ ئاپئاق ئاقارتىپ قويۇپتۇ، پىيازنىڭ پوستىنى سويغاندەك سويۇپ تاشلاپتۇ. بەكمۇ ئەتىۋار دەرەخ ئىكەن، ۋالىي ئۆزى سۇغىرىپ، ئۆزى ئوغۇتلاپ، ھارام پۇتاقلىرىنى ئۆزى چاتاپ تۇرىدىكەن، باشقا ھېچكىمنى يېقىن يولاتمايدىكەن، باشقىلار يېقىن كېلىپ قالسا

خاسىيىتى يوقىلىپ كېتىدىكەن، تىللا ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدىكەن. يوغان قورساق تويمىغۇرنىڭ ئاشۇ ئەتىۋار دەرەخنى راخىنە قىلىشىنى كىم ئويلىغان؟ بولمىسا ئوتتۇز كوي جەرىمانە قويامتى؟ ئېشەك جىرىم غاجىلىغانغا جەرىمانە ئالغاننى قۇلاق ئاڭلىغان، كۆز كۆرگەنمۇ؟

— ھوي، ساڭا ئېشەك باغلاشقا باشقا يەر تېپىلمىغانمىدى؟

— ۋالىي بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن بولغاندىكىن ھېچنېمە بولماس دەپتىمەن، شۇ يوغان قورساقنىڭ ئۈنىمۇ بوش قويماسلىقىنى نەدىن بىلەي ...

— ۋالىي بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن دېگىن ...

— ئۆزىمىزنىڭ ۋالىيسى ئەمەسمۇ؟

— ھېلىقى قوزاڭنى ئېلىپ بېرىدىغان بولدىمۇ؟

— ئاشۇ سالپاڭ قۇلاقنىڭ كاساپىتىدىن ۋالىي بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ھېلىقى ئاق كىيىملىك، قاسقان شەپكىلىك ئوغلۇمنىڭ دېيىشىچە، ۋالىي قوزامنى چوقۇم تۆلىتىپ بېرىدىكەن. سىيىت تازنى قۇستۇرۇپ بولسىمۇ ئېلىپ بېرىدىكەن. ئىشەنمىسەڭلار قاراپ تۇرۇڭلار، پات-ئارىدا ئۆزىمۇ كېلىپ قالىدۇ ...

ئېتىقسىز كىشىلەرنىڭ ھېلىم ئاخۇننى زاڭلىق قىلىشى ئۈچۈن گەپ تېپىلغانىدى. گەپ كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي ئاۋۇپ كىردى. ئېتىزلىقلاردا بىرى ئون بولۇپ ئۇنۇپ، باغلاردا شاخلاپ پۇتاق چىقاردى. «ھېلىم تەلپەك شەھەردە ئىشتانسىز خوتۇنلارنى كۆرگەنىمىش، ئۇلار تار كۆڭلەك كىيىپ، ئىشتان كىيمەيلا يۈرۈۋېرەرمىش» ، «ھېلىم تەلپەك ئېشەك ھارۋىسىنى سولىۋالغان ئىدارىنى تاپالماي بىر ئاق كۆڭۈل ساقچى پۈتۈن بىر كېچە شەھەرنى ئايلاندۇرغانىمىش» ، «جىرىم غاجىغان ئېشىكىنى تويماس پارىخورغا ئوخشىتىپ شۇنداق قاتتىق تىللاپ ئۇرغانىمىشكى، ئېشەكنىڭ ئۇزۇن قۇلاقلىرى، كاللا باشلىرىدىن قان چىقىپ

كەتكەنىمىش، تاياقتا چىدىمىغان سۇر ئېشەك هارۋىنى ئېلىپ قېچىپ ئۆدۆل دەرياغا سەكرەپ چۈشكەنىمىش، هېلىم تەلپەك يامغۇردا قالغان توخۇدەك هۆل بولۇپ كەتكەنىمىش. ئېشەك بىردىن زۇۋانغا كېلىپ: «سەنغۇ مېنى پارىخورغا ئوخشىتىپ تويماس دېدىڭ، قاتتىق ئۇردۇڭ، ئۆزۈڭ نېمىگە ئوخشايسەن؟ نېمانچە قاتتىق ئۇرىسەن؟ ئۇچرىغانلا جانلىقنى ئۇرۇپ قاقشاتقىلى يا سەن شيەنفېڭ دۈيمىدىڭ؟» دەپ قاتتىق ھاڭراپ كەتكەنىمىش»، «جىرىم غاجىغان ئېشەكنى تۇتۇۋالغان كادىر هېلىم تەلپەكنىمۇ بىر كۈن سولاپ قويۇپ ئاندىن قويۇۋەتكەنىمىش ... »

گەپلەر قار سۈيى ئېرىگەندەك ئاققانسېرى ئاۋۇپ باراتتى. مەسچىتتە، يولدا، ئېتىزدا ئۇچرىغانلار هېلىم ئاخۇننى زاڭلىق قىلىشاتتى.

— شۇنداق قىلىپ ۋالىي بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن دېگىن.

— ساقچىنى گەپ قىلالماس قىلىۋەتتىم - دە.

— ئىشتانىڭىز خوتۇنلارنىڭ يالىڭاچ پاچاقلىرى ئاقمىكەن ياكى هېلىمەكنىڭ پۇتلىرىدەك قارىمىكەن؟

— ئوغلۇم شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى دېگىن، قاچان تېپىپ قويغان بالاڭتى ئۇ؟

هېلىم ئاخۇن ئاشۇ كۈنى زەي سالماي ئېتىپ سالغان پاختىلىرى ئۈچۈن خىجىل بولاتتى، خىجىللىقتىن كىرگىلى تۆشۈك تاپالماي قالاتتى. «ئاشۇ گەپلەرنى دەپ بەرمىسەم بوپتىكەن، ۋالىي بىلەن كۆرۈشەلمىدىم دەپلا بولدى قىلسام بوپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىلاتتى. ئۇ تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى. جەرىمانە دەپ ئېلىپ كەتكەن قويلىرى، شەھەردە تارتقان خورلۇقلىرى، پۈتۈن بىر كۈن ئاچ قالغانلىقى يادىغا كەلسە تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كېتەتتى. بېشى ساڭگىلاپ، ئىككى دولىسى چوقچىيىپ، مۈكچىيىپلا قالاتتى. زاڭلىقلار داۋام قىلاتتى. ھەممىدىن بەكرەك زاڭلىق قىلىدىغىنى سىيىت تازنىڭ يېقىن -

يورۇقلىرى، دالتەكلىرى ئىدى.

ئەمما ھېلىم ئاخۇن شەھەردىن قايتىپ كېلىپ بەش كۈن ئۆتكەندە كۆككۇمدا، ئوچۇق ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاققاندەكلا بىر ئىش يۈز بەردى. قوڭغۇزغا ئوخشايدىغان چىرايلىق بىر پىكاپ كۆككۇمنىڭ كوچىلىرىدىن چاڭ-توزان سورۇپ چىپىپ ئۆتتى. ئادەم ئۇچرىسىلا توختاپ، ھېلىم ئاخۇن تەلپەكنىڭ ئۆيىنى سوراپ ماڭدى. ھېلىم ئاخۇن تەلپەك كۆڭلىمىز يېقىن دەپ يۈرىدىغان ۋالىي راستتىنلا كۆڭۈل ئىزدەپ كەلگەنىدى. تېخى ھېلىم ئاخۇنغا بىر خالتا ئاق ئۇن، تۆت بولاق قەنت ئالغاچ كەپتۇ. ئۇنىڭ قوللىرىنى قوش قوللاپ قىسىپ ئەھۋال سورىدى، تەن سالامەتلىكىنى سۈرۈشتە قىلدى. «ئاشلىقىڭىز يېتىشىپ ئاشلىق چىققۇچە يېتەمدۇ؟» دەپ قايتا-قايتا سورىدى. ھېلىم ئاخۇن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ بېشىنى ئىرغاڭلىتىپلا تۇردى. ھېلىقى ئاق كىيىملىك، ئاق قاسقان شەپكىلىك يىگىت (قوشنىلىرى ئۇنداق كىيىگەنلەرمۇ ساقچى دېيىشتى) ۋالىينىڭ ئاغىنىسى ئىكەن، ۋالىي ھېلىم ئاخۇننىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشەلمەي يانغانلىقىنى شۇنىڭدىن ئاڭلاپتۇ. شۇڭا بۈگۈن ئالايىتەن ھېلىم ئاخۇننىڭ ئەھۋالىنى سوراپ چىقىشى ئىكەن ... ۋالىي ھېلىم ئاخۇننىڭ توپا بېسىپ كەتكەن سۇپىسىغا چىقىپ داق كىگىزنىڭ ئۈستىدىلا چازا قۇرۇپ ئولتۇردى. ھېلىم ئاخۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئاشۇ كۈنى ھەسەن بوداغنىڭ ئالدىدا دېيەلمىگەن گەپلىرىنى ۋالىيغا دېدى:

— سۈنى مەن قەستەن باشلىۋالغىنىم يوق، ئېچىق ئېچىش نۆۋىتى تېخى ماڭا كەلمىگەن، ئېتىز قوشنامنىڭ قىرىدىن يار ئېلىپ كېتىپ ئۆزى كىرىپ قاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەرىمانە قويدى. پۇل يوق دېسەم ئېغىلدىكى پاقلاننى ئېلىپ كەتتى. سىيىت تازىنىڭ تونۇرىدا كاۋاپ قىلىپ يېيىشىپتۇ، مەنغۇ كۆرمىدىم، قوشنىلار شۇنداق دېيىشتى ...

— سىيىت تاز دېگەن كىم؟
— كەنت باشلىقى.
— راستىنلا تازمۇ؟
— ئازراق ئالاگەدەن، ھەممىسى ئالدىدا سىيىت دۈيجاڭ، ئارقىدا سىيىت تاز دېيىشىدۇ.
— گېپىڭىزنى دەۋېرىڭ.
— شۇنداق ئۆز، شۇنداق چىرايلىق پاقلان ئىدى. خوتۇنۇم بىلەن قىزىم يېمەي يېدۈرۈپ، ئىچمەي ئىچۈرۈپ سەمرىتكەنىدى، يۈرەك باغرىمىزنى سۇغۇرغاندەكلا ئېلىپ كېتىشتى ...

ھېلىم تەلپەكنىڭ گەپلىرىدىن كېيىن ۋالىي پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى چۈشەندۈردى. پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارنى قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن قىلىش ئويىدا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، رازى قىلىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى توغرىسىدا توختالدى. پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ ھېلىم ئاخۇننى ئاچ قويمايدىغانلىقىغا، سوغۇقتا مۇزلىتىپ قويمايدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى ... ۋالىي ئۆزاپ ھويلىغا چىققاندا، ھېلىم ئاخۇننىڭ ئۈجمىسىنىڭ شېخىنى ئېگىپ، ئۆز قولى بىلەن ئۈجمە ئۈزۈپ، پۈۋلىۋېتىپ ئاغزىغا سالدى. مانا شۇ چاغدا ھېلىم ئاخۇن ۋالىينىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىش لازىملىقىنى، بەتتە پولۇ ئەكەلمىسىمۇ، غورا-غوتاڭ، ئۈجمە بولسىمۇ قويۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى، لېكىن كېچىككەنىدى. تارتىنىپ-قورۇنۇپ تۇراتتى. «يەنە بىر دەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە ئۈجمە ئېغىتايلى، ئۈجمىگە بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ بەرسىلە» دېگەن گەپلەرنىمۇ دېيەلمىدى. ۋالىيغا ئەگىشىپ ئەگۈننىڭ ئالدىغىچە چىقتى. ھېلىم ئاخۇن ئادەتتە ناگان-ناگاندا بىر كېلىدىغان يىراق تۇغقانلىرىنى مۇشۇ ئەگۈن ئالدىغىچە چىقىپ ئۈزىتىپ قوياتتى. ۋالىي بولسا تېخىمۇ يىراققىچە بېرىپ ئۈزىتىپ قويۇشقا ئەرزىيتتى. ئەمما ئەگۈننىڭ نېرىسى چوڭ يول ئىدى. ۋالىي خۇشلىشىپ ماشىنىغا چىقتى. ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا

قولىنى پۇلاڭلاتتى. پىكاپىنىڭ ئىشىكىنى ياپىدىغان چاغدا يەنە ھېلىم ئاخۇنغا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئاۋۇ چوڭ يولنىڭ ياقىسىدىكى، سالا ئېتىزنىڭ بويىغا سالغان يېڭى ئۆي كىمنىڭ؟

— سىيىت تازنىڭ يېڭى سالغان بەش ئاسمىلىق ئايۋان-سارىيى شۇ.

— كەنت باشلىقىنىڭ دەڭ.

— شۇنداق.

ۋالىي پىكاپىنىڭ دېرىزىسىدىن قولىنى چىقىرىپ يەنە پۇلاڭلاتتى. ماشىنا گۇرۇلدەپ ئوت ئالدى ۋە چاڭ-توزان سورۇپ چېپىپ كەتتى. ھېلىم ئاخۇن ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇردى. ماشىنىنىڭ پارقىراق سىرلىرى چاڭ-توزان ئارىسىدا غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى كۆككىچە كۆتۈرۈلۈپ قالغان، كۆڭلىدە لىقمۇ لىق خۇشاللىق بار ئىدى. بېشى ئىككى دولىسىنىڭ ئارىسىدىن مۇنارەدەك كۆتۈرۈلۈپ گىدىيىپ تۇراتتى. ئاغزى بولسا: «ئىككى-ئۈچ كۈنلەردىن كېيىن ئۆزىمۇ كېلىپ قالىدۇ، قاراپ تۇرۇڭلار دېمىگەنمىدىم، مانا كەلدى، چىرايلىق پىكاپقا ئولتۇرۇپ كەلدى» ... دەپ پىچىرلايتتى.

قوشنىلار بىردىن-ئىككىدىن ھېلىم ئاخۇننىڭ ئەگۇنى ئالدىغا يىغىلىشتى.

— كىم كەلدى؟ — دەپ سورىشاتتى ئۇلار.

— ۋالىي ئاغىنەم كەلدى، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ھېلىم ئاخۇن گىدىيىپ. ئۇ قوشنىلارنى ئۆيىگە باشلىدى. ۋالىي ئالغاچ كەلگەن بىر خالتا ئۇننى قوشنىلارغا كۆز-كۆز قىلدى، مەردلىشىپ-سېخىيلىشىپ كەتكەنىدى. ۋالىي ئالغاچ كەلگەن تۆت بولاق قەنتنىڭ بىر بولىقىنى چۇۋۇپ ھەربىر كىشىگە بىر چاقماقتىن قەنت تارقاتتى. قوشنىلار قەنت شۈمۈپ ھېيتلىق قىلغان باللاردەك لەززەتلىنىشتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھېلىم

ئاخۇننى زاڭلىق قىلىدىغان ئېغىزلىرى بېسىقىشقانىدى. خۇددى چاقماق قەنتنىڭ شىرنىسى چاپلاشتۇرۇپ قويغاندەكلا بېسىققانىدى.

شۇ كۈندىن كېيىن كۆكقۇمدا ۋالىينىڭ تەۋسىيىنى قىلىش قايناپ كەتتى. كىشىلەر ۋالىي ھەققىدە، ھېلىم ئاخۇن تەلپەكنىڭ ۋالىي بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقى ھەققىدە سۆزلىشەتتى. كىمدۇر بىرى «كەلگىنى جىڭ ۋالىي ئەمەس، مۇئاۋىن ۋالىيكەن» دېگەن گەپنى تاپتى. لېكىن كىشىلەر بۇنىڭغا ئىرەنشىمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە جىڭمۇ، مۇئاۋىنمۇ ئوخشاشلا ۋالىي ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى ئۇنىڭ ھېلىم ئاخۇننى يوقلاپ كەلگىنى ئىدى. ئىمام ئاخۇنۇم بامداتتىن كېيىنكى ۋەز-نەسىھەت ۋاقتىدا داڭلىق ساھابە، شامدىكى «ھىم» شەھىرىگە ۋالىي بولغان، بۇ دۇنياغا ئاخىرەتنى سېتىۋالغان سەئىد ئىبنى ئامىرىل جۇمەھى توغرىسىدا سۆزلىدى ۋە «ۋالىي دېگەن شۇنداق بولىدۇ، بىزنىڭ ۋالىيمىزمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان ئادەمكەن» دېدى. قايسىبىر قېرىلار، گومىنداڭ ۋاقتىدىكى ئاخىرقى ۋالىي روزىمەت بەگنىڭ ئاقتاشتىكى ئۆيىدىن ئاتلىق كېلىپ، قەغەزچى مەھەللىسىدە ئاتتىن چۈشۈپ شەھەر كوچىلىرىدا پىيادە مېڭىپ ھاجەتمەنلەرنىڭ ئەرز-ھالىنى ئاڭلايدىغانلىقى، كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە، يەنە قەغەزچى مەھەللىسىگىچە پىيادە بېرىپ ئەرز-ھال ئاڭلىغاچ ماڭىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەيتتى ۋە «ئۇ چاغدىكى ۋالىي بىزنىڭ ۋالىيغا يېتەلىسۇنمۇ؟ بىزنىڭ ۋالىي ئەرز-ھالى بارلارنىڭ ئۆيىگە ئۆزى كېلىپ ھال سورايدىكەن ... » دېيىشەتتى. ۋالىينىڭ تەۋسىيى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچەتتى، مەدھىيىلەر ياغاتتى. ھېلىم ئاخۇن بولسا «ئاشۇ ۋالىي مېنىڭ ئاغىنەم، بىزنىڭ كۆڭلىمىز بەك يېقىن» دەپ كېرىلەتتى. ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆتتى. قانداقتۇر بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ دېھقانلاردىن پىكىر ئېلىشقا، نېمىنىدۇر تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ھېلىم ئاخۇن تەلپەك جەرىمانىگە كەتكەن ھېلىقى پاقلاننىڭ ئۇزلۇقى، چىرايلىق

سەمرىگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى ئۇلارغىمۇ سۆزلەپ بەردى. ئۇ ۋالىي ئەۋەتكەن مۇشۇ كادىرلار سىيىت تازنى قۇستۇرۇپ بولسىمۇ پاقلىنىمنى تۆلەتكۈزۈپ بېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. راستتىن شۇنداقتەكمۇ قىلاتتى. سىيىت تازنىڭ كەنتنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق كارنىيىدىن جەرىمانە سۈيلەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كارنايدىن چىقىدىغان چىرقىراق ئاۋاز ئۆچتى. ھېلىم ئاخۇننىڭمۇ، باشقا دېھقانلارنىڭمۇ قۇلاقلىرى ئارام تېپىپ قالدى. ھېلىم ئاخۇن خۇشال ئىدى. «ئەمدى سىيىت تازدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق» دەپ ئويلايتتى ئۇ كېۋەزلىكتە ئىشلىگەچ. كېۋەزلىكنى، ئېتىز ئەتراپىدىكى دەل-دەرەخلەرنى ئاللىقانداق بىر قۇرت قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى بىردىن-بىردىن تۇتۇپ ئۆلتۇرمىسە كېۋەز مايسىلىرىنى ۋە دەرەخ غازاڭلىرىنى يەپ بولىدىغاندەكلا قىلاتتى. كۈزدە پاختا ساتقاندا كېۋەزلىككە دورا چېچىپ بېرىمىز دەپ پۇل تۇتقانلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھېلىم ئاخۇن خوتۇنى ۋە قىزى بىلەن كەچ كىرگۈچە قۇرت تۇتتى. بۇنى قۇرت تەردۇق دېيىشەتتى. ئۇلار كۈن ئولتۇرغاندا ئېتىزدىن قايتتى. گۇگۇم چۈشسە قۇرتنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇلار ئېتىزدىن چىقىپ مەھەللە يولىغا بۇرۇلغاندا سىيىت تازنىڭ خوتۇنى، ئوغۇللىرى، تۇغقانلىرى كېلىپ ئالدىنى توستى.

— ۋالىيغا بىزنى نېمىدەپ چاقتىڭ؟

— ھوي يالاڭتۆش قوڭالتاق، تېخى بىزنى چاقتۇچىلىك بولدۇڭمۇ؟

— سەن تېخى ۋالىيدىن ئەي تارتىپ كۆكلىمەكچى ئىكەنسەن - دە.

— ئېيتە، نېمىدەپ چاقتىڭ؟

سىيىت تازنىڭ خوتۇن-بالىلىرى قەھرى بىلەن ھۆركىرەيتتى. ھېلىم ئاخۇن قورقۇپ كەتتى، جىددىيلەشكىنىدىن پۇت-قوللىرى دىر-دىر تىترىدى، ئاغزى كالۋالاشتى. «مەن،

مەن، مەن ... » دەپ دۇدۇقلايتتى ئۇ. خېلى ئۇزۇندا ئاغزىدىن
«مەن چاقمىدىم، مەن ... » دېگەن زۇۋان چىقتى. بۇ چاغدا
سىيىت تازنىڭ ئوغلى ھېلىم ئاخۇننىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ
تارتقۇچلاشقا، يالىقىغا يېقىن كېلىپ قالغان كۈچۈكنى چىشلىگەن
قاۋان ئىتتەك گۈپشۈپ پۇچۇلاشقا باشلىغانىدى.

— ئېيتە بىزنى ۋالىيغا نېمىدەپ چاقتىڭ؟

ھېلىم ئاخۇننىڭ خوتۇنى سۆز قاتتى.

— بىز ھېچكىمنى چاقمىدۇق، ۋالىي ئۆزى كەلدى، ئۆزى
يوقلاپ كەلدى ... ۋاي توۋا، نېمىشقا ئۇرۇسلەر ئۇنى، ئۇرماڭ-
لار، پارتىيىنىڭ زامانى بۇ، ئادەم ئۇرۇشقا رۇخسەت يوق ...

بۇ چاغدا سىيىت تازنىڭ بالىلىرى ھېلىم ئاخۇننىڭ ئۇدۇل
كەلگەن يېرىگە تېپىپ، بىقىنلىرىغا مۇشتلاشقا باشلىغانىدى، بىر
تەرەپتىن ئۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ۋارقىرىشاتتى.

— بىزنى چاقمىساڭ شەھەرگە نېمىدەپ باردىڭ؟

— سەن چاقمىساڭ ۋالىي نېمىدەپ سېنىڭ ئۆيۈڭگە كېلىدۇ؟
ئېيتە، يالاڭتۆش، بۈگۈن سېنى ...

سىيىت تازنىڭ خوتۇن-قىزلىرى ھېلىمنىڭ خوتۇنىغا
ياماشتى. خوتۇنلار چاچ-ماچقا چاڭگال سېلىشىپ يومداقلىشىپ
كەتتى. ھېلىم ئاخۇننىڭ خوتۇنى ۋارقىرايتتى:

— پارتىيىنىڭ زامانى بۇ، ئادەم ئۇرۇشقا رۇخسەت يوق!

ئۇنىڭ ۋارقىرىشىغا ھېچكىم قۇلاق سالمايتتى. ھېلىم
ئاخۇننىڭ خوتۇنىنىڭ بىر تۇتام چېچى سىيىت تازنىڭ خوتۇنىنىڭ
چاڭگاللىرىدا قالدى. ھېلىمنىڭ خوتۇنىمۇ بوش كەلمىگەن،
سىيىت تازنىڭ خوتۇنىنىڭ يۈزلىرىدە ئۇنىڭ تىرناقلىرىنىڭ
مورلىغان ئىزى قالغانىدى ...

جەڭ خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. ھېلىم ئاخۇننىڭ قورقۇنچاق
قىزى يىراقتا قېچىپ بېرىپ «ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ
شۇنچە ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ئاجراتقىلى ھېچكىم كەلمىدى.

غالىبلار جەڭ مەيدانىدىن زەپەر بىلەن ئايرىلغاندا، ھېلىم ئاخۇن يىقىلىپ ئالىقاچان توپا-تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتكەن، خوتۇنىمۇ ئىنجىقلاپ ياتاتتى. گۇگۇم چۈشۈپ كەتكەچكە يۇزلىرىگە يېپىشىپ قالغان نەرسىلەرنىڭ قانمۇ ياكى لاي-پاتقاق ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايتتى. قورقۇنچاق قىز ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنى يۆلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. تام كەينىدىن، جىرىملىقنىڭ ئىچىدىن قوشنىلارمۇ چىقىشتى. ھېلىم ئاخۇن بىلەن خوتۇنىنى يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى ...

ھېلىم ئاخۇن شۇ ياتقانچە ئون كۈنگىچە تالا-تۈزگە چىقمىدى. ئاخشاملىرى، كۆز باغلانغان چاغلاردا قوشنىلار يوقلاپ كىرىشەتتى. مەھەللىدىكى يېگىتلەر ھەققىدە پاراڭ قىلاتتى. سىيىت تازنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى سىيىت تازنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يۇقىرىغا دوكلات يازغانىمىش، سىيىت تاز بۇ قېتىم ئېشەكتىن يىقىلارمىش دېيىشەتتى. يەنە بىر كىملەر ھەسەن بوداغ ئارىغا چۈشكەنىمىش، سىيىت تازنى مۇقىملىقنى ياخشى قوغدايدىغان كادىر ئىدى، دەپ ئاقلاپ چىققانىمىش دېيىشەتتى. ھېلىم ئاخۇن زوۋان سۇرمەي جىمىدە ياتاتتى، نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ قايتا زوۋانى چىقتى. ئەمدى ئۆزىنىڭمۇ غۇلاچلاپ تۇرۇپ مۇشت ئاتقانلىقى، سىيىت تازنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ بىقىنىغا راسا سالغانلىقىنى سۆزلەشكە كىرىشتى. ھېكايىسى ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا ئالدىنقى قېتىمدىكىدىن كۆپ موللىشىپ كېتەتتى. ئاخىرقى قېتىمدا تاياق يېگىنى ئۆزى ئەمەس سىيىت تازنىڭ بالا-چاقىلىرى بولۇپ چىقتى. سىيىت تازنىڭ ئۆزى كېلىپ ئۇلارنى ھارۋىغا سېلىپ ئۆيىگە ئەكەتكەنىمىش، داۋالاتقىلى يالاڭ ئاياغ دوختۇرنى چاقىرغانىمىش ...

كىمدۇر بىرى ھېلىم ئاخۇنغا «ۋالىي ئاغىنەڭنى يەنە بىر قېتىم ئىزدەپ بارمىساڭ بولمىدى» دېدى. «بارىمەن» دەپ جاۋاب

بەردى ھېلىم ئاخۇن. ئۇ راستىنلا بىرىش نىيىتىدە ئىدى، ۋالىيغا كۆكقۇمدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەكچىدى. ۋالىي بۇنى ئاڭلىسا جېدەل تېرىغان سىيىت تازنى جازالايدۇ، سىيىت تازنى قۇستۇرۇپ بولسىمۇ پاقلىنىمىنى تۆلەتكۈزۈپ بېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئىشەنچى تولۇق ئىدى، پەقەت تېخى يۈز-كۆزلىرىدىكى كۆك ۋە ئىششىقلار يانمىغان، ئاغرىپ تۇراتتى. كۆك ۋە ئىششىقلار يانسىلا، ئۇ ۋالىي ئاغىنىسىنى ئىزدەپ يولغا چىقاتتى ...

# ھاۋارايى ھەققىدە ھېكايە

بۇ، ئىسسىق-سوغۇق، بۇلۇت-تۇمان، يامغۇر-يېشىن، بوران-چاپقۇن ۋە شامال ھەققىدىكى ھېكايە ئەمەس. بەلكىم يۈرەكنىڭ تىترىشى، ئەنسىزلىك ۋە كۆز يېشى ھەققىدىكى ھېكايە. بۇ، مەختۇمخان مومايىنىڭ ئۆز شەھىرىنىڭ ھاۋا رايى ئەمەس. گەپ يىراق-يىراق، تولىمۇ يىراق، يات يەرلەرنىڭ ھاۋا رايى ھەققىدە. تۇۋا خۇدايىم، ئاشۇ يەرلەردىمۇ بوران-چاپقۇن بولىدىكەن. قار-يامغۇر ياغىدىكەن. ئىسسىق-سوغۇق بولىدىكەن. تېخى بۇ يەردىكىدىن قاتتىقراق بولىدىكەن. بىچارە توڭلىغانمىدۇ؟ كۆيگەنمىدۇ؟ قار-يامغۇردا، بوران-چاپقۇندا قالغانمىدۇ؟ زۇكام تەگكەنمىدۇ؟ ئىسمىداپ قالغانمىدۇ؟ يۈز-كۆزلىرىگە، ئالمىدەك سۈزۈك ھۆسنىگە، قىياقتەك بولۇق كىرپىكلىرىگە چاڭ قونغانمىدۇ؟ ئاھ، مەن ئۇنىڭغا ئاشكۆكى سالغان شوۋىگۈرۈچ قايناتتىپ بېرەلمىدىم. ئۇنىڭ ئىسسىق چېكىسىنى سىلاپ تەسەللى بېرەلمىدىم. پاكىز لۆڭگە بىلەن چېھرىدىكى توزانلارنى سۈرتۈپ قويالمىدىم. ۋاي ئىسىت، ۋاي ئىسىت ...

مومايىنىڭ كۆزلىرىدىن سېغىنىش يېشى، ھەسرەت يېشى، نادامەت يېشى، ئەنسىزلىك يېشى تىلىم-تىلىم قورۇق چۈشكەن مەڭزىنى بويلاپ دومىلايدۇ. ۋۇجۇدى تىترەيدۇ. يۈرىكىنى ئالىقانلىرى بىلەن چىڭ بېسىۋالىدۇ. تىنىقلىرى بىر ئۆلغىيىپ، بىر پەسىيىدۇ.

ئۇنىڭ دەردلىرى ئاشۇ كۈنكى ئۇزىتىشتىن باشلانغان. ئۇزىتىش-ئايرىلىش، جۇدا بولۇشقۇ، موماي بۇنى چۈشىنەتتى. ياق، ئۇ چاغدا تېخى موماي ئەمەس ئىدى. كۈچ-مادارى، ئەس-يادى

جايىدا، تولغان جۇۋان ئىدى. ئايرىلىشنىڭ جۇدالىق ئىكەنلىكىنى، ئۇزىتىشنىڭ ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى بىلمىسۇنمۇ؟ ئۇ تىترەپ-بوغۇلۇپ تۇرۇپ «خوش، خوش، خۇدايىمغا ئامانەت!» دېيەلىدى. بوغۇزى ئېچىشتى. ئۆزىنى قانچە تۇتسىمۇ چاناقلىرىدىن تېشىپ چىققان سۈزۈك مارجانلار ئېتەكلىرىگە تۆكۈلۈپ چۈشتى. باشقىلار خۇشال ئىدى. بوۋىيىمۇ، يېنىدا قالغان بالىلىرىمۇ خۇشال ئىدى. جىگەر پارىسىمۇ خۇشالدەك قىلاتتى. ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن ھېلى قولىنى، ھېلى بېشىنى چىقىرىپ «خوش-خوش» دەپ كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇزىتىش دېگەن جۇدالىقنىڭ باشلىنىشى. جۇدالىق دېگەن سېغىنىش، دەرد-ھەسرەتنىڭ مەنبەسى. ئۇ نېمىگە خۇشالدۇ؟ مەن قايغۇغا چۆمۈۋاتسام ... جۇۋان ئويلىرىنى داۋام قىلالمىدى. ئاپتوبۇس گۈركىرەپ قوزغالدى. ئايىغىدىن — ئاسفالتلانغان يولدىن سۇس ئاقۇچ چاڭ-توزان كۆتۈرۈلدى. ئاپتوبۇسنىڭ سېرىق سىرلانغان گەۋدىسى چاڭ-توزاننىڭ نېرىسىدا يوق بولدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق سىيما، ئەڭ گۈزەل چېھىر، ئەڭ سۆيۈملۈك گەۋدىمۇ ئاشۇ چاڭ-توزاننىڭ كەينىدە يوق بولدى. ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سوزۇلغان نازۇك قول ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنى بولدى. كۆزلىرىدىن يەنە ياش دومىلاپ چۈشتى. بوۋاي كايىپ كەتتى.

— ھە، ساراڭ، نېمىگە يىغلايسەن؟ بالا ئۆلۈمگە، تۈرمىگە كېتىۋاتقىنى يوققۇ، كەلگۈسىگە، نۇرلۇق ئىستىقبالغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. خۇشال بولماي يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟...

بۇ ئۇن بەش يىل بۇرۇنقى ئىش. جۇدالىقنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۇنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىدى. تىرىك تۇرۇپ ئايرىلغىنىغا، جىگەر پارىسىدىن جۇدا بولغىنىغا چىدىمىدى. نېمە قىلالىسۇن، كەينىدىن بارالايتتىمۇ؟ ئۇ يەر دېگەن ئالتە ئايلىق يول، ئات-تۆگىگە مىنىپ سەپەر قىلسا ئالتە ئايلىق يول. ئۇ بۇلارنى بىلىدۇ. ئۆزىغۇ ئۇنداق يىراقلارغا بېرىپ باقمىدى. لېكىن

بېرىپ كەلگەن جورىسى شۇنداق دەيدۇ؛ «ئاپتوبۇسقا، ئۇنىڭدىن كېيىن پويىزغا ئولتۇرساڭمۇ يېرىم ئايدا ئاران يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.»

ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. جۈۋاننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدىدى. كۆزلىرى ئىشىككە تىكىلدى. جىگەر پارەم كىرىپ كېلىدۇ، كىرىپلا بوينۇمغا ئېسىلىدۇ، دەپ ئويلىدى. دۇخاۋىدىن ئىشلەنگەن دېرىزە پەردىسى بوش دولقۇنلاپ قالدى. ئۇ ئالدامچى شامالنىڭ ئىشىك غىچىرلاتقانلىقىنى بىلدى. ئىللىق، قۇرغاق، ئالدامچى شامال. ئۇ شامالنى ھىدلىدى. شامالدىن جىگەر پارىسىنىڭ ھىدىنى ئىزدىدى. تونۇش پۇراق يوق ئىدى. ئۈمىد يىپى ئۈزۈلدى. يەنە ئىككى تال سۈزۈك مارجان دومىلاپ چۈشتى.

— ھۇ، ساراڭ، يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟ قارا، جىگەر پارەڭ تۇرۇۋاتقان چوڭ شەھەر ئەنە شۇ، ئوبدان كۆرۈۋال، قىزىڭنى كۆرگەندەك بولىسەن ...

جۈۋان تېلېۋىزورغا قارىدى. ناتونۇش، گۈزەل-بەھەيۋەت شەھەر مەنزىرىسى. دىكتور ھاۋا رايىنى ئېلان قىلىۋاتاتتى. قار ياغىدىغانلىقى، نۆلدىن تۆۋەن ئون ئىككى گرادۇس سوغۇق بولىدىغانلىقى جاكارلاندى. جۈۋان ئەنسىزلىككە چۆكتى. بىچارە قاردا قالارمۇ؟ جىگەر پارەمگە زۇكام تېگىپ قالارمۇ؟ نۆلدىن تۆۋەن ئون ئىككى گرادۇس سوغۇق دېگەن قانچىلىكتۇ؟ بىزنىڭ بۇ يەردىكى سوغۇق قانچىلىكتۇ؟ بۇ يەردىكىدىن قاتتىق سوغۇق بولىدىغاندۇ؟ ئۇ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. جىگەر پارىسىنىڭ ئاپئاق قارلىق دالىدا قار پومزەك ئېتىپ ئويناۋاتقانلىقىنى چۈشەپ چىقتى. جۈۋان ئەتىسى ئاستاغىنە ئاسماقچىلاپ بوۋايدىن سوراپ باقتى.

— ئون ئىككى گرادۇس سوغۇق دېگەن قانچىلىك؟ بىزنىڭ بۇ يەردە ئون ئىككى گرادۇس سوغۇق بولامدۇ؟

— نېمىگە سوراپ قالدىڭ؟ بىزنىڭ بۇ يەردە ئەڭ قاتتىق

سوغۇق بولسا شۇنچىلىك بولىدۇ. ھە، بىلدىم، سەن قىزىڭدىن ئەنسىرەۋېتىپسەن-دە، ھۇ، ساراڭ، سىنىپ-ياتاقلىرى ھەممىسى پارىۋايلىق، توڭلاپ قالاتتىمۇ ئۇ. ئەنسىرىشىڭنى قويۇپ سۈتۈڭنى قايناتتىۋەر ...

ئەڭ قاتتىق سوغۇق شۇنچىلىك بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق سوغۇق بولىدىغانمىدۇ؟ جۇۋان يەنە ئەنسىزلىككە چۆكتى. كۈن بويى ئاشۇ چوڭ شەھەرنىڭ ھاۋا رايى توغرىسىدا ئويلاپ چىقتى. كەچتە ھەممە ئىشنى قويۇپ تېلېۋىزورغا تىكىلىپ ئولتۇردى. خۇداغا شۈكۈر. ھاۋا ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئەمما سوغۇق يەنە نۆلدىن تۆۋەن ئون تۆت گرادۇسقا چۈشۈپتۇ. يەنىمۇ قاتتىق سوغۇق بولىدىكەن. بىچارەم، ياتاقتىن سىنىپقا، سىنىپتىن ياتاققا كەلگۈچە توڭلىغانمىدۇ؟ مەڭزى قىزىرىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئەسلىدىمۇ مەڭزى قىپقىزىل ئىدى. تېخىمۇ ...

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ چوڭ شەھەرنىڭ ھەركۈنلۈك ھاۋا رايى مەلۇماتىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش جۇۋاننىڭ ئادىتىگە ئايلاندى. ئۇ ئاشۇ مەلۇماتنى ئىككى يىل ئاڭلىدى. بىر كۈنمۇ ئۈزۈپ قويمىدى. دىكتورنىڭ ھاۋا رايىنى ئېلان قىلغاندىكى ئۆلچەملىك ئاۋازى ئۇنىڭغا سانسىز قېتىم ئەنسىزلىك، سانسىز قېتىم خاتىرجەملىك بەخش ئەتتى. ئەنسىزلىكى خاتىرجەملىكىدىن جىق ئىدى. ئىككى يىل توشتى. قىزىنىڭ ئوقۇش ئورنى چوڭ شەھەردىن شەرقىي شىمالدىكى باشقا بىر شەھەرگە يۆتكەلدى. ئەمدى جۇۋاننىڭ دىققىتى ئاشۇ شەھەرنىڭ ھاۋا رايىغا مەركەزلەشتى. بىرىنچى يۈرۈش پروگراممىنىڭ ھاۋا رايى مەلۇماتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي كۆرۈپ چىقاتتى. سوغۇق، ئىسسىق شامال، شىۋىرغان، قار، يامغۇر، جۇدۇن، ئوچۇق كۈن، بۇلۇت. تۇمان ئۇنىڭ دىققىتىدە ئىدى. سوغۇقمۇ، ئىسسىقمۇ ئۇنى ئەنسىزلەندۈرەتتى. قارمۇ، يامغۇرمۇ ئۇنى خاتىرجەم قىلمايتتى. ئەمما ئۇ ئاشۇلاردىن جىگەر پارىسىنىڭ شۇ كۈنى قانداق كىيىم

كىيگەنلىكىنى، قانداق ياسانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. مەڭزىنىڭ قىزارغان - قىزارمىغانلىقىنى، بۇرنىنىڭ كۆكەرگەن - كۆكەرمىگەنلىكىنى پەرەز قىلاتتى. ھاۋا رايى ھەققىدىكى مەلۇمات سۈرەتسىز قۇرۇق گەپ ئىدى. ئەمما ئۇ ئېلان قىلىنىۋاتقاندا جۇۋان ئېكراندىن ھەرخىل كىيىنگەن قىزنى كۆرەتتى. قىزنىڭ كۈلۈمسىرىگەن، غېرىبسىنغان، دۈگدەيگەن، ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتكەن سۈرەتلىرى ھەركۈنى ئېكراندا ئالمىشىپ تۇراتتى ...

ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. جۇۋاننىڭ ھۆسنى سولدى، چىرايىنى قورۇق باستى، چاچلىرى ئاق ئارىلىدى. ئۇ ئاستا-ئاستا مومايغا ئايلىنىۋاتاتتى. ئەمما موماينىڭ ھاۋا رايى مەلۇماتىغا بولغان قىزىقىشى سۇسلاشمىدى. پەقەت بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە يۆتكەلدى. يىراق شەرقىي شىمالدىن غەربىي شىمالدىكى دېڭىزغا ئەڭ يىراق شەھەرگە قايتىپ كەلدى. بۇ يەردىكى سوغۇقمۇ شەرقىي شىمالدىن قېلىشمايدىكەن. بوران-چاپقۇنى تېخىمۇ قاتتىق ئىكەن. موماينىڭ ئەنسىزلىكى پەسەيمىدى. ھەركۈنى كەچتە تېلېۋىزوردىن مۇشۇ سوغۇق شەھەرنىڭ ھاۋا رايىنى ئاڭلايتتى ۋە كۈن بويى ئاشۇ ئىسسىق-سوغۇق، قار-يامغۇر، بوران-چاپقۇن ھەققىدە ئويلاپ يۈرەتتى. ئاشۇ ئىسسىق-سوغۇق، قار-يامغۇر، بوران-چاپقۇن ئىچىدە جىگەر پارىسى ئۈزۈپ يۈرەتتى. قار-يامغۇر ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. بوران-چاپقۇن ئۇنى سوقاتتى. موماي ئەنسىزلىنەتتى. ئەنسىزلىك ئۇنى تېخىمۇ قېرىتىۋەتتى. ئېلىپتەك تۈز گەۋدىسى يادەك ئېگىلدى. چىرايى شاپتۇل قېقىدەك پۈرلەشتى، كۆزلىرىدىن نۇر قاچتى. شۇنداقتىمۇ ھاۋا رايى مەلۇماتىغا دىققەت قىلىش ئادىتىنى تاشلىمىدى. بوۋاي بەزى چاغلاردا، ئاشۇ شەھەر ھەققىدە خەۋەر بېرىلىۋاتقاندا ياكى ئاشۇ شەھەر تونۇشتۇرۇلۇۋاتقاندا مومايغا چاقچاق قىلاتتى.

— قارا، قىزىڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدا كېتىۋاتىدۇ. ئەنە ئاۋۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدا، كۆرۈۋال ...

موماي دىققەت بىلەن ئېكرانغا تىكىلەتتى. لېكىن قىزىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ پەقەت هاۋا رايى مەلۇماتى بېرىلىۋاتقاندىلا ئېكراندىن قىزىنى كۆرەتتى. دىكتور ئىسسىق ئېلان قىلسا جىگەر پارىسى يازلىق كىيىملىرىنى كىيىپ چىقاتتى. سوغۇق ئېلان قىلسا ياقىلىق پەلتوغا ئورىلىۋالاتتى. شامال-بوران چىقسا بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغان بولاتتى ...

موماي ئەمدى ئۆمرى ئاخىرلاشقۇچە ئاشۇ تاغلىق شەھەرنىڭ هاۋا رايى بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغاندەك قىلاتتى. ئۆزىمۇ شۇنداق ئويلايتتى. ئەمما مومايىنىڭ پېشانىسىگە بۇ پۈتۈلمىگەنىكەن. ئۇنىڭ يەنە كۆرىدىغانلىرى، بىلىۋالىدىغانلىرى بار ئىكەن. قىز چەت ئەلگە كەتتى. دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالماقچىمىش. بوۋاي خەرىتىنى يېيىپ جىگەر پارىسى يېتىپ بارغان شەھەرنى مومايغا كۆرسەتتى. ئېشەككە مىنىپ توخۇنىڭ كۆزىگىلا ئوخشايدىغان شەھەر ئىكەن. ئېشەككە مىنىپ ماڭسا، دەم ئالماي، توختاپ قالماي سەپەر قىلسا ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈندە يېتىپ بارغىلى بولارمىش. لېكىن ئېشەك بىپايان، دولقۇنلۇق ئوكياندىن قانداق ئۆتەلىسۇن؟ مومايىنىڭ قەلبىدىن چىققان يىپ چەكسىز ئۇزۇنغا سوزۇلدى. سوزۇلۇۋېرىپ ئۈزۈلۈپ كەتتى. سۆزۈك مارجانلار يىپىدىن ئاجراپ توختىماي دومىلاپ چۈشتى ...

— هۇ، سارىڭ، نېمىگە يىغلايسەن؟ قىزىڭ ئالىم بولىدۇ. ئالىم! ئالىم چىققانمۇ بۇ يۇرتتىن. مېكمىيانىڭ كاتىكىدىن بۈركۈت ئۈچىدىغان بولدى. بۈركۈت. ها. ها. ها ...

موماي كەچتە تېلېۋىزورنىڭ هەممە قانالىرىنى ئاچتۇرۇپ باقتى. كەچلىك خەۋەرلەر پروگراممىسىدىن كېيىن بېرىلىدىغان دۇنيادىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ هاۋا رايىنى تاپتۇرۇپ كۆردى. ئەپسۇس، ئەپسۇس. ئۇنىڭدا ئۇ ئەلنىڭ، ئۇ شەھەرنىڭ هاۋا رايى مەلۇماتى ئېلان قىلىنمايدىكەن. ئۇنىڭغا يېقىنراق شەھەرنىڭ هاۋا رايى مەلۇماتىمۇ ئېلان قىلىنمايدىكەن ... موماي تېلېۋىزورغا

تىكىلگەن پېتى مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. قەلبىدىن چىقىپ چەكسىز يىراقلارغا سوزۇلغان يىپ يەنە ئۈزۈلدى. مارجانلار يەنە تۆكۈلدى ...

ھاۋا رايى ھەققىدىكى ھېكايە مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتىمۇ؟ ياق. موماي پەقەت تېلېۋىزورغا قاراش ئادىتىنىلا تاشلىدى. تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىنىدىغان ھاۋا رايى ھەققىدىكى مەلۇماتتىنىلا كۆرمەيدىغان بولدى. ئۇ ئەمدى ئوغلىنىڭ جۇغراپىيە كىتابىغا يېپىشتى. ئاشۇ يىراق ئەلنىڭ كىلىماتىغا دائىر بىلىملەرنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتى. بەزىدە سائەت-سائەتلەپ خەرىتىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. خەرىتىدىكى ئاشۇ توخۇنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان شەھەردىمۇ قار-يامغۇر ياغاتتى، بوران-شامال چىقاتتى، جۇدۇن-چاپقۇن بولاتتى، بۇلۇت-تۇمان باساتتى. توخۇنىڭ كۆزىچىلىك شەھەردىن جىگەر پارىسىنىڭ نۇرلۇق سىيماسى بالقىپ كۆتۈرۈلەتتى. قار قونۇپ ئۇنىڭ پەلتوسى ئاپئاق ئاقىراتتى. يامغۇر چۈشۈپ كىيىملىرى ھۆل بولاتتى. شامال سوقسا بوستان چاچلىرى يەلپۈنەتتى ... موماي ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى. سۆزۈك مارجان دومىلايتتى. موماي سولاشقان قوللىرى بىلەن دۈپۈلدەۋاتقان ئەنسىز يۈرىكىنى چىڭ بېسىۋالاتتى ...

# قۇرۇق ھەققىدە ھېكايە

بۇ ھېكايىنى ئۆيىمىزگە قوي قىرقىغىلى كەلگەن بوۋاي سۆزلەپ بەردى. شۇ كۈندىن باشلاپ كۆڭلۈمگە جىن كىرىۋالغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە قالدىم، جىن كۆڭلۈمگىلا ئەمەس ھويلىمىزغا، ئۆيىمىزگە، تاماق قاچامغا، يوتقىنىمغا ھەتتا ئوقۇيدىغان كىتابىمغىمۇ كىرىۋالغاندەك قىلاتتى. پات-پات ئارقامنى — پەللىكىمنى سىلاپ قوياتتىم. سىلاپ بولۇپ ئۇھ دەيتتىم. لېكىن كۆپ ئۆتمەي جىن يەنە پەيدا بولاتتى. ئاشۇ يېزىلىق بوۋاينىڭ قاتمال سىيماسى بولسا كۆز ئالدىمدا جىلمىيىپ تۇراتتى. جىنىنىمۇ، بوۋاينىڭ سىيماسىنىمۇ ھەيدىۋېتىشكە ئاجىز ئىدىم.

قىش كېتىپ باھار جاھاننى ئىللىتىشقا باشلىغان، ھۆپۈپ كۈشۈلداپ ئەسكى تام ئۈستىگە قونغان، تام تۈۋىدە، كۈنگەيدە بولسا قىياقلار بىخ چىقارغان مەزگىل ئىدى. مەھەللىمىزدىن «قوي قىرقىيمەن، قوي، يۇڭ قىرقىيمەن، يۇڭ ...» دەپ ۋارقىراپ بىر بوۋاي ئۆتۈپ قالدى. بىز بوۋاينى ئىككى تۇياق قويىمىزنى قىرقىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئورۇق، ياداڭغۇ، ئېگىز بويلۇق بوۋاي ئۆزىنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنى قىرقىتماپتۇ، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ كېتىپتۇ، كىيىملىرى تولىمۇ كونىراپ كېتىپتۇ. تىرىكچىلىك غەملىرى كۆلەڭگە تاشلىغان چىرايى قارىداپ، سولۇپ، كۆكچى قوغۇننىڭ تورىدەك قويۇق قورۇقلار بىلەن قاپلىنىپتۇ، لېكىن مەزمۇت ۋە تىمەن كۆرۈنەتتى.

ئۇ پاراڭچى ئادەمكەن، ھويلىمىزغا كىرە-كىرمەيلا جورىسىنىڭ ئالدىنقى يىلى قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇزاق

ئۆتمەي ئىككى ئوغلىنىڭ يېزىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەشكە ئۇلگۇردى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قوشنىسىنىڭ ئوغلىغا ئەگىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ قانداق چاغدا ئۇچرىشىپ، قېچىپ كېتىشكە ۋەدىلەشكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئىشتىن كېيىن «ئاشۇ باشلاپ كەتتى» دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. سېكرىتار ۋە ئەترەت باشلىقى ھوشيار بولمىغانلىقىغا، ئۇنىڭ قانداق چاغدا يېزىغا كېلىپ، قانداق چاغدا باشقىلارنى ئەگەشتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالغانلىقىغا كۆپ ئىزتىراپ چېكىشىپتۇ. بوۋايدىنمۇ سورۇشتۇرۇپتۇ. بوۋاي ئوغۇللىرىنىڭ كىمگە ئەگىشىپ كەتكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلىپتۇ ...

يوغان قايچىغا ئوخشايدىغان شوشاڭ «شارت-شۇرت» ئاۋاز چىقىراتتى، لېكىن ئۇزۇن-ئۇزۇندىن بىر قېتىم ئاڭلىناتتى. قۇيىنىڭ سارغايغان، پاختىلىشىپ جۇۋىدەك قېلىنلىشىپ كەتكەن يۇڭلىرى پېشى قايرىپ قويۇلغان چاپاندەك قوي تېنىدىن ئاجرايتتى. شوشاڭنىڭ بىر تىغى قايتىدىن يۇڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرەتتى. شارتىلدىغان ئاۋاز يەنە ئاڭلىناتتى.

— سىلى «ئۇچات» قا بارغانمۇ؟ «كوھمارىم» نىڭ ئۇدۇلىدىكى قاراقاش دەرياسىنىڭ قىلبە تەرىپىدىكى «ئۇچات» قا؟

بوۋاينىڭ سوئالىغا ھەيران ئىدىم. ئەمدى بۇ يەردە «ئۇچات» نېمىگە كېرەك؟

— بېرىپ باقمىغان، ئۆزلىرى «ئۇچات» لىقمۇ؟

— ياق، مەن «ئۇچات» لىق ئەمەس، ئۆزلىرىنى «ئۇچات» لىقلار توغرىسىدىكى ھېلىقى گەپنى بىلەمدىكىن دەپ سورىشىم ...

— ياق، بىلمەيدىكەنمەن، — مەن بوۋاينىڭ ھېكايە سۆزلىمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم، — ئۆزلىرى سۆزلەپ بەرسىلە، نېمە گەپتى ئۇ؟

— نېمە گەپ بولاتتى؟ قۇيرۇق توغرىسىدىكى گەپ. قۇيىنىڭ قۇيرۇقىنى كۆرۈپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى، بەك بەلەن بىقىپلا،

قۇيرۇقى پۈتۈنلەي دۈمبىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ ...

مەن يېڭى سوئال تاشلىماي بوۋاينىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى كۈتتۈم.

— يېقىندىن بېرى بازاردىن تۇخۇم سېتىۋالمىغانلا؟ راست، ھەرقايسىلىرىنىڭ بازارنىڭ تۇخۇمىغا ئېھتىياجى يوق، ھويلىدا قويمۇ، سەككىز-ئون توخۇمۇ بېقىشىدىلا، ئۆز توخۇلىرى تۇخۇملاپ تۇرىدۇ. بازاردىن تۇخۇم سېتىۋېلىشمايلا، مېنىڭ مەسلىھەتىممۇ شۇ، بازاردىن ھەرگىز تۇخۇم ئېلىپ سالمىسىلا ...

«ئۈچات» بىلەن «تۇخۇم» ئارىلىشىپ كەتتى. بوۋاي «ئۈچات» نىڭ تۇخۇمى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم، لېكىن تۇخۇم دېگەن «ئۈچات» تىنلا ئەمەس، ھەممە يەردىن چىقىدىغۇ. «ئۈچات» تىن ئېسىل ئاق جىگدە چىقىدىغانلىقى، ئاق جىگدىسىنىڭ ناھايىتى داڭلىقلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمما تۇخۇمى توغرىسىدا ئاڭلاپ باقماپتىمەن، بوۋاي نېمىنى ھېكايە قىلماقچى؟ ئەقىل-ھوشى جايىدىمۇ ئۆزى؟ «ئۈچات»، «تۇخۇم»، «يېزىدىن قاچقان ئوغۇل»، شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى، قوينىڭ ئېچىلىپ بېرىۋاتقان يۇڭسىز تېنى ... بوۋاينىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدىم.

— كىچىكىمدە بوۋاملاردىن ئاڭلايتتىم، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي، — «ئۈچات» دېگەن يەردە قۇيرۇقلۇق يەتتە ئادەم بارمىش، قۇيرۇقلار سەككىزگە كۆپەيمەسمىش، ئالتىگە ئازايماسمىش، بىر قۇيرۇقلۇق قېرىپ ئۆلسە يېڭىدىن بىرى تۇغۇلارمىش، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقى مايمۇننىڭكىدەك ئۇزۇن، ئىتنىڭكىدەك يۇڭلۇق ئەمەسمىش، توڭگۇزنىڭكىدەك قىسقا ۋە ئىنچىكە ئىمىش، ئۇلار ئەينى چاغدا ئۇلۇغلىرىمىزنى پاش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن «دۇئايىبەت» كە كەتكەنىمىش، قىشمۇ ياز تېرە ئىشتان كىيىشىپ، قۇيرۇقلىرىنى يوشۇرۇپ يۈرەرمىش ... بوۋاملار بۇ ھېكايىنى سۆزلىگەندە شۇنداق ئەينەن، خۇددى

راستتەكلا سۆزلەيتتى. بىزمۇ راستلىقىغا بەرھەق ئىشىنەتتۇق. بەلكىم راست بولۇشى مۇمكىن، نېمىشقا راست بولمىغۇدەك؟ ئۇلۇغلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلار توڭگۇزدىن پەرقلىنەتتىمۇ؟ ئۇلار توڭگۇزغا، قىسقا ۋە ئىنچىكە قۇيرۇقى بار توڭگۇزغا ئايلىنىپ كېتىشى كېرەك ... ياش، كىچىك چاغلاردا مانا مۇشۇنداق ئويلايتتۇق. چوڭ بولدۇم، ھەرخىل ئىشلار سەۋەبىدىن «ئۇچات» تەرەپكە كۆپ ئۆتتۇم. لېكىن قۇيرۇقلۇق ئادەملەرنى ئۇچراتمىدىم. قۇيرۇقلۇق ئادەملەر توڭگۇزدەك قۇيرۇقىنى ئاشكارا پىلتىڭلىتىپ يۈرەتتىمۇ؟ «دۇئايىبەنت» كە كەتكەنلەر ئۆزىنى ھەر دائىم يوشۇرىدۇ، خۇدادىنغۇ يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. ئەمما ئەل-جامائەتتىن يوشۇرىدۇ، كۆڭلۈمدە زادى قۇيرۇقلۇق ئادەملەرنىڭ بار-يوقلۇقىغا نىسبەتەن ئوتتەك بىلىش ئىستىكى يالقۇنجايتتى. «دۇئايىبەنت» كە كەتكەن مەخلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى. سۈرۈشتۈردۈم، قانداق سورىدىم دېمەملا؟ ھەزىلكەشلىكىم ئۇستۇن كەلدى. «ھەي ئۇچاتلىقلار، قايسىڭلارنىڭ قۇيرۇقى بار؟» دەپ توغرىدىن توغرىلا ۋارقىراپ سورىدىم. شۇ كۈنى يېگەن تاياق-تېپىك ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. «مانا ساڭا قۇيرۇق! ...» دەپ كۆتۈمگە راسا تېپىشتى. قوۋۇرغىلىرىم ئېگىلىپ كەتكۈچە ئۇرۇشتى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇچات تەرەپتىمۇ دىلى يۇمشاق ئادەملەر بار ئىكەن، بىر ئاقساقاللىق مويسىپىت تاياق-تېپىكتىن ئاجرىتىۋالدى. «ھەي نادان، شۇنداقمۇ سورىغان بارمۇ؟ ئۇ بىر ئەپسانە، نەدىمۇ قۇيرۇقلۇق ئادەم بولسۇن! قۇيرۇقى بولغانىكەن، ئۇ ئادەم ئەمەس، ھايۋان بولىدۇ...» دېدى مويسىپىت، ئادەملەرنىڭ ئىستىكى شۇنداق، ئۇلار «دۇئايىبەنت» لەرنىڭ كەينىگە قۇيرۇق ئۈنۈپ چىقىشنى، ئاشۇ قۇيرۇقىدىن ئۇلارنى ئوڭايلا تونۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس. سەن كۆزۈڭنى ئاچ، نادانلىق پەردىسى كۆز ئالدىڭنى توسۇۋالمىسۇن، شۇ چاغدا

قۇيرۇقى بولمىسىمۇ «دۇئايىبەت» لەرنى هەر يەردە كۆرۈۋالالايسەن، ئۇلارنىڭ كەينىدە ئەقىل بىلەنلا كۆرگىلى بولىدىغان قۇيرۇقى پىلتىڭلاپ-شىپاڭشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسەن ...

ئاشۇ قېتىمقى تاياق يېگىنىمگە، مويسىپىتنىڭ سۆزلىرىدىن قۇيرۇقلۇق ئادەملەر توغرىسىدىكى گەپنىڭ ئەپسانە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىنىمغا ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ياشلىق باغلىرىغا كۆلەڭگە چۈشتى. ساماۋى خىياللارنى ئۇگدەك باستى. ئەللىك ياشتا، ئاتمىش ياشتا كەلمىگەن ئەقىل قاچان كېلىدۇ؟ مەن ئادەملەرنىڭ قۇيرۇقلۇق بولمايدىغانلىقىغا، ئۇلارغا قۇيرۇق ئۈنۈپ چىقمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتىم. بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان كىم بار دەيلا؟ ئەمما تېخى ئاللانىڭ ماڭا كۆرسەتمىدىغان كارامەتلىرى تۈگىمىگەنىكەن، ئادەمگە قۇيرۇق چىققانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ سىلاپ باقتىم، تېخى مۇشۇ شوشاڭ بىلەن ئاشۇ قۇيرۇقنى يۇڭ قىرقىغاندەك قىرقىپ-كېسىپ قويۇشقىمۇ توغرا كەلدى ...

شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى توختىدى. بوۋاي چوڭ قوينى قىرقىپ بولغانىدى. ئۇ گېپىنى توختىتىپ، ئورنىدىن ئالدىرىماي تۇرۇپ كىچىك قوينى تۇتۇپ يەرگە باستى. تۆت پۇتىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ چەمبەرچاس باغلىدى. بۇ چوڭ قوينىڭ ئۆتكەن ئەتىيازدىكى قوزىسى ئىدى. پۇتلىرى چەمبەرچاس باغلىنىۋاتقاندا خۇددى ئەجەلنىڭ پۇرىقىنى سەزگەندەك ئىككى-ئۈچ قېتىم جەھلى بىلەن تىركاڭشىپ مەرىدى ۋە كېيىن توختاپ قالدى. شوشاڭ يەنە شارتىلداشقا باشلىدى.

بوۋاينىڭ هەرىكىتى ئاستا، لېكىن تەمكىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتەتتىم. «ئۇچات» بىلەن «قۇيرۇق» مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئۇلارنى بوۋاينىڭ بوۋىسىدىن ئاڭلىغان ئەپسانە باغلاپ تۇرىدىكەن. ئەمما تېخى «تۇخۇم» نىڭ سىرى

يېشىلمىگەنىدى. قۇيرۇقنى تۇخۇمغا باغلاشقا ئامالسىز ئىدى. ئاشۇنى بىلگۈم كېلەتتى. شوشاڭنى ئالدىرىماي شارتىلدىتىۋاتقان بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقىمۇ ئالدىرىمىدى. ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— قارىسىلا، يالغۇز ئادەمنىڭ كۈنى تەسكەن، موماي رازىلىقنى بەرگەن، ئوغۇللار قوشنامنىڭ ئوغلىغا ئەگىشىپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن بەك قىينالدىم. ئەللىك يىل سايىۋەن بولغان ئۆي گۆردەكلا تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزۈمنى بىر كېچىسى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالىدىغاندەك، ھېچكىم سەزمەي قالىدىغاندەك، كىشىلەر سەزگۈچە ئاشۇ ئۆي گۆرۈم بولۇپ قالىدىغاندەك سېزىلەتتى. ئۆيمۇ بەكلا كونىراپ كەتكەن، ھېلىلا يىقىلىپ-ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئۆينى، يېزىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم. خۇرجۇننى ئۆشنەمگە سېلىپ، «قوي قىرقىمەن، قوي! ...» دەپ ۋارقىراپ جاھان كەزدىم. مەقسىتىم جان بېقىشلا ئەمەس ئىدى. جاھان كېزىشلىرىم ھېلىقى ئىككى قۇلاق كەستىنى تېپىۋېلىش، قۇلاقلىرىنى راسا بىر يۇلۇش ئىدى. ئەگەر تېپىۋالسام شۇنداق قىلاتتىم. ئۇلارنى نېمىدەپ تاپىتىم؟ قېرىغاندا ئەسقاتار دېمىسەم بېقىپ قاتارغا قوشاتتىممۇ؟ ئۇلارنىڭ يىراقتا كەتمىگەنلىكىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. قارىسىلا، مانا شۇنداق قىلىپ ئىككى يىلدىن بېرى يۇرت ئارىلاپ يۈرىمەن. بەزى-بەزى سېغىنغان چاغلىرىمدا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، ئەللىك يىل ياشىغان يېزامغىمۇ قايتىپ بارىمەن. ئۆي يەنىلا ئۆرە، تېخىچە ئۆرۈلمىگەن، لېكىن جۇلۇقى چىققان، شامال-بوران ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھالدا قارشى ئالىدۇ. قەلبىمدە نېمىشقىدۇ «مۇشۇ كونا ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتسىكەن، ئۇنىڭ ئورنىدا غايىبتىن پەيدا بولغاندەك يېپيېڭى بىر ساراي پەيدا بولسىكەن» دېگەن بىر غەلىتە ئوي ھۆكۈم سۈرىدۇ. لېكىن كونا ئۆينىڭ ئۆرە تۇرغىنى تۇرغان. ئۇنىڭدا بىر قانچە كۈن ياشايمەن.

قولۇم-قوشنىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مەھەللە باشلىقىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىمەن. كونا ئۆي كۆزۈمگە يەنە گۆردەك كۆرۈنۈشكە باشلايدىيۇ، يەنە خۇرجۇنۇنى دولامغا تاشلايمەن-دە، «قوي قىرقىيمەن، قوي! ...» دەپ ۋارقىراپ جاھان كېزىشكە باشلايمەن. يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ، نېمىلەرنى كۆرمىدىم، نېمىلەرنى ئاڭلىمىدىم دەيلا. خۇدانىڭ ئالىمىدە يېڭىلىقلار، ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن. بىر-بىرىدىن غەلىتە گەپلەر ئېقىپ يۈرىدىكەن. نەدىدۇ بىر قىز توڭگۇزغا ئايلىنىپ قالغانمىش، بىر كېچىدىلا كۆزلىرى كىچىكلەپ، قۇلاق ۋە تۇمشۇقى ئۇزىراپ توڭگۇزغىلا ئوخشاپ قالغانمىش، كىمدۇ بىرى ئۆلۈپ يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن تىرىلىپ قايتىپ كەلگەنمىش، ئۇ دۇنيادا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ يۈرەرمىش. نەدىندۇ بىر يەردە بىر ئايال تۆت پۇتلۇق، ئالۋاستى كۈچۈككە ئوخشاش ئۇزۇن تۈكلۈك ئىت تۇغقانمىش، قايسىبىر جىن موللىسى بىر كېچىدىلا كاتتا تېۋىپقا ئايلانغانمىش، ساقايماس كېسەللەرنى ساقايتىۋەتكەنمىش. ئۇنىڭ دولىسىدا ئولتۇرۇپ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇشۇپ بېرىدىغان پەرىشتىلىرى بارمىش، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭدىن باشقىلار كۆرەلمەسمىش ... مانا شۇنداق گەپلەر، بۇ گەپلەر راستمۇ يالغانمۇ؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ، ئەمما...

شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى توختاپ قالدى. بوۋاينىڭ ئاۋازىمۇ توختاپ قالدى. ئۇ قوينىڭ ئوڭ تەرىپىنى قىرقىپ بولغانىدى. يېڭىلا قىرقىلغان يۇڭنى بىر يانغا سۈرۈپ، قوينىڭ چېتىلغان پۇتىدىن تۇتتى-دە، بىرلا ئۆرۈپ قىرقىلمىغان تەرەپنى ئۈستىگە چىقاردى ۋە شوشاڭنىڭ بىر تىغىنى ئالدىرىماي يۇڭ ئىچىگە كىرگۈزدى. مەن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئولتۇراتتىم. بوۋاينىڭ ھېكايىسى باغلاشمايۋاتقاندەك قىلاتتى. «ئۇچات» بىلەن «قۇيرۇق» نەلەردىدۇ قالغان، ئوغۇللار بىلەن تۇخۇممۇ ئۇنتۇلغاندەك ئىدى. بوۋاي ئەمدى ئېقىپ يۈرگەن غەلىتە

گەپلەر ئۇستىدە ئەزۋەيلەيدىغاندەك قىلاتتى. كىم بىلسۇن، ئۇ قايتا «ئۇچات» بىلەن «قۇيرۇق» قا، ئوغۇللار بىلەن تۇخۇمغا يېقىنلاپ كېلەلەمدۇ، يوق؟ قېرىلىق دېگەن يامان، ئەسنى جايىدا قويمايدۇ، بەلكىم...

— ئەمما، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي، بۇ چاغدا شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازىمۇ قايتا ئاڭلىنىشقا باشلىغانىدى، — ئەمما ئاشۇ بىر غەلىتە مىش-مىش گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم، ئىشىنىپلا قالماي ئۇنىڭ كەچۇرمىشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. تېخى مۇشۇ شوشاڭ بىلەن قىرقىپ قويۇشقىمۇ توغرا كەلدى ...

بوۋاي سەل توختىدى، مەن ئۆزۈمنى يىراق بىر يەردىن چۆرگىلەپ، خېلى ئايلىنىپ يەنە قانداقتۇر بىر ئەسلىي نىشانغا يېقىنلاپ كەلگەندەك ھېس قىلدىم. بوۋاينىڭ توختىتىشىمۇ مېنى ئاشۇ تەسىراتقا كەلتۈرۈشتەك قىلاتتى.

— قايسى مىش-مىش گەپ دېمەملا، بۇ ئاشۇ بازارلاردا يالغان تۇخۇم پەيدا بوپتىمىش دېگەن گەپ تارقالغان چاغدىكى ئىش. كىشىلەرنىڭ ئېغىزى بازاردىكى تۇخۇمدىلا قالغانىدى. مەن يۇرت ئارىلاپ نەگىلا بارماي كىشىلەردىن يالغان تۇخۇم ھەققىدىلا ئاڭلايتتىم. يالغان تۇخۇم ياسايدىغان ماشىنا پەيدا بولغانلىقى، يالغان تۇخۇمنىڭ سېرىقىنىڭ راسا سېرىق ئەمەسلىكى، يالغان تۇخۇم بىلەن راست تۇخۇمنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقى، تېخى ھېلىقى كىمدۇ بىرى قۇرغان فېرمىدىكى مېكىيانلارنىڭمۇ يالغان تۇخۇم تۇغىدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەر ھەممە يەردە ئېقىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى قوي قىرقىغىلى كىرگەن بىر ئۆيدە بەزى تۇخۇم يۆتكەپ ساتىدىغان نائەھلىلەرنىڭ راست-يالغان تۇخۇملارغا تىمساھ تۇخۇمىنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ سېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىدىم. ئۇلار بۇ ئىشنى ئاجايىپ گۇناھلىق ئىشتەك، كەچۇرگىلى بولمايدىغان نومۇسلۇق ئىشتەك يىرگىنىپ تۇرۇپ

سۆزلەشتى. مەن قارىتۇرۇك قېرى ئادەممەن، تىمساھ دېگەننى نەدىن بىلەي؟ تىمساھ تۇخۇمى بىلەن راست-يالغان تۇخۇملارنىڭ ئوخشايدىغان-ئوخشىمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم. ماڭا ئېزىپ-چايناپ چۈشەندۈرۈشتى. تىمساھ دېگەن ئىسسىق بەلۋاغنى ماكان قىلغان، سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ، ياشايدىغان قوش ماكانلىق ھايۋانمىش. قاتتىق قاسىراقلىق، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ئۆمىلىگۈچىمىش. بىزنىڭ قومۇلۇقتىكى كېلەدەك بەتبەشىرە يىرتقۇچمىش، كۆلەكتىن كېيىن تۇخۇملاپ، تۇخۇملىرىنى قۇمغا كۆمۈپ، قۇمنىڭ ئىسسىقى ئارقىلىق بالا چىقىرارمىش. تۇخۇمى توخۇ تۇخۇمىغا ئوخشارمىش، قوش ماكانلىقلار ھارامىمىش، ھارام مەخلۇقنىڭ تۇخۇمىمۇ ھارامىمىش، ھارام نەرسىنى سېتىش گۇناھمىش...

گەپ دېگەننىڭ سۆڭىكى يوق، دەۋەرسە بولىدىغان نېمە. بولۇپمۇ مىش-مىش گەپ شۇنداق، مىش-مىش گەپ قىلغانغا سوراق كەلگەنلىكىنى كىم ئاڭلاپتۇ؟ مەن تىمساھ تۇخۇمى توغرىسىدىكى گەپنى بارلىق مىش-مىشلار قاتارىدا مۇنداقلا ئاڭلاپ قويدۇم. ئېنىقراقى ئوڭ قۇلىقىمدىن كىرىپ سول قۇلىقىمدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي ئاشۇ تىمساھ تۇخۇمى توغرىسىدىكى گەپنى قايتا ئاڭلىشىمنى، ئۇنى يېگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈمنى، ھەتتا ئۇنداقلارغا ياردەم بېرىشىمنى نەدىن بىلەي؟ تۇغۇلغان يېرىمگە قايتقان كۈنلىرىم ئىدى. بوران ئۆتۈشۈپ، شامال ھۇۋلاپ تۇرىدىغان، ئەللىك يىل جەريانىدا كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ تېخىچە ئۆرۈلمىگەن كونا ئۆيدە ئۇخلاپ ياتاتتىم. كىمدۇ بىرى تۈن يېرىمىدا ئىشىك قاقتى. قاتتىق ئۇرۇلغان ئىشىكنىڭ جالاقلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئىشىكنى ئاچسام قار ئۈستىدە قوشنام تۇرۇپتۇ. قايسى قوشنام بولاتتى؟ ھېلىقى ئوغۇللىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ كەتكەن نائەھلىنىڭ دادىسى. بەك مۇھىم ئىش چىقىپ قالغانلىقىنى، بىللە

ئۆيگە بېرىپ ياردەملىشىش لازىملىقىنى، شوشاڭنىمۇ ئېلىۋېلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتىپ يېلىنىپ كەتتى. تېخى ئۆيدە مەھەللە باشلىقىنىڭمۇ بارلىقىنى، ئۇنىڭمۇ مېنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن بىرەر نەرسىنى چۈشەنگەندەك ئەمەس ئىدىم. مەھەللە باشلىقى ھەرقاچان يەنە ئوغۇللىرىمنى سۈرۈشتە قىلار دەپ ئويلىدىم. ھەر قېتىم قايتىپ كەلگىنىمدە ئۇنىڭ سوئال-سوراقلىرىدىن تويۇپ كېتەتتىم. ئىش يەنە شۇنداق بولسا، شوشاڭ نېمىگە كېرەك؟ كېچىدە قوي قىرقىشنى تەلەپ قىلماس، نېمە گەپ زادى ئۆزى؟ ... گەپ ئېنىق بولمىسا قەتئىي بارمايدىغانلىقىمنى، ياردەملىشىشكە باشقا ئادەم تېپىشنى ئېيتتىم. قوشنام جىق يالۋۇردى، مەنمۇ جەھلىم قېتىپ تۇرۇۋەردىم. ئاخىر ئۇ ھەممە گەپنى ئېيتتى. ئوغلى قايتىپ كەپتۇ، بىرەر ئاينىڭ ئالدىدا بىر كېچىسى مەھەللە باشلىقى ئۇنى ئۆيگە ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ياخشى خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپتۇ، پات-پات ئۆزىمۇ يوقلاپ تۇرىدىكەن. ئۇزاقتىن-ئۇزاق مۇڭدىشىدىكەن، ئەمما ئۇچ كۈندىن بېرى ئوغلى غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ، ئولتۇرالمايدىكەن، ئوڭدا ياتالمايدىكەن، پەقەت دۈملا ياتىدىكەن، كېيىن بايقاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇيرۇق ئۆسۈپ چىققانلىقىنى بىلىشىپتۇ ...

مەن نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك بولدۇم. بىراق بالىلىقىمدا ئاڭلىغان «ئۇچات» لىقلار ھەققىدىكى ئەپسانە ئېسىمگە چۈشتى. توۋا قىلماق كېرەك. ئەمدى قېرىغىنىمدا ئاشۇ غەلىتە قۇيرۇقنى راستتىنلا كۆرەلەرمەنمۇ؟ ياشلىقىنىڭ غۇۋا ئەسلىمىسى بولغان ئاشۇ قىزنىقىشنىڭ قەلبىمنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاشۇ قىزىقىش ماڭا شوشاڭنى ئالدۇردى ۋە مېنى قوشنامغا ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيگە — غەلىتە قۇيرۇق ئۆسۈپ چىققان ئوغۇلنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى، مەن دۈم ياتقان ئوغۇلنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ ئارقىسىدىن ئۆسۈپ چىققان قۇيرۇقنى تۇتۇپ باقتىم. قۇيرۇق بىر مېتىردىن ئۇزۇنراق، قاتتىق ھەم

قاسىراقلىق ئىدى. تۈۋى تەرىپى يىلاننىڭ بېلىدەك توم، ئايىغى بارغانسېرى ئىنچىكە ئىدى. سەت، كۆرۈمسىز، قورقۇنچلۇق ئىدى. نېمىشقىدۇ يىرگىنىپ كەتتىم. شۇندىلا قۇيرۇقتىن لاۋا پۇرىقىدەك بەتبۇي تارقىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم ...

— نېمە ئىش بولۇپتۇ؟ — سورىدىم مەن.

— تىمساھنىڭ تۇخۇمىنى يەپ ساپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى قۇيرۇقلۇقنىڭ دادىسى، — ئاشۇ كۈنى مەھەللە باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىش ئۈچۈن يېنىپ چىققاندا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەك ئېچىرقاپ كەتكەنمۇ، بازاردىن تۇخۇم ئېلىپ يېگەنىكەن. يېگەندىمۇ تېخى راسا تويغۇدەك يەپتۇ. بىز ئەنە شۇ چاغدا تىمساھ تۇخۇمى يەپ سالغان بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلدۇق. كۆرۈپ تۇرۇپلا، ئارقىسىدىن تىمساھنىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇزۇن قۇيرۇق ئۆسۈپ چىقتى ...

قۇيرۇقلۇقنىڭ دادىسى ئېيتقان بۇ گەپ ئېسىمگە بىرقانچە كۈن بۇرۇن قوي قىرقىغىلى كىرگەن ئۆيدە ئاڭلىغان تىمساھ تۇخۇمى توغرىسىدىكى مىش-مىش پاراڭنى قايتا ئېسىمگە سالدى. ئوڭ قۇلىقىمدىن كىرىپ سول قۇلىقىمدىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ مىش-مىش گەپلەرنى مانا ئەمدى قوشنام تەكرارلاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن مېنىڭ مېڭەمدە «ئۇچات» لىق «دۇئايىبەت» لەرنىڭ سىيماسى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

— تىمساھ تۇخۇمى يېگەن ئادەمگە تىمساھ قۇيرۇقى ئۆسۈپ چىقامدىكەن؟ — قايتا سورىدىم مەن قۇيرۇقلۇقنىڭ دادىسىدىن.

— خەقلەر شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — بىزمۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدۇق.

ئاشۇ گەپلەردىن كېيىن، مەھەللە باشلىقىنىڭ سۆزىدىن بىلدىمكى، ئۇلار مېنىڭ شوشاڭنى ئىشقا سېلىپ ئۆسۈپ چىققان قۇيرۇقنى كېسىپ-قىرقىپ تاشلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئۇلار پىچاق، قايچا ئىشلىتىپ بېقىپتۇ، ئۆتمەپتۇ. كەكە، پالتا ئىشلىتىشتىن ئەنسىرىشىپتۇ. ئەمدى ھەممە ئۈمىد مېنىڭ

قولۇمدىكى شوشاڭدا ئىكەن.

— شوشاڭ دېگەن شوشاڭ، قىرقىۋېتىشكە تېگىشلىك نەرسىنى قىرقىۋېتىشكە يارىتىلغان نەرسە، ئۇ بەلكىم ئۆتۈپ قالار، — دېيىشتى ئۇلار.

مەن تەۋەككۇل قىلماقچى بولدۇم. ئوغۇللىرىمنى باشلاپ كەتكەن بۇ نائەھلىگە گەرچە ئۆچمەنلىكىم بولسىمۇ، قوشنام — دادىسى ئىلتىماس قىلىپ تۇرسا، ياق دېيىشكە تىلىم باراتتىمۇ؟ ئەگەر ياق دېسەم، مەھەللە باشلىقىمۇ ئوغۇللىرىمنى قايتا سۈرۈشتە قىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆز ئۇرۇقىمىدىن بولغان ئوغۇللىرىم ئەمەسمۇ، ھەر نېمە بولسىمۇ يەنىلا ئۆز جىگەر پارەم، تومۇرلىرىدا ئۆز قېنىم ئاقىدۇ. نېمىشقا سۈرۈشتە قىلمىغۇدەكمەن؟ شوشاڭنى ئىشقا سېلىشتىن بۇرۇن نائەھلىگە مۇراجىئەت قىلدىم:

— باشلاپ كېتىشىنىغۇ سەن باشلاپ كەتكەن، ئەجەبا ئەمدى باشلاپ ئەكەلمەيسەنغۇ؟

— ئۇلار ئۇنىمىدى.

— ئۇلارغىمۇ قۇيرۇق ئۆسۈپ چىقتىمۇ؟

— ئۇلار بىلەن بىللە چاغدا مېنىڭمۇ قۇيرۇقۇم يوق ئىدى.

مەن بىلمەكچى بولغانلىرىمنى بىلگەنىدىم. ئارتۇقچە گەپ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بەلكىم مەن بىلمەكچى بولغان، لېكىن سوراشقا پېتىنالمىغان گەپلەرنى باشقىلار بىلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يەنە نېمىلەرنى سوراي؟ قولۇمغا شوشاڭنى ئالدىم ...

شوشاڭنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى توختىدى. بوۋاينىڭ ئاۋازىمۇ ئۆچتى. قوي قىرقىلىپ بولغانىدى. بوۋاي ئۇنى باغلاقتىن بوشاتتى. يېنىكشىپ قالغان قوزا ئانىسىدەكلا سىلكىنىپ-گۇشۇنۇپ ئۇستىدىن يۇڭ توزۇندىلىرىنى توزۇتتى. بوۋاي ئەمدى يۇڭلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغانىدى. مەن بوۋاينىڭ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا تەقەززا ئىدىم. راست، گەپ ئاياغلاشقاندەك ئىدى.

«ئۇچات» ، «قۇيرۇق» ، «تۇخۇم» ، «مىش-مىش» ۋە «تىمساھلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت» يېشىلىپ كەتكەندى. ئەمما يەنە نېمىدۇر كەم قالغاندەك سېزەتتىم. ئاخىر ئېغىز ئاچتىم.

— شۇنداق قىلىپ ئاخىر نېمە بولدى؟ قۇيرۇقنى كېسىپ تاشلىيالىدىلىمۇ؟

— كېسىشنى كەستۇق، ھەيران قالارلىق ئىش. پىچاق، قايچا ئۆتمىگەن قۇيرۇققا شوشاڭ ئۆتتى. خۇددى خېمىرنى كەسكەندەك شارتلا كېسىپ تاشلىدى. ئەمما ئۈچ كۈندىن كېيىن نائەھلىنىڭ دادىسى يەنە ئىزدەپ كەپتۇ. قۇيرۇق يەنە ئۆسۈپ چىقىپتۇ. يەنە كەستۇق، ئەمما ... يېقىندا يەنە بىر قېتىم كەستىم، مەن يۇرت ئارىلاپ يۈرگەندە ئۇلار قۇيرۇقنى كەستۇرۇشكە شەھەرگىمۇ ئېلىپ بېرىشىپتۇ. كۆرمەملا، شوشاڭ ئۆتكەن قۇيرۇققا دوختۇرلارنىڭ ئوپېراتسىيە پىچىقى ئۆتمەپتۇ، كەكە، پالتىمۇ ئۆتمەپتۇ. شال تىلىدىغان ھەرىمۇ ئۆتمەپتۇ. تېۋىپلارنىڭ سۆگەل چۈشۈرىدىغان مەلھەم دورىسىمۇ كار قىلماپتۇ. مەن كېسىشنى كەستىم. ئەمما قايتا ئۆسۈپ چىقىشنى توسۇيالمىدىم. بىلەملا، قۇيرۇق دېگەن بولۇشقا تېگىشلىك يەردە بولىدۇ. ئۇ بولۇشقا تېگىشلىك يەردىن ئۇنى ھەرقانچە ئاماللارنى قىلىپمۇ يوقاتقىلى بولمايدۇ ...

بوۋاي يۈك قىرقىنغان ھەقنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. ئەمما ئاشۇ كۈندىن كېيىن مەن ئەنسىزلىككە قالدىم. پات-پات ئارقامنى سىلاپ قوياتتىم. قاچاندۇر بىر چاغدا بازاردىن تۇخۇم سېتىۋالغىنىم ۋە بازاردا تۇخۇم يېگىنىم يادىمغا كەلسىلا، قولۇم پەللىكىم تەرەپكە كېتىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ قۇيرۇق ئۆسۈپ چىققانلىقىنى سەزمىدىم. بەلكىم قۇيرۇق دېگەن ئۆسۈپ چىقىشقا تېگىشلىكلەرگىلا ئۆسۈپ چىقسا كېرەك، ئەمما يەنىلا ئەنسىرەيتتىم ...

# قۇرت تېرىش

قۇياش دائىم كۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇن بەش كۈنلۈك تولۇن ئايمۇ كۈلۈپ باقىدۇ. يۇلتۇزلار بولسا كۈلۈمسىرەپ كۆز قىسىدۇ. تۇن كېچىدە تولۇن ئاي چۆمۈلۈۋاتقان بۇلاقنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلگىنىنى ئاشىق-مەشۇقلار تالاي ئاڭلىغان. راسا تولۇپ ئېچىلغان قىزىلگۈلنى كۈلۈۋاتىدۇ دېسەك نېمىسى بولمىغۇدەك؟ ئۇن گۈلنىڭ تەڭ يېرىمى ئېچىلغان ئوتتۇز ياشلاردىكى چوكان قىزىلگۈلدەك گۈزەل بولىدۇ. قىزىلگۈلدەك نۇرلىنىپ، قىزىلگۈلدەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. توختىماي بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چېقىلىۋاتقان شىمىشكىدىن «تىرىس-تىرىس» ئاۋاز چىقىدۇ. شىمىشكا شۆپۈكلىرى يەرگە ئۇچۇپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ھېقىقتەك سۈزۈك، مارالنىڭ بوينىدەك ئۇزۇن ۋە چىرايلىق بويۇنلىرىغا قارىساڭ، گېلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شىمىشكا مېغىزىنى كۆرىسەن، ئۇنىڭ توختىماي شىمىشكا چاققىنى چاققان. چېھرىدىن تاتلىق كۈلكە ئۇچۇپ تۇرغىنى تۇرغان. باش باھارنىڭ ئاپتىپىغا قاقلانغىنى قاقلانغان. «قىزنىڭنى كۈزنىڭ ئاپتىپىغا سال، كېلىنىڭنى ئەتىيازنىڭ» ، بۇ بىكار گەپ، ئىمكانىڭ بولسا باھار ئاپتىپىدىن نۇر ئال. قىشچە مۇزلىغان تەنلىرىڭ ئېرىلىپ قالىدۇ. قۇياشتىن نۇردەك گۈزەللىك، نۇردەك ساغلاملىق، نۇردەك سۈزۈكلۈك ئالىسەن. بازار مەكتەپتىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلار ۋە قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمىتى دېگەن قانچىلىك خىزمەتتى؟ ئىشلىسە ئىشى كۆپ، ئىشلىمىسە ئىشى يوق. شىمىشكا چاقماي، ئاپتاپقا قاقلانماي نېمىش قىلسۇن! ؟ گەپ ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، ئۇنىڭغا ئاشۇ خىزمەتنى تەقسىم قىلغان

مۇدىردا. يېزا باشلىقىغا خۇشامەت قىلىشنى كەم قويۇپتۇ ئۇنىڭغا ...

— شىياڭجاڭ پېنسىيىگە چىقمىغاندۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلىدۇ ئەر ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا.

— پېنسىيىگە چىققىلى نەۋاخ، — دەپ كۈلۈپ كېتىدۇ ئۇ غۇنچىدەك لەۋلىرىنى ئېچىپ، سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، — مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىلا پېنسىيىگە چىقىپ بولغانىكەن، پۇشۇلداپ ئۇخلايدۇ شۇ ...

— بالىلارنىڭ ئاتىسى ...

— بالىلارنىڭ ئاتىسى شۇ. پېنسىيىگە چىققان ئادەممۇ ئايدا بىر قېتىم پېنسىيە پۇلى ئالغىلى كېلىدىغۇ، ئۇمۇ شۇنداق، سۆرىلىپ پۇشۇلداپ بولسىمۇ بىرەر-ئىككى ئايدا بىرەر قېتىم. بالىلار شۇ چاغدا بولغان ...

پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئۆزى ئەڭ ئالدىدا كۈلۈپ كېتىدۇ ۋە سومكىسىدىن شىمىشكا چىقىرىپ يېيىدىكەنلەرگە تۇتىدۇ:

— گازىر چاقە، ئۇكام، گازىرنى كۆپ چاقساڭ، كېيىنرەك پېنسىيىگە چىقىدىغان بولىسەن، ۋەي ئەخمىقىم ...

ئاشۇنداق ياغلىق ئىچىدىكى بىھايا چاقچاقلار پات-پات تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. «شىياڭجاڭ خانىم» ئىشقا كەلسىلا، قوڭغۇراق چېلىنىپ دەرستىن چۈشكەن مۇئەللىملەر ئىشخانا ئالدىغا يىغىلسىلا چاقچاق باشلىنىدۇ. بۈگۈنمۇ ئاشۇنداق بولدى. چېقىلىۋاتقان شىمىشكىدىن «تىرىس-تىرىس» ئاۋاز تارقىلىۋاتقان ئىشخانا ئالدىغا ئوقۇتقۇچىلار توپلاندى. تاتلىق كۈلۈمسىرەش ئىچىدىكى سالاملىشىشلار بولۇپ ئۆتتى. ياش مۇئەللىم ئېغىز ئاچتى:

— گازىردىن بىزمۇ چاقايلىلا، خانىم، تاتلىقمىكىن؟

— چاقالامسەن؟

— چاقمايچۇ؟
— پىنسىيىگە چىقمىغانسەن؟
— نېمە دېگەنلىرى بۇ، بىزگە تېخى ئاتمىش قوغۇن پىششىقى بار.
— لاتىدەك بوشاپ كەتكەنسەن ھەرقاچان ...
— ئوتاندەك چىلىڭ بىز تېخى.
— گېپىڭگە قارىغاندا چاقالايدىغان ئوخشىمامسەن، ئاله مانا.
— جىگدىنىڭ ئۇرۇقىنىمۇ چېقىۋېتىدىغان چېغىمىز بۇ ...
ياش مۇئەللىم شىمىشكىنى ئالغاچ «شياڭجاڭ خانىم» نىڭ پاختىدەك يۇمشاق ۋە چوغدەك ئىسسىق قوللىرىنى سىلىۋېلىشقا ئۈلگۈردى.
— يۇمشاقمىكەن؟ — دەپ تەنە قىلدى خانىم تاتلىق كۈلۈمسىرەپ.
— ئۇنىڭدىنمۇ يۇمشاق يەرلەر باردۇ، — دېدى مۇئەللىم قېشىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ نەگە ئىشارەت قىلىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. ياش مۇئەللىم بىر تال شىمىشكىنى ئاغزىغا سالدى ۋە دەرھال تۈكۈردى. ئۇنىڭ تىلىغا تاتلىق مېغىز ئەمەس، ئاچچىق ۋە سېسىق تەم ئۇرۇلغانىدى.
— بۇزۇلۇپتۇ، — دېدى ئۇ.
— خوپ بولدى، — دېدى شياڭجاڭ خانىم.
— ياش مۇئەللىم ئەمدى تىرناقلىرى بىلەن بىر تال گازىرنى چاقتى. گازىر ئىچىدىن يەنىلا مېغىز ئەمەس، قۇرتنىڭ يۇمشاق ۋە ئۇششاق مايافلىرى تۆكۈلدى.
— خانىمنىڭ گازىرىمۇ قۇرتلاپ قاپتۇ، — دېدى ياش مۇئەل-لىم ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ.
— يەنە نېمەم قۇرتلاپ قاپتۇ؟ — قاشلىرىنى ھىمىردى شياڭجاڭ خانىم.
— مەن يەنە بىرنېمىسىنى قۇرتلاپ قاپتۇ دېمىدىم. گازىرى

قۇرتلاپ قاپتۇ دېدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا «گازىر» نىڭ كەينىگە «مۇ» نى ئۇلايسەن؟

— ئۇلىسام ئۇلىدىم، نېمە بوپتۇ؟

— يەنە نېمەم قۇرتلاپ قاپتۇ؟ ئېيتە.

— قۇرتلاپ قالغان يەرلەر باردۇ يەنە ...

— قۇرتلاپ قالىدىغان يەر ئەمەس ئۇ.

— شياڭجاڭ پېنسىيىگە چىققان تۇرسا، قۇرتلىماي قالامتى؟

— ئاغزىڭنى يۇم، تاز.

خانىمنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىمۇ، گۈلدەك چىراي-زىنىخلىرىمۇ كۈلەتتى. پەقەت قاشلىرىلا ھىمىرىلگەنىدى. مۇئەللىملەر كۈلۈشەتتى. خانىم تۇتقان شىمشىكىنى تىرىسلىتىپ چېقىشقاچ كۈلۈشەتتى.

— خاپا بولماڭا، خانىم.

— قۇرتلۇق دېسەڭ خاپا بولمايتتىمۇ ئەمىسە.

— مەن ئۆزلىرىنى دېمىدىم.

— ۋاي ئەخمەق تاز، نېمە دېمەكچى بولغىنىڭنى بىلمەيتتىمۇ مەن ...

— بىلسىلە نېمە بوپتۇ؟

— ھېلى قۇرتنى ئالغىلى سالىمەن سېنى ...

قوڭغۇراق چېلىندى. كىتاب-يوقلىمىلارنى قولتۇقىغا قىستۇرغان مۇئەللىم-خانىملار ئالدىراش سىنىپلارغا ماڭدى. يالغۇز شياڭجاڭ خانىملا شىمشىكىنى تىرىسلىتىپ ئىشخانا ئالدىدا قالدى. ئۇنىڭ چېھرىگە ئەتىيازنىڭ ئىللىق ئاپتىپى چۈشۈپ تۇراتتى. چېھرىدىن ئىللىق ئاپتاپتەك ئىللىق كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. نۇر پەرىشتىسى چوڭقۇر خىياللارغا چۆككەندەك كۆرۈنەتتى.

※ ※

ئەتىسىدىن باشلاپ «شياڭجاڭ خانىم» ئىشقا كەلمىدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى مۇدىرمۇ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىلمەيتتى. مۇدىر مەكتەپ يوقلىمىسىغا «كېسەل» دەپ يېزىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتە: «شياڭجاڭ خانىم ئاغرىپ قاپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. ئىستىراھەت ۋاقتىدا ئىشخانا ئالدىغا توپلاشقان مۇئەللىملەر ئەمدى ھېلىقى ياش مۇئەللىمگە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— قۇرتنى ئېلىپ قويغانمىدىڭ؟

— ھۆ قىلمىغىنا ئادەمنى، قېرى خوتۇن تۇرسا ئۇ.

— قېرى بولسىمۇ قىلىقى تاتلىقتۇ، پىشقان مېۋە تاتلىق بولغاندەك.

— نازى باردۇ ھەرقاچان. قېرىنىڭ ھۆنىرى كۆپ.

— مەن ئۇنداق ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس.

— گېپى ئوچۇق بولغىنى بىلەن قىچىقى يوق.

— قۇرتنى ئېلىپ قويغان بولساڭ، لەززىتىنى سۈرۈپ ياتامدىكىن دەيمىنا، بولمىسا نېمىشقا ئىشقا كەلمەيدۇ ئۇ؟

— ئاغرىپ قاپتۇ دېگەننى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ئۇ دېگەن مۇدىرنىڭ تاپقان گېپى.

— خانىم توغرىسىدا يامان گەپ قىلما.

— چاقچاق قىلدىم. «شاق-شاق ئات كۆتۈرەر، مىس-مىس پۇت كۆتۈرەر» دېگەننى مەنمۇ ئاڭلىغان.

— ياخشى خانىم ئۇ.

— گېپى ئوچۇق.

— ...

— ...

«شياڭجاڭ خانىم» ئىشقا كەلمىگەننىڭ ئۈچىنچى كۈنى

چۈشتىن كېيىن مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق قويۇۋېتىلدى. مۇئەللىم، خانىملار چوڭ-كىچىك سومكىلارنى كۆتۈرۈپ، «شياڭجاڭ خانىم» نىڭ «كېسىلنى يوقلاش» ئۈچۈن پائالىيىتى» گىمۇ مۇدىر سەپەرۋەر قىلغانىدى.

بۇ ئىش ئوقۇتۇش خىزمىتىدەكلا مۇھىم ئىدى. يېقى ئاچقان بوز يەرگە جىرىم تىكىلگەندەكلا جىددىي سىياسىي ۋەزىپە ئىدى. بىرەر كىمنىڭ قاتناشماسلىقىغا بولمايتتى. شۇڭا ھەممە ئوقۇتقۇچىلار ھەرىكەتكە كەلدى. مۇدىر شۇنداق دەپ تۇرسا، ھەرىكەتكە كەلمەي بولاتتىمۇ؟ ئوقۇتقۇچىلار سەپ تارتىپ تىزىلىپ، بايراق كۆتۈرۈپ مېڭىشمىغان بولسىمۇ، توپلىشىپ ماڭدى. ئاياغلىرى تېگىدىن قويۇق چاڭ-توزان ئۆرلەپ قالدى. چاڭ-توزاندىنلا ئۇلارنىڭ تولۇق سەپەرۋەرلىككە كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى ...

ئۇلار شياڭجاڭنىڭ بازارنىڭ ئارقا كوچىسىدىكى چىرايلىق قەلئەسىگە كىرىپ كەلگەندە، ھەيرانلىقتىن تۇرغان يېرىدە قېتىپ قېلىشتى. ھويلىدا، ھويلىغا تۇتاش باغدا پۇت قويغۇدەك بىكار يەر يوق ئىدى. بوش يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە كەڭ ۋە قېلىن ئاق يالتىراقلار سېلىنىپ، ئۈستىگە دۆۋە-دۆۋە قۇرۇق نېمەتلەر يېيىۋېتىلگەنىدى. گۈلە-قاقلار، ئۈزۈم-كىشمىشلەر، مېغىز-باداملار، ياڭاق-چىلانلار، نوقۇت-پۇرچاقلار، جىگدە-خورمىلار، گۈرۈچ-بۇغدايلار، گازىر-شىمشىكلار ئاپتاپتا تاۋلىنىپ تۇراتتى. مۇدىر باشلىق مۇئەللىم-خانىملار ئالدىدىكى بىر دۆۋە نېمەتكە تىكىلىپ قاراشتى. نېمەتلەر شۇنداق پاكىز ۋە چىرايلىق ئىدى. نېمەتلەر ئارىسىدا ئۆمىلىشىپ-مىغىلدىشىپ يۈرگەن كىچىك ۋە ئالتۇندەك ساپسېرىق قۇرتلار ۋە قاپقارا مىتىلەرمۇ شۇنداق چىرايلىق ئىدى. ھەممە يەردە ئۆمىلىشىپ يۈرەتتى. قۇرتتىن قورقىدىغان خانىملار چىرقىرىشىپ كەتتى. شۇ ئارىدا

«شياڭجاڭ خانىم» ئۆگزىدە پەيدا بولۇپ: «ۋاي خۇدايىم، ھەرقايسىلىرى كېلىشكەنمىتىلە» دەپ ۋارقىرىدى ۋە «ئەنجان شوتىسى» ئارقىلىق ئۆگزىدىن پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۆگزىدىن يەنە ئۈچ-تۆت ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈندى. مۇئەللىملەر ئۇلارنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە يۈگۈر-يېتىم ئىش قىلىدىغانلار ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشتى. قارىغاندا، ئۇلار ئۆگزىدە قورت تېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مۇئەللىملەر ئۆيگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار مىغىلداپ يۈرگەن قورتلار ئارىسىدىن پۇت قويغۇدەك يەر ئىزدەپ، سىملارغا يېپىشۋېتىلگەن، كۈيلەر ئۈچۈپ يۈرگەن گىلەملەر ئارىسىدىن ئۆتكۈدەك ئارىلىق ئىزدەپ، ئاۋايلاپ مېڭىشتى. خانىملار بولسا، ئاشۇ قورتلار ھېلىلا چىرايلىق پۇتلىرىغا يامىشىۋالىدىغاندەك، بىر قەدەم ئالسا بىر قېتىم چىرقىرىشاتتى. ھېلى بىر پۇتىنى، ھېلى يەنە بىر پۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىشاتتى. ئىككىلا پۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىشقا، مۇئەللەقتە تۇرۇشقا ئۇرۇنىشاتتى. تاملىرىغا فارفور خىش چاپلانغان، تورۇسى ياڭاق ياغىچىدىن ئۈچ ئاسما قىلىپ ئىشلەنگەن مېھمانخانىغا كىرىپلا چاقچاق يەنە باشلاندى.

— ھەممىسى قورتلاپ كېتىپتۇ؟ — دېدى ياش مۇئەللىم.

— قورتلىمىغان يەرلىرىمۇ بار، — دېدى «شياڭجاڭ خانىم» چاقچاققا جاۋابەن، — سەن تاززە، قورتنىڭ گېپىنى نېمىشقا چىقىراتتىڭ. ئاشۇ كۈندىكى گەپتىن كېيىن كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. قاراپ باقاي دەپ قارىسام، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئىشنى تېرىدىڭ-دە سەن تاز ...

— قورتنى تېرىشىپ بەرگىلى كەلدۇق.

— قورت ئۆلتۈرەلەرسەنمۇ، تاز ...

خانىمنىڭ چىرايىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قىزىلگۈلدەك كۈلۈپ تۇراتتى. قۇياش نۇرى، ئاي نۇرى، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى كۈلكە بولۇپ تۆكۈلگەندەك كۆرۈنەتتى. مۇئەللىم، خانىملارنىڭ

چىھرىگىمۇ كۈلكە ياماشتى، ھەممىسى تاتلىق كۈلكە ئىدى.

※ ※

بىر ھەپتىدىن كېيىن مۇئەللىملەر «شياڭجاڭ شەھەردە قۇرۇق مېۋە سېتىش دۇكىنى ئېچىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى.
— ئەمدى سېتىۋېتىدىكەنمىز-دە، — دېدى ياش مۇئەللىم.
— قۇرتلاپ كەتكەن تۇرسا، بازارغا سالماي نېمە ئامال، — دېدى شياڭجاڭ خانىم كۈلۈپ، ئۇنىڭ كۈلكىسى يەنىلا شۇنداق تاتلىق ئىدى. ئاغزىدىن ئۇچۇپ چىققان شىمىشكا شۆپۈكلىرى كۆكتىن تۆكۈلگەن يۇلتۇزلاردەك يەرگە چېچىلاتتى. كۈلكە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى ياش مۇئەللىمگە نەيزىدەك قادالغانىدى. كۆزلەر ئۇچراشتى، قارىچۇقلارنىڭ كەينىدىكى مەخپىي، سىرلىق نەرسىلەرنى كۆرۈۋېلىشقاندەك بولدى.

# ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ

## 1

مىلادىيىنىڭ 1918-يىلى، قىش. قاراقاشتىن توپتوغرا بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى، قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى «لەمپە» دېگەن جاڭگالدا، زاۋا مىڭلىكى، تاغ مىڭلىكى، بەھرام سۇيى مىڭلىكى، ماكۇي مىڭلىكى، كۇيا مىڭلىكى، قاراساي مىڭلىكىدىن ھەيدەپ كېلىنگەن يېرىم تۈمەندىن ئارتۇقراق ھاشارچى چۇمۇلىدەك مىغىلداپ يۈرەتتى. ئىزغىرىن سوغۇق نەشتەردەك سانجىلاتتى. توغراقلار گۈرسۈلدەپ يىقىلاتتى. كۆتەكلەر كولىناتتى. دۆڭلەر، قۇم بارخانلىرى تۈزلىنەتتى. ئۆستەڭلەر، ئېرىقلار چېپىلاتتى. قىر-تىگانلار سىلىناتتى. چاڭ-توزان ئۇچاتتى. كۆپ ئىشلىتىلگەن كەتمەنلەرنىڭ بىسلىرى كۈمۈشتەك پارقىرايتتى. چۆلنى بوستان قىلىش ئەمگىكىنىڭ ئۇلۇغۋار چۇقانلىرى ياڭرايتتى ...

سالۋا تەلپەك ۋە كورەك جۇۋىلىرىنى چاڭ باسقان ھاشارچىلار كەچكە يېقىن ئايدالاغا يېقىلغان گۈلخان چۆرىسىگە ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ، ئېغىر ھاردۇق ئىچىدە لايدەك ئۇيقۇغا كېتىشتى. گۈلخانغا ئۈستى-ئۈستىلەپ تاشلانغان توغراق ئوتۇنلىرى چاراسلاپ كۆيۈپ يالقۇن ھاسىل قىلاتتى. يالقۇن پەلەككە تىل سوزۇپ، كېچە قاراڭغۇسىنى قوغلىماقچى بولغاندەك ئەتراپقا نۇر چاچاتتى، لېكىن ئۇنىڭ يورۇقىنى قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كېتەتتى. ئېگىز ئاسمان، يىراق ئۇپۇق، مۇز قاتقان دەريا، ئەبەدىي ئويغانماس دۆڭلەرنىمۇ قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كەتكەنىدى. گۈلخانغا ئوتۇن تاشلاپ

ئولتۇرغان ئادەم، دۇمبىسى تەرەپ توڭلاۋاتقانلىقىنى سەزدى. تاشلانمىغان تېرە جۇۋا سوغۇقنى توسۇپ قالالمىغانىدى. ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىلا بۇرۇلۇپ، گۈلخانغا ئارقىسىنى قىلدى. يىراق ۋە قېلىن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە نەزەر تاشلىدى ۋە «يۇتۇپ كېتىپتۇ، ھەممە نەرسىنى ئەجدىھادەك يۇتۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاۋۋال گەدىنىگە، ئاندىن دۇمبىسىگە ئىسسىق ئۆتكەنلىكىنى سەزدى، لېكىن ئۇنىڭ قوللىرى، يۈزلىرى، مەيدىسى توڭلاۋاتاتتى. ھاردۇق يەتكەن ئۇستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى، كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ يەنە بۇرۇلۇپ ئالدىنى گۈلخانغا قىلدى ۋە بېشىنى سىلكىپ بېسىپ كېلىۋاتقان ئۇيقۇنى قوغلىدى.

ئۇ «بەھرام سۇيى» مىڭلىكىدىن، «ئاقساراي» نىڭ يېنىدىكى «ھالئېرىق» تىن كەلگەن «راخمان چۇراڭ» دېگەن ئادەم ئىدى. ئۇ مەدىرسىدىمۇ ئازراق ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاختا گۇگۇت قىيىش ھۈنىرى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئارقىدىن «راخمان گۇگۇت» ، ئالدىدا بولسا «راخمان مولللام» دەپ ئاتايتتى. راخمان مولللام ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلخانغا يەنە بىر قۇچاق ئوتۇن تاشلىدى، ئاندىن گۈلخاننى چۆرىدەپ ئۇيقۇغا كەتكەن يۇرتداشلىرىغا قاراپ قويدى-دە، يۈرۈپ كەتتى. ئۇ تېخى تۈزلىنىپ بولمىغان ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقتى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. لەمپىدە يۈزلىگەن گۈلخان تۇتەپ كۆيۈۋاتاتتى. ئاسمانغا قارىدى. ئۇكەر مەغرىبكە قىيسايغانىدى. راخمان مولللام «تۇن يېرىمدىن ئېشىپتۇ» دەپ ئويلىدى ۋە دۆڭدىن چۈشۈپ توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. توغراق شاخلىرىنى قايرىپ، ئاۋايلاپ مېڭىپ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىردى. كۆزى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ قالغانىدى. ئىزدىگەن نىشانىنى ھايالشىمايلا تاپتى. بۇ بىر تۈپ قېرى توغراق ئىدى. ئۇچ غۇلاچ ئېگىزلىكتىن غول ئايرىپ چىققان يوغان پۇتاقلىرى غادىيىپ كۆرۈنەتتى. راخمان مولللام

جۇۋىسىنى سىلىپ تاشلاپ مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن توغراققا يامىشىپ چىقتى. توغراقنىڭ كاۋىكىغا قول سىلىپ كونا بىر تاغارنى تارتىپ چىقاردى ۋە يەرگە تاشلىدى. تاغار يەرگە بوش تاراڭشىپ چۈشتى. ئىچىدە ئېغىر ۋە قاتتىق بىر نەرسە باردەك قىلاتتى. راخمان مۇللام توغراقتىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، جۇۋىسىنى كىيىپ، بېلىنى باغلىدى، تاغارنى يۈدۈپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچى بىلەن «لەمپە مازار خۇجام» تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

تاغارغا قاچىلانغىنى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ئۆستەڭ چېپىۋاتقاندا تېپىۋالغان غەلىتە نەرسىلىرى ئىدى. ئۆستەڭدىكى ئۈچىنچى چام ئۇنىڭغا بىر ئېگىز دۆڭلۈكتىن تەگدى. يۇرتداشلىرى، قوشنىلىرى ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىن چام ئېلىشقان ئىدى. كىمنىڭ چېمى تۈگىسە، ئۇ يېڭى چامغا يۆتكىلەتتى. ئۈچىنچى چام يېرىملاشقان كۈنلەردە «بۇ يەر كونا مازارلىق ئىكەن، پالانىنىڭ چېمىدىن ئادەم سۆڭەكلىرى چىقىپتۇ، پوكۇنچىغا مىس پۇل ۋە مارجان ئۇچراپتۇ» دېگەن گەپلەر پەيدا بولدى. بۇ راخمان مۇللامنىڭ چامداشلىرى تۆتىنچى پەشتاققا چۈشكەن چاغلىرى ئىدى. ئۇلار چاپقان توپىنى ئۈچىنچى پەشتاققا تاشلايتتى، ئۈچىنچى پەشتاق توشقاندا، ئۇ يەرگە يامىشىپ چىقىپ، ھېلىلا تاشلىغان توپىنى نۆۋەت بىلەن ئىككىنچى پەشتاققا، بىرىنچى پەشتاققا تاشلايتتى، ئاخىرىدا بولسا چېپىلىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ سىرتىغا ئىرغىتاتتى. راخمان مۇللام بولسا تېخىچە ئۈچىنچى پەشتاقتا ئىدى. كەتمەنگە تولدۇرۇپ ئىرغىتقان نەم قۇم سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئىشنى ئىلگىرى تاپقۇزمايۋاتاتتى. كەچكە يېقىن، قوشنا چامدىكىلەر ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ كەتمىنى قاتتىق بىر نەرسىگە داققىدە ئۇرۇلدى. ئۇ كەتمەنگە چىققان توپىنى ئىرغىتىپ ئىككىنچى پەشتاققا تاشلىدى-دە، ھېلى كەتمەن سالغان يەرگە قارىدى. نەم، چىرىپ قارايغان تاختاينىڭ بىر بۇرجىكى كۆرۈندى. ئۇ زوڭزىيىپ، تاختاي ئۈستىدىكى توپىنى سىيرىۋېتىپ

دىققەت بىلەن كۆزەتتى. قولى بىلەن تارتىپ كۆردى. مىدىرلاي
دىمەيتتى. ئۇ كەتمەن بىلەن يەنە ئازراق كولىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا ياغاچ مىخ بىلەن مىخلاپ ئېتىلگەن ئۇزۇنچاق ساندۇق
ئايان بولدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆستەڭ سىرتىغا قارىدى.
قوشنىلار توڭ زاغرىلىرىنى غاجاش ئۈچۈن گۈلخان ياققان يەرگە
كېتىشكەنىدى. كۈن بويى ئۆستەڭ قىرىدا ئايلىنىپ، قامچا
شىلتىپ يۈرىدىغان بەگ-دورغىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. راخمان موللام
نېمىنىدۇ ئويلاپ، ئىچىدە ئاللىقانداق بىر ئايەتنى ئوقۇپ،
كەتمەننىڭ بىسى بىلەن قايرىپ ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇق ئىچىدىن
يات، سېسىق ھىد بۇخسىدى. چىرىپ قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان
ئىسكىلىت غادىيىپ كۆرۈندى. راخمان موللامنىڭ ۋۇجۇدىغا
قورقۇنچ ئولىشىپ، باش تېرىلىرى تارتىشتى ۋە چاچلىرى تىك
تۇرۇپ كەتتى. ئىسكىلىتنىڭ يېنىدا يەنە نېمىلەردۇ باردەك
كۆرۈنەتتى. راخمان موللام قورقۇپ تۇرسىمۇ يەنە ئاللىقانداق بىر
قىزىقىش ئىچىدە قولىنى ساندۇق ئىچىگە تىقىپ تۇتۇپ كۆردى.
مېتالنىڭ مۇزدەك سوغۇق ۋە سىلىقلىقى سېزىلدى. ئالتۇن
بايلىق؟ راخمان موللامنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. نەپەسلىرى
تېزلەشتى. «بىرەرى كۆرۈپ قالمىغىيدى. خۇدا يات كۆزلەرنى
يىراق قىل» دەپ تىلەيتتى ئۇ ئىچىدە. ئەنسىرەش ئورۇنسىز
ئىدى. گۇگۇم ئۇنىڭ بىلەن يات كۆزلەر ئارىسىغا ئاللىقاچان قېلىن
دەرپەردە بولۇپ تارتىلغانىدى. ئۇ ھاياجان ۋە تەقەززالىق ئىچىدە،
ئۆستەڭ سىرتىغا يامىشىپ چىقىپ، ئۆزى بىلەن دائىم بىللە ئېلىپ
يۈرىدىغان تاغىرىنى ئەچۈشتى. ئۇ ساندۇق ئىچىدىكى ئىسكىلىتتىن
باشقا ھەممە نەرسىنى تاغارغا سالدى. چۇۋۇلۇپ كەتكەن ساندۇق
پارچىلىرى بىلەن پارچە-پارچە سۆڭەكلەرنى يۇتۇپ بولغان قوشنا
چامىنىڭ تېگىگە كۆمدى. مۇشۇ ئىشلارنى ئالدىراش تۈگەتكەندىن
كېيىن، تاغارنى يۈدۈپ، ئۆستەڭنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى قېلىن
توغراقلىقتا يوشۇرۇپ قويدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يۈرەك

سوقۇشلىرى سەل پەسەيگەندەك بولدى. ئۇ تاغار ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئالتۇن دەپ ئويلايتتى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن راخمان موللام «كېچە توغراقلىقتا قىسماق سالغانتىم، توشقان دەسسىدىمۇ يوق، قاراپ باقسام» دەپ، يۈزبېشىدىن رۇخسەت سوراپ، تاغارنىڭ يېنىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ ئالتۇن دەپ ئويلىغان نەرسىلەر بىر مىس دۇبۇلغا، تۆمۈر قۇياقلىق ساۋۇت ۋە دات باسقان قىلىچ بولۇپ چىقتى. قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرغىلى بولمايتتى. دۇبۇلغىنىڭ مىسى بولسا ئۇسىمىدەك كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇ ھەيران بولدى. ئاللانىڭ ئۆزىگە بايلىق ئەمەس قىلىچ ئاتا قىلغىنىدىن ھەيران بولاتتى. ئۇ مۇشۇ ھەقتە ئۇزۇن ئويلاپ قالدى. بۇلارنى كېرەكسىز نەرسە دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى تاغارغا قايتىدىن قاچىلىدى ۋە مەخپىي رەۋىشتە ئۈچىنچى چامدىن تۆتىنچى چامغا، ئۇ يەردىن بوز يەر ئاچىدىغان لەمپىگە يۆتكەپ كەلدى. مانا ھازىر ئۇنى يەنە يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ توغراقلارمۇ ئەتە-ئۆگۈن كېسىلىشى، كۆتەكلىرى كولىنىشى، يەرگە ئايلاندۇرۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. بەگ-دورغىلارنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى ئورمانلىقتا چام ئۆلچەپ، بەلگە قويۇپ، يۇرت-يۇرتلارغا تەقسىم قىلىپ يۈرۈشى شۇنىڭدىن دېرەك بېرەتتى. راخمان موللام ئۆزىنىڭ بۇ تەۋەررۇكلىرىنى تاشلىۋېتەلمەيتتى. تىلەك-ئىلتىجاسىز ئاتا قىلىنغان ئاشۇ نەرسىلەر ئۇنى چوڭقۇر ئويلارغا سېلىپ قانداقتۇر بىر ئىش قىلىشقا ئۈندەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا بۇ نەرسىلەرنى ساقلاش، ئېچىلماقچى بولغان يەردىن، كېسىلمەكچى بولغان توغراقنىڭ كاۋىكىدىن يۆتكىۋېتىش كېرەك ئىدى. ئۇ تۈنۈگۈن بىر چاغلاردا مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى، ھازىر «لەمپە مازار غوجام»غا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان سەلىم شەيخ بىلەن كېلىشىپ قويغان ئىدى. بۇ نەرسىلەر ئاشۇ تەقۋادار شەيخنىڭ ھۇجرىسىدىلا ئەڭ بىخەتەر تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

# 2

خېلى بۇرۇنقى چاغلاردا، قاراقاش شەھىرىدىن بىر كۆنلۈك يىراقلىقتا، دەريا بويىدىكى جاڭگالدا قوي باقىدىغان بىر قويچى توغراقلىقتىن تۇۋرۇك-بادرىلارنى كېسىپ مۇشۇ يەرگە بىر چەللە ياساپتۇ. چەللە ئاپتاپنى توسۇيالايدىكەن، لېكىن قار-يامغۇرغا دال بولالمايدىكەن. قويچى دەريا قىرغاقلىرىدىن يېكەن-مەسسىل ئورۇپ، سېغىز چىقىرىپ چەللىنىڭ ئۈستىنى سوۋاپتۇ. ئەمدى ئۇ لەمپىگە ئايلىنىپتۇ. قويچى ئەسلى بۇ لەمپىنى ئوتلاپ تويغان، قۇملۇقتا كۆشەپ ياتىدىغان قويلىرىنىڭ ئاپتاپتا، بوران-يامغۇردا قالماسلىقى ئۈچۈن ياسىغانىكەن. كىم بىلسۇن، كۆپ ئۆتمەي بۇ لەمپە «خوتەن قەيىي يولى» نىڭ مۇشۇ تارمىقى بىلەن ئاقسۇ — كۇچاغا، ئاقسۇ — كۇچادىن خوتەنگە ماڭىدىغان كارۋاننىڭ قونالغۇسىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇياقتىن ماڭغانلارنىڭ ئاخىرقى قونالغۇسى، بۇياقتىن يولغا چىققانلارنىڭ تۇنجى قونالغۇسى مۇشۇ لەمپىدە بولىدىكەن. كارۋان يۈك ئارتىلغان ئات-قېچىرلىرىنى، ئېشەك-تۆگىلىرىنى مۇشۇ لەمپىگە باغلايدىكەن. «لەمپىدە قوندۇق»، «لەمپىدىن يولغا چىققان» دەپ سۆزلىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنىڭ ئىسمى «لەمپە» گە ئايلىنىپتۇ. قويچى ئاق كۆڭۈل كىشى ئىكەن. كارۋان ئۈچۈن قىشلىقى ئوتۇن تەييارلاپ، يازلىقى چاي قاينىتىپ قويىدىكەن. سەپەرگە ماڭغانلارغا ئاقيول تىلەپ، سەپەردىن يانغانلاردىن ھاردۇق سورايدىكەن. ئۇ ئاقيول تىلىگەنلەر تىنچ-ئامان مەنزىلگە يېتىپ بارىدىكەن. ئۇ ھاردۇق سورىغانلارنىڭ ھاردۇقى شۇ زامان چىقىپ كېتىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ قويچى ۋاپات بوپتۇ. كارۋان يولىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. بېشىغا تۇغ-ئەلەملىك خادا تىكلىنىپتۇ.

ئۆتكەن-كەچكەن كارۋانلار ئۇنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلىپ ماڭىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا، تىرىكلىكىدە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە يارىشا، قويچىنىڭ قەبرىسى «لەمپە مازار خوجام» دەپ ئاتىلىپتۇ. «مازار خوجام» پەيدا بولغانىكەن، شەيخمۇ پەيدا بوپتۇ. تاۋاپچىلار كېلىشكە باشلاپتۇ. خانىقا-ھۇجرىلارمۇ سالدۇرۇلۇپتۇ. تۇغ-ئەلەملىك خادىلار، خادىلارغا چىگىپ قويۇلغان ئاق رەڭلىك لاتىلار، سامان تىقىلغان تۇلۇملار، قەبرە ئەتراپىدا ئۆسۈپ كەتكەن توغراق، يۇلغۇن ۋە قومۇشلار «مازار خوجام» غا سۇر-ئىناۋەت بېغىشلاپ تۇرىدىغان بوپتۇ ...

كىشىلەر «لەمپە مازار خوجام» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان مازار مانا شۇ ئىدى. تاغار يۇدۇۋالغان راخمان موللام ئۆزىنى گۇلخان يورۇقلىرىدىن قاچۇرۇپ «لەمپە مازار خوجام» نىڭ سالاسۇنلۇق قەبرىسى يېنىغا يېتىپ كەلدى. سوغۇق شامال خادىلارغا چىگىپ قويۇلغان لاتىلارنى بوش لىپىلدىتىپ تۇراتتى. لاتىلاردىن «لىپ-لىپ» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى. قەبرە ئەتراپىدىكى قاراڭغۇلۇق تەننى شۇركۇندۇرەتتى. راخمان موللام ئۇدۇللا خانىقانىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، سەلىم شەيخنىڭ ھۇجرىسىنى چەكمەكچى بولدىيۇ، لېكىن نېمىنىدۇر ئويلاپ توختاپ قالدى. سالاسۇنلۇق قەبرىدىن سەل يانغىراق ئۆتۈپ تاغىرىنى يەرگە قويدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تېخى تۇنۇگۇنلا كۆتۈرۈلگەن يېڭى قەبرە غادىيىپ كۆرۈندى. ئۇ قەبرە ئالدىغا يۈكۈنۈپ ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلدى. بۇ تۇنۇگۇن كېچە توڭلاپ ئۆلگەن يەتتە كىشىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ يۇرتدىشى ھەسەنىكامنىڭ قەبرىسى ئىدى. ئورۇق-تۇغقانلىرى يوق، ئىگە-چاقىسىز، بالىۋاقىسىز ھەسەنكام ئۆزىنىڭ تۆت مو يېرىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئاشۇ تۆت مو يەر ئۇنىمۇ لەمپىگە سۆرەپ كەلگەنىدى. نېمە بولغان — گۇلخاندىن يىراق يېتىپ قالغانمۇ ياكى ئوت ئۆچۈپ قالغانمۇ ئۇ سەھەردە ئورنىدىن تۇرمىدى. شۇ كۈنى يەتتە كىشى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى.

باشقىلارنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يىغلاپ-قاقشاپ، بەگنىڭ ئىككى كۆنلۈك رۇخستى بىلەن جىيرغىغا سېلىپ يۇرتلىرىغا ئاچىقىپ كېتىشتى. ھەسسىنىكاملا بۇ يەرگە دەپنە قىلىندى، ئاچىقىپ كېتىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يوق ئىدى. ئۇنى راخمان مولللام قاتارلىق يۇرتداشلىرى يەرلىككە قويدى. قۇملۇقتىن ئىچ يەرلىك ئېچىش مۇمكىن ئەمەسكەن. ئۇلار سەلىم شەيخنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇمساز يەردىن كاتەك كولىدى. كاتەكنىڭ تۆت تەرىپىنى ياغاچ، شاخ-شۇمبىلار بىلەن توستى. كاتەك ئەمدى خۇددى يەرگە چوڭقۇر پاتۇرۇپ قويۇلغان سۇلاقمىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇلار ھەسسىنىكامنىڭ جەسىتىنى ئاشۇ سۇلاقمىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۈستىنى يەنە توغراق بادرىسى ۋە شاخ-شۇمبىلار بىلەن ياپتى. قۇم بىلەن كۆمۈپ، ئۈستىگە كىچىككىنە قەبرە چىقىرىپ قويدى ... جەسىتى چۆلدە قالغان بىچارىگە ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى.

راخمان مولللام ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى.

— كەلدىلىمۇ؟

راخمان مولللام چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىلا سەلىم شەيخ تۇراتتى.

— ھەئە. سىلىگە دېگەن ھېلىقى نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدىم.

— توڭلاپ كەتكەندىلا، ھۇجرىغا كىرىپ كېتەيلى.

— ماقۇل.

راخمان مولللام ئورنىدىن تۇردى ۋە تاغىرىنى كۆتۈرۈپ سەلىم شەيخكە ئەگەشتى. «تىۋۋەت» لىك ياۋاش دېھقاننىڭ ئوغلى سەلىم، قاراقاشتىكى مەدرىسلەردە بىر مەزگىل يۇرگەندىن كېيىن قەشقەرگە ئۆتۈپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. مەدرىسلەرنىڭ سوغۇق ۋە قاراڭغۇ ھۇجرىلىرىدا ئون يىلچە جاپا چەكتى. مەشھۇر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تاش مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابلىرىنى ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلىدى. ئەجرىگە لايىق ئىرشاتمۇ

ئالدى. ۋەھالەنكى ئۇ قاراقاشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرەر مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگىمۇ، كىچىك مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغىمۇ تەكلىپ قىلىنمىدى. بىرەر پۇرسەت چىقىپ ئۇ مەسچىتلەردە ياكى مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلگەن جايلاردا دەرس مۇتالىئە قىلسا، نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرى شۇ كۈنىلا «مەھكىمە شەرئى» گە يېتىپ باراتتى. كېيىنرەك ئۇنى «جەدىت» دەپ ئەيىبلەشتى ۋە ئۈچ كۈن سولاپ قويۇشتى. بىپايان قاراقاش ئۇنىڭغا تار كەلدى. ئاخىرى جاھان غوۋغالىرىدىن قول ئۈزۈپ، «لەمپە مازار خوجام» غا كېلىپ ئۆزۈن ساقاللىق شەيخكە ئايلانغانىدى.

يەر ئاچقۇچىلارنىڭ غەلۋە-چۇقانلىرىنىڭ لەمپىگىچە قوغلاپ كېلىشىنى كىم ئويلىغان؟ مانا ئەمدى راخمان موللام قانداقتۇر بىر مەخپىي نەرسىنى ساقلاپ بېرىشنى سوراۋاتىدۇ. پاختىغا يۆگەلگەن چوغمۇ؟ غوۋغاغا سۆرەپ كىرىدىغان ئارقانمۇ؟ ئۇلۇغ تەڭرى تائالا سەلىم شەيخنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ... ھۇجرا گۆردەك قاراڭغۇ ۋە سوغۇق ئىدى. ئوتى ئۆچۈپ قالغان مورا ئوچاقتا ئاخىرقى چوغلار پىلىلداپ تۇراتتى. سەلىم شەيخ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قىزىلچىدىن تاختا گۈگۈتنى تاپتى ۋە ئۇنى يېرىپ چوغقا تۇتتى. كۆكۈچ يالقۇن كۆتۈرۈلدى. گۈگۈتنىڭ سېسىق ھىدى تارقالدى. سەلىم شەيخ تاختا گۈگۈتقا تۇتاشقان يالقۇندا قارا چىراغنى ياقتى، ھۇجرا يورۇپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇ مورا ئوچاققا ئوتۇن تاشلاپ، چوغلارنى ئوتۇنلارنىڭ ئاستىغا ئىتتىرىپ قويدى ۋە بۇرۇلۇپ مېھمىنىغا قارىدى. راخمان موللام تېخىچە ئۆرە تۇراتتى. چىراغ شولىسىدا ئۇنىڭ سايىسى كەينىدىكى تامغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئېگىز، تەمبەل، قىزىل كوسا بۇ ئادەمنىڭ سىم بۇرۇتلىرى، قويۇق ساقاللىرى پارقىرايتتى.

— ئوتنىڭ يۇتقا ئۆتسىلە، — تەكلىپ قىلدى سەلىم شەيخ.

— خوش، — تەكەللۇپ قىلدى راخمان موللام ۋە كىچىككىنە ھۇجرىنىڭ سۆكىسىگە چىقىپ، ئوچاقنىڭ ئوتنىڭ يۇت تەرىپىگە

يۈكۈندى. ئوچاقنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇلغان تاختا گۈگۈتقا تىكىلىپ قاردى.

— گۈگۈتلىرى بار ئىكەن؟

— بولمامدىغان، قاراقاشنىڭ ئوچاقلىرى سىلىنىڭ گۈگۈتلىرى بىلەنلا يالقۇن كۆردۇ. قاراقاشنىڭ چىراغلىرى سىلىنىڭ گۈگۈتلىرى بىلەن نۇر چاچىدۇ ...

راخمان موللام ئەلەملىك كۈلۈمسىرىدى. گۈگۈتچىلىق ئۇنىڭ ئاتا مىراس ھۈنىرى ئىدى. ئۇ چاغلاردا تېخى ئورۇس گۈگۈتى (سەرەڭگە) ئومۇملاشمىغان بولۇپ، كىشىلەر چوغنى كۆمۈپ ساقلايتتى. چوغ ئۆچۈپ قالغان چاغلاردا بولسا قاتتىق سۇغىرىلغان تۆمۈر پارچىسىنى ئاق تاشقا ئۇرۇپ، ئۇچقۇن چىقىرىپ، چىگە پاخىلىغا تۇتاشتۇرۇۋالاتتى. چوغنىمۇ چىگە پاخىلىغا تۇتاشتۇرۇۋېلىنغان ئۇچقۇننىمۇ ئۇزاق پۈۋلەشكە، مىڭ بىر چارىلەرنى قىلىپ يېلىنجىتىشقا توغرا كېلەتتى. پېشانەڭ ئوڭدىن كەلسە، يالقۇنغا ئايلىناتتى، بولمىسا چوغمۇ، ئۇچقۇنمۇ پۈۋلەشتىن ئېرىپ يوق بولۇپ كېتەتتى. يېقىنقى يىللاردا راخمان موللامنىڭ تاختا گۈگۈت ياساش ھۈنىرى خېلىلا روناق تاپقانىدى. دېھقانچىلىقنىڭ سېلىككەن چاغلىرىدا گۈگۈت ياساپ يۇرتمۇ يۇرت، بازارمۇ بازار ئاپىرىپ ساتاتتى. ئوت پۈۋلەپ يۈزلىرىگە قورۇق چۈشكەن خوتۇنلار ئۇنى جان دەپ سېتىۋالاتتى. ئۇ باھا تالىشىپ يۈرمەيتتى. گۈگۈت ئۈچۈن پۇل بېرەمدۇ، بۇغداي-قوناق بېرەمدۇ، گۈلە-قاق بېرەمدۇ، ئېلىۋېرەتتى، كۈلۈمسىرەپ، چاقچاقلىشىپ يۈرۈپ ساتاتتى. قاراقاشلىقلار ئۇنىڭ «چۈراڭ» دېگەن لەقىمىنى ئۇنتۇشقاندەك كۆپرەك موللام دەپ چاقىراتتى. موللا سىياقى ياكى موللىچىلىقى يوق ئىدى. نېمە ئۈچۈن موللام دەپ ئاتاشقانلىرىنى راخمان گۈگۈتچىنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. مانا شۇ راخمان موللام گۈگۈت توغرىسىدىكى گەپ چىقىشى بىلەن ئەلەملىك كۈلۈمسىرىدى.

— ئەمدى مانا كۆرۈپ تۇرۇپلا، گۇگۇتچىلىقىمىز بورانغا ئۇچتى. دۇكانغا كىرگىلى نەدە چول؟ يەر ئېچىپ ئاقسۇغا يەتكەندىلا توختايدىغاندەك تۇرىمىز. بەگلىرىمىز ھېچ بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ...

— كۆپ جاپا چېكىشتىلە، — دېدى سەلىم شەيخ، ئۇ تاختا گۇگۇتتىن ئازراق يىرىپ ئوچاقتىكى چوغقا تۇتتى. كۆكۈچ يالقۇن پەيدا بولۇپ، قىزىپ تەييارلانغان ئوتۇنغا گۈپپىدە ئوت تۇتاشتى.

— جاپانىڭ نېمىسىنى دەيلا، لېكىن ئوغۇل بالا جاپاغا چىدايدۇ. ناھەقچىلىككە چىدىمايدۇ. بەگلىرىم نېمە كويدا، بىز نېمە ئويدا، ھېسابلاپ كۆرسەم بۇ يىل ئۆيدە تۇرغان كۈنۈم يېرىم يىلغىمۇ يەتمەيدىكەن. ئەتىيازدا ئەپرۇزگۇڭ خوجا «يالغۇز ئوغۇل» دېگەن جايدا ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، «يالغۇز ئوغۇل مازىرى» نىڭ يېنىدىكى كۆلگە سۇ سالغىلى سالدى. ئارقىدىنلا بەھرام سۈيى ئۆستىڭىنى چېپىپ چىقتۇق. كەلگۈن كېلىۋىدى يەنە دەرياغا ھەيدىدى. كەلگۈن توختىۋىدى، يەنە دەرياغا قۇم توغ سالغىلى ماڭدۇق. ئاشۇ «كۈھمارىم» نىڭ يېنىدا، قۇيرۇقلۇق ئادەملەر ياشايدىغان «ئۇچات» نىڭ يېنىدا دەرياغا قۇم توغ سالدۇق، ئارقىدىنلا بۇ يەرگە ھەيدەشتى. بىر كەتمەنلىك يەرگە بىر ھاشار دېيىشتى، ئەمەلىيەتتە ئۆستەڭ چېپىشقا، بوز يەر ئېچىشقا ئىشلەۋاتقانلار كىم؟ بايلارنىڭ، بەگلەرنىڭ باللىرى كەلدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئون كەتمەنلىك، يۈز كەتمەنلىك يەرلىرى بارتىغۇ؟ گۆڭ-خوجىلاردىن، ئېگىز ئېرىق خوجىلاردىن ھېچكىم يوق. بەگ-دورغىلارنىڭ بالا-چاقىلىرى تۈگۈل ئورۇق-تۇغقانلىرىمۇ كەلمىدى. ئېچىلغان يەر كىمگە كېرەك؟ چىڭ دارىنغا، ئەپرۇزگۇڭ خوجىغا، تۇرسۇن بەگ تۇڭچىغا كېرەك. بىدە تېرىماقچىمىش. ئوتاقتا سېتىپ ھوسۇلىنى تەڭ بۆلۈشمەكچىمىش. ئەمما بىزنىڭ بەللەر يادەك ئېگىلدى. قوللاردىن قان ئاقتى. بىز جاپا ئەمەس، زۇلۇم-ئازاب تارتىۋاتىمىز. ئېيتسىلا، ھەزرىتىم،

بۇ زۇلۇم، بۇ ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ پايانى بارمۇ؟ ئازاب-ئوقۇبەت قاچان تۈگەيدۇ؟ — راخمان موللام ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. قورسىقىدىكى ئىسكىنى بىراقلا چىقىرىپ تاشلىدى، — ئىيتىسىلىچۇ، بۇ ئازاب-ئوقۇبەت قاچان تۈگەيدۇ؟

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، موللام، ھاياجانلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ئاشۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتلىك دۇنيا. بۇ دۇنيادا ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ تۈگەيدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق كىتابتا يېزىلمىغان. «قۇرئانى كەرىم» دىمۇ، «ھەدىس شېرىپ» تىمۇ يېزىلمىغان. تەڭسىزلىك، باراۋەرسىزلىك، ئادالەتسىزلىكنىڭ تۈگەيدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ كىتابلاردا ھېچنېمە يوق. ئۇلار تۈگىمىگەنىكەن، ئازاب-ئوقۇبەتمۇ تۈگىمەيدۇ. ئازاب-ئوقۇبەت تۈگەيدىغان دۇنيا باقىي ئالەمدە، ئۇ باقىي ئالەمدىلا تۈگەيدۇ، موللام ...

— ئۇغۇ شۇنداقتۇ، تەقسىر، ئەمما مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مۇنۇ ھاشار قاچان تۈگەيدۇ؟ ئاڭلىغانلا، ياش باللار ئاقسۇ-كۇچالارغا قېچىۋاتىدۇ. قېرى، ئاجىز، يېلىڭلار توڭلاپ ئۆلۈۋاتىدۇ. ئالدىنقى بىر كۈنى ئۈچ ئادەم توڭلاپ قاپتۇ دېيىشكەن، كۆز كۆرمىدى دەپ ئىشەنمىدۇق. تۈنۈگۈن توڭلاپ قالغانلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ھەسسىنىكامىنى ئۆز قولىمىز بىلەن كۆمدۇق. توڭلاپ ئۆلۈش نۆۋىتى ماڭا كەلمەسمۇ؟ ... ئۆزلىرى ئالىم، پازىل ئادەم، ئىيتىسىلىچۇ، بۇ پۈتمەس ھاشار قاچان تۈگەيدۇ؟ مۇنۇ سوغۇق، ئاچلىق، قامچا-توقماق قاچان تۈگەيدۇ؟

راخمان موللام راستتىنلا ھاياجانلانغانىدى. ئوچاقتا گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا يۈزلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. نەپەسلىرى تېز ۋە ئېغىر ئىدى. ئوچاققا قاراپ ئولتۇرغان سەلىم شەيخ خېلىدىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— ئەھۋال ئۆزلىرى دېگەندەك، موللام، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىد-

مەن، كۆپلەر بىلەنمۇ سۆزلەشتىم. ھەممە كىشى ئاغرىنىۋاتىدۇ.

قارا قىشتا نېمە تارتقۇلۇق بۇ ئۇلارغا؟ قامچىلىنىۋاتقان، توڭلاپ ئۆلۈۋاتقان، قېچىۋاتقان، قاچقانلارنىڭ ئورنىغا خوتۇن، بالا-چاقىلىرى تۇتۇپ كېلىنىۋاتقان، ئالۋان ئۈستىگە ئالۋان سېلىنىۋاتقان ... ئالدىنقى كۈنى ماكۇي مىڭلىكىدىن كەلگەن بىر ياش بالا ئەتراپىدىكىلەرگە «تاللىرىم تېخى كۆمۈكسىزدى، ئۇششۇپ كېتەرمۇ؟» دەۋاتقاندا، بەگ ئاڭلاپ قاپتۇ. «سەن تالنى باھانە قىلىپ بوز يەر ئېچىشتىن قاچماقچىمۇ؟ باشقىلارنى قۇتراتماقچىمۇ؟» دەپ ئەپرۇزگۇلۇك خوجىنىڭ ئۆزى قامچىلاپ كېتىپتۇ. بالا قېچىپتۇ، بەگ قوغلاپ يۈرۈپ باش-كۆزلىرى قانغا بويالغۇچە ئۇرۇپتۇ ... كۆرسىلە، بۇ نېمە قىلىق؟ بىچارىلەرنىڭ ھالىغا، كۆز ياشلىرىغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. ھېچكىم ھايۋانغىمۇ بۇنچىلىك ئېغىرلىق سالماس، قارا قىشتا توڭلاپ قالمىسۇن دەپ، ئېغىللارنى چۇمكەپ، ھايۋانغىمۇ ئۇچۇلۇق ئارتىپ قويۇشىدىغۇ. مۇنۇ قەھرىتان ئايلاردا يېتىۋاتقانلار بىلەن كىمنىڭ كارى بولدى؟ ئۇلارنىڭ يەۋاتقانلىرىچۇ تېخى، ئون كۈندە بىر قېتىم ئۆيدىن كىرگۈزگەن توڭ زاغرا، چىش ئۆتەمدۇ؟ بىچارىلەر نان كاۋاپ قىلدۇق دەپ ئوتقا قاقلاپ ئاران ئىسسىتىشىدۇ. كاچكۇلدىن ھېلىلا ئۈسسىغان مۇز ئارىلاش سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچمەكتىن باشقا ئىلاج يوق. كېسەل، سوغۇق، ئاچلىق، قامچا، ئېغىر ئەمگەك ئۇلارنى قىينىماقتا. چىڭ دارېڭغۇ رەھىم قىلمىسۇن، ئەپرۇزگۇلۇك خوجا بولسىمۇ تۆت ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ، بوز يەرنى ئالەم ئىسسىغاندا ئاچايلى دېسە بولمامدۇ؟ ... قەشقەردىكى دوتەي يامۇل يىراقكەن، ئاستانا تېخىمۇ يىراق. خەلقنىڭ ئاھ-زارىنى كىم ئاڭلايدۇ؟ ئۆتۈپ كېتەر، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، موللام. شۈكۈر قىلايلى. ئاللا بەندىسىنى مۇشكۇلاتتىن خالاس ئېتەر. ئېغىر كۈندىن قۇتۇلدۇرار، شۈكۈر قىلايلى ...

— شۈكۈر قىلماق ئاسان، زۇلۇمغا چىدىماق تەس،

ھەزرىتىم، ئەمەلىي گەپنى دېيىشەيلى. بۇ ئىشلاردىن قۇتۇلماقنىڭ بىرەر يولى يوقمۇ؟

— قاچاي دەملا؟

— ياق، مەن بىر ئادەمنىڭ ئىشى باشقا گەپ، مەن ئاشۇ ھاشارچىلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن.

— يول تېپىلىدۇ، موللام. پەقەت بىر ئوغۇل بالا كېرەك. جىگەرلىك، قورقۇمسىز بىر مەردانە كېرەك.

— قەشقەرگە — دوتەي يامۇلغا بېرىپ ئەرز قىلغىلىمۇ؟

— ياق، مېنىڭچە سۇنىڭ بېشى لاي. ئەرز قىلغاننىڭ پايدىسى يوق. چاشقاننىڭ ئەرزى مۈشۈككە چۈشىدۇ. قايسى مۈشۈك چاشقاننىڭ ھالىغا يەتكەن؟ بۇ يول ئەمەس...

— ئۇنداقتا، مەردانە يىگىت نېمىگە كېرەك؟

— خەلقنى باشلاپ چىقىشقا! بىلەملا، بۇ يىل شاھ ئالمىشىدىغان يىل. بۇ يىل يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرىدۇ. ئەگەر خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزىرى چۈشكەن بولسا، خەلقنى باشلاپ چىققان ئاشۇ ئەزىمەت خەلقنى زۇلۇم-ستەمدىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي شاھ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇ خەلقنى ھاشارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ...

— شاھ ئالمىشىدۇ دېسىلە؟

— شۇنداق.

شەيخ ھەزرىتىم مورا ئوچاقتا يەنە ئوتتۇن سالدى. ئوت گۈرۈلدەپ كۆيەتتى. ئاشۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۇزاق پاراڭلاشتى. سەلىم شەيخ بۇنىڭدىن ئىككى ئايچە ئىلگىرى ھىندىستان تەرەپتىن ئۆتۈپ، «خوتەن قەيىيى» يولىنىڭ مۇشۇ تارمىقى بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە كەتكەن، مۇشۇ ھۇجرىدا قونۇپ ئۆتكەن بىر تەڭداشسىز ئەۋلىيانىڭ «بۇ يىل شاھ يەڭگۈشلىنىدىغان يىل» دېگەن گېپى توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەممە ئالامەتلەر شۇنىڭغا توغرا كېلەرمىش،

پالنامىلاردىمۇ، كارامەت كىتابلىرىدىمۇ شۇنداق يېزىلغانىمىش ...
سۆھبەت بىر يەرگە بارغاندا، راخمان موللام تاغاردىكى ھېلىقى دۇبۇلغا، ساۋۇت، قىلىچلارنى سەلىم شەيخكە كۆرسەتتى. شەيخ ھەزرەت ھەيران قالدى ۋە ئۇزاق يىللار پىنھاندا تۇرغان بۇ تەۋەررۇكلەرنىڭ ئاشكارا بولۇشىنى يېڭى پادىشاھنىڭ تەختكە چىقىشى، بىر مەردۇمەردانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ زۇلۇم زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىشى بىلەن باغلىدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىغا يىغىلغان ھەممە ئويلار، يېقىندا، ئانچە ئۇزاق بولمىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.
شۇ كۈندىن باشلاپ راخمان موللام سەلىم شەيخنىڭ كىچىككىنە ھۇجرىسىدا قونۇپ يۈردى. ئايدالادا، گۈلخان يېنىدا ياتقاندىن بۇ يەردە ياتقان ياخشى ئىدى. سەلىم شەيخمۇ سۆھبەتداش تېپىلغىنىغا خۇشال ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى بۇ يىل يەڭگۈشلىنىدىغان پادىشاھ توغرىسىدا، زۇلۇم زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان مەردانە توغرىسىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشاتتى.

## 3

چىڭ دارىن ئۇزۇن يىللىق ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ سەھەر ئويغاندى. مەشتە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. كىگىز ئۆينىڭ ئىچى مۇنچىدەك ئىسسىق ئىدى. ئۇ تاۋار يوتقاندىن چىقماي تۇرۇپلا خىزمەتچى ئېلىپ كەلگەن ئىلمان سۇدا ئاغزىنى چايقىدى. ئىسسىق سۈت ئىچىپ ئارقىدىن ئازراق توڭگۇز گۆشى قورۇمىسى يېدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتچىنىڭ ياردىمى بىلەن كىيىندى، يۇمشاق، ئىسسىق ئىچ كىيىملىرىنى، پايپىقىنى، قېلىن چەملىك لاتا خېيىنى خىزمەتچى كىيگۈزۈپ قويدى. كارىۋاتتىن چۈشكەن چىڭ دارىن قوللىرىنى قارانچۇقنىڭ قوللىرىدەك كېرىپ تۇردى.

تۇم بىر ئۆرۈمە قارا چېچى مەيدىسىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. خىزمەتچى ئۇنىڭ سېرىق ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن چىرايلىق جىلىتكىسىنى، ئەجدىھا گۈللۈك ئۇزۇن تاۋار جۇيازىسىنى كىيگۈزۈپ قويدى. چىڭ دارىن ئۇزۇن چېچىنى ئارقىغا تاشلىدى. خىزمەتچى قوش قوللاپ ئۇزاتقان پۆپۈكلۈك تەقىيىگە قاراپ بېشىنى چايقىدى ۋە كىگىز ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. خىزمەتچى يېنىك يورغىلاپ كېلىپ ئىشىكتىكى كىگىزنى قايرىپ تۇردى. چىڭ دارىن ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا مۇزدەك شامال يۈزىگە ئۇرۇلدى. تالادا نەشتەردەك تېگىدىغان ئىزغىرىن سوغۇق ھۇۋۇلدايتتى. «لەمپە مازار خوجام» خانىقاسىدىكى بامدات نامىزىدىن تارقىغان ھاشارچىلار ئۆز ئىش ئورۇنلىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. مىڭبېگى، يۈزبېشى ۋە دورغىلارنىڭ ئىشقا ھەيدەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. چىڭ دارىن چامباشچىلىق مەشىقى قىلماقچى بولدى. پۇتلىرىنى كېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندەك ھالەتكە كەلدى. چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇملىرى ئىككى بىقىنىغا تەتۈر قويۇلدى. مۇشۇ ھالەتتىن چىقىپ ئالدىغا ياكى ئىككى يان تەرەپكە مۇشت ئاتسا بولاتتى، لېكىن ئۇ توختاپ قالدى. تۇزاڭ ئارىلاش ئۇرغان مۇزدەك شامال ئۇنى توختىتىپ قويغانىدى. قوللىرى، يۈزى، يېرىمى تاقىر بېشى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پۇتلىرىنى يىغىپ، جۇيازىسىنىڭ تۇرۇپ قويۇلغان يەڭلىرىنى پالاقشىتىپ چۈشۈرۈۋەتتى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كىگىز ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ خىزمەتچىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇيازىسىنى سېلىۋېتىپ، ئىسسىق ئۆي ئىچىدە ئالاھازەل يېرىم سائەتتەك تەيجى گۇمپىسى مەشىق قىلدى، ھەرىكەتلىرى سىلىق ۋە رەتلىك ئىدى، خۇددى ئىككى قولى بىلەن ئاللىقانداق بىر غايىبانە نەرسىنى بوش-بوش ئالدىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك، ئۆزىدىن قايتا-قايتا يىراقلاشتۇرۇۋاتقاندەك، ئارقىدىنلا يەنە ئىككى قولى بىلەن چوڭ بىر يۇمىلاق نەرسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئايلاندۇرۇپ، ئوڭ-تەتۈر

تەرەپلىرىگە قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى ...

— ئەپرۇزگۈلۈك خوجا جانابلىرى سالامغا كەلدى!

سىرتتىن ئىشىك قاراۋۇلىنىڭ سوزۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چىلىڭ دارىن گۇمپا مەشىقىنى توختىتىپ، پۆپۈكلۈك مەخمەل تەقىيىسىنى بېشىغا قوندۇردى. كىگىز ئۆيىنىڭ تۆرىگە ئۆتۈپ، كارىۋات يېنىــــغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك كۇرســــغا ئولتۇردى. ئۆي ئىچىنىڭ ھەممە يېرىگە تۇتاش گىلەم سېلىنغان ئىدى. يان تەرەپكە قويۇلغان مەشتە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. چىلىڭ دارىن مۇشۇ كىگىـــز ئۆيىنـــى تەييارلىـــغۇچـــى ۋە سەرەمجانلاشتۇرغۇچـــى ئەپرۇزگۈلۈك خوجىـــدىن رازى بولۇپ، كۇلۇمسىرەپ باش لىڭشىتتى.

— كىرسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۆي ئىچىدىكى خىزمەتچىمۇ سوزۇپ. ئىشىكتىكى ئاق كىگىز قايرىلىپ، قاراقاش بەگلىكىنىڭ باش بېگى، گۈلۈك خوجىلارنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى، سۆسەر ياقىلىق قاما جۇۋا، مەخمەل تاشلىق قاما تۇماق كىيگەن ئەپرۇزگۈلۈك خوجا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغا سوغدىشىپلا چىلىڭ دارىنىنىـــــڭ خاس تۇڭچىسى تۇرسۇن بەگ تۇڭچىمۇ كىردى. ئۇلار يېرىم تىزلىنىپ چىلىڭ دارىنغا سالام بەردى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىر ئۆرۈمىدىن ئۇزۇن قارا چېچى بار ئىدى.

— دارىن جانابلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، تەنلىرى سالامەت بولغاي، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولغاي!

ئەپرۇزگۈلۈك خوجىنىڭ ئاۋازى سىلىق، يۇمشاق، يېقىملىق ئىدى. تۇرسۇن بەگ تۇڭچى ئوخشاش يېقىملىق ئاۋازدا تەرجىمە قىلدى.

— دارىن جانابلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، تەنلىرى سالامەت بولغاي، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولغاي!

— ئىجازەت! — دېدى چىلىڭ دارىن كۇلۇمسىرەپ.

— ئىجازەت! — دەپ تەرجىمە قىلدى تۇرسۇن بەگ تۇڭچى.

ئەپرۇزگۇڭ خوجا ئىچكىرىگە ئۆتتى، چىھرىدە يېقىملىق كۈلۈمسىرەش جىلۋە قىلاتتى.

— مىڭ بەگلىرى سالامغا كەلدى! — سىرتتىن يەنە ئىشىك قاراۋۇلىنىڭ سوزۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن قاراقاشتىكى ئالتە مىڭلىكنىڭ بەگلىرى سەپ بولۇپ كىرىپ سالام بەردى. ئۇلارنىڭ سالام ۋە تىلەكلىرى ئەپرۇزگۇڭ خوجىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ دۇمبىسىدە پۇلاڭلاپ تۇرغان بىر ئۆرۈمدىن قارا چېچى بولمىغاچقا سالام بەرگەندە ئالدىغا پۇلاڭلاپ چۈشمەيتتى. بەگلەر چىڭ دارىيننىڭ ئىجازىتى بىلەن كىگىز ئۆينى چۆرىدەپ گىلەملەردىن ئورۇن ئېلىشتى. چوڭ بەگ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەپرۇزگۇڭ خوجا ئارىلىق تاشلاپ چىڭ دارىنغا يېقىنراق جايدىن ئورۇن ئالدى. گۈڭلۈق سالاھىيىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئۇ ئادەتتىكى بەگلەر بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرسا بولمايتتى.

چىڭ دارىن لەمپىگە ئۇلۇشكۇن يېتىپ كەلگەنىدى. تۈنۈگۈن بىر كۈن دەم ئالدى. ئەپرۇزگۇڭ خوجىدىن باشقا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدى. بۈگۈن مانا شۇ بەگلەردىن بوز يەر ئېچىلىش ئەھۋالىنى، ئىشلارنىڭ نەگە يېتىپ بارغانلىقىنى ئۇقۇشماقچى، ئۇلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىماقچىدى.

ئۇ چاغلاردا قاراقاش تېخى ئامباللىق بولمىغان بولۇپ، خوتەن ناھىيىسىگە قارايدىغان بىر بەگلىك ئىدى. خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى قاراقاشتىكى ئالتە مىڭلىكنى چوڭ بەگكە تايىنىپ باشقۇراتتى. ئامبال كۆپرەك خوتەن شەھىرىدە تۇراتتى. چىڭ دارىن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئامبال بولغاندىن كېيىن، يىلدا بىر-ئىككى قېتىم قاراقاش تەرەپكە ئۆتۈپ يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادەتنى چىقارغانىدى. ھەر قېتىم قاراقاش تەرەپكە ئۆتكەندە چۆنتىكىگە يامبۇ كىرىدىغان بىر-ئىككى ئىشنى تېپىپ چىقاتتى. ئالدىنقى يىلى تەكشۈرۈشكە كەلگەندە ياۋىدا سەككىز تاش

تۇگمەن چۆرۈدى. ئىشنى هاشارچىلار قىلدى، لېكىن تۇگمەن ساتقان سەككىز يۈز يامبۇ چىلىڭ دارىبىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشتى. ئۆتكەن يىلى كەلگەندە، زاۋىلىق ئىسمايىلخان خوجا بىلەن پىيالما-دۇۋالىغا پولات هاجىلار ئولتۇرىسىدىكى يايلاق دەۋاسىنى سوراپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ دولىسىغا، بۇنىڭ سول دولىسىغا پاخ-پاخ ئېتىپ، ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ، بۇنىڭغا قاش ئېتىپ، ئىككى تەرەپتىن بەش يۈز يامبۇدىن مىڭ يامبۇ دەۋا هەققى ئالدى. بۇ يىل باش كۈزدە يەنە قاراقاش تەرەپكە تەكشۈرۈشكە ئۆتتى. ئۇ بىرەر بايلىق توپلاشنىڭ ئېپىنى ئىزدەيتتى. بەختىگە ئەپرۇزگۈلۈك خوجا لەمپە، كاۋاك تەرەپلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان ياۋا توڭگۇز ئوۋىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئەپرۇزگۈلۈك خوجىنىڭ ئېيتىشىچە، ياۋا توڭگۇز بەك كۆپىيىپ كەتكەنمىش. تىبەت، قوچى، قاراساي تەرەپلەرگە بېسىپ چىقىپ، زىرائەتلەرگە كۆپ زىيان سالغانمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قاراقاشتىكى پالۋانلارنى يىغىپتۇ. تايغان ئىتلارنى توپلاپتۇ. ياۋا توڭگۇزلارنى قورشاپ يوقىتىدىكەن، بىرىنى قويماي قىرغىن قىلىدىكەن. ئوۋ كۆرۈنۈشى هەيۋەتلىك ۋە قىزىقارلىق بولىدىكەن. دارىبىن جانابلىرىغا خەۋپ يەتمەيدىكەن. ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تاماشا قىلسىلا بولىدىكەن ...

شۇنداق قىلىپ، چىلىڭ دارىبىن جانابلىرى لەمپىگە ياۋا توڭگۇز ئوۋلاشنى كۆرگىلى كىردى. ئۇنى ئوۋ قىزىقچىلىقىدىن كۆرە ئاشۇ ياۋا توڭگۇز گۆشى بەكرەك قىزىقتۇراتتى. دېمىسىمۇ، توڭگۇز گۆشى يەپ تۇرغىنى بىلەن ياۋىسىنىڭ گۆشىنى يېمىگىلى خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ئەپرۇزگۈلۈك خوجىنىڭ تەسۋىرلىشىچە، كۈز كۈنلىرى ياۋا توڭگۇزلار تۇخۇمدەك سەمرىپ كېتەرمىش. يېڭىچە چۈمۈلە شورىغان ياۋا توڭگۇز گۆشى مىڭ تۈرلۈك كېسەلگە شىپا بولارمىش ...

چىلىڭ دارىبىن ئاشۇ ئوۋ جەريانىدا ياۋا توڭگۇز گۆشىگە تويدى. لەمپە دېگەن بۇ جاڭگالنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت ئىكەنلىكىنى، سۇ

باشلاپ كەلسە، ئاچسىلا ئوبدان يەر بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆردى. ئۇ لەمپىنى ئېچىشقا بىردىنلا قىزىقىپ قالدى. ئۇنى ئۆلكە خەزىنىسىدىن بوز يەر ئېچىشقا ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان كۆپ مىقدارلىق تەڭگە ۋە ئېچىلغان يەرلەرنى سېتىشتىن كىرىدىغان تەڭگىلەر بەكرەك قىزىقتۇراتتى. ھاشار كۈچى بىلەن بېدە، قوناق تېرىتسا سېپىلدىكى ھەربىي ئاتلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان تەڭگىنىمۇ سوققىلى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دارىن جانابلىرىنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدىغان نەق بايلىق بولاتتى، ھېچكىم چاڭ سالمايتتى. ئىشنى بولسا يۇرت-يۇرتتىن ھەيدەپ كېلىنگەن ھاشارچىلار قىلاتتى. ئۇ بوز يەر ئېچىش ئويىنى ئەپرۇزگۇڭ خوجىغا ئېيتىۋىدى، ئىككى يۈز يىللىق نەسەب-تارىخىغا ئىگە قاراقاش گۇڭ خوجىلىرىنىڭ بۇ ئالتىنچى ئەۋلادى ھەر قېتىمقىدەك باركاللا ئېيتىپ كەتتى. قاراقاشنى گۈللەندۈرگۈچى، قاراقاشقا ھايات بەخش ئەتكۈچى، قاراقاشلىقلارنى باياشاتلىققا باشلاپ بارغۇچى دارىن جانابلىرىنى ئاغزىدىن كۆپۈك كەلگۈچە ماختىدى. ۋەھالەنكى، ئەپرۇزگۇڭ خوجىنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئۆزىنىڭ چوتى تاراقشىيتتى. بىر كەتمەنلىك يەرگە بىردىن ھاشار قويۇلسا، قانچىلىك ئادەم ھاشارغا چىقالايدۇ؟ ھاشار چىقىرالمىغانلار پۇل چىقىرىشى كېرەك، مانا شۇ پۇل ئەپرۇزگۇڭ خوجىنىڭ چۆنتىكىگە كىرەتتى. يەنە يېڭى ئېچىلغان يەرنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ بولاتتى. ئامبال بىلەن بەگ بىرلىككە كېلىۋىدى، ھەر يۇرتتىن مىڭ-مىڭلاپ ھاشار لەمپىگە ئاقتى. لەمپىدە جەننەت بەرپا قىلىش باشلىنىپ كەتتى. ئىشنىڭ بېشىدا چىڭ دارىن جانابلىرى نەق مەيداندا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. ئۇ پەقەت تۇرۇپ بەرسىلا بولاتتى. ئوتنى پۈۋلەپ ئۇلغايتىشقا ئەپرۇزگۇڭ خوجا ۋە باشقا مىڭ بەگلىرى بار ئىدى. ھاشارچىلار يىغىلىپ، ئىش باشلانغاندىن كېيىن چىڭ دارىن جانابلىرى خاتىرجەم بولۇپ خوتەنگە قايتىپ كەتتى. مانا ئەمدى ئىشلارنىڭ يۈرۈشىشىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى

كەلگەندى.

بەگلەر چۈشكىچە ئەھۋال دوكلات قىلدى. ئىشلار تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. سوغۇق كۈچىيىپ يەرلەر توڭلاپ كېتىپتۇ. دۆڭ، قۇم بارخانلىرى توڭلىمىغان بىلەن پەسرەك يەرلەرنىڭ ھەممىسى توڭلاپتۇ. چويۇندەك قېتىپ كەتكەن يەرلەردىن ئېرىق چېپىش قىيىنلىشىپتۇ. ھەتتا قىر-تېگى سېلىشتىمۇ توڭنى چېقىپ، تېگىدىن يۇمشاق توپا چىقىرىپ سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئادەملەر ئېغىر ئەمگەككە چىدىماي، قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىشقا باشلاپتۇ. سوغۇق تېگىپ كېسەل بولغانلار، توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار كۆپىيىپتۇ. ھەر كۈنى سەھەردە ئۆلگەن بىرقانچە ھاشارچىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدىكەن، ئەمما كەڭ ئاۋام-پۇقرالار يەنىلا دارىن جانابلىرىنىڭ قاراقاشنى گۈللەندۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار پىلانىنى قوللايدىكەن، لەمپىدە ئىشلەپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ رازى ئىكەن...

بەگلەر يەنە چىڭ دارىنغا ھاشارچىلار ئىچىدە تارقالغان ئاجايىپ بىر مىش-مىش گەپنى دوكلات قىلىشتى. ئېيتىشلىرىچە، بۇ يىل يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرىدىغان يىلمىش. ھىندىستان تەرەپتىن ئۆتكەن بىر تەڭداشسىز ئەۋلىيا شۇنداق دېگەنمىش. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىشى شۇنىڭدىن بېشارەت بەرگەنمىش. يېقىندىن بېرى كېچىسى قاراقاش دەرياسى ئۈستىدە ئاجايىپ بىر قۇشنىڭ قىيقاس سېلىپ، چىرقىراپ سايرىشىمۇ پادىشاھ ئالمىشىشتىن ئىشارەتمىش...

چىڭ دارىن بەگلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۇتتۇق سۆزلىدى. ئۇ ھارغان ۋە خۇمارى تۇتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يۆلەنچۈكلۈك كۈرسىدىن چۈشۈپ، كارىۋاتقا چىقىپ يانپاشلىدى ۋە ئەپيۈن سېلىنغان چىلىمنى شورىغاچ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۇرسۇن بەگ تۇڭچى جۈملىمۇ جۈملە تەرجىمە قىلىپ تۇردى. چىڭ دارىن بوز يەر ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى

توغرىسىدا، چىچىلاڭغۇ خەلقنى مەجبۇرلىماستىن تۇرۇپ يۇرتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرىسىدا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا جەننەتۇل پىردەۋسىدەك گۈزەل يۇرت قالدۇرۇش توغرىسىدا، يەرلەرنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەندىلا قاراقاشلىقلارنى باي قىلغىلى، باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالدى. كىشىلەرنىڭ ۋايساشلىرىغا يان بەرگەندە، ئۆلۈم-يېتىم ۋە قۇربان بېرىشتىن قورققاندا يۇرتنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدىكەن. يۇرتنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈنمۇ كىشىلەرنى بىرەر ئىش بىلەن مەلىكە قىلىپ تۇرۇش زۆرۈر ئىكەن...

— ئادەم دېگەن ئات-ئېشەككە ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ چىلىمىنى شوراپ تۇرۇپ، — كېچە-كۈندۈز ئارام بەرمەي ئىشلىتىپ، ھاردۇرۇپ جۇلۇقىنى چىقىرىۋەتكەندىلا، جون بولۇپ قالغان ئېشەكتەك ھاڭرىيالمايدۇ، باشقا ئىشلارنى ئويلىيالمايدۇ، ياۋاشلىشىپ موللا مۇشۇك بولۇپ كېتىدۇ. مانا شۇ چاغدىلا ئەلنىڭ، مۇشۇ يەردىكى بەگلەرنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

بەگلەر دارىن جانابلىرىنىڭ يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەرنى ئات-ئېشەكتەك ئىشلىتىش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى پەلسەپىسىگىمۇ، كىشىلەرنى ھاردۇرۇپ جون قىلىۋېتىپ، ھېچقانداق ئىشنى ئويلىيالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، يۇرت ئامانلىقىنى ساقلاش پەلسەپىسىگىمۇ سۆزسىز قوشۇلۇشتى. چىڭ دارىن شېپى كەلتۈرگەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ ياسىلىشى، ئۇلۇغ قانالنىڭ قېزىلىشى، شۇ چاغدىمۇ مىليونلاپ ئادەملەرنىڭ ئۆلگەنلىكى، لېكىن ئۇلۇغ، ئابىدىسىمان قۇرۇلۇشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار ئۇلارنى قايىل قىلغانىدى. بەگلەر توختىماي باش لىڭشىتىپ قايىللىقىنى بىلدۈرەتتى. دارىن جانابلىرىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

چىڭ دارىن ئاخىرىدا ئەمەلىي مەسىلىلەرگە كۆچۈپ، قېچىپ

كەتكەنلەرنىڭ كەنتتىكى يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىشىنى، بالا-چاقىلىرىنى لەمپىگە ھەيدەپ كېلىشىنى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئورنىغا ئادەم تولۇقلاشنى، لەمپىنى ئېچىپ، ئۇرۇق چاچقۇدەك قىلىپ تەييارلاشتىن ئىلگىرى ھېچكىمنىڭ بۇ جاڭگالدىن ئايرىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمگەك ئورنىدىن قاچقانلارنى تۇتۇپ كېلىشنى، ھېلىقى پادىشاھ ئالمىشىش توغرىسىدىكى مىش-مىش گەپنى تارقاتقۇچىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىشنى، ئۇلارنى توغراقتا ئېسىپ، كەڭ ھاشارچىلارغا ئىبرەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى ...

چۈشتە، چىڭ دارىن ئەپرۇزگۈڭ خوجا تۇتتۇرۇپ قويغان ياۋا توڭگۇز گۆشىنى ھۇزۇرلىنىپ يەۋاتقاندا، ئاتلىق دورغىلار تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا — كەنت تەرەپكە، بىر قىسمى دەريانى بويلاپ شىمالغا ماڭدى. جەنۇبقا ماڭغانلىرى قاچقۇنلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ھەيدەپ كېلىشكە، شىمالغا ماڭغانلار ئاقسۇ-كۇچاغا قاچقانلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئاتلانغانلار ئىدى. ياۋا توڭگۇز گۆشىنى يەپ تويغان، ئەپيۇن چېكىپ خۇش كەيپ بولغان چىڭ دارىن بولسا، ئەپرۇزگۈڭ خوجا باشلىق بەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىش مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ئەجدىھا گۈللۈك جۇيازىسىنىڭ سىرتىغا سۆسەر ياقىلىق قېلىن جۇۋا كىيىۋالغان، بېشىدىكى تەقىيىسىنىڭ پۆپۈكى ئۇچۇپ تۇراتتى، سوغۇق شامال يۈزلىرىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئۇ ھېلى ئەپرۇزگۈڭ خوجا جۇ (تەختىراۋان) غا ئولتۇرۇۋېلىشنى تەكلىپ قىلغاندا ئۇنىمىغانلىقىغا سەل پۇشايمان قىلدى، لېكىن كەيپى چاغ ئىدى. يۈز-كۆزلىرىنى چاڭ باسقان، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، سوغۇقتا دۈگدەيگەن جۇل-جۇل كىيىملىك ئىشلەمچىلەرگە يىرگىنىچ نەزىرى بىلەن قاراپ باراتتى، ئاغزىدا بولسا توختىماي سۆزلەيتتى. خوتەننىڭ لاسكۇي دېگەن يېرىدە گازۇن يارنىڭ لېۋىگە ئون تاش تۇگمەن ياسىتىپ، خوتەنلىكلەرنىڭ

ئۇن تارتىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغانلىقىنى، داۋۇت داموللام بىلەن سۇلايمان ئەلەم ئارىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، داۋۇت داموللامنى ئالتۇنلۇقتىكى مەدرىسىگە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى، بارلىق مولللاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، ھېچنېمە بىلمىسىمۇ سۇلايمان ئەلەمگە پارا بېرىپ مۇدەررىس بولۇۋالغان ئىككى نەپەر مۇتىۋەللىنى بەش يۈز تاياقتىن ئۇرۇپ، ئىبرەت پەشتىقىغا زەنجىر بىلەن باغلاپ قويغانلىقىنى، باسىي دېگەن جايدا ئېشەككە ئېغىر يۈك ئارتقان ئادەمنى جازالاپ، ئېشەكلەرگە بىر يۈز يىگىرمە جىڭدىن ئارتۇق يۈك ئارتماسلىق توغرىسىدا بەلگىلىمە ئېلان قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ماڭاتتى، بولۇپمۇ ئاشۇ ئېشەككە ئېغىر يۈك ئارتىش ۋەقەسىنى سۆزلىگەندە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. تۇرسۇن بەگ تۈگچى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىپ تەرجىمە قىلاتتى. ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەردىن تۆھپە، ئادالەت، رەھىم-شەپقەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئادالەت ۋە رەھىم-شەپقەت مەبۇدىسىغا ئايلانغان ئاشۇ ھۆرمەتلىك دارىن جانابلىرى توغرىسىدا «ئېشەككە شەپقەت يەتكۈزگەن ئادەم، مۇنۇ تۈگلاپ ئۆلۈۋاتقانلارغا نېمىشقا رەھىم قىلمىدىكىن؟» دەپ ئويلاشقا زادىلا ئىمكان يوق ئىدى، بولۇپمۇ بەگلەر شۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى رەھىم-شەپقەت ناخشىسىنى ئاڭلىيالىغان بىلەن، كۆزى ئاشۇ ناخشا ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان قامچا-توقماق، تەڭگە-تىلللارنى كۆرۈشكە قادىر ئەمەس ئىدى.

## 4

تاڭ سەھەردىلا بەگلەرنىڭ، دورغىلارنىڭ، مىرابلارنىڭ ئاۋازى «لەمپە» ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈردى.

— تىزلىڭلار، ئىككىدىن سەپ بولۇپ تىزلىڭلار!

— يۇرت-يۇرت بويىچە تىزىلىڭلار!

— بىرمۇ ئادەمنىڭ قېلىپ قېلىشىغا رۇخسەت يوق!

ئەمدىلا بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ، توك زاغىرلىرىنى گۈلخانغا قاقلاپ ناشتا قىلىۋاتقان هاشارچىلار هەيران بولۇشتى. ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن سەپ بولۇپ تىزىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ دورغىلارنىڭ تىل-هاقارەت ۋە دۆشكەلەشلىرى ئىچىدە، سالۋا تەلپەك، كورەك جۇۋىلىق ئېگىز-پەس سەپ هاسىل بولدى. كىملەردۇ «هەممە ئادەمنى تىزىپ سانىنى ئالغۇدەك» دېيىشەتتى. يەنە بىر كىملەر بۇ گەپنى ئىنكار قىلىپ: «چېك دارىيىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارغۇدەكمىز» دېيىشەتتى. ئاقسارايلىقلار تىزىلىپ بولاي دېگەندە «لەمپە مازار خوجام» دىكى كىچىك هۇجرىدا قونغان راخمان موللام سەپكە ئاران ئۇلگۇرۇپ كەلدى ۋە هالىئېرىقلىق قوشنىسى ئىسمايىل ئاخۇن بىلەن يانمۇيان تىزىلدى. هەر ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرىدىن هەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى. سەپ قوزغالدى. دورغىلار ئىككىدىن سەپ بولۇشقان هاشارچىلارنى چېك دارىن ۋە باشقا بەگلەرنىڭ ئاق ئۆي-چېدىرلىرى جايلاشقان دۆڭگە باشلاپ كېتىۋاتاتتى. دۆڭگە يېقىنلاشقانسېرى ئىش ئايدىڭلاشتى. دۆڭ ئۈستىدە چېك دارىن، ئەپرۇزگۇڭ خوجا، تۇرسۇن بەگ تۇڭچى قاتارلىق كاتتىلار يىغىلىپ تۇراتتى. «تۇۋا خۇدايىم، سالامغا ئەكېلىشكەنلىرى راست ئىكەن-دە، ئەمدى مۇشۇ ئىشى قاپتىكەندە بەگلىرىمنىڭ قىلمىغان، — دەپ ئويلىدى راخمان موللام، — تۇۋا قىلماق كېرەك. تۇۋا قىلماق كېرەك...»

سەپ دۆڭگە، ئاشۇ دۆڭ باغرىدىكى ئېگىز توغراققا يېقىنلاشقانسېرى، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىشكە باشلىدى. باشلار يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلەر توغراق پۇتاقلىرىغا مىختەك قادالدى. توغراق پۇتاقلىرىدا ئېسىپ قويۇلغان ئۈچ ئادەم ساڭگىلاپ تۇراتتى. راخمان موللامنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى.

ھېلىلا كاچكۇلدىن چىققاندەك چىشلىرى چىشلىرىغا جالاقلاپ ئۇرۇلاتتى. ئۇنىڭ تىترەشلىرىنى قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان ئىسمايىل ئاخۇن سېزىپ تۇراتتى. «ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، راخمان ئاخۇن» دەپ شىۋىرلىدى ئۇ. راخمان موللام ياقىسىنى چىشلىۋالدى، يەنىمۇ چىڭ چىشلىدى، لېكىن چىشلىرى ئاجراپ كېتىپ، ھېلىدىن-ھېلىغا بىر-بىرىگە جالاقلاپ ئۇرۇلاتتى.

ئاخشام تارقالغان خەۋەر راست چىققانىدى. ئاتلىق دورغا-ياپىلار ئاقسۇ-كۇچا تەرەپكە قاچقان باللاردىن ئۈچ كىشىنى «تۆزلۈق ئوتاغ» دىنمۇ ياكى «قوشلاش» تىنمۇ، ئەيتاۋۇر يېرىم يولدىن تۇتۇپ چىقىشقانىدى. توغراقتا ئېسىپ قويۇلغانلىرى مانا شۇ يىگىتلەر ئىدى. راخمان موللىلار توغراق ئاستىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ تېخىچە ئەسەبىيلەرچە تىترەپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېسىپ قويۇلغانلارغا زەن سېلىپ قارىدى. جۇۋا-چاپانلىرى سالدۇرۇۋېتىلگەن، ئىچ كۆڭلەكلىرى بىلەنلا ئېسىپ قويۇلغان باللارنىڭ چىرايى سوغۇقتىن تۇمۇردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالغان، ئاپئاق چىشلىرى ئۆز قىسمىتىگە كۈلۈۋاتقاندەك ھىڭگىيىپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى زىڭنىخلىرىدا مۇز بولۇپ قېتىپ قالغان، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاڭلانغان ئاجىز ئىڭراشلىرىدىنلا ئۇلارنىڭ تېخىچە تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. قامچىلانغان بولسا كېرەك، كۆڭلەكلىرىدىن تەپچىپ چىققان قان قارىيىپ كۆرۈنەتتى. راخمان موللام بىر غايىبانە ئامبۇرنىڭ كۇچىدە قىسىلدى. كۆكرەك قەپىسى ھېلىلا يانجىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭىدى. جۇۋىسىنىڭ يەڭلىرىگە قوشتۇرۇۋالغان قوللىرى قوش بولۇپ تاشتەك توڭگولدى. چىشلىرىنىڭ كىرىشىشىدىن زاڭقاقلىرى ياڭاقتەك بۆرتۈپ چىقتى. ئەگەر ئىسمايىل ئاخۇن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغان بولسا، چاقماقتەك ئوتلۇق ئۇچقۇنلارنىڭ

توختاۋسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولاتتى. كىملەردۇ مىشىلداپ يىغلايتتى. كىملەردۇر «ئاھ خۇدا، ئاھ خۇدا» دەپ بوش ئاۋازدا پەرياد ئۇراتتى. ھەممە ئادەمنىڭ زىنىخلىرى ياشتىن ھۆل بولغان ئىدى. سەپ ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلەپ، چىڭ دارىن باشلىق بەگلەر تۇرغان دۆڭنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە بۇيرۇق بويىچە توختىدى. ئارقىدىن كەلگەنلەر دۆۋىلىشىپ توپ ھاسىل بولدى.

— كۆردۈڭلارمۇ، قاچقۇنلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆردۈڭلار-مۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەپرۇزگۈڭ خوجا، — دۆڭدىن — يۇرتىنى گۇللەندۇرۇش ئەمگىكىدىن قاچقانلارنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىش كېرەك. لەمپىنى تولۇق ئېچىپ بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردىن ھېچكىمنىڭ ئايرىلىشىغا رۇخسەت يوق. بۇ چىڭ دارىن جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقى. كىمكى قاچىدىكەن، ئامبال جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇن تولغايدىكەن، ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئوبدان كۆرۈۋېلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئوبدانراق كۆرۈۋېلىڭلار ...

كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى يەرگە تىكىلگەن، توپ جىمجىت تۇراتتى. كىشىلەر قانداقتۇر بىر ئىشنى قىلىشلىرى كېرەكتەك، لېكىن ئاشۇ ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. مانا شۇ چاغدا، ئورۇق، چاچ-ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر بوۋاي توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ چىڭ دارىننىڭ ئالدىغا تىزلاندى.

— دارىن جانابلىرى، باللار مۇزلاپ كېتىپتۇ. ئۆزلىرىدىن ئاشۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن، رەھىم قىلسىلا، دارىن جانابلىرى!

چىڭ دارىن تۇيۇقسىز ئالدىغا تىزلانغان بوۋايغا ھەيران بولۇپ قارىدى. تۇرسۇن بەگ تۇڭچى چىڭ دارىنغا قاراپ ھۆرمەت بىلەن كالدىرلىدى. ئارقىدىن چىڭ دارىن بوۋايغا كالدىرلىدى. تۇرسۇن بەگ تۇڭچى بوۋايغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— سەن قاچقۇنلارنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكچىمۇ؟
— ھەئە، ئاشۇ باللارنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن.
«بەھرام سۈيى» مىڭىدىكىلەرنىڭ توپى ئالدىدىن يەنە بىرقانچە كىشى يەرگە گۈپپىدە تىزلاندى.
— باللارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە، دارىن جانابلىرى!
توپنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرلەپ چىقتى. چىڭ دارىن بىر پەس تۇرۇپ قالدى ۋە كۆزلىرىنى يۇتكەپ بوۋايغا تىكىلدى.
— بۇلار سىنىڭ تۇغقانلىرىڭمۇ؟ — دېدى چىڭ دارىن.
— بۇلار سىنىڭ تۇغقانلىرىڭمۇ؟ — تەرجىمە قىلدى تۇرسۇن بەگ تۇڭچى.
— يوقسۇ، كىچىك باللار بىلمەسلىكتىن قېچىپ ساپتۇ. رەھىم قىلغايلا!
تۇرسۇن بەگ تۇڭچى چىڭ دارىنغا قاراپ نېمىلەردۇ دېدى. چىڭ دارىن كالدىرلىدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق كالدىرلاشتى. چىڭ دارىننىڭ ئاۋازى بارغانچە كۆتۈرۈلۈپ باراتتى. تۇرسۇن بەگ تۇڭچى ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى بوۋايغا چىنەپ تۇرۇپ ياندىكى يايىلارغا ۋارقىرىدى:
— قاچقۇنلارغا يان باسقان مۇنۇ قېرى ئوغرىنى ئەللىك كالتەك ئۇرۇڭلار!
يايىلار خۇددى توشقانغا ئېتىلغان تايغانلاردەك بوۋايغا تاشلاندى. ھەش-پەش دېگۈچە ئۇنىڭ جۇۋىسىنى سالدۇرۇپ، كىيىملىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ مۇزدەك سوغۇق قۇمغا ياتقۇزدى ۋە «بىر! ئىككى! ئۈچ! ...» دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ توڭ توغراق كەسمىسى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بوۋاي تاكى ھوشىدىن كەتكۈچە پەقەت بىرلا ئېغىز سۆزنى تەكرارلاپ تۇردى.
— باللارنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن، بىر قوشۇق قېنىنى ...

بۇ چاغدا راخمان موللامنىڭ غالىلداپ تىترىشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندى. ئەگەر ئىسمايىل ئاخۇن ۋە باشقا «ھالئېرىق» لىقلار ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەپ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ توپ ئىچىدە يۇلقۇناتتى، يۇرتداشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاجراپ چىقىپ ئۆزىنى نەگىدۇر ئاتماقچى بولاتتى. ئىسمايىل ئاخۇن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا «ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىسىلە، ۋاقتى ئەمەس، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا ...» دەپ توختىماي پىچىرلايتتى، بۇ گەپلەر راخمان موللامنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمەيتتى. ئىسمايىل ئاخۇن ۋە باشقىلارنىڭ چىڭ قۇچاقلىۋېلىشىلا ئۇنى تۇتۇپ تۇراتتى.

«بەھرام سۈيى» مىڭمىدىكىلەر چىڭ دارىن بىلەن ئەپرۇزگۈڭ خوجىنىڭ ئىبرەت ۋەزىنى ئاڭلاپ، ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن بوۋاينى كۆتۈرۈپ، «ئىبرەت توغرىقى» نىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا، «ھالئېرىق» لىقلار يەنىلا راخمان موللام بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئارىسىدىن چىقارماي سۆرىگەنچىلىك، كۆتۈرگەنچىلىك قىلىپ ئېلىپ كېتىشتى ...

شۇ كۈنى جۈمە ئىدى. راخمان موللام «مازار خوجام» دىكى كىچىك ھۇجرىغا قايتىپ بارغاندا، سەلىم شەيخ خانىقانىڭ ھويلىسىغا گۈلخان يېقىپ، جۈمەگە كېلىدىغان ھاشارچىلارغا تاھارەت سۈيى ئىسسىتىپ يۈرەتتى. ئۇ راخمان موللامنىڭ قاش-قاپاقلىرىنىڭ ساڭگىلاپ، چىرايىنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سورىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ خاپا كۆرۈنىلىغۇ ...

— نېمە ئىش بولاتتى؟ تىغ سۆڭەككە يەتتى. ئەمدى چىداش مۇمكىن ئەمەس.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئېنىقراق بىر نەرسە دېمەمىلا.

— ھۇجرىغا كىرەيلى، شۇ يەردە سۆزلەپ بېرىمەن.

ئىككىسى ھۇجرىغا كىرىشتى. مورا ئوچاقتا ئوت كۆيۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئوچاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە يۈكۈنۈشتى. راخمان موللام بۇگۈن كۆرگەن ئىشلارنى ئالدىرىماي سۆزلىدى، راست گەپنى قىلغاندا ئالدىرىماي سۆزلەشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىمابتەك تىترەپ تۇراتتى. ئاۋازى، ئوتقا قاقلاۋاتقان قوللىرى تىترەيتتى. كۆز چاناقلىرىغا تولغان ئىسسىق ياشلار تۆكۈلەي-تۆكۈلەي دەپ تۇراتتى. سەلىم شەيخمۇ توغراقتا ئېسىلغان ئۈچ شور پېشانىنىڭ قىسمەتلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

— خۇدا ئاشۇ بالىلارغا ئاسانلىق بەرگەيسەن، ئۇلارنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن ...

— ئۇلار بىزنى توغراقتا ئېسىش بىلەن قورقۇتماقچى. توڭلاپ ئۆلۈش، ئېسىلىپ ئۆلۈش، چېپىلىپ ئۆلۈش ئوخشاشقۇ، ھەزرىتىم، ھەممىسى بىر ئۆلۈم. ھېلىقى قىلىچ-دۇبۇلغىلارنى ئېلىپ بەرسىلە، بالىلار توغراقتا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ...

— نېمە قىلاي دەيلا؟

— ئاشۇ چىڭ دارىن دېگەن زالىمنى ئۆز قولۇم بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىمەن.

— كۆتۈرۈلمەكچىمۇ؟

— ھەئە!

راخمان موللامنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىيلىك جاراڭلاپ تۇراتتى. سەلىم شەيخ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ، شۇ تاپتا ھاشارچىلارنىڭ چوغ ئۈستىگە تاشلانغان شاخ-شۇمبىدەك قۇرۇپ، قىزىپ تەييار بولغانلىقىنى، تېگىگە تاختا گۈگۈتنى تۇتسىلا گۇررىدە ئوت ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇ، ئاشۇ تاختا گۈگۈتنىڭ راستتىنلا تاختا گۈگۈت ياساپ ساتىدىغان مۇنۇ ئادەم بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ

كۆرمىگەنىدى. شەيخ ھەزرەتنىڭ ئىسىگە ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ «بۇ يىل شاھ يەڭگۈشلىنىدىغان يىل» دېگەن گېپى كەلدى ۋە «راخمان موللام پادىشاھلىق تەمەسىدە شۇنداق قارارغا كەلگەنمىكىن؟ پادىشاھلىق ۋەسۋەسىگە بېرىلگەنمىكىن؟» دەپ ئويلاپ قالدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. راخمان موللامنىڭ چىرايىدىن شاھانە نۇر ئەمەس قانداقتۇر بىر خىل تەلۋىلەرچە جەسۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. سەلىم شەيخ خىيال-تەسەۋۋۇرىدا ئۇنىڭغا شاھانە سەرپايلارنى كىيگۈزۈپ، شاھانە تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ باقتى، مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن، ئالتۇن ئوتۇغات قىستۇرۇلغان شاھانە سېرىق سەللە ئانچىۋالا ياراشمىدى. يېرىم ئاي شەكلىدە ياسىتىۋالغان قىسقا ۋە قويۇق ساقاللىرى، چىرايلىق سىم بۇرۇتلىرى ۋە تەلۋىلىك چاقناپ تۇرغان چوڭ-چوڭ كۆزلىرىمۇ پادىشاھلارنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمايتتى. شۇنداقتىمۇ شەيخ ھەزرەت «كارامىتى تولا ئاللا كىمنىڭ بېشىغا ھۇمايۇن قۇشى قوندۇرۇشنى ئۆزى بىلىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ پەرىزىچە، ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ كارامىتى راست چىقىپ، راستىنلا بۇ يىل شاھ ئالمىشىدىغان ئىش بولسا، بۇ گۇڭگۇتچىنى شاھ بولالمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايتتى، ئەمما ئۇ يەنىلا ئەنسىرەپ تۇراتتى. ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋۇجۇدقا چىقىش-چىقماسلىقىدىن، گۇڭگۇتچى موللامنىڭ ھاشارچىلارنى تەشكىللەپ كېتەلەش-كېتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى.

— چىلىڭ دارىنىنىڭ كەلگىنىگىمۇ ھەپتە بولاي دەپ قالدى. بۇگۈن-ئەتە خوتەنگە قايتىپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇ كەتكەندە قوزغالسىلا، ئىش ئوڭۇشلۇقراق بولاتتى. ھاشارچىلارنى تەشكىللەشكىمۇ ۋاقىت چىقاتتى ...

— ياق، ئۇنىڭ كېتىشىگە ساقلىساق توغراقتا ئىسىپ قويۇلغان بالىلار توڭلاپ ئۆلۈپ بولىدۇ. مەن شۇ بۇگۈننىڭ ئۆزىدە چىلىڭ دارىنىنى ئۆلتۈرمەكچى.

— نۇسرەت تۇغى باشلىرىدا لەپىلدىسىلا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قاچانلا بولمىسۇن قولىلىرى يېتىدۇ. ھازىرقى مۇھىم ئىش ...

— بەگلەر «پادىشاھ يەڭگۈشلىنەرمىش» دېگەن گەپنى تارقاتقۇچىنى سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ. يۈزبېشى ماڭا ئەمدى بۇ ھۇجرىدا ئەمەس ھاشارچىلار بىلەن بىللە گۇلخان يېنىدا قونۇشنى ئۇقتۇردى. مەندىن گۇمانلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ. مېنىڭ ئۇلار مېنى توغراقتا ئاسقۇچە ساقلاپ تۇرغۇم يوق. ئاخىرقى نىيەتكە كېلىپ بولدۇم. ھەزرىتىم، ماڭا دۇئا بەرسىلە، زالىملارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇپ تاشلىشىمغا دۇئا بەرسىلە.

— ئۆزلىرى پادىشاھ بولماقچىمۇ ياكى خەلقنى زۇلۇم-زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان مەردانە بولماقچىمۇ؟

راخمان موللام كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ شەيخ ھەزرەتكە قارىدى.

— نېمىلا بولسام مەيلى، پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرىمەن.

— پىكىرداشلار بىلەن ئالاقىلەشتىلىمۇ؟

— ئالاقىلەشتىم. بىزنىڭ «ئاقساراي» دىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلدى. باشقا مىڭلىكلەردىكى ئىشەنچلىك كىشىلەرگە ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇلار جۇمەگە كەتمەن-پالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلمەكچى. نامازدىن كېيىنلا قوزغىلىمىز.

— ئۆزلىرى بەلنى چىڭ باغلىغان بولسىلا، ئاللا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. مەن نامازنىڭ ئاخىرىدا دۇئا بېرىمەن ...

راخمان موللام تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستىگە قەدىمىي تۆمۈر قۇياقلىق ساۋۇتنى كىيدى. قىلىچنى يېنىغا ئاستى. قىلىچ ئاللىقاچان غىلابتىن سۇغۇرۇلۇپ، بىسلىرى پارقىرىتىۋېتىلگەنىدى، تۆمۈر ساۋۇتمۇ پارقىراپ تۇراتتى. بۇ سەلىم شەيخ بىلەن ئىككىسىنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىماي كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. موللام دۇبۇلغىنى بېشىغا كىيىپ كۆردى. دۇبۇلغا سەل چوڭ كەلدى. ئۇ نېمىنىدۇ ئويلاپ

تاغىرىدىن يەنە بىر قىزىل ياغلىقنى چىقىرىپ دۇبۇلغىنى ئۇنىڭغا يۆگەپ قويدى. ساۋۇت ۋە قىلىچنى ئوبدان تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۈستىگە جۇۋىسىنى كىيدى. بېلىنى خام پوتا بىلەن مەھكەم باغلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل نۇر ئۇچقۇندايتتى. تۇرقىدىن غارغا يوشۇرۇنغان ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە ماڭغان كەنجى ئوغۇلنىڭ مەردانىلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قىزىلچىدىن «قۇرئان كەرىم»نى ئېلىپ پېشانىسىگە، لەۋلىرىگە تەگكۈزدى، كۆكسىگە يېقىن تۇتۇپ ئۇزۇن دۇئا-تىلاۋەت قىلدى.

## 5

بۈگۈنكى جۈمە نامىزى ئۈچۈن «لەمپە مازار خوجام» دىكى خانىقاغا ئادەم بەك جىق يىغىلدى. بۇرۇنقى جۈمەلەردە «ئارالچى» ، «شاخلىق» ، «ئىنچىكە» ، «دۆڭكۆل» ، «دەرۋازا يۇلغۇن» لاردىكى ئىش ئورنىدىلا جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ كېلىشكەن تاغ مىڭى، زاۋا مىڭى، كۇيا مىڭى، ماكۇي مىڭى، قاراساي مىڭىنىڭ هاشارلىرىمۇ ئالاھازەل بىرى قالماي كېلىشكەنىدى. بەزى مىڭدىكىلەر توغراققا ئېسىپ قويۇلغان قاچقۇن يىگىتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كېلىپ، چەك دارىن ۋە ئەپرۇزگۈڭ خوجىنىڭ ئىبرەت نۇتقىنى ئاڭلاپ بولۇپلا، ئىش ئورنىغا قايتماي ئۇدۇل خانىقاغا كېلىشتى. جۈمەنى ئايرىم ئۆتەيدىغان ئەپرۇزگۈڭ خوجا قاتارلىق بىرقانچە بەگلەرلا كەلمىدى. جۈمە ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىقادچىلارنىڭ ئېڭىدا، نامازنى كۆپ ئادەم يىغىلىپ ئوقۇسا ساۋابى كۆپ بولىدۇ، سىرتتا — غىلاڭ يەردە ئوقۇغاندىن ئۈستى يېپىق خانىقادا ئوقۇسا ساۋابلىقراق بولىدۇ، دېگەن ئەقىدە ئۈستۈن تۇرغاچقا، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشكەنىدى. هاشارچى جامائەت «مازار خوجام»نىڭ خانىقاسىغا

پاتمىدى. خانىقانىڭ ھويلىسىدىن، ھەتتا سىرتتىكى دۆڭلۈكلەردىن ئورۇن تېپىنىپ ئولتۇرۇشتى. پاكىز يەر بولسىلا بولاتتى. نىيەت ھەممىدىن ئەلا ھېسابلىناتتى. كۆپ كىشىلەر پەقەت جۈمە نامىزىنى ئۆتەش ئۈچۈنلا كېلىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئايرىملار ھاياجان ئىچىدە پىچىرلىشاتتى. كىشىلەر قانداقتۇر بىر ئىشنى كۈتۈپ ھاياجانلىنىشاتتى، ھەيران بولۇشاتتى، بىر-بىرىگە تەئەججۈپ بىلەن تىكىلىشەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، جۈمە ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا خاتىرجەم ۋە ئىخلاس بىلەن ئوقۇلدى. كىشىلەر ئىككى رەكەت «تەھەييىتى مەسچىت» ئوقۇپ، جۈمەنىڭ بىرىنچى ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغدا، خۇدادىن باشقا پۈتۈن ئالەمنى، جاپا-مۇشەققەتلەرنى، غەم-غۇسسىلەرنى، دەرد-ئەلەملەرنى، زۇلۇم-سىتەملەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئۇلۇغ، شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاتائالالا تەڭداشسىز سۈپەتلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. بىرىنچى ئەزاندىن كېيىن تۆت رەكەت پەرز ئۆتەلدى. ئىككى تەرەپكە سالام بېرىلىپ، دۇئا ئوقۇلغاندىن كېيىن كىشىلەر بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلدى. غەم-غۇسسىلىك، جاپا-مۇشەققەتلىك، دەرد-ئەلەملىك تەڭسىز دۇنيادا كىمدۇ بىرى جۈمەگە خاتىپلىق قىلغان سەلىم شەيخنى «قۇرئان كەرىم»دىن دەرس مۇتالىئە قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. شەيخ ھەزرەت تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، « سۈرە ھەج »نىڭ «ئۇزىينەللە زىينە يوقاتەلونە بىئەننەھۇم زۇلىمۇ ۋە ئىننەللاھۇ ئەلانە سىرىھىم لەقەدىيرۇ» دېگەن ئايىتى بىلەن «سۈرە شۇئەرا» دىن «ئىللەللەزىينە ئامەنو ۋە مىلوس سالىھاتى ۋە زەكەدۇللاھ كەسىيرۇۋ ۋەنىمتە سەرۇۋ مىن بەئىدى مازۇلىمۇ ۋە سەيەئلە موللە زىينە زەلەموۋ ئەييەمۇ مۇنقەلەيىي يەن قەلبۇۋنە» دېگەن ئايەتنى دەرس مۇئالىم قىلدى. سۆز ئاللانىڭ زۇلۇمغا

ئۇچرىغۇچىلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىجازەت بەرگەنلىكى، زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى توغرىسىدا كېتىۋاتاتتى. شەيخ ھەزرەت ئايەتنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىپ، ئېنىق ۋە روشەن چۈشەندۈردى. زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى ۋە زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ گۇناھ ئەمەسلىكى توغرىسىدا توختالدى.

ئۇ خۇددى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئادەتتىكىگە ئوخشاش، مۇنداقلا، نامازدىن كېيىنكى بوش ۋاقىتىدىن پايدىلىنىپ دەرس قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ نېمىدىن بېشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى كىشىلەر چۈشىنىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا شەيخ ھەزرەت ئۇزۇندىن-ئۇزۇن دۇئا قىلدى. دۇئا ئاخىرلاشقان چاغدا باش-كۆزلىرىنى قىزىل ياغلىق بىلەن يۆگىگەن، بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇستىگە ساۋۇت كىيگەن بىر ئادەم شەيخ ھەزرەتنىڭ يېنىدا لوڭڭىدە پەيدا بولدى. قولىدا ئۇزۇن مىسران قىلىچ بار ئىدى. جامائەتنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— ئەھلى جامائەت! — دەپ ۋارقىرىدى دۇبۇلغا كىيگەن ئادەم قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — كېچە ماڭا ئاللادىن ۋەھيى كەلدى. ئاللا جەبرائىلنى ئەۋەتىپ، چىڭ دارىن دېگەن زالىمنى ئۆلتۈرۈشنى، بارلىق ھاشار-سەيسىنى، ئالۋان-سېلىقنى يوق قىلىشنى تاپشۇردى. كۆزۈمنى ئاچسام مانا مۇشۇنداق دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ھالدا تۇرۇپتىمەن. قولۇمدا قىلىچ تۇرۇپتۇ. غايىبتىن «زالىملارنى ئۆلتۈر، چىڭ دارىننى ئۆلتۈر!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ...

ئۇنىڭ ئاۋازى خانىقا ئىچىدە گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلايتتى. قىزىل ياغلىق ئوراپ ئوچۇق قالدۇرۇلغان كۆزلىرىدىن ئوتلۇق نۇر چېچىلىپ تۇراتتى. خانىقانىڭ ئىچى گۈلدۈرماما ئالدىدىكى جىلغىدەك جىمجىت ئىدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا نامازغا كەلگەن بەگ-دورغىلاردىن بىرقانچىسى ئەھۋالنى چۈشىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشماقچى بولدى، لېكىن كىملەرنىڭدۇ تەڭلىگەن

چوماقلىرىنىڭ زورىدىن باشلىرىنى ئېگىشتى. دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ئادەم ئاشۇ ياققا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئاللانىڭ ۋەھىيسىنى بەجا كەلتۈرمەسلىك گۇناھتۇر! — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ئادەم، — مەن بۈگۈن زالىملارنى يوق قىلماقچى، چىڭ دارىن دېگەن زالىمنى ئۆلتۈرمەكچى، ھاشار-سەيسىنى مەڭگۈلۈك بىكار قىلماقچى. سىلەر ھازىردىن باشلاپ مەڭگۈ ئازاد. ئاللا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللا بىز بىلەن بىللە، ئاللاھۇئەكبەر!

«ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ قوشۇلدى جامائەت بىردەك ئاۋازدا ئەزان قىچقىرىپ. خانىقانىڭ ئىچى ھەيۋەتلىك ئاۋازدىن تىترەپ كەتتى. ئادەملەر گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەسچىتنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭلىرىدا ئۇر-چاپ باشلىنىپ كەتكەنىدى. قوزغالغان خەلق بىر پەستىلا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بېشىدا ياڭاق چېقىپ كەلگەن بەگ-دورغىلارنى يانجىپ تاشلىدى.

— زالىملارنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ئادەم. ئۇ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. جامائەت ئەگەشتى. ئۇلار مەسچىتتىن چىقىپ ئۇدۇل چىڭ دارىن ۋە ئەپرۇزگۈلۈك خوجىنىڭ كىگىز ئۆيلىرى جايلاشقان دەريا تەرەپتىكى دۆڭگە قاراپ ماڭدى. كىشىلەر توختاۋسىز «ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. مىڭلىغان كەتمەن، پالتا، چوماق كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. كىمدۇ بىرى «لەمپە مازارخوجام» نىڭ خادىسىغا ئېسىپ قويۇلغان، ئايەت يېزىلغان ئاق بايراقنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. غەزەپ بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان ئالامانىنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپئاق چاڭ-توزان ئېگىز كۆككە ئۆرلەيتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىراي كۆرسەتكەن قۇياش كۈلۈمسىرەيتتى ... سەپنىڭ ئالدىدا دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ئادەم قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ باشلاپ باراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا

«ھالئېرىق» لىق يۇرتدىشى ئىسمايىل ئاخۇن، زاۋۇتلۇق ھەسەن ئاخۇن، ياۋۇلىق ناسىرپاۋان، قاراسايلىق مەتتوختى ئاخۇنلار كەتمەنلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېلەتتى. 30-يىللاردا ئەخمەت سەردار نامى بىلەن داڭ چىقارغان «كۆيۈك ئېغىللىق» ئەخمەت قارى، ئازادلىقتىن كېيىن ئابلىمىت داموللا دېگەن ئىسىم بىلەن ئۆزگەرمەس ئەكسىلئىنقىلابچىغا ئايلانغان ياۋۇلىق مەمەت ئاخۇن پىيالىمىنىڭ ئوغلى ھىمىت قاتارلىق ياش يىگىتلەر ئىككى تەرەپتە چوماقلىرىنى ئويىنىتىپ يۈگۈرۈپ باراتتى ...

كىشىلەر دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ئادەمنىڭ ئاقسارايلىق راخمان موللام ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىۋېلىشقانىدى. كىملەردۇر كېتىۋېتىپ «زامان، زامان، راخمان پادىشاھنىڭ زامانى!» دەپ سۈرەن سالاتتى. يەنە بىرلىرى «دەۋران، دەۋران، راخمان پادىشاھنىڭ دەۋرانى! ھاشار-سەيسىز، ئالۋان-سېلىقسىز دەۋران!» دەپ ۋارقىرايتتى. يەنە بىركىملەر «ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ ئەزان قىچقىرىپ كېلەتتى. ئۆمۈرلۈك قەھر-غەزەپ ئاشۇ ۋارقىراشلارغا مۇجەسسەملەنگەندەك، زۇلۇم زەنجىرلىرى پاچاقلاپ تاشلانغاندەك، قەپەس-زىندانلار چېقىپ تاشلانغاندەك، ئەركىنلىك لاچىنى قانات قاققاندەك، ئازادلىق قۇياشى ئاپتاپ چاچقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەگەر شۇ تاپتا، مۇشۇ ئالامانىنىڭ ئالدىغا ھەرقانداق رەزىل كۈچ ئۇچرىسا چەيلەپ تاشلىناتتى. ئۇلارنى توسۇق-قورغان، سېپىل توسۇپ قالالمايتتى.

كەتمەن-پالتا، كەكە-تىۋەزىن، تاياق-توقماق، كەسمە-چوماق-لارنى كۆتۈرگەن ئالامان چىڭ دارىبىلارنىڭ چېدىرگاھىغا بېسىپ بارغاندا، جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ۋارقىراشلار ۋە ئاسمان-پەلەككە ئۆرلىگەن چاڭ-توزاندىن ئاللىقانداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن دارىبى جانابلىرى قاما جۇۋىسىنىمۇ، پۆپۈكلۈك تەقىيىسىنىمۇ كىيىشكە ئۈلگۈرمەي، ياۋىداق ئاتقا مىنىپ دەرياغا چۈشۈپ بولغانىدى. ئارقىسىدىن ئەپرۇزگۈك خوجا

ۋە چىڭ دارىنىڭ خاس يايىلىرىمۇ قېچىپ كېتىپ باراتتى. بەزىسى ئاتلىق، بەزىسى پىيادە ئىدى. راخمان پادىشاھ ياش يىگىتلەرنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار قوغلاپ، پىيادىلەرنى چوماقلاپ، ئاتلىقلارغا يېتىشەلمىدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغىچە قوغلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدى. راخمان پادىشاھ زالىم چىڭ دارىنىنى ئۆلتۈرەلمىگىنىگە ئۆكۈندى. ھاشارچىلارمۇ پۇشايمان قىلىشتى. لېكىن ئۇلاردا ئۇنى بەربىر بىر كۈنى ئۆلتۈرۈشكە، ئۆلۈكىنى خوتەندىكى ھېيتكاھقا ئېسىپ سازايى قىلىشقا ئىشەنچى بار ئىدى. غەزەپلەنگەن ئالامان چىڭ دارىنىڭ چېدىرگاھىنى ئۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ قاما جۇۋىسىنى پارچە-پارچە قىلىپ يىرتىپ، پۆپۈكلۈك تەقىيىسىنى يانچىپ چەيلىدى. توغراقتا ئېسىپ قويۇلغان يىگىتلەرنى قۇتقۇزدى. بۇ چاغدا كىملەردۇ بەگ-يايىلار تاشلاپ قاچقان ئاتلاردىن بىرىنى ئېگەرلەپ راخمان پادىشاھنى مىنگۈزۈپ قويغانىدى.

— قاراقاشنى پەتىھ قىلىش ئۈچۈن ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى راخمان پادىشاھ قىلىچىنى جەنۇبقا سوزۇپ.

ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن زەنجىر-كىشەنلەرنى ئۈزگەن، ئۆز ئىختىيارىنى ئۆز قولىغا ئالغان ئالامان قاراقاش تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. راخمان پادىشاھ ئاتلىق ھالدا ئەڭ ئالدىدا باشلاپ باراتتى. ئۇ ئات ئۈستىدە خۇددى چىن تۆمۈر باتۇردەك ھەيۋەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئالامان ئاشۇ يۈرۈشىدە «كۆيۈك ئېغىل»، «سەككىز پارچە»، «ئىمامى ئەسكەر»، «خانلىق ئېرىق»، «چاھار باغ»، «ئاتبېشى»، «ئاراباغ»لاردىن ئۆتۈپ ئەتىسى سەھەرگە يېقىن قاراقاش بازىرىغا يېتىپ چىقتى ۋە قاراقاشنى پەتىھ قىلدى. ئەمەلىيەتتە پەتىھ قىلدى دېگىلى بولمايتتى. لەمپىگە كىرمىگەن بەگ-دورغىلار نەلەرگىدۇ قېچىپ كېتىشكەنىدى. راخمان پادىشاھ ھېچقانداق قارشىلىقسىز سېپىلغا كىرىپ، ئەپرۇزگۈك خوجىنىڭ بەگ مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى، ئىشكاپىنى چېقىپ بەگلىك

تامغىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ساڭنى ئاچتۇردى. ئۇ راستتىنلا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندەك قىلاتتى.

## 6

بىر ئۆرۈمە توم قارا چېچىنى بويىنىغا يۆگىۋالغان چىلڭ دارېن ياۋىداق ئاتقا مىنىپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى، ئارقىسىغا زادىلا قارىمايتتى، قارىغۇدەك جۈرئەتمۇ يوق ئىدى. ئېڭىدا، بۇرۇلۇپ قارىسىلا قوغلاپ كېلىۋاتقان سەكسەن قوللۇق دېۋىنىڭ بەھەيۋەت چاڭگاللىرىغا چۈشۈپ قالىدىغاندەك، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغاندەك، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىمىسىلا نىجاتلىق قىرغاقلىرىغا يېتەلەيدىغاندەك تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇ ئاتنى توختىماي دېۋىتەتتى، شاپىلاقلاپ ئۇراتتى. ساداقتىن چىققان يا ئوقىدەك سوزۇلۇپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياقلىرى مۇزغا، توڭ دەريا قىنىغا ئۇرۇلۇپ تاقىلدايتتى، ئۇزۇن قۇيرۇقلىرى ھاۋادا يېيىلىپ ئۇچاتتى. چىلڭ دارېننىڭ قۇلاقلىرىدا ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئەمەس بەلكى يىراقتىن چىقىۋاتقان «ئاللاھۇئەكبەر!»، «ئۇر!»، «چاپ!» سادالىرىلا جاراڭلايتتى. مېڭىسىدە قېچىش، قېچىش، تېزرەك قېچىشتىن ئىبارەت بىرلا ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرەتتى: ئۇ شۇ تاپتا ئاتنىڭ قانات چىقىرىپ دۇلدۇلغا ئايلىنىشىنى، سامادا پەرۋاز قىلىپ قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان لەمپىدىن يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشىنى خالايتتى. يۈرىكىنىڭ گېلىغا قاپلىشىپ نەپەس ئالالمايۋاتقانلىقىنى، ياۋىداق ئاتنىڭ بىلەيدەك قاتتىق ئومۇرتقىسىغا چېقىلىپ زېدە بولغان كۆتىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەريا قىنىنى توغرا كېسىپ قارشى قىرغاقتىكى «سېغىزكۆل»، «چىگىلىك» تەرەپكە ئەمەس قىيپاچ

ھالدا يىراقتىكى «توڭگۇزلۇق»قا قاراپ قېچىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى، پەقەت يولۇاسنى كۆرگەن توشقاندەك قاچاتتى، قاچاتتى، قاچاتتى ...

چىڭ دارىن بەكمۇ ئۇزۇن قاچتى، ئارقىسىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئاستىدىكى ئاتنىڭ ئاستىلاپ قالغانلىقىغا ئاچچىقلىناتتى، ئاتنى بار كۈچى بىلەن دېۋىتەتتى، ئالىقىنى، مۇشتى بىلەن ئۇراتتى. ئۇ ئاشۇ قېچىشىدا دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا چىقتى. يېقىنلا يەردە قويۇق توغراق ئورمانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىڭ دارىن ئورمانلىق ئىچىگە يوشۇرۇنسامىمىكىن، دەپ ئويلاۋاتقان چاغدا، ئارقىسىدىن — يېقىنلا يەردىن چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— دارىن جانابلىرى، دارىن جانابلىرى!

ئاۋاز تونۇش ئىدى. دارىن قېچىۋاتقاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. يېقىنلا يەردە تۇرسۇن بەگ تۆگچى ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى كۆرۈپ چىڭ دارىننىڭ يۈرىكى سەل قېپىغا چۈشتى، ئاتنىڭ چېپىشىنى ئاستىلاتتى، لېكىن توختىمىدى.

— دارىن جانابلىرى، توختىسىلا، ئۇلار ئەمدى يېتىشەلمەيدۇ، توختىسىلا ...

چىڭ دارىن توغراقلىقنىڭ ئىچىگە كىرگەندە توختىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئاتنىڭ چاپقۇدەك ماجالى قالمىغان، بۇرۇنلىرى كېپىشتەك كېرىلىپ، پۇشۇلداپ نەپەس ئالاتتى، ياۋىداق تېنىدىن قويۇق هور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. تۇرسۇن بەگ تۆگچى يېتىشىپ كەلدى.

— ئۇلار ئەمدى يېتىشەلمەيدۇ، دارىن جانابلىرى، ئەمدى يېتىشەلمەيدۇ.

— نېمە ئىش بولدى؟

ئەپرۆزگۆك خوجا بىلەن يەنە ئىككى يايى يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ ياۋىداق بولۇپ قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

— باشقىلار قېنى؟ — چىڭ دارىن ئەپرۆزگۆك خوجىدىن سورىدى.

— ئاتلىنىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەرنى چوماقلاپ ياتقۇزۇۋېتىشتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغىچە قوغلاپ كېلىپ توختاپ قېلىشتى ...

— ماڭايلى.

— ماڭايلى.

ئۇلار قوزغالدى. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئاتلارنى يېتىلەپ «توڭگۈزلۇق» تىكى قويۇق ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، قۇمغا كىردى. ھەممىسىنىڭ كۆتلىرى ئېچىشىپ تۇراتتى. بەش كىشىنىڭ ھەممىسى جۇۋىلىرىنى كىيىشكە ئۈلگۈرمىگەن، قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ تۇراتتى. ئەپرۆزگۆك خوجا بىلەن تۇرسۇن بەگ تۇڭچى مەسلىھەتلىشىپ، «سېرىغىز»، «چاتاق» ئارقىلىق مېڭىش تەكلىپىنى بېرىۋىدى، چىڭ دارىن رەت قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە «چەنتۇلار ھەممە يەردە، بىرلا ۋاقىتتا قوزغالغانمىكىن» دېگەن گۇمان بار ئىدى. شۇڭا يەنىلا ئادەمسىز قۇملۇق بىلەن مېڭىشنى قارار قىلىشتى. كېچىلەپ قۇمدىن ئۆتۈپ، «يېڭى ئېرىق» نىڭ ئايىغى بىلەن «قوشكۆل» ، «ياپىلاق» لار ئارقىلىق مېڭىشتى ۋە ئەتىسى كەچكە يېقىن، سىرتتا قالغان زەدەكتەك مۆزلىغان، ئاچقان، ھارغان ھالدا خوتەننىڭ ئايىغىدىكى «توپچا» غا تۆتاش شورلۇققا يېتىپ كەلدى. شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ئۇقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىككى يايى ھاجى تۇڭلىڭ باشلىق ئەمەلدارلارنى باشلاپ ئالدىغا كەلگەنىدى. ھاجى تۇڭلىڭ خوتەننىڭ باش ھەربىي ئەمەلدارى ئىدى. ئۇلار بۇگۇن چۈشتىن كېيىنرەك قاراقاشتىن قېچىپ كەلگەن يايىلاردىن ۋەقە چىققانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، ئالدىن

ئەۋەتىلگەن ئىككى يايى يېتىپ بېرىپتۇ ... چىلىڭ دارىن ھاجى تۇغلۇقنى كۆرۈپ، «چەنتۇ» لارنىڭ زەھەرلىك قولىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ ئاغرىپ قالغانىدى، لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى. باشقا ئەمەلدارلار «قاتتىق توڭلاپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق بولغان، ئىسسىسا، ئىسسىق شورپا ئىچسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلاشتى ۋە ئۇنى ئىسسىق جۇۋىلارغا ئوراپ، جوغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىشتى. لېكىن چىلىڭ دارىن ئىسسىغاندىن كېيىنمۇ ئوڭشالمىدى. ئوت-كاۋاپ بولۇپ، ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ، ئاغزىغا ئۇرچۇق چىقىپ يېتىپ قالدى. ھاشارچىلارنى مۇزلاتقان سوغۇق دارىن جانابلىرىغىمۇ ئوبدانلا تېتىپ قويغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ھاجى تۇغلۇق قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئابدال-قەلەندەر بولۇپ ياسانغان كۆز-قۇلاقلارنى ئارقىمۇئارقا قاراقاشقا ماڭدۇردى. «قاراقاشقا بېسىپ كىرگەن ھاشارچىلار تارقىلىپ كېتىپتۇ، بەگ ئوردىسىدا راخمان گۇگۇتتىن باشقا ھېچكىم قالماپتۇ» دېگەن خەۋەرلەرنى ئالدى ۋە ئىشىنەلمەي يەنە كۆز-قۇلاق ماڭدۇردى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەر ئوخشاش ئىدى. ئادەمنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. كۆز-قۇلاقلارنىڭ دېيىشىچە، ھاشارچىلار بەگ ئوردىسىنى بۇلاپ-تالىغانىمىش. ساقنى ئېچىپ باج-سېلىق ئۈچۈن يىغىلغان ئاشلىقلارنى ئۈلىشىۋالغانىمىش. ئۇنىڭدىن كېيىن تارقىلىپ كەتكەنىمىش. كەتكىلى ئۇنىمىغانلىرىنىمۇ راخمان گۇگۇت كېتىشكە دەۋەت قىلغانىمىش. راخمان گۇگۇت بەگ ئوردىسىدا يالغۇز پادىشاھلىق قىلىۋاتقانىمىش ...

لەمپىدە غەليان بولۇپ ئالتىنچى كۈنى ھاجى تۇغلۇق تۆت يۈز نەپەر چېرىك بىلەن قاراقاشنى قايتۇرۇۋېلىپ، بەگ ئوردىسىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان راخمان گۇگۇتنى تۇتتى. ئۇنىڭ لەمپىدە پادىشاھ بولغىنىدىن تارتىپ تۇتقۇنغا ئايلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا

ئارانلا ئالته كۇن ۋاقىت ئۆتكەنىدى. چىرىكلەر بەگ ئوردىسىغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇ يەنىلا ئاشۇ دۇبۇلغا-ساۋۇتلىرى بىلەن قولىدا قىلىچ تۇتقان هالدا ئولتۇراتتى، قارشىلىقمۇ قىلمىدى. پەقەت ئاچچىق كۇلۇمسىرەپ قويدى. چىرىكلەر لەمپىدە چوماقلانغان بەگلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن يۇرتمۇيۇرت ئىزدەپ يۇرۇپ يەنە ئون ئالته كىشىنى تۇتتى. تۇتۇلغانلار ئىچىدە غەليانغىمۇ قاتناشمىغان هەتتا لەمپىدىكى هاشارغىمۇ بېرىپ باقمىغان كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار بەگلەر كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۇچۇنلا تۇتۇلدى. قاراقاشقا بېسىپ چىقىپ، بەگ ئوردىسىنى پەتىھ قىلىشقا قاتناشقان يەتمىش-سەكسەندەك ئادەمنىڭ باشقىلىرى گۇما-پىيالما، ئاقسۇ-كۇچا تەرەپكە قېچىپ كېتىشكەن ياكى نەلەرگىدۇ يوشۇرۇنۇۋېلىشقانىدى. راخمان پادىشاهنىڭ هاشارنى بىكار قىلىشى بىلەن لەمپىدىن تارقىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېرىم يولغىچە چىققان باشقا كىشىلەرنى بولسا، چىرىكلەر نېمىشقىدۇر تۇتمىدى ...

تۇتقۇنلار خوتەنگە هەيدەپ كېلىنگەن كۇنلەردە، چىڭ دارېن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن، لېكىن تېخىچە يۆتىلىپ يۇرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ راخمان گۇگۇتنى ئۆزى بىۋاسىتە سوراق قىلدى. ئۇ چاغلاردا هازىرقى خوتەن «گۇلباغ سودا مەركىزى» نىڭ ئورنىدا ئوچۇق سوراقخانا بار ئىدى. سوراق شۇ يەردە ئېلىپ بېرىلدى.

— نېمە ئۇچۇن ئىسيان كۆتۇردۇڭ؟ — دەپ سورىدى چىڭ دارېن.

— نېمە ئۇچۇن ئىسيان كۆتۇردۇڭ؟ — دەپ ئۆرىدى تۇرسۇن بەگ تۇڭچى.

— سېنى ئۆلتۇرمەكچىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى راخمان گۇگۇت.

— ئۆزلىرىگە قەست قىلماقچىكەن، — دەپ تەرجىمە قىلدى تۇرسۇن بەگ تۇڭچى.

سوراق، قىيىن-قىستاق بىر ئاي داۋام قىلدى. چىلاڭ دارىن بىلەن راخمان گۇگۇتنىڭ سوراق-جاۋابى ئاشۇنىڭدىن نېرىغا ئۆتمىدى. نېمىلا دەپ سورالسۇن، راخمان گۇگۇت بىرلا ئېغىز «سەن زالىمنى ئۆلتۈرمەكچىدىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئاخىرقى قېتىملىق سوراقتا چىلاڭ دارىن ئۇزاق يۆتەلگەندىن كېيىن:

— گۇناھىڭغا توۋا قىلامسەن؟ — دەپ سورىدى راخمان گۇگۇتتىن.

— گۇناھىڭغا توۋا قىلامسەن؟ — دەپ ئۆرىدى تۇرسۇن بەگ تۇڭچى.

— تىرىكلا بولسام، سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى راخمان گۇگۇت.

— ھاياتلا بولسا، ئۆزلىرىگە قەست قىلىدىكەن، — دەپ تەرجىمە قىلدى تۇرسۇن بەگ تۇڭچى. شۇنىڭدىن كېيىن سوراق ئېلىپ بېرىلمىدى. دارىن جانابلىرى غەلىيانچىلارنى قانداق جازالاش توغرىسىدا ئويلىنىشقا كىرىشتى. شۇ ئارىدا راخمان گۇگۇت ۋە باشقا تۇتقۇنلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، مەسۇمخان ھەزرەت ھاجىم، قاۋۇل ئاخۇن باي، مەتنىياز ھاجىم مەۋلىۋى، ئوبۇلقاسىم ھەزرەت، ئىسمايىل موللام كارامەتچى، تۇردى خەلپە ھاجى قاتارلىق قاراقاشنىڭ ئۆلىمالىرى ئىككى چارەك ئالتۇن، بەش چارەك كۈمۈش ۋە باشقا نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ، كەچۇرۇم تىلەپ چىلاڭ دارىننىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ئىككى كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان مەسۇمخان ھەزرەت ھاجىمنى ئوتتۇرانچى ئوغلى غۇلامىدىن سوبىتىللاخان يېتىلەپ-يۆلەپ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار غەلىيانچىلارنى خام سۇت ئىچىپ چوڭ بولغانلىقىنى، «پوق يەپ» سالغانلىقىنى، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇپ سالغانلىقىنى، گەرچە غەلىيان بولغان بولسىمۇ قان تۆكۈلمىگەنلىكىنى شېپى كەلتۈرۈپ، چىلاڭ دارىندىن تۇتقۇنلارنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. كۆپ شېرىن-سۇخەن سۆزلەر بىلەن دارىن جانابلىرىنى ئېرىتىشكە

تىرىشتى. چىڭ دارىن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى، سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلدى. ئارىغا چۈشكىچىلەرگە ئۈمىدلىك، شېرىن-سۆخەن جاۋابلارنى بېرىپ ئۈزىتىپ قويدى. كۆپ ئۆتمەي دارىن جانابلىرىنىڭ شەپقەت-مېھرىبانلىقلىرىمۇ ئايان بولدى. ئون تۆت كىشىگە ئالدى يىگىرمە يىللىقتىن كەينى ئون بەش يىللىققىچە زىنداندا يېتىش جازاسى بېرىلدى. راخمان گۆكۈت قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ بولسا، مويتۇڭزىدا بېشى كېسىلدى ...

نۆكەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دارىن جانابلىرى بۇيرۇغان چېرىكلەر راخمان گۆكۈتنى «هالئېرىق»قا يەتكۈزۈپ بەرگەنمىش. «هالئېرىق»نىڭ تاشلىق كوچىلىرىدا، راخمان گۆكۈتنىڭ پۇت-قوللىرى چېتىلغان تۆت ئات تۆت تەرەپكە شۇنداق چاپقانمىشكى، راخمان گۆكۈتنىڭ گۆش-سۆڭەكلىرى قاقتەك، ياڭاقتەك، مۇشتتەك پارچىلىنىپ، تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەنمىش. ئەلۋەتتە بۇ كۆرگەنلەردىن ئاڭلىغانلارغا، ئاڭلىغانلاردىن بىزگە يېتىپ كەلگەن گەپ. ۋەھالەنكى، راخمان گۆكۈتنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، خوتۇن، بالا-چاقىلىرى نەچچە كۈنلەرگىچە يولدىن گۆش تېرىپ، سۆڭەك يىغىپ، تاپالىغانلىرىنى هازىرقى ئاقساراي يېزىلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدىكى زاراتگاھلىققا دەپنە قىلغانلىقى بولسا راست ئىش.

## 7

مانا شۇنداق قىلىپ، ئەنە شۇ زۇلۇم ۋە ئەنە شۇ غەليان سەۋەبىدىن، بۇنىڭدىن توپتوغرا سەكسەن يىل بۇرۇنقى بىر قېتىملىق چۆلنى بوستان قىلىش ئەمگىكى توختاپ قالدى.

«لەمپە» دېگەن جاي جاڭگال دېگەن نامدىن قۇتۇلالماي قالدى. راخمان پادىشاھنىڭ تۇتقۇنغا ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر «لەمپە مازار خوجام»غا يېتىپ كەلگەندە، سەلىم شەيخ ھەيران قالدى ۋە نېمىدىنىدۇر ئەنسىرەپ، خۇرجۇننى يۈدۈپ ئاقسۇ تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ «بۇ يىل شاھ ئالمىشىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ راست چىقماي قالغانلىقىدىن ھەيران ئىدى. ئۇنىڭچە، ئالتە كۈن پادىشاھ بولۇشنى پادىشاھ ئالمىشىش دېگىلى بولمايتتى. روشەنكى ئۇ، شۇ يىلى چارروسىيىدە «ئاق پاشا» نىڭ، گېرمانىيىدە ۋىليام II نىڭ، ئاۋسترو-ۋېنگىر ئىمپېرىيىسىدە ھابۇسبورگ پادىشاھنىڭ، تۈرك ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە سۇلتان مۇھەممەت V نىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى، ئاشۇ دۆلەتلەر ۋە يېڭى مۇستەقىل بولغان پولشا، بولغارىيە، چېخ-سلوۋاكىيە، يۇگوسلاۋىيە، ئىسلاندىيە، سۈرىيە، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردە يېڭى پادىشاھلارنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەتتا ئۆز يۇرتىنىڭ يېقىنىدىكى بۇخارادا «بۇخارا ئەمرى»نىڭ، خىۋە خانلىقىدا خىۋە سۇلتانىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى، ئافغانىستاندا ھىبىبۇللاخاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ ئامانىللاخاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاستانىسىدا بولسا، يۈەن شىكەينىڭ ئۆلۈپ، لۈي يۈەنخۇڭنىڭ زۇڭتۇڭ بولغانلىقىنى، جاڭ شۈننىڭ لۈي يۈەنخۇڭنى قوغلاپ، دۈەن چىرۈينىڭ ھوقۇق ئىگىلىگەنلىكىنى، «راۋاقتا ھەر كۈنى بىر بايراق ئالمىشىپ تۇرغان»لىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر بىلگىنىدە ئىدى، ھېلىقى ھىندىستان تەرەپتىن ئۆتكەن ئەۋلىيانىڭ «بۇ يىل شاھ ئالمىشىدىغان يىل» دېگەن كارامەتلىك سۆزىدىن زادىلا گۇمانلانمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ يەنە ئاشۇ دۆلەتلەردە «پادىشاھ ئالماشتۇرۇش» لارنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا، «شاھ يەڭگۈشلەش» ئۇچۇن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى، راخمان پادىشاھنىڭ نەدە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنىمۇ بىلىۋالغان بولاتتى...

سەلىم شەيخ «خوتەن قەيسىي يولى» بىلەن كېتىۋېتىپ ئۆز- ئۆزىگە: «ھەي، لەمپە مازار غوجامدا ھېچكىم قال

مىدى ... » دەپ ھەسرەت چەكتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەسرەت چېكىشى ئورۇنسىز ئىدى. لەمپە ئادەمسىز قالمىغانىدى. راخمان گۆگۆت غەلىيان كۆتۈرۈپ «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھلىق» نى باشلىغان كۈنى، ئەپرۇزگۇڭ خوجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىڭ دارىن يەيدىغان ياۋا توڭگۇزغا قاپقان سېلىش ئۈچۈن «كاۋاك» تەرەپكە كەتكەن ئوتتۇز ياشلىق سەئىد دېگەن يىگىت لەمپىدە چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇمۇ ھەيران ئىدى. يېرىم تۈمەندىن ئارتۇقراق ھاشارچىنىڭ يەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ياكى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيران بولاتتى. كېچە چىققان بوراندىن كېيىن لەمپىدە ئىنسان ئىزى قالمىغان، ھەممە ياقتا ياۋا توڭگۇزلار خارتىلداشقا باشلىغان ئىدى. سەئىد لەمپىدە تۇرۇپ قالدى، كېيىنرەك ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىزدەپ كىرىپ، كەنتكە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ئۇنىمىدى. ئۇ چىڭ دارىن تېخى ھاشار تۈگىگەنلىكىنى ئېلان قىلمىدى، دارىن جانابلىرىنىڭ ئىجازىتىسىز لەمپىدىن چىقىپ كەتسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. كېيىنكى چاغلاردىمۇ دارىن جانابلىرىدىن ئۇقتۇرۇش كەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە لەمپىدە تۇرۇپ قالدى. لېكىن يالغۇز ئادەم نېمە قىلالايتتى؟ ئۇ لەمپىنى ئۆزلەشتۈرەلمىدى، سۇ باشلاپمۇ كېلەلمىدى، گۈل-گۈلىستانغىمۇ ئايلاندۇرالمىدى، لەمپە يەنىلا جاڭگال پېتى قېلىۋەردى. لەمپىنىڭ ئېچىلىپ، ھەقىقىي گۈزەل يۇرتقا ئايلاندۇرۇلۇشى بولسا، كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشتى. «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ» نىڭ غەلياندىن توپتوغرا قىرىق يىل ئۆتكەندە، ئەينى چاغدىكى «يۇقىرى ئۆرلەش» كوممۇناسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇۋەلى ھېلىمقۇل تۇخۇلا تەۋەسىدىن ئىككى مىڭ بەش يۈز نەپەر ئەمگەكچىنى باشلاپ كىرىپ، لەمپىنى قايتىدىن ئاچتى. ئۇلار باراقسان توغراقلار قاپلاپ، قۇملار دۆۋىلىنىپ، قاچاندۇ بىر چاغلاردا يەر ئېچىلغانلىقتىن ھېچقانداق ئىزنا قالمىغان بۇ جاڭگالدا ئادەم

بالىسىنى ئۇچرىتارمىز دەپ ئويلاشمىغانىدى، لېكىن يەنىلا چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن يەتمىش ياشلىق سەئىد بوۋاينى ئۇچراتتى. ئۇ تېخى گەپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، بوز يەر ئاچقۇچىلارنى كۆرۈپ: «سىلەرنى چىڭ دارېن ئەۋەتتىمۇ؟» دەپ سورىدى، ئەپرۇزگۈل خوجىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم چۈشەنمىدى. ئەمگەكچىلەر «بىز يۇقىرى ئۆرلەش كوممۇناسىنىڭ ئەزالىرى» دەپ جاۋاب بەردى. سەئىد بوۋايمۇ بۇ گەپنى چۈشەنمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا لەمپىنى ئېچىش ئەمگىكىگە قاتناشتى. ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا راخمان گۈگۈتقا ئوخشاش تەلۋىلەر بولمىغاچقا، لەمپە خاتىرجەملىك ئىچىدە ئېچىلىپ، جەننەتتەك گۈزەل بوستانلىققا ئايلاندۇرۇلدى.

# ئاھ، قېرىندىشىم

ئۈچ دەرىجە يۇقىرىدىكى باشلىقىم بەشىنچى ئوغلىنىڭ سۈننەت توينى ئۆتكۈزگەندە، بىۋاستە باشلىقىم مېنى ئاشۇ تويدا خىزمەت قىلىشقا بەلگىلىدى. مەن خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۆزۈمنى خۇددى بېشىمغا ھۇما قۇشى قونغاندەك ھېس قىلاتتىم. بۇ ھەقىقەتەنمۇ مەن ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئىدى. مەن ئاشۇ بىر كۈنلۈك خىزمەت جەريانىدا، لېگەن-تەخسىلەرنى كۆتۈرۈپ، توختىماي چېپىپ، ھەممىگە كۈلۈمسىرەپ، ھەممىگە تەزىم قىلىپ ئايىغىمنىڭ شامالدەك چاققانلىقىنى، قولۇمنىڭ گۈل كەلتۈرگۈدەك ئەپچىللىكىنى، خۇش پېئىل-خۇش ئەنداز ئىكەنلىكىمنى، ئومۇرتقامنىڭ يىلاندەك ئەۋرىشىملىكىنى ... ھەممىنى نامايان قىلالايتتىم. ئەگەر ئاشۇ خۇسۇسىيەتلىرىم ئۈچ دەرىجە يۇقىرىدىكى باشلىقىمنىڭ نەزىرىگە، يەنى ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار كۆز نۇرلىرىغا سەل-پەللا ئىلىنىشىپ قالسا، بۇ خۇددى بېشىمغا بەخت قۇشى قونغاندەك ئىش بولاتتى. شۇڭا بىۋاستە باشلىقىمنىڭ تاپشۇرۇقىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم.

بۇ يەرلەردە توي-تۆكۈن چوڭ شەھەرلەردىكىدەك زال ياكى رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. توي ئۆتكۈزگۈچىنىڭ ئايۋان سارايلىرىغا ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ھويلا، ئۆيلىرىگە زىلچا-گىلەملەر سېلىنىپ، مېھمانلار ئەنە شۇ يەرلەرگە باشلىنىدۇ. توي ئىگىسى ۋە ئۇنىڭ سالاپەتلىك ھەمراھلىرى كوچىدا — دەرۋازىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇشۇپ، مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ. مەخسۇس مېھمان باشلىغۇچى مېھمانلارنى توي ئىگىسىنىڭ ئالدىن

تەييارلانغان ئايۋان سارايلىرىغا باشلاپ كىرىدۇ. توي ئىگىسى پەقەت پەۋقۇلئاددە ھۆرمەتلىك مېھمان كەلگەندىلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى باشلايدىغان ئۆيگىچە كىرىدۇ ۋە ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن چىقىپ كېتىدۇ. باشقا چاغلاردا مېھماننىڭ يېنىغا يولىمايدۇ. ئۇلارنى كۈتۈش — قولىغا سۇ بېرىش، چاي تۇتۇش، داستىخان سېلىش، ئاش-پولۇ توشۇش، داستىخان يىغىشتۇرۇش، مېھماننىڭ دۇئاسىغا قول كۆتۈرۈش ... لەرنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە تەشكىللەنگەن ئايىغى چاققانلارنىڭ ۋەزىپىسى.

مەن توي كۈنى ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىمنىڭ ئۆيىگە سەھەردىلا يېتىپ باردىم. مەن ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ، ئايىغىمنىڭ چاققانلىقىنى ھەممىدىن بۇرۇن نامايان قىلماقچى، ئېگىلىپ تۇرۇپ تەزىم قىلماقچى ۋە باشلىقىمنىڭ نەزىرىگە ھەممىدىن بۇرۇن ئېلىنماقچى، ھېچبولمىغاندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالماقچىدىم. لېكىن يەنىلا كېچىكىپ قاپتىمەن. باشلىقىمنىڭ ئازادە ھويلىسىدا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەۋاتقانلار ۋە ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تەرەپ-تەرەپكە يۈگۈرۈپ چېپىۋاتقانلار ئاللىقاچان ئون بەش-يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتكەنىكەن. ئۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم نېمىدىندۇ ئازار يېگەندەك بولۇپ قالدى. كىمدۇر بىرى قولۇمدىكى ناننى تارتىۋېلىپ يەۋېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. شۇنداقتىمۇ «يەنە پۈتۈن بىر كۈن بار، ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشكە، ئۆز ئىقتىدارىڭنى نامايان قىلىشقا يەنە ئۈلگۈرەلەيسەن» دەپ ئۆز كۆڭلۈمگە تەسەللىي بەردىم، تەشكىللىگۈچى ھەر ئىككى ئادەمنى بىردىن گۇرۇپپا قىلىپ مېھمانلار باشلىنىدىغان ئۆيلەرگە تەقسىم قىلىشقا باشلىدى، ھەممىسىگە ۋەزىپە تەقسىم قىلىندى، پەقەت مەنلا ئېشىپ قالدىم، قۇلىقىم خۇددى ھازىرلا «سىزگە ئىش يوق، سىز قايتىپ تۇرۇڭ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىغاندەك يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. بۇنداقتا ھەممە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىم، بىۋاسىتە باشلىقىم مۇشۇ

خىزمەتكە تەيىنلەنگەن چاغدا قانات يايغان شېرىن خىياللىرىم، ھەممىسى يوققا چىقاتتى. مەن «ھېچبولمىغاندا مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن يېنىپ چىققان لېگەن-تەخسىلەرنى يۇيۇش ۋەزىپىسىنى بولسىمۇ بەرسىچۇ» دەپ ئويلىدىم. ئاشۇ چاغدا تەشكىللىگۈچى: «ئۇكام، سىز قولىڭىزغا دەپتەر-قەلەم ئېلىپ، ئەكېلىنگەن سوۋغا-سالاملارنى تىزىملاشقا مەسئۇل بولۇڭ» دەپ قالامسۇ، ئۆز قۇلىقىمغا ئىشىنەلمەي قالدىم. ئىشەنمەي دېسەم، راستتىنلا دەپتەر-قەلەمنى قولۇمغا تۇتقۇزۇشتى. ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىمۇ ئۇلۇغۋارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، سالاپەت بىلەن باش لىڭشىتىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەشەمەتلىك سۈننەت تويىنىڭ ھۆرمەتلىك كاسسىرىغا ئايلىنىپ قالدىم، خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتمايتتى. سىز بىلمەيسىز، كاسسىرلىق دېگەن ئىدارە، ئورگان، زاۋۇت-كارخانىلاردىلا ئەمەس، توي-تۆكۈنلەردىمۇ ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ. تويغا كەلگەن ئەڭ ھۆرمەتلىك مېھمانمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر دوقۇرىماي، ئۇنىڭ تىزىملىشىدىن ئۆتمەي قايتىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ بارلىق سوۋغا-سالاملارنى رەتلىك تىزىملاپ، توي ئاخىرىدا توي ئىگىسىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. توپ-توپ پۇل ۋە باشقا سوۋغا-سالاملارنى كۆرگەن توي ئىگىسى ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن كاسسىردىن خۇشال بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشەنچكە بولىدىغان ئادەملىكىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. ھەي، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆزگە چېلىقىش پۇرسىتى بولامدۇ؟ بولۇپمۇ بۇ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت ئىدى. مەن خەتنى تولىمۇ چىرايلىق يازاتتىم، يازغان سان-سىپىرلىرىم خۇددى باسما زاۋۇتىدا بېسىلغاندەك چىرايلىق چىقاتتى، مېھمانلارنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە ئۇلار ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى رەتلىك يېزىپ چىقسام، بۇنداق چىرايلىق خەت باشلىقىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قالارمۇ؟ سوۋغات تىزىملىكىنى كۆرمەيدىغان، كىمنىڭ قانچە پۇل قويغانلىقىنى، كىمنىڭ قانچە مېتىر سارجا ئەكەلگەنلىكىنى

كۆڭلىگە پۈكمەيدىغان توي ئىگىسى بولامدۇ؟ ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تىزىملىككە نەزەر سالمىغىنى بىلەن ئاخشىمى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىدۇ. كۆپ ۋە ئىبسىل نەرسە ئەكەلگەنلەردىن رازى بولىدۇ، چىدىماسلىق قىلغانلارنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدۇ. ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىمىمۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ. ئاشۇ چاغدا ئۇ چىرايلىق خەتلىرىمنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ ۋە «بۇنى كىم يازدى؟» دەپ ئويلايدۇ. بەلكىم ئەمدى ئىشخانا مۇدىرى بولالمىغان تەقدىردىمۇ چوقۇم ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىمنىڭ كاتىپى بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. كاتىپ بولسام نېمە بوپتۇ؟ ئۇ ئىشخانا مۇدىرىدىن زادىلا تۆۋەن ئەمەس، ھەتتا ئۇ باشلىقنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ ئىشخانا مۇدىرىنى ئىشقىمۇ بۇيرۇيالايدۇ، تەنقىدمۇ قىلالايدۇ. خۇددى مايمۇن ئويناتقاندەك ئوينىتىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە. بوپتۇ، كاتىپ بولساممۇ بولاي ...

سىلەر بىلىسىلەر، توي كاسىسىرىنىڭ ئورنى توي سورۇنىنىڭ تۆرىدە ئەمەس، لېكىن ئۇ تويغا كەلگەن ھەممە مېھمان بىمالال كۆرەلەيدىغان جايدا ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان قىياپىتىدىن «قېنى، ئۆزلىرى نېمە سوۋغات ئەكەلدىلە؟ مەن ئۇنى ئەنگە ئالغۇچى ۋە توي ئىگىسىگە يەتكۈزگۈچىمەن» دېگەن خىتاب جاراڭلاپ تۇرىدۇ. بۈگۈن مەن ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىمنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا، يولنىڭ كەڭرەك بىر يېرىگە كاسىسىرلىق تەختىمنى ئورۇنلاشتۇردۇم. مېھمانلار باشلىقنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەنە ئۈچ ھويلىغىمۇ باشلانغانىدى. ئەگەر مەن باشلىقنىڭ ھويلىسىغا ياكى باشقا بىرەر ھويلىغا كىرىۋالسام، سوۋغات تىزىملاتقۇچىلار مېنى تاپالماي قالاتتى. شۇڭا ئۆز ئەقلىمنى ئىشقا بۇيرۇپ، ئەنە شۇ جاينى تاللىدىم. بۇنداقتا تىزىملاتقۇچىلارغىمۇ ئوڭايلىق بولاتتى. ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىم قانچىلىك جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىمنىمۇ كۆرۈپ تۇراتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ئىدى. بۇنىڭدىنمۇ ياخشى كۆزگە

چىلىقىش-بايقىلىش پۇرسىتى بولامدۇ؟ مەن ئىشنى باشلىدىم. مېھمانلار ماڭا قاراپ كېلىشكە باشلىغاندىلا ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بولغان بولاتتىم، ئۇلار يانچۇقلىرىنى كوچىلايتتى، پەس ئاۋاز بىلەن مەلۇم بىر رەقەمنى دەپ شىۋىرلايتتى. مەن ئۇنى ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئۇدۇلىغا يېزىپ قوياتتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاشۇ رەقەم بويىچە رەڭدار تىزىلارنى قولۇمغا تۇتقۇزاتتى، ئۇنى يېنىمدىكى سومكىغا تاشلايتتىم. بەزىلەر ئىككى مېتىر نىل رەڭ سارجا، بىر مېتىر قىزىل دۇخاۋا، بىر كىيىملىك شىپۇن ... دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ يازدۇراتتى. مەن ئۇلارنى يېنىمدىكى نەقىشلىك قەشقەر ساندۇقىنىڭ ئىچىگە تاشلايتتىم ...

خا ئىشىنىڭ، خا ئىشەنمەڭ، شۇ كۈنى دەپتىرىمگە پارچە رەقەملەرنى زادىلا يازمىدىم. يازغان رەقەملىرىمنىڭ ئەڭ كىچىكى بىرنىڭ ئون ھەسسىسى، ئەڭ چوڭى ئوننىڭ ئون ھەسسىسى ياكى يىگىرمە-ئوتتۇز ھەسسىسى بولدى. بىرقانچە قېتىم، ئېھتىمال سەككىز-توققۇز قېتىمدەك، ئوننىڭ بىرقانچە ئون ھەسسىسىنىمۇ يېزىشىمغا توغرا كەلدى.

قۇياش چۈشتىن سەل قىيىلغان مەزگىل ئىدى. بىرقانچە مېھمان ئالدىمغا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سودىگەر سۈپەت بىرى قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— مەن بۇ يەردە تىزىملاتسام بولمىغۇدەك، ئۇنداق قىلسام باشقىلارنى تەڭلىككە سېلىپ قويىدىغاندەك تۇرىمەن، باشلىقىمنىڭ ئۆز ئالدىغىلا قوياي ...

مەن ئەقىللىق ئىدىم. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندىم. دەپتىرىمنى ئېچىپ، بىرقانچە ۋاراقتىكى ئوننىڭ بىرقانچە ئون ھەسسىسى تىزىملانغان يەرلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇ بۇنداق رەقەملەرنى كۆرەلىشنى زادىلا ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يانچۇقىنى كوچىلاپ يەنە قۇلىقىمغا شىۋىرلىدى. مەن ئۇنىڭ

ئىسمىمنىڭ ئۆدۈلىغىمۇ ئوننىڭ ئوتتۇز ھەسسىسىنى يېزىپ قويدۇم. كىشىلەرنىڭ مەردلىكى مېنى ئوبدانلا ھاياجانغا كەلتۈرگەنىدى. مەن ئاخىرىدا تىزىملاشنى كۈتۈپ تۇرماي، ئۆز ئىسمىمنىمۇ نۆۋەتتىكى بەتنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا — بىرىنچى قۇرىغا يېزىپ قويدۇم. ئىسمىمنىڭ ئۆدۈلىغا قايسى رەقەمنى يېزىشقا كەلگەندە سەل ئويلىنىپ قالدىم. باشلىقىمنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى كۆرسىتىشنىغۇ كۆرسەتتىم، ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار نەزىرىگىمۇ ئېلىندىم، لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ نەزىرىنىڭ يەنىمۇ قادىلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۆز تەقدىرىم توغرىسىدا بولىدىغان خىيال رېئاكسىيىسىنىڭ يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقىشى ئۈچۈن، ئازراق كاتالىزاتور قوشۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. شۇڭا دەسلەپتە مائاشىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى كۆرسىتىدىغان رەقەمنى ئاشۇ جايغا يازماقچى بولدۇم، لېكىن بۇ رەقەم نېمىشقىدۇر كۆزۈمگە كىچىك كۆرۈنۈپ قالدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار، قەلبىگە ئۇلۇغۋار ئىستەكلەرنى پۈككەن بىر ئادەم ئۈچۈن، ئاشۇ رەقەم لايىق كېلەمدۇ؟ سەل ئىككىلىنىشلەردىن كېيىن ئاخىر ئايلىق مائاشىمنىڭ ئاخىرىدىكى پارچە رەقەملەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، پۈتۈن قىسمىنى ئۆز ئىسمىمنىڭ ئۆدۈلىغا يازدىم. رەقەم تولىمۇ چىرايلىق يېزىلدى. ئۆزۈمنىڭ كۆزىگىمۇ ئوبدانلا ۋەزنى باردەك كۆرۈندى، ھەقىقەتەنمۇ ئۆز شەنىمگە لايىق كېلىدىغان رەقەم ئىدى ...

ھەممە كىشى مېنى كۆرەلەيدىغان، مەنمۇ ھەممە كىشىنى كۆرەلەيدىغان يەردە ئولتۇراتتىم. ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىم يېڭى مېھمانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئۇياق-بۇياققا نەزەر سېلىپ تۇرغاندا مېنى ئېنىق كۆرەلەيتتى. مەنمۇ ھەربىر يېڭى مېھمان كەلگەندە ياكى ئۆزىغاندا ئۇلارنىڭ باشلىقىمنىڭ ئالدىدا كامالچىدەك ئېگىلىشلىرىنى، يالاقتەك ھىجىيىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم، بۇنداق چاغلاردا قەلبىمدە كۈندەشلىك ئوتى لاۋۇلداپ

كېتەتتى، خۇددى ئۇلار ئاشۇ يالاقچىلىقلىرى ئارقىلىق ماڭا مەنسۇپ بولغان باشلىقىمنى ئۆز چۆنتىكىگە سېلىۋېلىۋاتقاندەك، ھېلىقى ئەتلا ئېرىشىدىغان كاتىپلىق ئورنۇمنى تارتىۋېلىۋاتقاندەك، مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىپ قويۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، ئۇلارنى ئېغىز چىشىمغا ئېلىپ چايناپ پۇركۇۋەتكۇم كېلىپ كېتەتتى، لېكىن ئۇنداق قىلالمايتتىم. پەقەت چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا چىداشقا مەجبۇر ئىدىم. «ئاھ، ئاشۇ يالاقچىلارنىڭ ئايىغى پاتراق ئۈزۈلسە، باشلىقىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بېشىم يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ، سوۋغا-سالام قويۇلغان تەخسىنى ئۇنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىگە سۇنسام ...» دەپ ئويلايتتىم.

قۇياش غەربكە قىيسايغاندا، مېھمانلار خېلىلا سېلىكىپ قالدى. ئەمدى قولۇم بوشاپ، باشلىقىم تەرەپكە ھۆرمەت بىلەن قاراپ ئولتۇراتتىم، باشلىقىممۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان سالاپەتلىك ھەمراھلىرىمۇ پات-پات مەن تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇلار ماڭا، مېنىڭ يېنىمدىكى سومكا ۋە ساندۇققا قاراۋاتامدۇ؟ بۇ تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. مەن ئۇلارنى خۇددى ماڭا قاراۋاتقاندەك سېزەتتىم. بولۇپمۇ ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىم خۇددى ماڭا قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە قاراپ، مەن توغرىسىدا ئويلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ئاھ، ئىنتىلىش يولىدىكى تەلەپكار ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئامەت بولامدۇ؟

ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى شېرىن خىياللىرىمنى ئۈزۈۋەتتى. ئالىي دەرىجىلىك بىر پىكاپ يېنىمغا كېلىپ توختىغانىدى. مەن تويغا پىكاپ بىلەن كېلىدىغانلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا مېھمان پىكاپتىن چۈشۈپ بولغۇچە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سالامغا قول باغلاپ تۇردۇم. ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىم ۋە ئۇنىڭ سالاپەتلىك ھەمراھلىرىمۇ پىكاپقا قاراپ كېلىشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ئەيمىنىش ئارىلاش

ھۆرمەت ئۇرغۇپ تۇراتتى، مېھمان پىكاپتىن چۈشۈپ، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى، قاراپ قويمىسا نېمە بوپتۇ؟ ھەممىگە قاراپ بولالامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېشىم يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدىم. بېشىمنى كۆتۈرگەندە، ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىم ھۆرمەتلىك مېھمانغا ھەمراھ بولۇپ دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنچە چوڭ باشلىقنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە تويغا كەلگەنلىكىگە قاراپ، ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىمنىڭ ئاجايىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ بەكرەك ھېس قىلدىم. ئاشۇنداق ھۆرمەتلىك باشلىقىمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنلىكىمدىن، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىدا كاسىر بولالىغانلىقىمدىن پەخىرلەندىم. «ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىم بەلكىم ھازىر مېنى ئاشۇ ھۆرمەتلىك باشلىققا تونۇشتۇرۇۋاتقاندۇ، ئۆزىگە كاتىپ قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىۋاتقاندۇ» دېگەن خىيال قەلبىمنى يەنىمۇ بەكرەك يايرىتىۋەتتى.

يېنىمدا دۈكۈرلىغاندەك ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى، بۇرۇلۇپ قارىدىم، ئۇدۇلۇمدىن بىر ئاق ئېشەك ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئورۇق ۋە ئېگىز بولۇپ، پۇتلىرى بەكمۇ ئىنچىكە كۆرۈنەتتى. بىرىنچى قاراشتىلا، ئۇنىڭ بېشىدىكى تاسما نوختىسىغا باغلانغان نىلون يىپتىن ئىشلەنگەن باشبېغىغا دىققەت قىلدىم. باشباغ «قېنى، كىم يېتىلەيدۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ بويىنىغا تاشلاپ قويۇلغانىدى. ئېشەكنىڭ ئۈچىسىدا توقۇم يوق بولۇپ، يالىڭاچ دۈمبىسىگە زەر گۈللۈك زىلچا خۇرجۇن ئارتىلغانىدى، ئېشەك يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى ۋە بېشىنى ئىرغىتقاندەك قىلدى. گويا ئۇ مەن بىلەن سالاملىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ھەيران بولدۇم: «بۇ كىمنىڭ ئېشىكى؟ ئىگىسى قېنى؟...»

ئېشەك يېنىمدىن ئۆتۈپ، ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىمنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ بۇرۇلدى. ئاشۇ يەردە ئۈچ دەرىجە يۇقىرى

باشلىقىمىنىڭ سالاپەتلىك ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئېشەك تىمەن ۋە ئىشەنچلىك قەدەملىرى بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ باردى. قارىغاندا ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ توي بولۇۋاتقان ھويلىغا كىرىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇ ھويلىغا كىرىپ كېتەلمىدى. باشلىقىمغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتقان سالاپەتلىكلەردىن بىرى ئۇنىڭ باشبېغىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى:

— قاياققا؟ ئۆزلىرىمۇ تويغا قەدەم تەشرىپ قىلماقچىمۇ؟ — سالاپەتلىكلەرنىڭ ئارىسىدا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، — بۇ يەرگە چىللانمىغانلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت يوق. قېنى، ئۆزلىرى كەلگەن يەرگە قاراپ، قەدەملەپ مارش!

ھېلىقى سالاپەتلىك كىشى باشبېغىنى كۈچەپ تارتىپ، ئېشەكنىڭ بوينىدىن قايرىدى، ئۇنىڭ ئالدى ئەمدى يول تەرەپكە بولۇپ قالغانىدى.

— ھوي، توختىسىلا، بۇنىڭغا باغاق بېرىلگەنمۇ، يوق؟ باشلىقتىن سوراپ باقايلى، — دېدى بىرەيلەن. يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، — ئەگەر باغاق بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يەپ قالمىسۇن ...

— شۇنداق قىلايلى.

— باشلىقتىن سوراپ باقايلى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئازار يەپ قالمىسۇن ...

ئېشەك خۇددى ئۇلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك، كۈچەپ بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئالدى يەنە دەرۋازا تەرەپكە بولۇپ قالدى. ئۇ خۇددى ئۆزىنى تۇتۇۋالغانلارغا بوي بەرمەي دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئاشۇ چاغدا ئۈچ دەرىجە يۇقىرى باشلىقىمنىڭ ھۆرمەتلىك گەۋدىسى دەرۋازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! سۈننەت تويغا مۇبارەك!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

باشلىق شۇنداق دېدىيۇ، سالام بەرگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئىزدەپ ئەتراپقا نەزەر سالدى، لېكىن ھېچكىم يوق ئىدى.

— ھۆرمەتلىك باشلىقىم، بۇ كىشىلەر مېنى تويغا كىرگۈزمەيۋاتىدۇ، مەن ئۆزلىرىگە جىق-جىق سوۋغات ...

باشلىق ئەمدى ئاۋازنىڭ ئېشەكتىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلدى، ئۇ ھەيران بولمىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ چىرايىدىمۇ ھەيرانلىق ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى.

— ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

— مەن مۇشۇلار بىلەن قۇرداش، — ئېشەك تۇمشۇقى بىلەن باشلىقنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارنى كۆرسەتتى، — مۇشۇلار بىلەن بىر ئىدارىدە، ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيمەن، — ئېشەكنىڭ ئاۋازىدىن يىغلامسىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىردىن ئالدى پۇتلىرىنى قاتلاپ، تىزلىرىنى يەرگە قويدى. ئۆزۈن ئاق تۇمشۇقى يەرگە تېگەي دەپلا قالدى. ئۇ خۇددى باشلىققا سەجدە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۆزلىرىگىمۇ باغاق بېرىلگەنمىكىن؟

— ئەلۋەتتە، ماڭا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسىگە باغاق بېرىپ، ماڭا بەرمىسلە قانداق بولىدۇ؟ مەن ئۆزلىرىنىڭ ماڭىمۇ باغاق بېرىشلىرىگە، تويغا تەكلىپ قىلىشلىرىغا ئىشىنەتتىم. مەن گەرچە باغاقنى تاپشۇرۇۋالمىغان بولسامۇ، ئۆزۈمچىلا كەلدىم، كۆڭۈل ئىزدەپ ...

باشلىقىم گويا ئۇنىڭ سەمىمىيىتىدىن تەسىرلەنگەندەك ئۇنى ھويلىغا باشلىدى.

— مەرھەمەت!

باشلىقنىڭ ئىككى قولى كەڭ يېيىلدى، لېكىن ئۇ ئېشەك بىلەن بىللە ھويلىغا كىرمىدى. ئۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشنى ئۆز شەنىگە مۇناسىپ كۆرمىگەندەك تۇراتتى. ئېشەكنى توي تەشكىللىگۈچى باشلاپ كىرىپ كەتتى.

قەلبىمدە، ئۆزۈن يىللاردىن بېرى كۈتكەن قىساسىم

ئېلىنغاندەك، باشلىقىمنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئاشۇ يالاقچىلاردىن ئەنتىمنى ئېلىۋالغاندەك بىر خىل خۇشاللىق باش كۆتۈردى. ئۆزۈمنى ئاشۇلاردىن پاكىز ۋە بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرغاندەك ھېس قىلدىم. ئەمدى باشلىقىمنىڭ نەزىرىدە قىممىتىمنىڭ جۇمۇلاڭما چوققىسىدەك ئۆرلىشىدە گەپ يوق ئىدى. چۈنكى بىر ئېشەك ئۇلارنى ئۆزىگە تەڭ قىلدى، باشلىق ئېشەكنىڭ تەڭداشلىرىدىن مېنى ئۈستۈن كۆرمەي قالارمۇ؟ ھەي، ئامەت، ئامەت ...

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئېشەك داستىخاندىن ئۆزاپ يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئايىغى تۇمشۇقلىرىدىن ياغ تەپچىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇدۇل ئالدىمغا كەلدى ۋە بىر گۇشۇنۇپلا ئۈستىمدىكى زەر گۈللۈك زىلچا خۇرجۇننى ئالدىمغا قويدى. خۇرجۇننىڭ ئىككى پېيىغا قاچىلانغان تىللا-يامبۇلارنى كۆرۈپ، ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. باشلىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىزگە قارىشىپ تۇراتتى. مەن دەرھال ئىش بېجىرىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

— ئىسمىلىرى كىم بولىدىكىن؟

— خۇشامىدىن شاھقۇلى.

خەت يېزىۋاتقان قولۇم توختاپ قالدى: «ھەي، بۇ ئېشەك مېنىڭ بىلەن ئىسىمداشمىكىنە؟» مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئېشەكنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم.

— خۇشامىدىن شاھقۇلى، — ئېشەك يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

ئېشەكنىڭ چىرايىغا تىكىلگەن كۆزلىرىم ئۇنى تونۇغاندەك قىلدى. راست، مەن ئەتىگەن ئەينەككە قاراپ چاچلىرىمنى تارىغاندا، ئۇ چىرايىنى ئاشۇ ئەينەكتە كۆرگەنىمۇ؟ بۇ مېنىڭ چىرايىم، مېنىڭ جامالىم ئەمەسمىكىنە؟ ئىككىمىزنىڭ چىرايى نېمىدېگەن ئوخشاش؟! ...

قۇلىقىم قا-قاقلىغان كۈلكىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، قولۇمدىن قەلەم چۈشۈپ كەتتى. ئېشەك ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى، مەن ئۇنىڭ جامالىغا تىكىلەتتىم. ئاھ، قېرىندىشىم ...

# قەدىمكى جەسەت

ئىختىيارسىز سائەتكە قاراپ سالغان شاۋكەتنىڭ يۈرىكى خۇددى ئىچ-باغرىدا بىر كىم دۇمباق چېلىۋاتقاندەك قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى، تاماكا تۇتقان قولى دىر-دىر تىترىدى، پۈتلىرى خۇددى لەقۋا بولۇپ قالغاندەك لاغىلدىدى. ئۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمىدىن زىلزىلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە: «يېقىنلاشتى، ئاخشامقى ۋاقىت يېقىنلاشتى» دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭ قەلبىگە، پۈتۈن ئەسەب-تۇيغۇلىرىغا ئاشۇ بىرلا پىكىر ھۆكۈمران ئىدى. مۇشۇ پىكىر ئۇنىڭغا ئاشۇنداق قورقۇنچ سالاتتى، ئۇنى ئاشۇنداق تىترىتەتتى، ئاشۇنداق لاغىلدىتاتتى. «يېقىنلاشتى، ئاخشامقى ۋاقىت يېقىنلاشتى ...» ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن مۇزدەك بىر ئېقىم تومۇر-تومۇرلىرىدا ئېقىپ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. چاچلىرى تىككىدە تۇرۇپ كەتتى. تومۇرىدىكى قانلار ئېقىشتىن توختىغاندەك، مۇزلاپ قاتقاندەك شۈركۈندۈردى. «بىسمىللاھى رەھمانۇرەھىم، كېلىمى تەييە، لائىلاھە ...» ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۆزى بىلىدىغان بىردىنبىر ئايەت جارى بولدى. قايتا-قايتا ئوقۇدى، ئەتراپىغا، ئۆزىگە ئۈردى. «ئۇلۇغ خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا ...»

قورقۇنچ دېگەنمۇ غەيرەت ئاتا قىلالايدىكەن. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ قاچىدىغاندەك، بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى سىرتقا ئاتىدىغاندەك، تۆت پۇتلاپ يۈگۈرەيدىغاندەك، بۇ مۇدھىش كارىدوردىن يىراقلارغا قېچىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، شەپە چىقىرىشتىن قورقۇپ توختاپ قالدى، چوڭراق نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت

قىلالمىدى. ئۇ جىممىدە تۇرۇپ قۇلاق سالدى، ھېچقانداق شەپە يوق. ئۇ لاغىلداپ تىترەۋاتقان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، بىنانىڭ سىرتىغىمۇ، ئىچىگىمۇ ئېچىلىدىغان پۇرژىنىلىق چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىكنىڭ قاناتلىرى ئەينەكلىك ئىدى. تالا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ قانىتىنى دولىسى بىلەنلا ئىتتىرىپ، ئېچىلغان يوچۇقتىن گەۋدىسىنى سىرتقا چىقاردى. ئۆزىنى سىرتقا ئالدىيۇ، ئىشىكنىڭ ئوبدانلا قايرىلغان قانىتىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. پۇرژىنىلىق ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتى بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ تاراقلاپ كەتتى. داتلىشىپ كەتكەن قۇلۇپلىرى خۇددى قېرى ئۆكۈز سۆرەپ كېلىۋاتقان مايلاقسىز يارىيار ھارۋىدەك ئۇزۇنغىچە غىچىرلىدى. بۇ شاۋكەتكە تونۇش ئاۋاز ئىدى. ئۇ بۇ ئىشىكنىڭ تاراقلىغان، غىچىرلىغان ئاۋازىنى ھەر كۈنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلايتتى، لېكىن ئۇ چاغلاردا نېمىشقىدۇر بۇ ئاۋازلارنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە دىققەت قىلمىغان، ئەمدى مانا شۇنداقلا قويۇۋېتىۋىدى، تاراق-تۇرۇق، غىچىر-غىچىر ياڭراپ كەتتى. شاۋكەت چۆچۈپ كەتتى. قورقۇشتىن ئاسقىپ تۇرغان يۈرىكى يەنىمۇ بەكرەك جىغىلدىدى. خۇددى ئۇخلاپ ياتقان قېيىناتىسىنىڭ پۇتلىرىغا دەسسەپ سالغان ياش كېلىندەك يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. لېكىن، بىر تەرەپتىن كۆڭلىدە بىر ئاز توقلۇقمۇ پەيدا بولدى — كۆڭلىنىڭ يېرىم يەرلىرىگە نېمىدۇر قۇيۇلغاندەك، ئاشۇ يېرىم يەرلەر نېمە بىلەندۇر تولغاندەك بولدى. تۈن كېچە يېگانە قالغان ئادەم ھامان يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ. قەلبىدە خىلمۇخىل، غەلىتە خىياللار پەيدا بولۇپ، ھەمراھ ئىزدەش ئىستىكى ئويغىنىدۇ. ئاخشامقى غەلىتە ھادىسە ۋە ئۆلگۈدەك قورقۇنچتىن كېيىن شاۋكەتنىڭ قەلبىدىكى ھەمراھ ئىزدەش ئىستىكى يەنىمۇ كۈچەيگەنىدى. ئەمدى مانا شۇ تونۇش تاراق-تۇرۇق، غىچىر-غىچىر ياڭراپ كېتىۋىدى، ئۇ ئاشۇ ئاۋازلارنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. تونۇش ئاۋاز

ئەمەسمۇ، ئاۋاز بولسىمۇ تونۇش بولسۇن! كۆڭۈلگە يېقىن تۇرىدۇ. بۇ ئاخشامقى دەھشەتلىك ئاۋاز ۋە بەتبەشىرە چىرايدىن كۆپ ياخشى. «خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا...»

تالا قاراڭغۇ ئىدى. شاۋكەت كۆزلىرىنى قاراڭغۇغا كۆنۈكتۈرۈش ئۈچۈن مەھكەم يۇمدى ۋە يەنە ئاچتى. ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە نەزەر سالدى. بىرەر نەرسە باردەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئالدىغا بىرقانچە قەدەم مېڭىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ بىنانىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتلىرىگە قارىدى. دېرىزە ئەينەكلىرىدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئېقىپ چىققان ئازغىن نۇر ئاقىرىپ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۆتكەپ، ئۆزى ھېلىلا چىققان ئىشىككە تىكىلدى. ئىشىك ئاللىقاچان سوقۇلۇشتىن توختاپ قالغان، تاراڭ-تۇرۇڭ، غىچىر-غىچىر ئاۋازلارمۇ يوقالغانىدى. «يېقىنلاشتى. ئاخشامقى ۋاقىت يېقىنلاشتى. غەلىتە ئاۋازلار ھازىرلا ئاڭلىنىدۇ، بەتبەشىرە چىرايى ھازىرلا ئايان بولىدۇ... ياق، ئۇلۇغ خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلا، ئۇنى كۆزۈمگە كۆرسەتكۈچى بولما...» شاۋكەت كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭ ئاخشامقى بەتبەشىرە چىرايىنى زادىلا كۆرگۈسى يوق ئىدى. ئۇنى كۆرۈشتىن، كۆرگەندە قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ كېتىشتىن قورقاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى خېلى ئۇزۇنغىچە يۇمۇپ تۇردى. لېكىن «شۇۋ، شۇۋ، شۇۋ ... » قىلغان غەلىتە سادا ئاڭلانمىدى. غەلىتە ئاۋاز چوقۇم ئاشۇنداق شۇۋۇلداپ چىقاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە، ئاخشام ئېنىق ئاڭلاندى، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى، چوقۇم ئاشۇنداق «شۇۋ، شۇۋ، شۇۋ ... » قىلىپ چىقىدۇ. ئاھ، قانداق قورقۇنچلۇق ئاۋاز-ھە!

يېقىنلاشتى، ئاخشامقى ۋاقىت يېقىنلاشتى. ئەمدى يەنە نېمىشقا ئاڭلانمايدىكىنە؟ ... شاۋكەتنىڭ تاقىتى تاق بولدى. ئاخىر كۆزلىرىنى ئاچتى. بىنانىڭ ھېلىقى قوش قاناتلىق ئەينەكلىك ئىشىكى ئاۋۋالقىدەك ھىم يېپىلىپ تۇراتتى. ئۇ يۈرىكىنى تىڭشاپ

كۆردى. يۈرىكى ھېلىمۇ ئاشۇنداق دۇمباق چېلىۋاتاتتى. شاۋكەتنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىن ئۆزىنى نۆۋەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلىگەن ئىدارە باشلىقىنىڭ سىيماسى گەۋدىلەندى. ئۇ شاۋكەتنى مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق قىسمەتكە گىرىپتار قىلىش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق قىلغانمىكىنە؟ شاۋكەت بىلەن قېرىشقاندەك-ھە، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگۇدەك، شاۋكەت نېمە گۇناھ قىلغانىدى؟ قاچان، قايسى ئىشتا باشلىقىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپ قالغان؟ ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ گەپلىرىنى قۇلىقىدا چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئىشلەپ كەلمىگەنمىدى؟ ئەمدى ئۇنى نۆۋەتچىلىككە بەلگىلىگىنى، قورقۇنچلۇق بىر ۋەقەگە شاھىت قىلغىنى نېمىسى؟ قورقۇپ، يۈرىكى يېرىلىپ قالسا ئۇۋالى كىمگە؟ ... شاۋكەتنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق بىر غەزەپ قاماللىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆز باشلىقىغا نىسبەتەن تۇنجى قېتىم نارازىلىق باش كۆتۈردى. لېكىن شۇ ھامان ئەقلى ھېس-تۇيغۇلىرىنى كونترول قىلىشقا ئۈلگۈردى. «ياق، ياق، ئۇنىڭدىن نارازى بولۇشقا ھەققىم يوق. مېنى مۇشۇ ئىدارىگە يۆتكەپ كەلگەن، مېنى قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلغۇچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن، مېنى ئېكسكۇرسىيە زالىنىڭ مەسئۇلى ۋە چۈشەندۈرگۈچىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان كىشىدىن نارازى بولسام ئادىللىق بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇ يېتەكچىلىك قىلمىغان بولسا، شانۇشەۋكەتلىك قەدىمكى مەدەنىيىتىمىز توغرىسىدا ماقالە-دىسسېرتاتسىيىلەر يازالامتىم؟ تەتقىقاتچى دېگەن ئۇنۋان ئالالامتىم؟ ... ياق، بۇ قېتىمقى ئورۇنلاشتۇرۇش تاسادىپىي بولۇپ قالغان، چوقۇم خىزمەت ئېھتىياجىدىن شۇنداق بولغان، ئۇ ئۆزىمۇ دېدىغۇ، 〈جەمئىيەت تەرتىپى ياخشى ئەمەس، ئەگەر قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتمىسەك، ئاسارئەتىقىلەرنى ساقلاش ئورنىمىزغا سوغۇق قول تېگىشى مۇمكىن. شۇڭا ۋاقىتلىق ئىدارىمىزدىكى بارلىق ئەركەك خادىملار نۆۋەتچىلىك قىلىدۇ. بولۇپمۇ كىچىلىك

نۆۋەتچىلىك ئالاھىدە كۈچەيتىلىدۇ... 〉 » دەپ. «ياق، ياق، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا زادىلا ھەققىم يوق...» شاۋكەتنىڭ مۇلاھىزىلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چاڭگاللىغان غەزىپىنى خېلىلا بوشاتتى. لېكىن يۈرىكىنىڭ قېتىدا سوغۇق بىر مەيۈسلۈك ساقلىنىپ قالدى. ئاھ، ئۇنىڭغا شۇنچە يىل چاپان يېپىپ كەلگەن ئادەم ئۇنى بۇ قېتىممۇ قانات ئاستىغا ئالغان بولسا، مۇشۇ قورقۇنچلۇق نۆۋەتچىلىككە بەلگىلىمىگەن بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە؟ ئەپسۇس، ئەپسۇس...

شاۋكەت خىيالىدىن ئويغىنىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئەتراپ يەنىلا شۇنداق قاراڭغۇ ئىدى. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى قاراڭغۇلۇق يەنىمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق بىلىندى. ئۇ قارىيىپ كۆرۈنگەن بىنالارغا، دەرەخلەرگە، قاراڭغۇ ئۇپۇققا، قاراڭغۇ يەر-زېمىنغا، قاراڭغۇ يولغا قارىغانسېرى يەنىمۇ بەكرەك قورقۇشقا باشلىدى. ھېلىقى بەتبەشىرە مەخلۇق ئەمدى بىنانىڭ ئىچىدىن ئەمەس، قاراڭغۇلۇقنىڭ قوينىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك، سۆڭەكتىنلا ئىبارەت بولغان ئارىدەك ئۇزۇن قوللىرىنى سوزۇۋاتقاندەك بىلىندى...

ئاھ، خۇدا، قاراڭغۇلۇق بىنانىڭ ئىچىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ «نېمە بولسام يورۇقتا بولاي، ئۆلسەممۇ چىراغ نۇرىدا ئۆلەي ... » شاۋكەت يەنە بىنانىڭ ئىچىگە، ئېلېكتر چىراغ يېنىپ تۇرغان كارىدورغا كىرمەكچى بولدى. ئۇ يەنىلا قورقۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ يورۇقلۇق ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. «ئاھ پەرۋانە، سېنىڭ نېمە سەۋەبتىن يورۇقلۇق ئىزدەيدىغانلىقىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. ئاھ، يورۇقلۇق، نېمە بولسام سېنىڭ پارلاق قوينۇڭدا بولاي...»

شاۋكەت ئاستا قەدەملەر بىلەن ئەينەكلىك ئىشىككە يېقىنلاشتى. چىراغ يېنىپ تۇرغان كارىدور ئەينەكلىك ئىشىك ئارقىلىق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا بىر ھازا

سىنچىلاپ قاراپ تۇردى ۋە دولىسى بىلەن ئىشىكنى ئىتتىرىپ قىيا ئاچتى.

— «شۇۋ، شۇۋ، شۇۋ ...»

ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۇرۇلغان دەھشەتلىك چىرقىراق سادا ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئىككى قانات ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدا قاققان قوزۇقتەك قاتۇرۇپ قويدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشقىمۇ، قېچىپ كېتىشكىمۇ، «بىسمىللاھى رەھمانۇرەھىم» نى تىلىغا جارى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى؛ ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەشتىقىدىن ئاخشامقى غەلىتە مەخلۇق چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارىدەك ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە قوللىرى شاۋكەتكە سوزۇلۇپ كەلدى. سېرىق چاچلىق بېشى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى ئاقۇچ سۆڭەككە قونۇپ تۇراتتى. كۆزلىرى ئورنىدا ئىككى دانە كامار قارىيىپ تۇراتتى. ياۋا توڭگۇزنىڭ مەگىنىدەك ئۇزۇن ۋە سېرىق ھىڭگاك چىشلىرى ھېلىلا ھەممىنى چايناپ پۇركۇۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قەدەم تاشلاپ ئەمەس، ئاستاغىنە ئۇچۇپ كېلەتتى. «شۇۋ، شۇۋ، شۇۋ ... » قىلغان چىرقىراق سادا ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. ئۇ يېقىنلاپ كەلگەندە شاۋكەت نېمىلەرنىدۇر شاراقلىغىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. شۇ زامان «شۇۋ، شۇۋ» سادالارمۇ، شاراق-شۇرۇقلارمۇ توختاپ، كىمنىڭدۇر دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. شاۋكەت تاغلاردىن، دېڭىزلاردىن، باغ-ئورمانلاردىن، چۆل-جەزىرىلەردىن قايتقان ئەكس سادادەك ئاڭلانغان بۇ ئاۋازنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. ئارىدەك ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە قول ئۇنىڭ گېلىغا چاڭگال سالغاندەك بولدى. ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

※ ※

شاۋكەت ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ياق،

ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئويغاندى. ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئۇخلىغان، ھېچنېمىنى تۇيماي، خۇددى دۆڭدەك ئۇخلىغانىدى. كۆزلىرىنى ئاچقاندا، ئىدارە باشلىقىمۇ، خىزمەتداشلىرىمۇ ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۇ ئۇلارغا، ئۆزى ياتقان كېسەلخانىنىڭ ئاپئاق تاملىرىغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. ئۇ نېمىنىدۇر چۈشىنەلمىگەندەك، نېمىنىدۇر بىلمەكچى بولغاندەك سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلەتتى. كېچىدىكى قورقۇنچلۇق ۋەقەمۇ، دوختۇرخانىغا ئەكېلىش جەريانىدا ھوشىغا كەلگەنلىكىمۇ، نېمىدىنىدۇر قاچقاندەك ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ «خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا» دەپ ۋارقىرىغانلىقىمۇ ئېسىدە يوق ئىدى. ئۇندىن كېيىنكى ئىشلار — دوختۇرلارنىڭ پايپېتەك بولۇپ تەكشۈرۈشلىرى، تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرغانلىقى، كېسەلخانىغا ئەكېلىپ ياتقۇزغانلىقى تېخىمۇ ئېسىدە يوق ئىدى. ئۇ بېشى ئېسىلىپ-چىڭقىلىپ كەتكەنلىكتىن ناھايىتى ئۇزۇن ئۇخلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما، نېمە سەۋەبتىن شۇنچە ئۇزۇن ئۇخلىغانلىقىنى، نېمە بولۇپ بۇ يەرگە — كېسەلخانىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى.

— ئويغاندىڭىزمۇ؟ خۇداغا شۈكۈر، ئۇ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى. قاراڭلار، شاۋكەت كۆزىنى ئاچتى.

ئىدارە باشلىقى بىر شاۋكەتكە، بىر باشقا خىزمەتداشلىرىغا خىتاب قىلىپ، تۇرغان ئورنىدا پىرقىراپ كەتتى. ئۇزۇن يىل ئاسارەتىقىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ كەلگەن بۇ پېشقەدەم رەھبەر بىرەر يېڭى ئاسارەتىقىنى ئۇچراتقاندەك خۇشال بولدى. ئۇنىڭ شاۋكەتنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقى ئۇنى خۇشال قىلىۋەتتى. ئەتراپىدا شاۋكەتكە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلارمۇ خۇشال بولغانىدى. ئۇلار خۇددى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم تىرىلگەندەك، ئۆزلىرى ھايات بولۇشنى، كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم تىرىلگەندەك خۇشال ئىدى. شاۋكەتنىڭ چوڭ ئېچىلغان،

ھەيرانلىق نۇرلىرى چېچىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە خۇددى نىجات يۇلتۇزىغا تىكىلىشكەندەك تىكىلىشكەنىدى.

— مەن نېمە بولدۇم؟

كۆپ ئۇخلىغانلىقتىن بولسا كېرەك، شاۋكەتنىڭ ئاۋازى خۇددى بۇزۇق چاقنىڭ غىچىلدىشىدەك غاراڭ-غۇرۇڭ چىقتى. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ بىردىن ھوشىغا كەلگەندەك بولۇشتى. «ھوي راست، شاۋكەتكە زادى نېمە بولدى؟» بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمدى ھەممىسى ھەيرانلىقتا چۆمدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟

باشلىق ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ سوئال قويدى. شاۋكەتنىڭ كۆزلىرىدىن تەنە ئارىلاش ئاچچىق بىر ئۇچقۇن پالىلدىغاندەك بولدى.

— مەن نېمە بولدۇم؟

— سىزگە نېمە بولدى؟

— ھە، راست، دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، نېمىدىندۇر بىر نەرسىدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپسىز. بىز سىزنى بىھوش ھالدا يىقىلىپ ياتقان يېرىڭىزدىن تېپىپ دوختۇرخانىغا ئەكەلدۇق. ئېيتىڭا، سىزگە نېمە بولدى؟

شاۋكەت كۆزلىرىنى باشلىقنىڭ چىرايىدىن تورۇسقا يۆتكىدى. ئاشۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇنغىچە جىممىدە ياتتى. ئۇ نېمىنىدۇر يادىغا ئېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىردىن ئۇنىڭ چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ، بەدىنى لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى كۆرۈشتىن قورققاندەك كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئاخىر، ئاران-ئاران مىدىرلاۋاتقان لەۋلىرى، كالۋالاشقان تىلى بىرلا سۆزنى تەكرارلىدى.

«ئۇلۇغ خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا ...»

ئۇ سىم كارىۋاتنى غىچىرلىتىپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى چىشلىمەكچى، كېكىردىكىگە چاڭگال

سالماقچى بولغان ئاللىقانداق بىر غالجىر ھايۋاندىن، مۇدھىش تىرناقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. خىزمەتداشلىرى ئوپۇل-توپۇل ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. كارىۋاتقا چىڭ باستى. لېكىن ئۇ بوي بەرمەي ھەر تەرەپكە يۇلقۇناتتى.

— شاۋكەت، شاۋكەت، نېمە بولدى؟ تىنچلان، تىنچلان، شاۋكەت، قورقما، مانا ھەممىمىز سېنىڭ يېنىڭدىغۇ، قورقما...

بىر ھازا تېپىپچەكلەش، يۇلقۇنۇشلاردىن كېيىن، ئۇ ئاستا-ئاستا جىم بولدى. كېسەلخانا ئىچىنى ئېغىر ھاسىراش قاپلىدى. شاۋكەتمۇ، خىزمەتداشلىرىمۇ ھاسىرايتتى. كىمدۇر بىرى شاۋكەتكە بىر ئىستاكان سوغۇق سۇ ئىچۈرۈپ قويدى. ئۇ يەنە كۆزلىرىنى ئاچتى.

ياغدەك سىلىق تەسەللىلەر، خاتىرجەملىك ئاتا قىلغۇچى ۋەدىلەر بىر سائەتچە شاۋكەتنىڭ قۇلاق پەردىلىرىگە توختىماي ئۇرۇلۇپ تۇردى. ئۇنىڭ چۆچۈپ كەتكەن نېرۋىلىرىنى سەگىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كېچە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ قورقۇش ئىچىدە سۆزلىگەن ھېكايىسىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى. ئۇلار خۇددى ئاللىقانداق بىر مەنتىقىسىز ئەپسانىنى ئاڭلىغاندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. بىرەر كىشىمۇ ئېنىقلىغۇچى، روشەنلەشتۈرگۈچى سوئاللارنى سورىمىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزىدىن گۇمان ۋە ئىشەنمەسلىكنىڭ سوئال بەلگىسى چاقناپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ شاۋكەتنىڭ چىرايىدىكى ۋەھىمە ئالامەتلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئاستا-ئاستا ئورناپ بېرىۋاتاتتى. خىيالىغا شاۋكەت تەسۋىرلىگەن ئالۋاستى تەسۋىرى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېلەتتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ قەلبىمۇ سۇس ۋەھىمە تۇماننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. گەرچە ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، شاۋكەتنىڭ ھېكايىسى كۈن بويى ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلمىدى.

شۇ كۈنى كەچتە ھېچكىم يالغۇز نۆۋەتچىلىككە چىقىشقا

ئۇنىمىدى. ھېلىقى قورقۇنچلۇق «ئالۋاستى»غا ئۇچرىشىپ قېلىشنى، ئۇنىڭ شاۋكەت تەسۋىرلىگەن قورقۇنچلۇق بەشىرىسىنى يالغۇز تاماشا قىلىشنى ھېچكىم خالىمىدى. شۇنداق قىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدىكى بارلىق ئەر خادىملار كوللېكتىپ نۆۋەتچىلىككە چىقتى. ئادەم كۆپ بولسا يۈرەكمۇ توم بولىدىكەن. ئۇلار دەسلەپتە ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇردى. كارىدوردا ئۇياققا-بۇياققا مېڭىشتى. ھەتتا بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قورقۇمسىز ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى بولغاندەك پۈرژىنىلىق ئىشىكنى ئېچىپ، سىرتقىمۇ چىقىپ كىرىشتى. قارىماققا ئۇلار ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەيدىغاندەك، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغاندەك، خاتىرجەم ۋە تىنچ ئىدى. لېكىن تۈن يېرىملىشىپ، شاۋكەت سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى ۋاقىت — كېچە سائەت ئىككىگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرەكلىرى پوكۇلداشقا باشلىدى. ئەمدى كارىدوردا ماڭىدىغانلارمۇ، سىرتقا چىقىپ كىرىۋاتقانلارمۇ توختىغان، ھەممىسى بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ، نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى. راستىنى ئېيتقاندا شاۋكەتكە ئۇچرىغان ھېلىقى «ئالۋاستى»نىڭ چىقىشىنى كۈتۈشەتتى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا بولسا «ئۇلۇغ خۇدا، شاۋكەتنىڭ سۆزلىگەنلىرى يالغان بولسۇن!» دېگەن بىر ئارزۇ ھۆكۈم سۈرەتتى. تام سائىتىنىڭ ئىسترېلكىسى ئىككىگە يېقىنلاپ قالدى. مىنۇت ئىسترېلكىسى بولسا ئوندىن ھالقىپ ئۆتتى. ئۇ خۇددى «12» دېگەن چوققىغا ئاستا-ئاستا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىدارە باشلىقى پات-پات سائەتكە قاراپ قوياتتى. ئۇ ئۆز يۈرىكىنىڭ سىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، گېلىنىڭ خۇددى نەپەس يېتىشمىگەندەك بوغۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ يېنىدىكى خىزمەتچىلەرگە نەزەر سالدى، ئاقارغان، جىددىيلەشكەن چىرايلارنى، نېمىنىدۇر بىر نەرسە دەپ پىچىرلاۋاتقان لەۋلەرنى كۆردى. «بۇلار مەندىنمۇ بەكرەك قورقۇپ

كېتىپتۇ، ھەي، ھەي... » دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئۇنىڭغا شۇ مىنۇتتا، قورقۇپ تۇرغان خىزمەتچىلەر ھازىرلا «پەرت» قىلىپ قېچىپ كېتىدىغاندەك، ئۆزى مۇشۇ قورقۇنچلۇق كارىدوردا يالغۇز قالىدىغاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ ئويلىشىچە، كىمدۇربىرى ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرمىسا، تەشكىللەپ ئۇيۇشتۇرمىسا چوقۇم شۇنداق بولاتتى. تۈلكىدىن ئۈركۈگەن توشقاندەك قېچىپ كېتىشەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشلىق ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى. ئۇلارغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنى يېتەكلەش بۇرچىنى ھېس قىلدى. خىزمەتچىلەرنىڭ پەقەت ئۆزىگە قاراپلا قېچىپ كەتمەي تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ باتۇرراق بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ چۈشەندى. ئۇمۇ شۇلارنى چۈشەنگەن مىنۇتتا قەلبىدىن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل دادىللىق ئۇرغۇپ چىقتى. يەنە سائەتكە قارىدى. سائەتنىڭ مىنۇت ئىسترېلكىسى «12» گە يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز خىزمەتچىلىرىگە خىتاب قىلدى:

— ئۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ كەتمەيلى، بەلكىم شاۋكەتنىڭ نېرۋىسىدىن چاتاق چىقىپ ئاشۇنداق غەلىتە نەرسىلەر كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتكەندۇ. بەلكىم بىزنىڭ كۆزىمىزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەس. ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمەس. ئەگەر راستىنلا ئاشۇنداق، — ئالۋاستى دېمەكچىدى، لېكىن دېمىدى، — شاۋكەت دېگەن ھېلىقى نەرسە چىقىپ كەلسە ياخشى كۆزىتەيلى، نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالايلى. بۇ كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. بىز جىن-شاياتۇن دېگەنلەرگە ئىشەنمەيمىزغۇ، قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق...

باشلىقنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەنىدى: «شۇۋ، شۇۋ، شۇۋ... » قىلغان سۈرلۈك ئاۋاز ئۇلارنىڭ قۇلاق پەردىلىرىگە دەھشەت بىلەن ئۇرۇلدى. باشلىقنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى، باش تېرىسى غۇژژىدە قورۇلۇپ، چاچلىرى تىك تۇردى.

ئاڭلىنىۋاتقان سادا تولىمۇ ۋەھىمىلىك ئىدى. بەئەينى ئالۋاستىنىڭ چىرقىرىشىغا، «تۇن بالىسى» نىڭ يىغا-زارىغا، گۆكگۈم پەيتىدە قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن ئاڭلانغان زاغىنىڭ قاقىلدىشىغا، چۆلدە يۈرگەن چىلبۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاش ۋەھىمىلىك ئىدى. يۈرەك دېگەنمۇ مەزمۇت نېمىكەن. دەھشەتلىك ۋەھىمىدىن يېرىلىپ كەتمەيدىكەن. ئەمما، شۇ مىنۇتتا ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە قورقۇشتىن ئۆزگە ھېچقانداق سېزىم يوق ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ، كۆز ئالدىدا نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى. لېكىن خىزمەتچى-پۇقرا دېگەن ئۆز باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئەڭ مۇقەددەس بىلىدىكەن. ئۆز باشلىقىنىڭ بۇيرۇق-پەرمانىنى ئەڭ دەھشەتلىك مىنۇتلاردىمۇ ئورۇنداشقا تىرىشىدىكەن. خىزمەتچىلەر كۆزلىرىنى يۇمۇۋالمىدى. ئۇلار خۇددى يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىنى ئېنىق، روشەن، ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك، كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ، بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەشتىقىدىن، شاۋكەتكە ئۇچرىغان ھېلىقى «ئالۋاستى» چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار «شاراق-شۇرۇق، شاراق-شۇرۇق» ئاۋاز چىقىرىپ چۈشۈپ كېلىۋاتقان، ئۇزۇن يىل ئاپتاپتا ياتقان بادرىدەك ئاق ۋە ئۇزۇن ئىككى دانە سۆڭەكنى ئېنىق كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپئاق، خۇددى ياغاچ ئارىنىڭ چىشلىرىدەك قاتار تىزىلغان قوۋۇرغىلار، قوۋۇرغىلارنى تۇتۇپ تۇرغان، زەنجىردەك بىر-بىرىگە ھالقا-ھالقا بولۇپ تۇتاشقان ئومۇرتقا ئايان بولدى. كۆكرەك قەپىسى ئىچىدە ھېچنېمە — يۈرەكمۇ، ئۆپكىمۇ، تال-بۆرەكمۇ، ئۈچەي-قېرىنمۇ يوق ئىدى. خۇددى كونا ۋە قۇرۇق چۆراگىدەك كورۇڭشۇپ تۇراتتى. قوۋۇرغىلارنىڭ ئاراشلىرىدىن ئارقىدىكى ئومۇرتقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. «ئالۋاستى» ھەربىر قەدەم ئالغاندا پۇت-ئۇگىلىرىنىڭ، ئومۇرتقا ۋە قوۋۇرغىلىرىنىڭ

شاراقشىشلىرى، غىچىرلاشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ پەشتاقنىڭ باسقۇچلىرىدىن تۆۋەنلىگەنسېرى، گەۋدىسى ئۇستىدە سانجىپ قويۇلغاندەك تۇرغان بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى زەنجىرسىمان ئىنچىكە سۆڭەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە قونۇپ تۇرغان دەھشەتلىك باش ئېنىق كۆرۈندى. باشنىڭ ئۇستىدە قىپقىزىل ئوت لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. ياق، ئۇ ئوت ئەمەس ... ياق، قىپقىزىل ئوت، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ...

«ئالۋاستى» ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈپ، كارىدورنى توغرا كېسىپ، سىرتقا چىقىدىغان پۇرژىنىلىق ئىشىككە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قەدەم ئېلىپ ئەمەس، ئۇچۇپ، خۇددى يېپى ئۈزۈلۈپ ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن لەگلەكتەك لەيلەپ باراتتى. ياق، ئۇ ئۇچمايتتى، لەيلەيتتى، پۈت-ئۇگىلىرىنى شاراقشىتىپ قەدەم ئالاتتى. ياغاچ ئاياغدا ماڭغاندەك لوكۇلداپ ماڭاتتى. ياق، ئۇ قەدەم ئالمايتتى، لەيلەپ ئۇچاتتى. ياق ... ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا توختىغاندەك، ئارقىسىغا بۇرۇلغاندەك قىلدى. «شۇۋ، شۇۋ» قىلغان دەھشەتلىك چىرقىراشمۇ، پۈت-ئۇگىلىرىنىڭ ۋە قوۋۇرغىلارنىڭ شاراق-شاراق، غىچىر-غىچىرلىرىمۇ توختىدى. ياق، توختىغاندەك بولدى. كارىدورنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. ياق، سۈرلۈك جىمجىتلىق باسقاندەك بولدى. سۈرلۈك جىمجىتلىق ئىچىدىن دەھشەتلىك ئاۋاز ياڭرىدى:

— ھېلىقى يىگىت راست ئېيتىدۇ. مەن ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس. مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەن!

كارىدورنىڭ ئىچى جاراڭلاپ كەتتى. ئەكس سادا ئۇزۇنغىچە ۋاڭشىدى، «ئالۋاستى» ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ياق، ئۇ ئەينەكلىك ئىشىكنى زادىلا ئاچمىدى، ئىشىكنى ئاچماستىن چىقىپ كەتتى. ئىشىككە يۇقماي، ئەينەككىمۇ، ئىشىك قاناتلىرىغىمۇ تەگمەي چىقىپ كەتتى. ياق، ئۇ چىقىپ كەتمىدى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا يوق بولۇپ كەتتى. سەت ۋە ئاپئاق سۆڭەكلەر يوق

بولدى. بېشىدىكى قىپقىزىل ئوتمۇ ئۆچتى ...

باشلىق تاڭغا يېقىن ھوشىغا كەلدى. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىنى بەس-بەستە دوكلات قىلدى. بىرىنىڭ كۆرگىنى يەنە بىرىنىڭ كۆرگەنلىرىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. بىرى، «ئالۋاستى» تولىمۇ ئېگىزكەن دېسە، يەنە بىرى، تولىمۇ پاكاركەن دەيتتى. بىرى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى كۆردۈم دېسە، يەنە بىرى، يۈرىكى قازاندەك، ئۆپكىسى كاساڭدەك بار ئىكەن دەيتتى. خىزمەتچىلەر «ئالۋاستى» نىڭ ئىشىــــك ئالدىدا تۇرۇپ ۋارقىـــــراپ ئېيتقان سۆزىنىمۇ ھەر خىل ئاڭلاشقانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بىر خىزمەتچى:

— ئۇ ئالۋاستىمۇ، جىن-شاياتۇنمۇ ئەمەس ئىكەن. مەن ئېنىق كۆردۈم. ئۇ ھېلىقى ئەينەك ساندۇق ئىچىدىكى جەسەتنىڭ ئۆزى شۇ، بىز كۆرگەزمە قىلىۋاتقان ھېلىقى قەدىمكى جەسەتنىڭ ئۆزى شۇ، — دېدى.

ھەممە كىشى — باشلىقمۇ، خىزمەتچىلەرمۇ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى.

※ ※

ئۇ راستىنلا قەدىمكى جەسەت ئىدى. ئۇنى قاچاندۇر بىر چاغلاردا مۇشۇ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى» دىكى خادىملار بىر قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن قېزىپ چىققان، كاربون ئون تۆت تەجرىبىسى ئارقىلىق ئانالىز قىلىپ، ئۇنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ياشىغانلىقىــــغا ھۆكۈم قىــــلغان ۋە مەخسۇس ياسىتىلغان ئەينەك ئىشكاپ ئىچىگە سېلىپ، كۆرگەزمە زالىغا قويۇپ قويغانىدى. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى ئاشۇ ئەينەك ئىشكاپ ئىچىدە ئون ئەسىرلىك ئۇيقۇسىنى داۋام ئەتتۈرۈپ تىنچقىنا ياتاتتـــى، ئۇخلايتتى. ياق ئۇخلىغاندەك ياتاتتى. ئۇ ئەبەدىي شۇنداق يېتىشى، مەڭگۈ ئويغانماسلىقى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ...

ئۇنىڭ يېنىغا ئېكسكۇرسىيىچىلەر ئايىغى ئۇزۇلمەي كىرىپ چىقىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا زوق-ھەۋەس بىلەن تىكىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك، نېمىنىدۇر كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك، ئۆزلىرىدە يوق بىر نەرسىنى، ئۆز ۋۇجۇدىدا، ئۆز روھلىرىدا كەم بولغان بىر نەرسىنى تېپىۋالماقچى بولغاندەك تىكىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىكىلىشلىرىدە، ئۆز ۋۇجۇدىغا نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى تولۇقلىۋېلىش ئارزۇسى يالقۇنجاپ تۇرىدۇ. ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىۋېلىشنى ئارزۇ قىلغان غايىبانە نەرسىلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پالۋانلارچە قامىتى، بەھەيۋەت بەستى، دالا گۈلخانلىرىنىڭ يالقۇنىدەك قىپقىزىل چېچىمۇ جەلپ قىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ تەبىئىي مۇمىيا بولۇپ قاتقان بەستىگە تىكىلگەن چاغدا، ئەڭ دەسلەپ «بۇ بىزنىڭ ئەجدادىمىز، ئاتا-بوۋىمىز» دېگەن پىكىر قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىدۇ، قاۋۇللۇقىدىن ماختىنىدۇ. شۇنچە ئەۋلاد، شۇنچە ئۇزۇن تارىخ، شۇنچە ئۇزۇن شېئىرلار ئۇنىڭدىن قالغان دەپ ئويلىشىدۇ. قەلبى غۇرۇر-ئىپتىخارغا تولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇ پىكىرلىرىگە ئۇلىنىپ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى» نىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتچىسى شاۋكەتنىڭ ياڭراق ئاۋازى كۆرگەزمە زالىنىڭ دىمىق ھاۋاسىنى تىترىتىپ جاراڭلايدۇ:

— بىز قەدىمكى زامانلاردىلا ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك مىللەت بولغانمىز! پەن-مەدەنىيەت جەھەتتە ھەممىدىن يۇكسەك تۇرغانمىز! ئىرادىلىك، باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك بولغانمىز! ئۆيۈلتاشتەك ئىناق-ئىتتىپاق بولغانمىز! ئاسىيا داللىرىدا بىزنىڭ ئارغىماقلىرىمىزنىڭ تۇيىقى تەگمىگەن زېمىن قالمىغان؟ ... مانا قاراڭلار، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قانداق قەددى-قامەتلىك، قانداق بەستى-بويلۇق بولغان-ھە؟ بەئەينى ھەيۋەتلىك چىناردىن بوي ئالغان، تاغ چوققىلىرىدا ئۆسكەن قارىغايدىن جاسارەت ئالغان،

ئوتقاشتەك قىزىل چاچلىرى جەڭگاھ گۈلخانلىرىدىن رەڭ ئالغان، يېشىل كۆزلىرى يۇلتۇزلاردىن نۇر ئالغان ... ئاھ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قانداق ئۇلۇغۋار بولغان-ھە! ياق، ياق، بىزگە شان-شۆھرەت، پەخىر-ئىپتىخار ئاتا قىلىدىغىنى بۇلارلا ئەمەس، مانا ئۇنىڭ زەركەشتىلىك كەشىگە، كىمخاب تونىغا قاراڭ، قانداق نەپىس، قانداق گۈزەل! باشقا خەلقلەر تېخى كەش كىيىشنى بىلمىگەن چاغلاردا، بىز ئاللىقاچان كەشكە زەر كەشتىلەرنى تىكىشنى بىلگەن! باشقىلار يالاڭ ئاياغ يۈرگەن چاغلاردا، بىز ئاللىقاچان كەش ئىچىگە مامۇق پىتەك سېلىشنى كەشىپ قىلغان! مانا قاراڭ، ئەنە شۇنداق قەدىمكى ئىسپاتلار تۇرغان يەردە بىز نېمىشقىمۇ ئۆزىمىزنى ئالىي نەسەبلىك دەپ ئېيتالمايمىز؟ نېمىشقىمۇ ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىمىز بىلەن پەخىرلەنمەيمىز؟... بىز ئەڭ ئۇلۇغۋارمىز! ئەڭ مەدەنىيەتلىكمىز! شان-شۆھرەتلىكمىز! بىزنىڭ شەۋكەتلىك نامىمىز مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىرىنچى سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك ...

شاۋكەتنىڭ ياڭراق ئاۋازى جاراڭلايدۇ. ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ كۆكرەكلىرى ئىختىيارسىز كېرىلىدۇ. قەلبلىرىدە خۇددى ئېگىز تاغ چوققىسىدا تۇرغاندەك ھەممىدىن ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى جۇش ئۇرىدۇ. كۆزلىرىدىن شان-ئىپتىخار ئۇچقۇنلىرى چاچرايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئالىي نەسەبلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك، يۈكسەك مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىسى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇلار شاۋكەتنىڭ ئاشۇ ياڭراق ئاۋازىغا تىنچىقىنا قۇلاق سېلىشىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىگە ھېچ گۇمانسىز ئىشىنىدۇ. ئاشۇ سۆزلەرنىڭ، ئاشۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆز قۇلاقلىرىدا مەڭگۈ ياڭراپ تۇرۇشىنى، ئۆز كۆڭۈللىرىنى مەڭگۈ يالتىرىتىپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئاھ، قانداق يېقىملىق، قانداق تاتلىق سۆزلەر-ھە!

لېكىن شاۋكەتنىڭ دىللارنى سەگىتكۈچى، نېرىپلارغا ئارام بەرگۈچى، ئۆي-پىكىرلەرگە تەسەللى ئاتا قىلغۇچى، يۈرەكلەرگە قانائەتتىن قانات بەرگۈچى ئاشۇ سۆزلىرىنى پەقەت ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ئېكسكۇرسىيىچىلەر ئاڭلايتتى. ھېلىقى قەدىمكى جەسەت ئاڭلىمايتتى. ئۇ ئاشۇ ئەينەك ساندۇق ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ، تىنچقىنا ياتاتتى. ئۇ ئاشۇ ھالەتتە مىڭ يىللاردىن بىرى داۋاملىشىپ كەلگىنىگە ئوخشاشلا مەڭگۈ ئويغانماسلىقى، شاۋكەتنىڭ ياڭراق سۆزلىرىنى مەڭگۈ ئاڭلىماسلىقى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ...

ئاشۇ ئەبەدىيلىك سۈكۈتكە چۆككەن، شاۋكەتنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايدىغان زال ئىچىدە بىردىن دېڭىزنىڭ قەھرلىك شاۋقۇنىدەك، تەكلىماكاندا چىققان بوراننىڭ گۈركىرىشىدەك كۈچلۈك غوۋغا كۆتۈرۈلدى. بۇ غوۋغا خۇددى يانار تاغ پارتلىشىدەك، قاپقانغا دەسسىگەن يولۋاسنىڭ ھۆركىرىشىدەك جاراڭلىق ئىدى. مىڭ يىللىق قەدىمىي گۆرىستاننىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزغۇدەك، ئون ئەسىر ئۇخلىغان جەسەتلەرنى ئويغىتالىغۇدەك جاراڭلىق ئىدى. زالنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. قەدىمكى جەسەت ياتقان ساندۇقنىڭ ئەينەكلىرى لەرزىگە كەلدى، دىرىلدىدى. قەدىمكى جەسەتنىڭ قۇرۇق، قاقشال بولغان سۆڭەكلىرىگە دەھشەتلىك ئاۋاز كېلىپ ئۇرۇلدى ...

ئاشۇ كۈنى زالنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ، پەقەت شاۋكەتنىڭ ياڭراق ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— چىناردىن بوي ئالغان، قارىغايدىن جاسارەت ئالغان، جەڭگاھ گۈلخانلىرىدىن رەڭ ئالغان، يۇلتۇزلاردىن نۇر ئالغان، ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ تارقاتقۇچىسى، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچىنى تەكلىماكانغا كۆمۈپ قويغۇچى ئۇل زات ...

ئېكسكۇرسىيىچىلەر ئارىسىدىكى ياشقىنا بىر يىگىت

لەۋلىرىنى قىيسايتۇردى. كۆزلىرىدىن نېمىدىندۇر يىرگەنگەندەك بىر سوغۇق نۇر پارلاپ چىقتى:

— بۇ پو ئاتقانلىق!

— نېمە، نېمە دېدىڭىز! پو ئاتقانلىق دېدىڭىزما! — شاۋكەتنىڭ بەس-مۇنازىرە ئىشتىياقى بىردىن قىرىق گەز ئۆرلىدى، — مەن تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن سۆزلەۋاتىمەن. بىزنىڭ ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرى بۈيۈك هون ئىمپېرىيىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزغانلىقىمىز يالغانمۇ؟ ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭدا تاڭ سۇلالىسىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمىز يالغانمۇ؟ لوياڭدا-كەيفېڭدە كەيپ-ساپا سۈرگەنلىكىمىز يالغانمۇ؟ چىڭگىزخانغا، چاغاتايغا، قۇبلەيخانغا مەسلىهەتچى بولغانلىقىمىز يالغانمۇ؟ مەي-شارابنى كەشىپ قىلغانلىقىمىز يالغانمۇ؟ ياۋايى ئاتلارنى قولغا ئۆگەتكەنلىكىمىز، هارۋا كەشىپ قىلغانلىقىمىز يالغانمۇ؟ ... سىز بىلىپ قويۇڭكى، مەن ئۇلۇغ، قەدىمىي ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەتنىڭ نامىدىن سۆزلەۋاتىمەن! ...

— ئەگەر بۇ سۆزلىرىڭىز راستىنلا پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ نامىدىن ئېيتىلغان بولسا، بۇ تېخىمۇ لاۋزىلاشقانلىق، ئوپئوچۇق مىللىي پوچىلىق!

— مىللىي پوچىلىق! سىز بۇنداق كەلسە-كەلمەس قالپاقلىرىڭىز بىلەن پاكىتنى، تارىخىي پاكىتلارنى يېپىۋېتەلمەيسىز، سىز بۇ قەدىمكى جەسەتكە قاراپ بېقىڭ، ئۇنىڭ كىيىملىرىگە، ئۇنىڭ كەشىگە، ئۇنىڭ بوي-تۇرقىغا قاراپ بېقىڭ، كىم مىڭ ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ئۆتۈك-كەش كىيىشنى كەشىپ قىلغان؟ كىم ئۆتۈك-كەشلەرگە زەر كەشتە تىكىشنى بىلگەن؟ كىم مەشۇت تارتىپ، كىمخاب توقۇشنى باشلىغان؟ ... سىز ئوچۇقتىن ئوچۇق تارىخىي پاكىتلارغا كۆز يۇمۇۋاتىسىز، هەتتا ئەڭ يېڭى يېڭىلىقلاردىنمۇ خەۋەرسىز ئوخشايسىز، كولۇمبۇ ئامېرىكىنى تاپقان دېگەن نېمە گەپ؟ كولۇمبۇ تۇغۇلۇشتىن نەچچە

مىڭ يىل ئىلگىرىلا بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىز شىمالىي قۇتۇپ ئارقىلىق ئامېرىكىغا بارغان ... دۇنيانىڭ ئەڭ مۇكەممەل خەرىتىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن سىزىپ چىققان، يېزىقنى ھەممىدىن بۇرۇن كەشىپ قىلغان ... پولات تاۋلاشنى، مىس تاۋلاشنى بىلگەن ... سىز بىلىپ قويۇڭكى، تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى كۆمۈۋېتەلمىگەن پاكىتلارنى سىز ھەرگىزمۇ يوققا چىقىرىۋېتەلمەيسىز، بىزنىڭ ئۇلۇغ، مەدەنىيەتلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك ئىكەنلىكىمىزنى يوققا چىقىرالمايسىز. ئۇيۇلتاشتەك ئىناق، تاغدەك مەزمۇت، قارىغايدەك ئىرادىلىك ئىكەنلىكىمىزنى يوققا چىقىرالمايسىز...

شاۋكەتنىڭ چىرايى خۇددى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن، ئاۋازى ئۇسكەك بۇقىنىڭ ئاۋازىدەك قەھرلىك جاراڭلايتتى. چىرايىدىن، ئاۋازىدىن ئۆزگە، پۈتۈن بىر مەدەنىيەتلىك مىللەتكە قارشى سۆزلەۋاتقان مۇنۇ خام كاللىنى ئېغىز چىشلىرىغا ئېلىپ چايناپ پۈركۈۋەتكۈدەك غەزەپ بىلىنىپ تۇراتتى.

— بەلكىم ئاشۇ چاغلاردا سىز دېگەندەك بولغاندۇ. ئۇلۇغ، مەدەنىيەتلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك بولغاندىمىز، ئىناق-ئىتتىپاق، قەيسەر ئىرادىلىك بولغاندىمىز، — ھېلىقى يىگىتنىڭ ئاۋازىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، چىرايى خۇددى ئۇرۇشماقچى، سوقۇشماقچى بولغاندەك قەھرلىك قىياپەتكە كىرگەنىدى، — ئەمدىچۇ؟ ئەمدىچۇ؟ ئەمدى بىز كىم بولدۇق؟ بۈگۈنكى دۇنيادا بىز قانداق ئورۇندا؟ — ھەممىنىڭ كەينىدە. ئەجدادىنىڭ تايىنى يوق، ماختانغۇدەك پارلاق تارىخى، قەدىمىي مەدەنىيىتى يوق بەزى خەلقلەر كۆپ ئالغا كەتتى. ياش، قەدىمىي بولمىغان دۆلەتلەر ئىچىدە دۇنيانى، دۇنيانىڭ تەقدىرىنى چىمچىلاق قولىدا ئوينىتىپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇنداق زاماندا بىز نەدە قالدۇق؟ قانداق ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق؟ ... ياق سىز بۇ قەدىمىي جەسەتنى، ئۇنىڭ بوي-تۇرقىنى، ئۇنىڭ قىپقىزىل چاچلىرىنى پەش

قىلمىغۇەرمەڭ. ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئۇ ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس!

يىگىتنىڭ ئاۋازى تاغلاردىن قايتقان ئەكس سادادەك، قەھرىلەنگەن دېڭىزنىڭ نەرە تارتىشىدەك جاراڭلايتتى. شاۋكەتنىڭ ئاۋازىمۇ ئاشۇنداق جاراڭلايتتى. بۇ جاراڭلاشلار، ۋارقىراشلار، توۋلىششلار، ئەكس سادالار شاۋقۇنلۇق بىر غوۋغا ھاسىل قىلدى. زالنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. قەدىمكى جەسەت ياتقان ساندۇقنىڭ ئەينەكلىرى لەرزىگە كەلدى، دىرىلدىدى.

قەدىمكى جەسەتنىڭ قۇرۇق، قاقشال سۆڭەكلىرىگە ئاشۇ غوۋغانىڭ شاۋقۇنى كىلىپ ئۇرۇلدى. ئۇ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ روھى ئويغىنىپ كەتتى. مىڭ يىللىق ئۇيقۇدىن، ئەبەدىيلىك ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتتى، تولغاندى، مىدىرلىدى، ئۇياقتا-بۇياقتا ئۆرۈلدى. روھ دېگەن قېرىمايدىكەن، ۋاقتائىنۇاق كەلگەندە يەنە سېزىمگە ئىگە بولالايدىكەن. ئۇنىڭ قۇلاق پەردىلىرى مىڭ ئىككى يۈز يىل ئىلگىرىلا ئاپتاپتا قالغان ناغرىدەك قۇرۇپ يېرىلغان. كونا لاتىدەك تىتىلىپ كەتكەنىدى. لېكىن يەنە ئاڭلىيالىدى. ئەسىرلەرنىڭ بوران-شامالىرى ئۇشقىرتىپ سۆزلىگەن تارىخنى ئاڭلىدى. دەرد-ھەسرەت قوشاقلىرىنى، ئارزۇ-ئارمان ناخشىلىرىنى ئاڭلىيالىدى. باشقىلار ھەققىدىكى جەڭنامىلەرنى، باشقىلارغا ئوقۇلغان قەسىدە ۋە مەرسىيىلەرنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالمىسى مىڭ ئىككى يۈز يىل ئىلگىرىلا ئۆرۈكنىڭ گۈلىسىدەك قۇرۇپ، چاناقلىرىدىن تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى، لېكىن يەنە كۆرەلىدى. سىبىرىيىگە تۇتاش ئوتلاقلارنى، ئاقباش تەڭرىتاغنى، بىپايان تەكلىماكاننى، دۇنيانى، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى كۆردى. ئۇنىڭ پەيلىرى، بولجۇڭ گۆشلىرى ئاللىقاچان قۇرۇپ سۆڭەككە چاپلىشىپ كەتكەنىدى، لېكىن يەنە ماڭالىدى، پۇت-ئۇگىلىرىنى غىچىرلىتىپ قەدەم ئالالىدى. خۇددى قۇيۇندەك، شامالدەك، ئۇچقۇر جەڭ ئېتىدەك تېز قەدەم ئالالىدى. ئۆزى بىلگەن، ئۆزى

كۆرگەن، ئاق بوز ئارغىمىقى چېپىپ چىققان دالىلارنى كەزدى. ئاخىرقى قېتىم ھارغىنلىق بىلەن مېڭىپ ئۆتكەن ئۇزۇن ۋە جاپالىق يولىنى قايتا مېڭىپ چىقتى. بۇنىڭغا پەقەت يېرىم كېچە، ياق، پەقەت بىر سائەت، ياق پەقەت بىرمىنۇتلا ۋاقىت سەرپ قىلدى، ئۇنىڭ مېڭىسى، نېرۋىسى ئالللىقاچان پارچىلىنىپ تۈگەپ كەتكەن، خاتىرىلىرى، ئەستىلىكلىرى ئۆچكەنىدى. لېكىن يەنە ئەسلىيەلىدى، ئويلىيالىدى، قايتا يادىغا ئالالىدى. ئۆزى كىم ئىدى؟ ھايات چېغىدا نېمە ئىشلارنى قىلغان؟ ئەۋلادىغا نېمە مىراس قالدۇرغان؟ ھەممىنى ئەسلىيەلىدى، بولۇپمۇ ئۇ ئۇلۇغ ۋەزىر قارابۇلۇق[1]نىڭ ئوتقاشتەك قىزىل، قويۇق ۋە ئۇزۇن ساقىلىنى، چوڭ ۋە كۆكۈچ كۆزلىرىنى ئېنىق يادىغا ئالالىدى. ئۇ ئاشۇ ۋەزىرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن خاقانىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ كىچىككىنە شاھزادە پاسا تېكىن[2]نى تەختكە چىقارغان. ئۇ مانا شۇ خىزمىتى ئۈچۈن پېشقەدەم ۋەزىر ۋە ياش خاقان تەرىپىدىن تارتۇقلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنداق بولماي قالدى. ئۇ ۋەزىر قارا بۇلۇقنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ قاچتى، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈدەك ھاماقەت ئەمەس ئىدى. قارابۇلۇقنىڭ رەقىبى كۈل باغار[3]نىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھلاندى. ئۇ ئوردىدا بولغان ئىشلارنى، قارا بۇلۇقنىڭ ھوقۇقنى دەپ خاقانىنى ئۆلتۈرۈپ، ياش شاھزادىنى تەختكە يۆلەپ چىقارغانلىقىنى بايان قىلدى. لېكىن ئۆزىنىڭ ئۇۋۇدىن قايتىش يولىدا خاقانغا زەھەرلىك ئوقيا ئاتقانلىقىنى تىلغا ئالمىدى. تىلغا ئالسا بولمايتتى. چۈنكى ئۇ كۈل باغار مەرھۇم خاقانىنىڭ ئىنىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كۈل باغار ئۇنى يېنىدا ئېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ

① قارابۇلۇق — مىلادىيە 830-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇيغۇر خانلىقىدا ۋەزىر بولغان، 841-يىلى ئۆلتۈرۈلگەن.

② پاسا تېكىن — مىلادىيە 830-يىلدا تەختكە چىققان.

③ كۈل باغار — مىلادىيە 830-يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر باشلىقى.

دەھشەتلىك ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. قارابۇلۇق ئەسكەر باشلاپ كېلىپ كۆل باغار بىلەن ئۇرۇشتى. كۆل باغار يېڭىلدى. يېڭىلگەن قاچىدۇ. ئۇ كۆل باغارغا ئەگىشىپ يەنسەي بويىدىكى قىرغىزلارنىڭ يېنىغا كېلىپ پاناھلاندى. قىرغىز ئاتلىقلىرىغا يول باشلاپ پايتەختكە بېسىپ كىردى. قارا بۇلۇقنى ئۆلتۈردى. خانلىق ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. پۈتۈن بىر قوۋم ئۆزى گۈللەندۈرگەن ئەزىز يۇرتىنى تاشلاپ سەرسان بولۇپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەلنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ قىسمەت ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلدى. پايتەختنى ئىگىلىگەن ئىستېلاچىلارغا ئەمدى يول باشلىغۇچى كېرەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇنى قوغلىۋەتتى. ئۇ سەرسان بولغان ئەلگە قوشۇلدى. تەڭرىتاغدىن ئاتلاپ ئۆتتى. جاپالىق يوللارنى بېسىپ كۆسەنگە كەلدى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراقلارغا كەتتى. پۇقرالار ئىچىدە ئۇنى ھېچكىم تونۇمايتتى. ئۇ سەرسان بولغان ئەلگە خۇددى يامغۇر تامچىسى سۇغا قوشۇلغاندەك قوشۇلۇپ كەتتى ... ئۇ مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىيەلىدى، يادىغا ئالدى. مۇشۇ پاراكەندە ئەل ئىچىدە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالغان چىقىشماسلىق، ئىناقسىزلىق، ئىچى قوتۇرلۇقلارنىڭ ئۆزىدىن باشلانغانلىقىنى، ئۆزىدىن مىراس قالغانلىقىنى ئويلىيالىدى. ئۇنىڭدىن يەنە تالاي نەرسىلەر مىراس قالغانىدى. تۇراقسىزلىق، بوشاڭلىق، ئىرادىسىزلىك، قورقۇنچاقلىق، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، قانائەتچانلىق، پوچىلىق، بىر نان تاپسا ئون كۈن داپ چېلىش، بىچارىلىك، ئۈمىدسىزلىك ... ئۇ بۇلارنى ساناپ تۈگىتەلمىدى. ئۇنىڭ سېزىمى، ھېس-تۇيغۇسى، ئەقىل-پاراستى مىڭ ئىككى يۈز يىل ئىلگىرىلا ئۆچۈپ كەتكەنىدى. لېكىن يەنە سېزەلىدى، ھېس قىلالىدى، ھۆكۈم قىلالىدى، ئاق-قارىنى ئايرىيالىدى. قەلبى لىپمۇلىپ پۇشايمانغا تولدى، لىپمۇلىپ ھەسرەت-نادامەتكە تولدى. كۆز گۆھىرى تۆكۈلۈپ، چوڭقۇر ئورەك بولۇپ قالغان چانقىدىن مۇزدەك ياش تارام-تارام بولۇپ ئاقتى، ئۇنىڭ سىلىشتۇرۇش،

پەرقلەندۈرۈش، تەڭلەشتۈرۈش ئىقتىدارىمۇ ئۆلگەنىدى، لېكىن يەنە سېلىشتۇرالىدى، پەرقلەندۈرەلىدى، ئۆزىدىن قالغان مۇشۇ ساناقسىز ئەۋلادىنىڭ روھىنى، قىياپىتىنى، ئىرادىسىنى، ساپاسىنى، ئەقلىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇردى، تەڭلەشتۈرۈپ كۆردى. ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن، ئۆلگەن ئادەمنىڭ پۇشايمانغا قالغان روھى ئۈچۈن ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرۈشتىن ئارتۇق ھەسرەت-نادامەت بولمايدىكەن. ئۇ ھەسرەتكە، نادامەتكە پاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ئۈچۈنمۇ، ئەۋلادلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۈچۈنمۇ ھەسرەت چەكتى، نادامەت يۇتتى. ياق، نادامەتلا ئەمەس، ھەسرەتلىك، دەردلىك، پىغانلىق قان يۇتتى. ئۇنىڭ تىلى، گېلى، ئاۋاز پەردىسى، لەۋلىرى مىڭ ئىككى يۈز يىل ئىلگىرىلا چىرىپ يوق بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن يەنە سۆزلىيەلىدى، توۋلىيالىدى، جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ ۋارقىرىيالىدى:

«ھېلىقى يىگىت راست ئېيتىدۇ، مەن ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس، مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەن!»

※ ※

تاپانچا— ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچمۇ كەلمەيدىغان قورال، لېكىن ئۇ ھەرقانداق جانلىقنى جېنىدىن جۇدا قىلالايدۇ. مۇزدەك سوغۇق، قارا تۆمۈردىن ياسالغان، قاپقارا تۆشۈكى دەھشەت سېلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ قورالنى ھەرقانداق جانلىققا قارىتىپ ئاتسا، ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىققان ئەجەل ئوقلىرى جانلىقلارنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى چېچىپ ئۇلارنى مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سۇرلۇك ئاغزىنى ئۇنىڭ كارامىتىنى بىلمىدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ چېكىسىگە قاراتسا، ئۇ ئادەم ساماندەك سارغىيىپ، بەزگەكتەك لاغ-لاغ تىترىمىگەن ھالەتتىمۇ ھاياتىدىن پۈتۈنلەي

ئۈمىد ئۈزىدۇ. نەيزىمۇ قورال، لېكىن ئۇ هازىرقى زاماندا پەقەت قورالسىز رەقىبنىلا قورقۇتۇپ تىترىتەلەيدۇ.

ئېلېكتر چىراغ يېنىپ تۇرغان كارىدوردا، ئۈچ دانە تاپانچىنىڭ سۇرلۇك ئاغزى ئىككىنچى قەۋەتتىن چۈشىدىغان پەشتاققا نىشانلانغانىدى. بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ياسالغان، يېڭىدىن ساپلانغان بەش دانە نەيزىمۇ ئوخشاش بىر نىشانغا توغرىلىنىپ تۇراتتى. تاپانچىلارنىڭ ستۋولىدىمۇ، نەيزىلەرنىڭ دات باسقان ئۈچلىرىدىمۇ ئېلېكتر چىراغنىڭ نۇرى ئوينايتتى. كارىدوردىكى ئېغىر سۈكۈنات ۋە مىت قىلماي تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەر كېچىلىك جەڭگە تەييارلانغان ئەترەتنىڭ جەڭگىۋار هالىتىنى ئەسلىتەتتى. ئۇلار راستتىنلا كېچىلىك جەڭگە تەييارلانغانىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر چىراغنى ئۆچۈرۈشمىگەن، كېچىلىك جەڭدە ئوت يېقىشنى، چىراغ ياندۇرۇشنى، تاماكا چېكىشنى، ئۈنلۈك گەپ قىلىشنى—نىشاننى ئاشكارىلاپ قويۇشنى چەكلەيتتى ئەمەسمۇ؟ لېكىن بۇلار ...

جەڭگە «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى» نىڭ باشلىقى قوماندانلىق قىلىپ يۈرەتتى. بۇ جەڭ — يەنى «تۇيۇقسىز زەربە» ئۇنىڭ تەشەببۇسى، پىلانلىشى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق بىر مەيدان جەڭ قىلىنمىسا، «دۈشمەن» نى يوقاتقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ پاراكەندىچىلىكىمۇ توختىمايتتى. مانا بۈگۈن ئالتىنچى كېچە، شاۋكەت «دۈشمەن» ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىنكى تۆت كېچە-كۈندۈزدە، ئۇ بىرەر قېتىم كىرپىك قاقتىمۇ؟ خاتىرجەمغىنا بىرەر سائەت ئۇخلىدىمۇ؟ مېڭىسىنى، نېرۋىسىنى ئارام ئالدۇردىمۇ؟ ياق، ئۇ يەتكۈچە پاراكەندە بولدى. ئىسسىققىنا بىر ۋاخ تاماقمۇ يېيەلمىدى. نەۋرىسىنى بىردەم ئەركىلىتىپمۇ ئولتۇرالمىدى. تۈنۈگۈن كۈندۈزدە ئازراق ئۇخلىماقچى بولغانىدى، لېكىن چۈشىدە يەنىلا ئاشۇ «دۈشمەن» نىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىدى. قارا بېسىپ ۋارقىراپ تۇرۇپ

كەتتى. ئەھۋال ئاشۇنداق ئىكەن، ئەمدى كەسكىن تەدبىر قوللانمىسا، «دۈشمەن» نى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىدىغان چارىنى يولغا قويمىسا بولامدۇ؟

ئۇ كەسكىن چارىلەرنى قوللىنىشنى، پاراكەندىچىلىكنى بۇرۇنراق تۈگىتىشنى ئىلگىرىمۇ ئويلىغان. لېكىن ئۇ چاغدا «دۈشمەن» ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس ئىدى. تۈنۈگۈن كېچە ئېنىق بولدى. ئەمدى مانا بۇ جەڭگە قوماندانلىق قىلىپ تۇرۇپتۇ ...

«مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى» دىكى بارلىق خادىملار كوللېكتىپ نۆۋەتچىلىككە چىققان ئۈچىنچى كېچىدە، باشلىق «دۈشمەن» نى بىۋاستە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. چۈنكى ئۇ خېلى بۇرۇنلا، «دۈشمەن» ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەشتىقىدا كۆرۈنۈشتىن ئىلگىرىلا ھوشىدىن كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ھېلىقى يۈرەكلىك خىزمەتچىنىڭ دوكلاتىدىن «دۈشمەن» نىڭ كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان قەدىمكى جەسەت ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بولدى. لېكىن كۆڭلىدە ئازراق گۇمانمۇ قالدى. ئۇنىڭدا بۇنداق «دۈشمەن» گە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىمۇ، تەجرىبىسىمۇ يوق ئىدى. نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى، بىچارە ئىدى. بىچارە ئادەم باشقىلاردىن ياردەم سورايدۇ. ئۇ ساقچى ئىدارىسىگە مۇراجىئەت قىلدى. ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. لېكىن ئۇنىڭ ساقچىلار ئارقىلىق تىرىلىپ قالغان قەدىمكى جەسەتنى تۇتماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ ياكى ئۇنى ئېتىپ تاشلىماقچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

تۆتىنچى كۈنى كەچتە تاپانچا بىلەن قوراللانغان ئۈچ نەپەر ساقچى ياردەمگە كەلدى. تاپانچىلار ئوقلىنىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىن چۈشىدىغان پەشتاققا توغرىلاندى. باشلىقنىڭ ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلىدە «دۈشمەن» تاپانچىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئاشكارىلىماسلىقى، بۈگۈن كېچە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرماسلىقى مۇمكىن، دېگەن ئۈمىد ھۆكۈم سۈرەتتى. ساقچىلارمۇ ئاشۇنداق ئارزۇدا ئىدى. لېكىن «دۈشمەن» تاپانچىدىن، ئۇنىڭ سۈرلۈك ئاغزىدىن

قورقمايدىغان جاھىل «دۈشمەن» ئىكەن. ئۇ دەل ۋاقىتىدا پۇت-ئۇگىلىرىنى غىچىرلىتىپ، دەھشەتلىك «شۇۋ، شۇۋ، شۇۋ ...» نى ياڭرىتىپ چۇشۇپ كەلدى، كارىدورنى توغرا كېسىپ ئۆتتى ۋە ئەينەكلىك ئىشكىنىڭ ئالدىغا بارغاندا دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىرىدى. ساقچىلار ئۇنىڭغا ئوق چىقارمىدى. «توختا!» «قىمىرلىما!» دەپمۇ ۋارقىرىمىدى. ئۇلارنىڭ مەقسەدەپ تۇرۇپ قالغانلىقىنىمۇ ياكى بىرەر تەدبىر قوللىنىشنى ئارتۇقچە دەپ قارىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. لېكىن «دۈشمەن» ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ ئالدىدا غايىب بولغاندا، ئۇلارنىڭ مەقسەدەپ تۇرۇپ قالمىغانلىقى، قورقۇپمۇ كەتمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇلار دەرھال يۇگۇرۇشۇپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. كۆرگەزمە زالىنى ئېچىپ، قەدىمكى جەسەت ياتقۇزۇلغان ئەينەك ساندۇقنى تەكشۈردى. قەدىمكى جەسەت ئۆز ئورنىدا، ئەينەك ساندۇقنىڭ ئىچىدە تىنچقىنا ياتاتتى! ئۇ ھېچ يەرگە كەتمىگەنىدى!

بۇ نېمە ئىش؟ ھەممە ھەيرانلىقتا چۆمدى. ساقچىلار كېچىچە ئەينەك ساندۇقنى كۆزىتىپ چىقتى. جەسەت خۇددى ئۇخلىغاندەك تىنچقىنا ياتاتتى. ھېچقانداق غەيرىي ئەھۋال سېزىلمىدى.

تاڭ ئاتقاندا ئىدارە باشلىقى يېڭى خۇلاسىگە كەلدى: «پاراكەندىچىلىك سېلىپ يۈرگەن غەلىتە مەخلۇق قەدىمكى جەسەت ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ كىم؟ ئېھتىمال ئىدارىمىزگە ئالۋاستى دارىپ قاپتۇ. ياق، ئېھتىمال ئەمەس، چوقۇم، چوقۇم ئالۋاستى ... »

ئىدارە باشلىقى مۇشۇ خۇلاسىگە كەلگەندىن كېيىن، ئەمدىكى قەدەمدە نېمە قىلىشنى، ئالۋاستىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاشقا كىرىشتى. ئۇ ئۇزۇنغىچە ئويلىدى. نۇرغۇن قەدىمىي كىتابلارنى، تالاي قوليازمىلارنى ئەسلىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئالۋاستىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش يېزىلمىغانىدى. ئۇنىڭ يادىغا كىچىك ۋاقتىدا موممىسىدىن ئاڭلىغان «ئالۋاستىنىڭ چېچىنى كېسىپ ‹قۇرئان› ۋارىقىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويسا،

ئالۋاستى زىيانكەشلىك قىلمايدۇ» دېگەن گەپ كەلدى. بۇ بىر چارە ئىدى. ئۇ چارە تاپقىنىغا خۇشال بولۇپ كەتتى. لېكىن ... لېكىن ئالۋاستىنىڭ چىچىنى قانداق كېسىۋالغىلى بولىدۇ؟ ئۇنى كىم كېسىپ كېلىدۇ؟ ئۇ شۇنچە قورقۇنچلۇق تۇرسا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟ ... ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىردەمدىلا يوققا چىقتى. قەلبى ئۈمىدسىزلىككە تولدى. ھەي ...

لېكىن ئىزدىگەن ئادەمگە چارە تېپىلماي قالمايدىكەن. بىردىن ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدە: «يېڭى تۇغۇتلۇق ئايالغا ئالۋاستى دارىپ قالسا، مىلتىقنى پاختىۋەن قىلىپ ئاتسا قېچىپ كېتىدۇ» دېگەن قەدىمكى ئەنئەنە ئەكس ئەتتى. بۇ ئۇنىڭچىۋالا قەدىمكى بولمىسىمۇ يەنىلا قەدىمكى سەنئەت ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قەدىمكى ئىككەنلىكىلا باشلىقنىڭ خۇشاللىقىنى سەل خىرەلەشتۇردى. «ھوي راست، ‹قەدىمكىنى ھازىر ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش› دېگەن سىياسەت بارغۇ، ئۇ قەدىمكى ئەقىدە بولسىمۇ ئۇنى ھازىر ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرسا، نېمىشقا بولمايدىكەن؟ گەرچە ئىدارىمىزدە تۇغۇتلۇق ئايال بولمىسىمۇ، ئوخشاشلا ئالۋاستى دارىپ قالدى. مىلتىقنى پاختىۋەن قىلىپ ئېتىپ قوغلىۋېتىش كېرەك. ياق، مىلتىقنى پاختىۋەن قىلىپ ئاتقاندىن كۆرە راست ئوق بىلەن ئېتىش كېرەك ... » باشلىقنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە، تەدبىرلىك ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىسى يەنىمۇ ئاشتى ...

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە بىۋاستە قوماندانلىقىدا بۇگۈنكى كېچىلىك جەڭ تەييارلانغانىدى. ئۇ ساقچىلارنى يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىسۇن دەپ، كۆرگەزمىخانىدىكى قەدىمكى نەيزىلەرنى ئاچقىپ ساپلاتتى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن تارقىتىپ بەردى، ئۆزىمۇ بىرنى ئالدى. مانا ھازىر ئۇنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپتۇ ... ئۇ يېنىدىكى ئۆز جەڭچىلىرىگە نەزەر سالدى. ئۇلار ھوشيار ۋە كوماندا بېرىلىسلا «دۈشمەن» ئۈستىگە تاشلىنىشقا،

ئۇنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇشقا، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن نەيزە سانجىشقا تەييار تۇراتتى. باشلىقنىڭ كۆڭلى مەمنۇن بولدى. كۆڭۈل ئېكرانىغا جەڭ مەنزىرىسى ئۆرلەپ چىقتى: باتۇر جەڭچىلەر ئالۋاستىغا ۋاقىلدىتىپ ئوق ئاتىدۇ. ئالۋاستى قورقۇپ، ئالۋاستى بولۇپ قالغانلىقىغا مىڭ پۇشايمان قىلىدۇ. ئۆلەر-تىرىلىشىگە، كەشىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا قارىماي قاچىدۇ. «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى» دىن يىراقلارغا قېچىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدۇ، پاراكەندىچىلىك تۇگەيدۇ. ئالۋاستى دارىپ قالغان ئىدارە ئوڭشىلىدۇ، زەپەر تۇغى لەپىلدەيدۇ ...

قوماندان تام سائىتىگە قارىدى. سائەتنى كۆرسەتكۈچى ئىستىرېلكا ئىككىگە يېقىنلىشىپ قالغان، مىنۇت ئىستىرېلكىسى بولسا «11» دىن ھالقىپ «12» گە يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. باشلىقنىڭ يۈرىكى رىتىمىدىن ئېغىپ، تۇيۇقسىز دۈپۈلدەپ كەتتى، ئالىقانلىرى تەرلەپ نەملەشتى. مۇزدەك سوغۇق بىر يىلان پۇتلىرىغا يۆگىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلىگەندەك بولدى. دەھشەتلىك چىرقىراقتىن قولاق پەردىلىرى زىڭىلدىدى ...

ئالۋاستى ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەشتىقىدىن چۇشۇپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشىدا قىپقىزىل ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇراتتى.

«پاڭ، پاڭ، پاڭ! ...»

ساقچىلار كوماندىسىزلا ئوق چىقاردى. ئۇلار چىراغ يورۇقىدا ئېنىق قارىغا ئېلىپ ئاتتى. ھەربىرى تولۇق بىر دىسكىدىن ئوقنى ئاشۇ تەبىئىي مۇمىيالانغان تەن، قاخشال سۆڭەككە ئېتىپ تۈگەتتى. ئادەملەرنى لاغ-لاغ تىترىتىدىغان، قىپقىزىل قانلىرىنى چېچىپ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدۇرىدىغان ئەجەل ئوقلىرى ئالۋاستىغا دال بولالمىدى، ئۇ يەنىلا بەخىرامان قەدەم ئالاتتى، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىرىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىغا چۇشۇپ كەلدى ۋە ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىرىدى.

«ھېلىقى يىگىت راست ئېيتىدۇ. مەن ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس، مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەن!»

جەك تۇگىدى. ئالۋاستى كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ يىراقلارغا قېچىپ كەتتىمۇ؟ مەڭگۈلۈككە غايىب بولدىمۇ؟ بۇنىڭغا ھازىرچە ھېچنېمە دېگىلى بولمايتتى. جەكنىڭ پارلاق غەلىبىگە ئېرىشكەن ياكى پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغانلىقى پەقەت كېيىنكى كېچىدىلا مەلۇم بولاتتى. خۇشال بولۇشقا، تەنتەنە ناغرىسىنى چېلىشقا تېخى ئەتىگەن ئىدى. ھەممىسى كېيىنكى كېچىدە نەتىجىنى كۆرۈشمەكچى، جەك مەيداننى كېيىنكى كېچىدە تازىلىماقچى بولۇشتى. لېكىن باشلىق ئۆزى قوماندانلىق قىلغان بۇ جەڭنىڭ شانلىق غەلىبىلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىغا، ئالۋاستىنىڭ مەڭگۈلۈككە غايىب بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

※ ※

شاۋكەت تېخىچە دوختۇرخانىدا ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق كېسەل بولمىسىمۇ، لېكىن دوختۇرخانىدىن چىققۇسى كەلمىدى. دوختۇرمۇ ئۇنىڭ چۆچۈپ كەتكەن، ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن نېرۋىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرمەزگىل داۋالاش زۆرۈر دەپ قارىغانىدى.

تۇنۇگۈن ئۇ خىزمەتداشلىرىدىن، ئالۋاستىنىڭ ئەينەكلىك ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە «ھېلىقى يىگىت راست ئېيتىدۇ، مەن ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس. مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەن!» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ نېمىنىدۇر ئەسلەپ قالدى. بۇ جۈملىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. نەدىدۇر بىر يەردە ئاڭلىغاندەك تۇراتتى. ئۇ بۇنداق جۈملىنى قەيەردە، قاچان ئاڭلىغانلىقىنى ئەسلەش ئۈچۈن چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۆز ۋۇنغىچە ئويلىدى. چۈشتىن تارتىپ كەچكىچە، پۈتۈن بىر كېچە،

ئۇندىن كېيىن يەنە ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئويلىدى. لېكىن ئەسلە-يەلمىدى. ئۇ «مېڭەمدىن راستىنلا چاتاق چىققانمىدۇ؟ نېرۋىلىرىم راستىنلا قوزغىلىپ كەتكەنمىدۇر؟ ... » دەپ ئويلاپ قالدى، لېكىن باشقا ئىشلارنى — خوتۇنىنى، بالىسىنى، يازغان ماقالىلىرىنى، قاچان تەتقىقاتچى ئۇنۋانى ئالغانلىقىنى ئەسلىيەلەيتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا مېڭىسىدىن چاتاق چىقمىغاندەك، ئەسلەش، خاتىرىلەش ئىقتىدارى بۇزۇلمىغاندەك تۇراتتى. لېكىن نېمىشقا مۇنۇ جۈملىنى، مۇشۇنداق قۇرۇلمىغا ئىگە جۈملىنى نەدە، قاچان ئاڭلىغانلىقىنى، كىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدۇ؟ يادىغا ئالالمايدۇ؟ ...

ئۇ ئاخىر ئېسىگە ئالدى. ئىدارىگە ئالۋاستى دارىپ قېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن كەلگەن ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى ئېسىگە ئالدى. ھېلىقى ياش يىگىتنى، ئۇنىڭ «ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئۇ ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس!» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئەسلىدى. زال ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن غوۋغالىق مۇنازىرىنى ئەسلىدى ...

شاۋكەت شۇلارنى ئەسلىگەندىن كېيىن، ئىدارىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان، ئۆزىنى قورقۇتۇپ جېنىنى ھەلقۇمغا ئەكېلىپ قويغان بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ قانداقتۇر ئالۋاستى ئەمەسلىكىنى، ئېكسكۇرسىيە زالىدىكى ئەينەك ساندۇق ئىچىدە ياتقان قەدىمكى جەسەت ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن ئاشۇنداق ۋارقىرىغانلىقىنى چۈشەندى ...

شاۋكەت ھەممىنى چۈشەنگەنىدى. چۈشەنگەنىكەن، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇ مۇشۇ ھەقتە ئويلاپ ياتقاندا، خىزمەتداشلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىشتى، كېچىلىك «جەڭ»نى سۆزلەپ بېرىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا ئەندىشە، قورقۇش، ئىشەنمەسلىك ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ئۇلار، بۈگۈنكى

كىچە جەڭنىڭ غەلىبە ياكى مەغلۇبىيىتىنىڭ مەلۇم بولىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە، شاۋكەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ كىچىچە نۆۋەتچىلىككە چىقىدىغانلىقىنى، نەق مەيدانغا بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىگە، ئالۋاستىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى بىلىشكە بولغان سىرلىق بىر ھەۋەس تۈرتكە بولدىمۇ ياكى كۆڭلىگە پۈككەن باشقا مۇددىئاسى بارمۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئىدارىگە ئالۋاستى پەيدا بولۇپ يەتتىنچى كۈنى كېچە، تام سائىتىنىڭ قوڭغۇرىقى كېچە سائەت ئىككىگە جاراڭلاپ، ئىدارە باشلىقى ئويۇشتۇرغان سەلتەنەتلىك جەڭنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى جاكارلاندى: «شۇۋ، شۇۋ، شۇۋ» قىلغان چىرقىراق سادا ئىچىدە ئالۋاستى، ياق، قەدىمكى جەسەت، ياق، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق ئىككىنچى قەۋەتنىڭ پەشتىقىدىن چۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى، پۇت، ئۇگىلىرى ئىلگىرىكىدەكلا غىچىرلايتتى. بېشىدا قىپقىزىل ئوت لاۋۇلداپ كۆيەتتى. نۆۋەتچىلىككە چىققان ھەممە كىشى لاغىلداپ تىترىدى. ھەتتا ساقچىلارمۇ لاغىلداپ تىترىدى. ھەر بىرى ئون پايدىن ئوق ئاتسۇن، گەۋدىسىگە، كالللىسىغا، پاچاق، قورساقلىرىغا تەگكۈزسۇن، ئوقلىرى ئۇنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتسۇن، ئەمدى كېلىپ ئۇ يەنە ساق-سالامەت مېڭىپ يۈرسە، ئۇلار قانداقمۇ تىترىمەي تۇرالىسۇن؟ ...

ئۇلارنىڭ رەقىبى كارىدوردىن ئۆتۈپ، ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەممىسى ئۇ «دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىرايدۇ» دەپ كۈتۈپ تۇرۇشتى، لېكىن ئۇ ۋارقىرىمىدى. نېمىنىدۇر كۈتكەندەك ئورنىدا جىممىدە توختاپ تۇردى. مانا شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بەردى. پۇتلىرى لاغىلداپ تىترەۋاتقان شاۋكەت تۇيۇقسىز يەرگە تىزلاندى. دەھشەتلىك ئاۋازدا ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ۋارقىرىشىمۇ ئالۋاستىنىڭ، ياق، قەدىمكى جەسەتنىڭ، ياق، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقنىڭ ۋارقىرىشىدەك

دەھشەتلىك ئىدى:

«ئۆزلىرى توغرا ئېيتتىلا، ئۆزلىرى ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەس، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيلا، ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىزمۇ ...»

شاۋكەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى. كارىدورنىڭ تۆت تېمىدىن، يىراق تاغلاردىن، بىپايان چۆللەردىن قايتقان ئەكس سادا ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاتمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئاخىرى بېسىلماي تۇرۇپلا ھېلىقى ئالۋاستى، ياق، قەدىمكى جەسەت، ياق، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق تۇرغان ئىشىك ئالدىدىن لاپپىدە بىر يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ كۆككە ئۆرلەپ چىقىپ كەتتى. بىنانىڭ سېمونت ئۆگزىلىرىنىمۇ تېشىپ چىقىپ كەتتى. بۇنى ھەممىسى ئېنىق كۆرۈپ تۇردى ...

سەككىزىنچى كۇنى ئالۋاستىنىڭ، ياق، قەدىمكى جەسەت روھىنىڭ، ياق، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇقنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇ خۇددى شاۋكەتنىڭ جاۋابىنىلا كۈتۈپ يۈرگەندەك، ئەمدى كۆڭلى قانائەت تېپىپ، ئۆز دەرگاھىغا كېتىپ قالغاندەك ئىدى. كىشىلەر يېنىك تىن ئېلىشتى.

ئۇ ئۆز دەرگاھىغا كېتىپ قالدى. مەڭگۈلۈككە كېتىپ قالدى. لېكىن كىشىلەرنىڭ خىيالى يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بەنت ئىدى. ھەيرانلىق تىللىرىنى لال قىلغانىدى. پەقەت پىكىر يۈرگۈزەتتى. كۆڭۈللىرىدىكى ئەقىدىلىرىنى، ئېتىقادلىرىنى، بىلىملىرىنى، چۈشەنچىلىرىنى يېڭىباشتىن رەتكە تۇرغۇزۇشاتتى. ئۇلار بىر قانچە كۈنگىچە بىر-بىرى بىلەن زادى گەپلەشمىدى. گەپلەشكۈدەك ھەپسىلىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار ھېلىقى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇچىنىڭ راستتىنلا مەڭگۈلۈككە كېتىپ قالغانلىقىغا، ئۆزلىرىنى ئەمدى پاراكەندە قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى، ئېتىقادلىرىنى، بىلىملىرىنى، چۈشەنچىلىرىنى يېڭىۋاشتىن رەتكە تۇرغۇزۇپ

بولغاندىن كېيىنلا ئېغىزلىرىنى ئېچىشتى. بولۇپ ئۆتكەن ئاجايىپ ۋەقە توغرىسىدا ئاشكارا مۇلاھىزە قىلىشتى، بەس-بەستە گەپ قىلىشتى. لېكىن شۇ چاغدا مەلۇم بولدىكى، شاۋكەتنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ گەپ قىلمايتتى، كۆزلىرىنى لۈمۈلدىتىپ قاراپ تۇراتتى. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى، ھېلىقى ۋارقىراپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزىنى يادىغا ئېلىشتى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئېچىندى ...

# چاتما ھېكايىلەر

## 1. كېچىكتۈرۈلگەن مېيىت نامىزى

مېيىت نامىزىمۇ ناماز. تېخى خېلىلا ئالاھىدە ناماز. باشقا نامازلار قازا قالسا تولۇقلاپ ئۆتەشكە بولىدۇ، لېكىن مېيىت نامىزىنى تولۇقلاپ ئۆتەش يوق. مېيىت نامىزىغا كەلمىگەن ۋە ئۇنى ئۆتىمىگەنلەر گۇناھكارمۇ ھېسابلانمايدۇ، ئەمما ئۇيغۇرلاردا مېيىت چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مېيىت نامىزىغا بارىدىغان ئادەت بار. مىلادىيە 2011-يىل 3-ئاينىڭ 31-كۈنى كەچكە يېقىن نىياز چىگىتنىڭ نەپەس ئۈزگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بىچارە ئۇزۇن كېسەل تارتىپ، ئىت-ئېشەكتەك قىينىلىپ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلىپ ئاخىرى نەپەس ئۈزۈپتۇ. مەرھۇم نەپەس ئۈزۈش ئالدىدا كۆزلىرىنى چوڭ-چوڭ ئېچىپ ئايۋان-سارايلىرىغا قايتا-قايتا قاراپ تۇرۇۋالغانىمىش. يۆتكەش تولىمۇ تەس بولىدىغان چوڭ پولاتساندۇقلىرىنى ئالدىغا ئەكېلىشكە بۇيرۇپ، ئاختۇرۇپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى نۇرى ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىپ، قايتا-قايتا ساناپ چىققانىمىش، نەپەس ئۈزگەندە كۆزلىرى يۇمۇلماپتۇ. قايتا-قايتا يۇمدۇرۇپ قويسىمۇ يەنىلا جامدەك ئېچىلىپ تۇرۇۋالغانىمىش ...

ئەتە جۈمەدە يەرلىككە قويۇلماقچىكەن. رەھمەتلىكنىڭ پەيشەنبىدە نەپەس ئۈزۈپ جۈمەدە يەرلىككە تېگىدىغانلىقى مېنى خېلىلا

ھەۋەسلەندۈردى. گەرچە ئوبدان تونۇش بولمىساقمۇ، ئۇنىڭ مېيىت نامىزىغا داخىل بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئۇنىڭ نامىزىنىڭ قايسى مەسچىتتە چۈشۈرۈلۈپ، قايسى زاراتگاھقا قويۇلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگىنىمدە مەسىلە تېخىمۇ ئېنىق بولدى، ئۇنىڭ نامىزى بىزنىڭ مەھەللىدىكى تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەسچىتتە چۈشۈرۈلمەكچىكەن. ئۇنى مەن «بىزنىڭ مەسچىت» دېسەممۇ بولاتتى. چۈنكى مەن ئاشۇ مەسچىتنىڭ «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى»نىڭ بىر ئەزاسى ئىدىم. بىز بەش ئەزا ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ئاشۇ مەسچىتكە دائىر ئىشلارنى باشقۇراتتۇق. «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت» لەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتۇق. گەرچە ئىمام ئاخۇنۇمدىن باشقىلارغا ھۆكۈمەتتىن مائاش بېرىلمىسىمۇ يەنىلا ۋەزىپىمىزنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇنداي-تتۇق ... نىياز چىگىتنىڭ مېيىت نامىزى بىزنىڭ مەسچىتتە چۈشۈرۈلمەكچى بولغانىكەن، مەن مېيىت نامىزىغا تەبىئىيلا قاتنىشاتتىم. تېخى جۈمە ئەمەسمۇ. جۈمەگە قاتناشماسلىقا بولمايتتى. جۈمەگە ۋە جۈمەدە ئۆتەلگەن مېيىت نامىزىغا كۆپ ئادەم قاتنىشاتتى.

شۇنداق بولدى، مەن جۈمە ۋاقتىغا بىرەر سائەت قالغاندا مەسچىتكە يېتىپ باردىم. جۈمە ئوقۇمايدىغان، ئەمما مېيىت نامىزى ئوقۇيدىغان نوچىلاردىن بىرەر مىڭى مەسچىتنىڭ سىرتىغا توپلىشىپ تاماكا چېكىشىپ تۇرۇپتۇ. مەسچىتنىڭ ھويلىسىدا تەنتەللا يوپۇق يېپىلغان تاۋۇت قويۇلۇپتۇ. تاۋۇتنىڭ يېنىدا 15-20 ئادەم تىزىلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئاق پوتىلىق يىگىتنى نىياز چىگىتنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ۋە قاتار تۇرغانلار بىلەن قوش قوللاپ كۆرۈشۈپ قايغۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئىپادىلىدىم. قايغۇرۇش كېرەك ئىدى، ئادەم ئۆلۈۋاتسا قايغۇرماي بولامتى؟

جۈمە نامىزىدىن كېيىن، خەۋەر بېرىلگەن باشقا

مەسچىتلەردىكى موللاملارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، مېيىت نامىزىنى ئوقۇماي كۈتۈپ تۇردۇق. ئادەم بەكمۇ كۆپ يىغىلغانىدى. ئىمام ئاخۇنۇم ئۆلۈمنىڭ بەرھەقلىقى، توۋىنىڭ مۇقەددەسلىكى ھەققىدە دەرس مۇكالىم قىلدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋەز-نەسىھەت «نامازغا ئالدىراڭ چاغ ئۆتۈپ كەتمەستىن بۇرۇن، تۆۋىگە ئالدىراڭ ئۆلۈم كەلمەستىن بۇرۇن» دېگەن قەدىمىي چاقىرىق بىلەن ئاخىرلاشتى.

بۇ چاغدا باشقا مەسچىتلەردىكى موللاملار كېلىپ بولۇشقان، مەسچىتنىڭ سىرتىدا جۇمەنىڭ تۈگىشىنى، مېيىت نامىزىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان نوچىلارمۇ مەسچىتكە كىرىپ بولۇشقانىدى. ئىمام ئاخۇنۇم ۋەز-نەسىھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ «كېلىدىغانلار كېلىپ بولدىمۇ؟» دەپ سورىدى ۋە تېگىشلىك جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىن مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى «تەشۋىقات ھەيئىتى» گە قاراپ باش ئىرغاڭلىتىپ قويدى. «تەشۋىقات ھەيئىتى» جالالىدىن قارىم دەل ئەنە شۇ باش لىڭشىتىشنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئۇ دەرھال جامائەتكە مۇراجىئەت قىلدى.

— ئەھلى جامائەت، بۈگۈن نامىزى چۈشۈرۈلمەكچى بولغان مەرھۇم نىياز چىگىت ئەھلى مۇسۇلماننىڭ پۇشتى ئىدى، ئۇ ئۆز ھاياتىدا ...

«تەشۋىقات ھەيئىتى» جالالىدىن قارىمنىڭ ئاۋازى تولىمۇ جاراڭلىق ئىدى. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى «تەشۋىقات ھەيئىتى» بولغان، ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئاخىرەت سەپىرىگە ئىختىيار قىلغان جاپپار داموللامنىڭ ئاۋازىدەكلا جاراڭلاپ چىقاتتى. ئۇ مەرھۇم نىياز چىگىتنىڭ ھايات يولىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. نىياز چىگىتنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە، قاچاندۇر بىر چاغلاردا قۇربانلىق قىلغان قوچقارنىڭ تېرىسىنى مەسچىتكە ئىئانە قىلغانلىقىغا ۋە يەنە قاچاندۇر بىر چاغ جامائەتنى بىر قېتىم ئىپتارغا چاقىرغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ ئۆتتى. مۇسۇلماننىڭ

مېيىت نامىزىنى مۇسۇلمانلىق قائىدىلىرىگە بىنائەن چۈشۈرۈشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەرھۇم نىياز چىگىت ھاياتلىقىدا بىلىپ-بىلمەي، ئاڭلىق-ئاڭسىز، مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز، سەۋەبلىك ياكى بىسەۋەب قولۇم-قوشنىلارنىڭ ياكى ئەل-جامائەتنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويغان بولسا ۋە ياكى ئۆتنە-يېرىم، ئېلىم-بېرىم، سودا-سېتىم جەريانىدا ئۇنتۇلۇپ ياكى ئۇنتۇلماي بىرەرسىلىرىنىڭ ھەققىلىرى مەرھۇمنىڭ گەدىنىدە قالغان بولسا، رازى بولۇشسىلا، ئاندىن مەرھۇمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرسەك؛ ئەگەر راستىنىلا مەرھۇمنىڭ گەدىنىدە قالغان ھەققىلىرى بولسا، ئېيتسىلا، ئۇنى مەرھۇمنىڭ ئوغلى ئىگە بولۇپ تۆلەپ بېرىدۇ، ئەگەر ھەققىلىرى بولمىسا رازىلىق بېرىشسىلە ...، — جالالىدىن قارىمنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئۆچتى. بۇ چاغدا جامائەت ئىچىدىن «رازى» دېگەن گۇرۇلدىگەن ئاۋاز چىقىشى كېرەك ئىدى. مەن ئاشۇنى كۈتۈپ تۇراتتىم. ئاشۇ ئاۋازنى ئاڭلىساملا ئۆزۈمنىڭ «تەشكىلات ھەيئىتى» لىق ۋەزىپەمنى بەجا كەلتۈرۈپ «سەپراس» دەپ ۋارقىرايتتىم. لېكىن جامائەت ئىچىدىن نېمىشقىدۇر «رازى» دېگەن گۇرۇلدىگەن ئاۋاز ئاڭلانمىدى. پەقەت ئىككى-ئۈچ ئادەمنىڭلا «رازى» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ئۇ ئاۋازمۇ مەسچىت ھويلىسىدا ئېرىپ يوق بولۇپ كەتتى. ئىش نېمىسى بىلەندۇر قولاشمايۋاتقاندەك قىلاتتى. باشقا مېيىت نامازلىرىغا ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. مېيىت نامىزىنى ئۆتەۋېرىش كېرەكمۇ ياكى جامائەتنىڭ رازىلىقى جاكارلانغۇچە كۈتۈپ تۇرۇش كېرەكمۇ؟ ھەي ... ئىمام ئاخۇنۇم دېگەن يەنىلا ئىمام ئاخۇنۇم ئىكەن. ئۇ ئادەتتىكى «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» ھەيئەتلىرىدىن پاراسەتلىك ئىكەن. ئۇ قايسىدۇر بىر مەسچىتتىن كەلگەن موللامنى مېيىت نامىزىنى باشلاپ ئۆتەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ موللام بولسا، يەنە

بىرىنى تەكلىپ قىلدى. تەكلىپ قىلىشىپ، خوش-خوش ئېتىشىپ ئاخىرى يەنىلا بىزنىڭ ئىمام ئاخۇنۇم سەپنىڭ ئالدىغا چىقىرىلدى. بۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى مەسچىت باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىدە «مەسچىت ئاتلاپ ناماز ئۆتەش، باشقا مەسچىتكە كېلىپ قۇرئان تەبلىغ قىلىش مەنئى قىلىنغان» ئىدى. شۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن باشقىلار ناماز باشلىسا بولمايتتى. پەقەت ۋە پەقەت بىزنىڭ مائاشلىق ئىمام ئاخۇنىمىزلا مۇشۇ مەسچىتتە ناماز باشلاپ ئۆتەشكە ھوقۇقلۇق ئىدى. ئۇ ماڭا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ باش لىڭشىتىشى — جامائەتنىڭ رازىلىقى بولمىسىمۇ مېيىت نامىزىنى ئۆتەۋېرىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى، مەسچىتىمىزنى نىياز چىگىتنىڭ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشنى رەت قىپتۇ، دېگەن نامدىن قۇتۇلدۇرۇش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم ۋە بار ئاۋازىم بىلەن «سەپراس! » دەپ ۋارقىرىدىم. ۋارقىرىغان ئاۋازىمنىڭ ئاخىرى ئۆچۈۋاتقان چاغدا جامائەتكە قاراپ قويدۇم، كىملەردۇر ئۆز سەپلىرىنى توغرىلاش ئۈچۈن سەپنىڭ باش-ئاخىرىغا قارىشىۋاتاتتى. ئەگەر يەنە بىرقانچە سېكۇنت ئۆتسىلا ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ «ئاللاھۇئەكبەر! » دېگەن مۇناجاتى ئاڭلانغان، جامائەت بېشىنى كۆككە بۇراپ، ئاللانىڭ غايىب دىدارىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلگەن، مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش رەسمىي باشلىنىپ، مەرھۇم نىياز چىگىتنى بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلغان بولاتتى. لېكىن دەل مانا شۇ چاغدا چاتاق چىقتى. «سەپراس! » دېگەن ۋارقىرىشىمنىڭ ئاخىرى ئۆچە-ئۆچمەيلا كىمدۇر بىرىنىڭ قوپال ئاۋازى باشلىناي دەپ قالغان مېيىت نامىزىنى بۇزۇپ قويدى. مەسچىت ئىچىدىكى ئۆلۈم خىياللىرى پەيدا قىلغان ئۇلۇغۋار جىمجىتلىقنى بۇزدى. تۇنۇگۈن كەچتىن بېرى ئىشلەنگەن ئۇزىتىش تەييارلىقلىرىنى توختىتىپ قويدى ...

— ئاخۇنۇم! — دەپ ۋارقىرىدى جامائەت ئىچىدىن ھېلىقى

قوپال ئاۋازلىق ئادەم، — مېنىڭ تاۋۇت ئىچىدە ياتقان ئاشۇ ئادەمدە ھەققىم بار ئىدى. ئاشۇ ھەققىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاندىن نامىزىنى ئوقۇغان بولسىلا ...

— مېنىڭمۇ ھەققىم بارئىدى ...

— مېنىڭ پۇلۇم بار ئىدى ...

— مېنىڭ ئىش ھەققىمنى بەرمىگەنىدى ...

— مېنىڭ ھېساباتىم بار ئىدى ...

مەسچىت ئىچى تۈن كېچىدە ئورماندىن ئۆتكەن بوران ئاۋازىدەك گۇرۇلدەپ كەتتى. ھەممە كىشى ۋارقىرايتتى. ھەممە كىشى ھەق تەلەپ قىلاتتى. ھەممە كىشى نېمىدۇ بىرنېمىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورايتتى ... مېنىڭ يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ كەتتى. كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بېرىۋاتاتتى. قۇلاق ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆز كۆرمىگەن ئىش بىزنىڭ مەسچىتتە يۈز بېرىۋاتاتتى. توۋا خۇدايىم، شۇنچە يىللاردىن بېرى تالاي مېيىت نامازلىرىنى ئۆتىدۇق. تالاي مېيىتلارنى ئۇزاتتۇق. بۇنداق ئىش قاچان يۈز بېرىپ باققان؟ ئادەملەردە ئەخلاق-پەزىلەت دېگەن نېمە قالدىمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ گۆرگە كىرىش ئالدىدا بۇنداق خورلۇققا قالغىنىنى كىم كۆرگەن؟ مەن نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» نىڭ باشلىقى، ھۆرمەتلىك ئىمام ئاخۇنۇممۇ مەڭدەپ قالغانىدى. مېيىت نامىزىنى باشلاپ توختاپ قالدى. موللا ئاخۇنۇملارنىڭ ئالدىنقى رەتتىكى سەپلىرىمۇ، جامائەتنىڭ كەينى تەرەپتىكى سەپلىرىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇنداق قالايمىقان سەپلەر بىلەن ناماز ئۆتەش دۇرۇس بولمايتتى. كىشىلەر گۇدۇڭلىشاتتى. ھەق تەلەپ قىلغان ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىمام ئاخۇنۇممۇ، باشقا مەسچىتلەردىن كەلگەن موللاملارمۇ بۇنداق ئىشقا زادىلا دۇچ كېلىپ باقمىغان بولسا كېرەك. مەن بولسام تېخىمۇ شۇنداق ئىدىم، بىز بىر-بىرىمىزگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتۇق. لېكىن

نېمە قىلىشنى بىلمەيتتۇق. ئەمما بۇ ئىشنى دەرھال مۇزاكىرە قىلىپ، قانداق قىلىش ھەققىدە قارار چىقارماي بولمايتتى. بىز «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» دىكى بەش كىشى دەرھال مەسچىت لەمپىسى ئۈستىدىكى سۇپىغا يىغىلدۇق. قىسقا، جىددىي يىغىن بولۇپ ئۆتتى. مەرھۇم نىياز چىگىتنىڭ ئوغلىنىمۇ چاقىردۇق. بىچارە كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ مەسلىھەتكە ئاۋاز قوشتى. بىز مېيىت نامىزىنى ئالدى بىلەن ئۆتەش، مەرھۇمنى يەرلىككە قويۇش، ئاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇش دېگەن قارارنى چىقاردۇق. بۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن، ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى ئەڭ مۇۋاپىق قارار ئىدى. «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» نىڭ «تەشۋىقات ھەيئىتى» جالالىدىن قارىم قارارنى ۋارقىراپ تۇرۇپ جاكارلىدى. بىز ھەق ئىگىلىرى بۇ قارارنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئىشىنەتتۇق، لېكىن قارار ئېلان قىلىنىپ بولۇشىغىلا يەنە ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى.

— بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ھەققىمىزنى قايتۇرۇپ ئاندىن كېيىن نامىزى ئوقۇلسۇن.

— بۇ ئادەم زادىلا ۋەدىسىدە تۇرغان ئەمەس.

— گۆرگە كىرىپ كەتسىلا ھەققىمىزنى ئالالماي قالىمىز.

— گۆرگە بىللە ئېلىپ كېتىدۇ ئۇ.

— ئالدى بىلەن ھەققىمىزنى قايتۇرسۇن.

نىياز چىگىتنىڭ قايسىدۇر بىر پەن تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئوغلى مەسچىت سۇپىسىغا چىقىپ، دادىسىنىڭ بارلىق قەرزلىرىگە ئۆزى ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى، ھەقلەرنى تولۇق قايتۇرۇشقا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەدە بەردى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى ياش يۇقى، قايغۇ-ھەسرەت چىقىپ تۇرغان چىرايى مەسۇم ۋە بىچارە ئىدى. ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. ھەق ئىگىلىرى ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنسە بولاتتى. چۈنكى ھېچكىممۇ بۇنداق قايغۇلۇق ماتەم كۈنلىرىدە يالغان ئېيتىپ

ئالا يىپ ئېشىپ يۈرمەيتتى. لېكىن ھەق ئىگىلىرى يەنىلا ئۈناشمىدى، ئۇلار ۋارقىرىشاتتى.

— بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز.

— ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق.

— نامازدىن كېيىن ئۇ گېپىدىن يېنىۋالسا كىم كېپىللىك قىلىدۇ؟

— ھەققىمىزنى ھازىر قايتۇرۇپ بەرسۇن ...

ئىش يەنىلا ئەپلەشمەي قالغانىدى. مەن مەرھۇمنىڭ ئىزا-ئاھانەتكە قالغان زامانساز ئوغلى جۇمبۇر-جاۋەننى قارنىغا ئېلىپ «ئۆتەشمىسەڭ ئۆتەشمە، نامىزىنى چۈشۈرمىگەنگە نېمە بولىدۇ؟ بەربىر ئۆلدى. كۆمۈپ قويساقلا ئاخىرەتكە كېتىۋېرىدۇ، نامىزى ئوقۇلماپتۇ دەپ گۆر قوبۇل قىلماي قالامتىيا ...» دەپ چىچاڭشىپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەيتتىم. مەنمۇ «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» دېگى باشقا تۆت موللامغا ئوخشاشلا ھەق ئىگىلىرى بىلەن ئاشۇ ئاھانەتكە قالغان ئوغۇلنى كېلىشتۈرۈشنىڭ بىرەر ياخشى چارىسىنى تېپىش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئاۋارە ئىدىم. ياخشى چارە نەدە؟ ئادەمنىڭ ئاشۇ بىچارە ئوغۇلغا ئىچى ئاغرىيتتى. نىياز چىگىتمۇ ئۆلدى. ھازىر ھېچنېمىنى سەزمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ. لېكىن ئاشۇ يالغۇز ئوغۇلغا تەس بولغانىدى. ئاتىسىنىڭ نامىزىنى ئۆتەشكىلى ئۇنىمىسا، ئۇنى كۆمگىلىمۇ قويۇشمىسا، ئاتا ۋارىسىغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەلەم بولامدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىزا-ئاھانەت بولامدۇ؟ مەن پات-پات ئاشۇ بىچارە ئوغۇلغا قاراپ قوياتتىم. ياخشى چارە بولسا تېخىچە تېپىلمايۋاتاتتى. ھەق ئىگىلىرى بولسا بارغانچە قىستاپ كېتىۋاتاتتى. «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» دېكىلەرنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتقانىدى. پالانىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگىلى ئۇنىماپتۇ دېگەن بەتنامغا قېلىشتىنمۇ، تەشكىل ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشتىنمۇ ئەنسىرىشەتتۇق. بىرەر ياخشى ھەل قىلىش چارىسى بولسا يەنىلا يوق ئىدى. خېلى ۋاقىت

ئۆتتى، كۈن پېشىندىن ناماز دېگەرگە ئىگىلدى. بىر خىل ئوڭايسىزلىنىش يۈرەكلەرنى ئېزەتتى. ئاخىرى ياخشى چارىنى يەنىلا ئاشۇ ئاھانەتكە قالغان ئوغۇلنىڭ ئۆزى تاپتى. ئۇ دادىسىنىڭ تاۋۇتى ئالدىدىن قوزغىلىپ ئاستا يېنىمىزغا كەلدى.

— ئەلنىڭ تەلىپى شۇ بولسا، ئاۋۋال ھەقلەرنى قايتۇرايلى، قىسمەت دېگەن شۇ. مەن شۇنداق بولۇشنى بۇرۇنلا ئويلىغان، قىسمەتنى ئۆزگەرتكىلى بولماس، مېيىت تۇرۇپ تۇرسۇن، ھەق قايتۇرۇش ئىشىغا «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» گۇۋاھ-شاھىت بولۇپ بەرسە ...

ئوغۇلنىڭ ئاۋازى ئەلەملىك، قايغۇلۇق ۋە ھەسرەتلىك ئىدى. كۆزۈنۈشىدىن قىسمەت ئالدىدىكى بىچارىلىكى چىقىپ تۇراتتى. مېنىڭ ئوغۇلغا ئىچىم ئاغرىپ يۈرەكلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. لېكىن بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالى يوق ئىدى. بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەسچىتتىن چىقىپ نىياز چىگىتنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. مەسچىتتىكى جامائەت — ھەق ئىگىلىرى ئەگەشتى. جامائەتنىڭ گۇرۇلدەپ مەسچىت دەرۋازىسىدىن چىقىشلىرىغا قارىسا، گويا بۇ مەسچىتتە جۇمەنى ۋە مېيىت نامىزىنى خالىس ئۆتىگىلى كەلگەن بىرەرمۇ ئادەم يوقتەك، پەقەتلا ھەممىسى نىياز چىگىتتىن نېسىي قالغان ھەقلىرىنى ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈنلا كېلىشكەندەك كۆرۈنەتتى. مەسچىت سەيناسىدا نىياز چىگىتنىڭ تەتىللا يوپۇق يېپىلغان غېرىبانە تاۋۇتى جىنىدەك يالغۇز قالدى.

※ ※

ھەق قايتۇرۇش دېگەن ئېلىم-سېتىمدەك ئۇنچىۋالا ئاددىي ئىش ئەمەس ئىكەن. كىمىكى نىياز چىگىتتە ھەققىم بار ئىدى

دېسە، دېگىنى بويىچە بېرىۋەرگىلىمۇ بولمايدىكەن. پاكىتلارنى ئۇدۇللاشتۇرۇشقا، ئىسپات تېپىشقا توغرا كېلىدىكەن. «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» دىكى بەش «ھەيئەت» كە خىزمەت تەقسىم قىلىنىۋېلىشقا توغرا كەلدى. «نىياز چېگىتتە ھەققىم بار ئىدى» دېگۈچىلەرنى تىزىملاشقا ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن «ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى» مەسئۇل بولدى. «تەشۋىقات ھەيئىتى» بىلەن «خوجىلىق ھەيئىتى» نەق مەيداندا ئىسپاتلاشقا بولمىغان ئەرزلەرنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە مەسئۇل بولدى. مەن — «تەشكىلات ھەيئىتى» بولسام، ئەڭ ئاخىرقى ھالقا — ھەق ئىگىلىرىگە بېرىلگەن ھەقنىڭ مىقدارىنى خاتىرىلەشكە مەسئۇل قىلىندىم. نىياز چېگىتنىڭ بىچارە ئوغلى ھەق ئىگىلىرىگە قانچىلىك تىللا ساناپ بەرسە، شۇنى خاتىرىلىۋالساملا بولاتتى. ئوغۇل پولات ئىشكاپلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. باشقا ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنىمۇ ئاچتى. مېنىڭ كۆزلىرىم ئاشۇ ساندۇقلارغا چۈشكەندە، ئاغزىم باققالنىڭ يانچۇقىدەك ئېچىلىپ قالغانىدى. ئەگەر شۇ تاپتا ئون نەچچە چىۋىن ئاغزىمغا كىرىۋالىدىغان پېتى خالىغانچە ئۇچۇپ كىرىپ، ئۇچۇپ چىقىپ يۈرسىمۇ تۇيمىغان بولاتتىم. پولات ئىشكاپ، پولات ساندۇقلارنىڭ ئىچى لىققىدە پۇل ئىدى! خەلق پۇلى دەمدۇ، ئامېرىكا دوللىرى، ئەنگلىيە فوندستېرلىڭى، فرانسىيە فرانكى، گېرمانىيە ماركى، رۇسىيە رۇبلىسى دەمدۇ، ياۋروپا دوللىرى، ئاۋستىرالىيە دوللىرى دەمدۇ ھەممىسى تېپىلاتتى. ياپونىيە يېنى، شياڭگاڭ پۇلى، تايلاند باختىسى، يۇگوسلاۋىيە دىنارى، برازىلىيە پېسوسى ... ھەممىسى تېپىلاتتى. ئىتالىيە لىراسى، پاكىستان رۇپىيىسى، قازاقىستان تەڭگىسى دەمدۇ، باغلام-باغلام ئىدى. ئالماس، ئالتۇن، ئاق ئالتۇن، كەھرىۋا، ياقۇت، بىرىلىيانت، لەئىلە، زۇمرەت، سەدەپ دەمدۇ ھەممىسى تېپىلاتتى. كۆزۈمنىڭ جامدەك، ئاغزىمنىڭ ھاڭۋاققاندەك ئېچىلىپ قېلىشى بىكاردىن ئەمەس ئىدى. بۇ

ھەيرانلىقنىڭ نېمىسىنى ئېيتاي؟! ئۇ كۆزۈمگە سىغسۇنمۇ؟ ئەقلىم ئۇنى قوبۇل قىلالىسۇنمۇ؟ ئەمما مەن ئاشۇ لىققىدە پۇل بىلەن تولغان ئىشكاپلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ھەق ئىگىلىرىگە ساناپ بېرىۋاتقان پۇللارنى خاتىرىلەشكە مەجبۇر ئىدىم ...

بىرىنچى ھەق ئىگىسىگە بېرىلىدىغان پۇل سانىلىشقا باشلىدى. ھەق ئىگىسى تۆتكوچا يېزىسىدا ئولتۇرىدىغان، مەن تونۇيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ قىزىنى ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نىياز چىگىتكە بەش مىڭ يۈەن پۇل بېرىپتۇ. پۇلنى بىۋاستە بېرەلمەپتۇ. پۇلنى نىياز چىگىتنىڭ كاتىپىنىڭ تونۇشىغا بېرىپتۇ. ئۇ تونۇشى كاتىپىغا بېرىپتۇ. كاتىپ نىياز چىگىتكە تاپشۇرۇپتۇ. لېكىن قىزى يەنىلا ئوتتۇرا تېخنىكومغا كىرەلمەپتۇ ... ئوتتۇرا ئىككى ھالقىدىكى گۇۋاھچى شاھىت بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ ھەق قايتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئالدىمدىكى دەپتەرگە تۇنجى ھەق ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى ۋە قايتۇرۇلغان پۇلنى خاتىرىلەپ يېزىۋالدىم.

ئىككىنچى ھەق ئىگىسىنىڭ دەۋاسىمۇ، تەلەپ قىلغان ھەققىنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش ئىدى. پەقەت ئۇ ئوغلىنى مەكتەپكە كىرگۈزمەكچىكەن. تاپشۇرىدىغان پۇلنى نىياز چىگىتنىڭ قولىغا يەتكۈزۈشتە، تونۇشى ئارقىلىق نىياز چىگىتنىڭ شوپۇرىنى ۋاستە قىپتۇ. شوپۇرمۇ، تونۇشىمۇ شاھىتلىقتىن ئۆتتى. لېكىن ئۇلار «ئۇنىڭ ئوغلى مەكتەپكە قوبۇل قىلدۇرۇلغان» دەپ تۇرۇۋالدى. ھەق ئىگىسى بولسا «ئوغلۇم مەكتەپكە كىرىشىغۇ كىردى، لېكىن ئاشۇ ئىشى ئۈچۈن پارە ئېلىشى توغرىمۇ؟ ...» دەپ مۇنازىرە قىلاتتى. ھەق بېرىلىشى كېرەك ئىدى، مەن ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن قايتۇرۇلغان ھەققىنى خاتىرىگە ئالدىم ... ئاشۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا دائىر ھەق قايتۇرۇشتىن يەنە قىرىق يەتتە ئادەمنى تىزىمغا ئالدىم. قارىغاندا «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» نىڭ ئىمام ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى ھەق

تەلەپ قىلغۇچىلارنى تىزىملاش گۇرۇپپىسى خىزمەتنى تولىمۇ رەتلىك ئىشلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار تۇر-تۇر بويىچە تەرتىپ بىلەن تىزىمغا ئالغان بولسا كېرەك. ئۇلار ھەق قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ ئاشۇ تەرتىپ بويىچە كېلىشىۋاتاتتى. كېيىن ئىشچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش دېگەن تەرتىپ بىلەن كەلدى. قارىغاندا نىياز چىگىت بىرەر يېقىن تۇغقىنىنىڭ ياكى يېقىن تونۇشىنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ بەرمىگەندەك كۆرۈنەتتى. ھەق تەلەپ قىلغۇچىلار ئوخشاشلا تونۇشىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇشىنىڭ تونۇشىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا كاتىپ، شوپۇر، تۇغقىنى ۋە يەنە ئاللىكىملەرنى ئاخىرقى ھالقا قىلىپ نىياز چىگىتكە يېقىنلاشقان ۋە پارا بەرگەنىدى. ۋاسىتىلەر ئوخشاش ئىدى. تۇرلەرنىڭ پارا مىقدارى ئوخشىمايتتى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ بەش مىڭ يۈەن بولسا، كادىر قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ ئالتە مىڭ يۈەن ئىدى. ئىشچى قوبۇل قىلىشنىڭ بولسا خېلىلا ئاز، ئاران ئىككى مىڭ يۈەن ئىدى. ھەل بولغان ئىشلارمۇ، ھەل بولمىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى. ئىشى ھەل بولمىغانلارغۇ ھەق تەلەپ قىلسۇن، ھەل بولغانلارنىڭ مۇتتەھەملىك قىلغىنى نېمىسى؟ مېنىڭ ئاشۇ ھەق تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ بىنومۇسلۇقىغا قاراپ ھۆ قىلغۇم كېلەتتى. نېمىدېگەن نومۇسسىز ئادەملەر-ھە! ئۆز ۋاقتىدا پاراسۇڭگۇتۇشنىڭ يوللىرىنى تاپالماي «شورپىسىنىڭ شورپىسىنى، شورپىسىنىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسىنى، شورپىسىنىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسىنىڭ شورپىسىنى» ئىزدىگەن ئادەملەرنىڭ مانا ئەمدى نىياز چىگىت بىچارە ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلانغان چاغدا قىلغان ئەسكىلىكىنى كۆرۈڭ. بىچارە ئوغۇل پۇل سانايتتى. «بۇ پۇللارنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، بىر كۈنى كېلىپ مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم» دەپ غودۇڭشىغىنى غودۇڭشىغانىدى. مەرھۇمنىڭ قىزلىرى بولسا ھۆركىرەپ يىغلىشاتتى. بىنومۇس ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ

تىللايتتى. نىياز چىگىتنىڭ ياسىداق ئۆيىدە قىيامەت قايىم بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى ...

مەن توقسىنىنچى ئادەمنى تىزىمغا ئالدىم. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش ۋە يەنە ئەسكەر قوبۇل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەق قايتۇرۇشلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدىم. توقسىنىنچى ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىمغا ئالاي دەپ، ئاشۇ «90» دېگەن رەقەمنى يېزىۋاتقان چېغىمدا كاللامدا «بىچارىنىڭ توقسىنىنى تولۇپتىكەنمۇ، نېمە؟» دېگەن پىكىر پەيدا بولدى. لېكىن بۇ ھەقتە ئويلاپ يۈرۈشكە ۋاقىت يېتىشمەيتتى. توقسىنىنچى ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىمغا ئالدىم. ئۇنىڭ قايتۇرۇۋالماقچى بولغىنى پۇل ئەمەس ئىكەن. ئۇ خىزمىتىنى يېزىدىن شەھەرگە يۆتكىمەكچى بولغاندا، تونۇشى، تونۇشىنىڭ تونۇشى ئارقىلىق يەنىلا كاتىپنى تېپىپ، كاتىپ ئارقىلىق نىياز چىگىتنىڭ بىردىنبىر بوش قالغان چوڭ بارمىقى ئۈچۈن ئالماس كۆزلۈك ئاق ئالتۇن ئۈزۈك يەتكۈزۈپ بەرگەنىكەن. شاھىتلار شاھىتلىقتىن ئۆتتى. لېكىن بىز ئۇ كىشىنى ئۇنچىۋالا ئوڭاي يولغا سالالمىدۇق. بىچارە ئوغۇل پولات ساندۇقلاردىكى پۇل ۋە زىبۇزىننەتلەرنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىپ، ئالماس كۆزلۈك ئاق ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۈزۈندىن-ئۈزۈن ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. شۇ جەرياندا پۇللارنىڭ ئارىسىدىن ئىلتىماسلار، تەلەپنامىلارمۇ تېپىلدى. ئالماس كۆزلۈك ئاق ئالتۇن ئۈزۈكمۇ تېپىلدى. ئۇ بىر چىرايلىق قەغەز كورۇپكىدا ماگىزىندىن سېتىۋالغان پېتى تۇرۇپتۇ. بىچارە نىياز چىگىت چوڭ بارمىقىغا ئۈزۈك سېلىشتىن نومۇس قىلغانمۇ، ئۇنى ئىشلىتىپ باقماپتۇ. كورۇپكىدا تېخى ئۈزۈك سوۋغا قىلغۇچىنىڭ شەھەرگە يۆتكەپ قويۇش توغرىسىدىكى تەلەپنامىسىمۇ بار ئىكەن. بىز ئۈزۈكنى تەلەپنامە بىلەنلا قولىغا تۇتقۇزۇپ بۇ نومۇسسىزنىمۇ يولغا سالدۇق.

بىز ۋاقىت ناماز شامدىن ئۆتۈپ خۇپتەنگە يېقىنلاشقۇچە ئىشلىدۇق. نامازدىگەر ۋە نامازشام قازا بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلار تېخىچە تۈگىمەيۋاتاتتى. تۈنۈگۈن ئاخشام تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئېلان قىلغان نىياز چىگىتنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئېلانىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھەق قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يىراق-يىراقلاردىن، ناھىيە ئاتلاپ، ۋىلايەت ئاتلاپ كېلىشىۋاتاتتى. تېلېگرامما-تېلېفونلارمۇ بار ئىدى. قارىغاندا بۈگۈن ھەرقانچە ئىشلىسەكمۇ ئىش ئاياغلاشمايدىغاندەك قىلاتتى. ئاخىرى ئەتە ئاياغلاشتۇرۇشقا قارار قىلدۇق. خۇپتەننى، نامازدىگەر بىلەن ناماز شامنىڭ قازاسىنىمۇ ئۆتەش كېرەك ئىدى. بىز قارارىمىزنى ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلارغا ئۇقتۇرۇپ مەسچىتكە قايتتۇق. بىچارە، خورلۇققا قالغان نىياز چىگىتنىڭ تاۋۇتى مەسچىت سەيناسىدا جىندەك يالغۇز تۇرۇپتۇ. ھېچكىممۇ ھەمراھ بولماپتۇ. ئادەمنىڭ ئىچ ئاغرىتقۇچىسى كېلەتتى. بىز نامازلىرىمىزنى ئۆتەپ ئۆيلىرىمىزگە يانغاندا ئۇ يەنە جىندەك يالغۇز قالدى ...

ئىككىنچى كۈندىكى ھەق قايتۇرۇش خېلىلا راۋانلىشىپ كەتتى. ئاخشام-كېچە مەرھۇمنىڭ ئوغلى پولات ساندۇقلارنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىپ، زادىلا رەتلىنىپ باقمىغان پۇل ۋە زىبۇ زىننەتلەر ئىچىدىن ئەسلىي ئىگىلىرىنىڭ ئىلتىماسى ۋە تەلەپنامىلىرى بولغانلىرىنى بىر تەرەپكە ئايرىپ قويغانىكەن. بىز ئاشۇ ئىلتىماس ۋە تەلەپنامىلەردىكى ئىسىملارنى ۋارقىراپلا ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا كىرىشتۇق. ھەق قايتۇرۇشىمىز ئاسانلىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇلارنى ئىسپاتلاپ يۈرۈشنىڭ، قايتۇرۇلىدىغان پۇلنى ساناپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. پەقەت مەن ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمىنى ۋە ھەق قايتۇرۇۋالغانلىقىنى يېزىۋالساملا بولاتتى. قانچە پۇل ۋە قانداق زىبۇزىننەت قايتۇرۇۋالغانلىقىنى خاتىرىلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

مەن ئۈچ يۈز ئون ئۈچىنچى ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىمغا ئالدىم. بۇ ھەق قايتۇرۇۋالغۇچى ھەققىدە نىياز چىگىتنىڭ پولات ساندۇقلىرىدىن بىرەر ئىسپات تېپىلمىغاچقا، ئالدىنقى كۈندىكىدەك شاھىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا توغرا كەلدى. ئۇ چىگىت توغرىسىدا ھەق قايتۇرۇۋالماقچىكەن. ئۇ چاغلاردا، نىياز چىگىت بەكلا قاپ يۈرەكلىشىپ كەتكەنمۇ ياكى ئاشۇنداق ئىشلار خېلىلا ئاشكارا تۈس ئالغانمۇ، يۈز تونىنا ئەرزان باھالىق چىگىتنىڭ ئەركىن باھادا سېتىلىشىدىن بولىدىغان پايدىنى بۆلۈشۈش توغرىسىدا ئىككىسى ئارىسىدا ئاشكارا سودا بوپتۇ. پەقەت كاتىپلا شاھىت بوپتۇ. ئاخىرىدا نىياز چىگىت پايدىنىڭ ئاتمىش پىرسەنتىنى، ھەق قايتۇرۇۋالغۇچى مەتتۇرسۇن ھاجىم قىرىق پىرسەنتىنى ئالىدىغان بولۇپ كېلىشىپتۇ. نەق سورۇندا ھېساب-كىتابمۇ بوپتۇ. نىياز چىگىتنىڭ نىسىيگە كۆڭلى تارتمىغانمۇ، ئىشقىلىپ تېخى تەستىقلانمىغان، پاختا شىركىتىنىڭ ئامبىرىدىن ئاچىقىلمىغان، ئەركىن بازاردىمۇ سېتىلمىغان چىگىتنىڭ ئاتمىش پىرسەنتى پايدىسىنى مەتتۇرسۇن ھاجىمدىن نەق مەيداندا ئاپتۇ. پۇلنى ئېلىپ بولۇپ تەستىق يېزىپ بېرىپتۇ. ئەمما مەتتۇرسۇن ھاجىم چىگىتنى يۆتكەيدىغان چاغدا چاتاق چىقىپتۇ. نىياز چىگىتنىڭ پىيىدە يۈرگەن يەنە بىرى، كېچىدە چىگىت يۆتكەپ ماڭغان ماشىنىلارنى تۇتۇۋاپتۇ. چىگىتنى يۆتكەشكە رۇخسەت قىلماپتۇ. بۇ ئىش ئاشكارا بولۇپ قالغاندىن كېيىن، نىياز چىگىت ئالدىن ئالغان ئاتمىش پىرسەنت پايدىنى قايتۇرسا بولاتتى. لېكىن ئۇ قايتۇرغىلى ئۇنىماپتۇ. ئاشۇ ئىشتىن كېيىن خەلق لەتىپە توقۇپ نىياز شېرىپنى «نىياز چىگىت» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. مەتتۇرسۇن ھاجىم ئاشۇ تەستىقتا بار، ئەمەلدە يوق چىگىت سودىسىنىڭ ئاتالمىش ئاتمىش پىرسەنت پايدىسىنى قايتۇرۇۋالماقچىكەن. كاتىپ شاھىت بولۇپ بەرگەچكە بۇ ئاتمىش پىرسەنت پايدىمۇ قايتۇرۇلدى ...

مەتتۇرسۇن ھاجىمغا ھەق قايتۇرۇلغاندىن كېيىن مەن يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە پەقەت چىگىت سودىسى، چىگىت تەستىقىغا دائىر ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلارنى تىزىمغا ئالدىم. ھېلىقى كېچىدە چىگىت يۆتكىگەن ماشىنىلارنى تۇتۇۋالغۇچىنىڭ تەلىپى دائىم ئوڭدىن كەلمىگەندەك قىلاتتى. چىگىت تەستىقى، پاختا تەستىقى، يۆتكەش تەستىقى ئوڭۇشلۇق ئورۇندالغان چاغلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئەمما ئاشۇ چاغدا كۈچۈكتەك غىڭشىپ، ئاسلاندەك سوۋۇنۇپ تەستىق ئالغان ۋە پايدا كۆرگەن نومۇسسىزلار ئەمدى نىياز چىگىتكە تەئەللۇق ئاتمىش پىرسەنتنى ياكى ئەللىك پىرسەنتنى قايتۇرۇۋېلىشقا كېلىشكەنىدى. نومۇسسىز داۋلىلارنى سۆزلەپ داۋا قىلاتتى. شاھىتلىرى بولغاچقا قايتۇرماي بولمايتتى. ئاتىسىنىڭ گەندىسىدە تېپىلىپ كەتكەن ئوغۇل پۇل سانايتتى. «شۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم» دەپ غودۇڭشىيتتى. مەن بولسام ئۇلارنى تىزىمغا ئالاتتىم. نەپرىتىمنى يۇتۇپ ئولتۇرۇپ تىزىمغا ئالاتتىم ...

مەن بەش يۈز ئەللىك بەشىنچى ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىمغا ئالدىم. ئەمما ئەمدى بىز ئۆزىمىزنى خېلىلا تۇتۇۋالغاندۇق. ئالەمنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، ئىشنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغاندۇق. ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلارنى ساقلىتىپ قويۇپ چۈشلۈك تامىقىمىزنى ئالدىرىماي يېدۇق. ئالدىرىماي تاھارەت ئېلىپ، بىسمىللا بىلەن مەسچىتكە بېرىپ ناماز پېشىن ۋە نامازدىگەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتىدۇق. مەسچىت سەيناسىدا نىياز چىگىتنىڭ جىندەك بىگانە تاۋۇتى نامىزى چۈشۈرۈلۈشنى كۈتۈپ تۇراتتى. «ئالداش بايرىمى» ئۆتۈپ يېڭى ئايغا ئىككىمۇ بولۇپ قالغان، ئەتىيازنىڭ ئىسسىق ئاپتىپىدا بالدۇر تىرىلگەن چىۋىنلەر تاۋۇت ئەتراپىدا گىڭىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى ...

بەش يۈز ئەللىك بەشىنچى ھەق قايتۇرۇۋالغۇچى تۇرسۇنمۇھەممەت ھاجىم ئىدى. ئۇ قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى بولۇپ، قۇرۇلۇشقا دائىر ھەققىنى قايتۇرۇۋالغىلى كەپتۇ. يۈزى

قېلىنلىقىنى كۆرۈڭ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ چاغلاردا قۇرۇلۇش ئومۇمىي سەرپىياتىنىڭ بەش پىرسەنتىنى قۇرۇلۇشنى تەستىقلىغۇچىغا تەستىق ھەققى سۈپىتىدە قايتۇرۇپ بېرىش، قۇرۇلۇش ئومۇمىي سەرپىياتىنىڭ ئىككى پىرسەنتىنى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننىڭ رەھبىرىگە ۋە قۇرۇلۇش نازارەت قىلغۇچىغا بېرىش ھەممە كىشى بىلىدىغان، لېكىن ئېغىزدىن چىقىرالمايدىغان «مەخپىيەتلىك» كە ئايلانغانىمىش. بۇ «مەخپىيەتلىك» نى ھېچكىممۇ تەكشۈرۈپ تاپالماسمىش، تەكشۈرۈپمۇ باقمىغانىمىش ... ئۇ نىياز چىگىتتىن بىرنەچچە قېتىملىق بەش پىرسەنتنى قايتۇرۇۋالغىلى كەپتۇ. بۇنىڭ بەزىسىگە كاتىپ، بەزىسىگە شوپۇر، بەزىسىگە يەنە ئاللىكىملەر شاھىت ئىكەن. شاھىتلار گۇۋاھچى بولۇپ تۇرغاچقا بەش پىرسەنتلەر قايتۇرۇلدى. بەش پىرسەنتلەرنى ساناپ بولۇشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كەتتى. بىچارە ئوغۇلنىڭ چېكىسىدىن تەرمۇ چىقىپ كەتتى ... مەن شۇ كۈنى تاكى خۇپتەنگىچە قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرىنى، ھاجىملارنى تىزىملاپ ئولتۇردۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەش پىرسەنتلەرنى ئالدىن بېرىپ قۇرۇلۇش ئالالىغانلارمۇ، قۇرۇلۇش ئالالمىغانلارمۇ بار ئىدى. ھەممىسى بەش پىرسەنتلەرنى قايتۇرۇۋالغىلى كەلگەنىدى. ھەتتا گۇۋاھچىسى يوقلارمۇ ئۆزىنىڭ قايسىبىر قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغاندا نىياز چىگىتنىڭ تەستىقلاپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىكارغا تەستىقلاپ بەرمەيدىغانلىقىنى شىپى كەلتۈرۈپ جېدەل قىلاتتى. ئۇنداقلارغا ھەق قايتۇرۇشقا بولمايتتى. لېكىن بىچارە ئوغۇل بىزار بولغانلىقىدىن ئاشۇلارنى تېزرەك يولغا سېلىشقا ئالدىرايتتى. شۇ سەۋەبلىك تېخى ئاشۇنداق گۇۋاھ-ئىسپاتى يوقلارمۇ بەش تۈمەن، ئون تۈمەندىن ئېلىۋالىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلدى ...

نىياز چىگىت نەپەس ئۈزۈپ تۆتىنچى كۈنى، يەرلىككە تەگمەكچى بولغان كۈننىڭ ئۈچىنچى كۈنى ھەق قايتۇرۇش يەنىلا داۋاملاشتى. ئەسلى تۈنۈگۈن، ھېچ بولمىغاندىمۇ بۈگۈن

مەرھۇمنىڭ ئۈچ نەزىرىسى بىرلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن مەرھۇم تېخىچە مەسچىت سەيناسىغا قويۇلغان تاۋۇت ئىچىدە بىخسىپ ياتاتتى. مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن توققۇز يۈز توقسەن سەككىز ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمىنى تىزىملاپ بولۇپ، توققۇز يۈز توقسەن توققۇز ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىملاشقا ئۆتتۇم. توققۇز يۈز توقسەن توققۇز ھەق قايتۇرۇۋالغۇچى ئىسمىنى «شىياۋكۇڭ» دەپ مەلۇم قىلدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم. ئۇ «شىياۋكۇڭ» ئەمەس «لاۋ كۇڭ» ئىكەن. بىر قاراپلا ئاتمىشلارغا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىمنى چۈشەندى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بۇرۇندىن تارتىپ شىياۋكۇڭ دەپ ئاتاپ كۆنۈپ قالغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتى. ئۇ بىزچە بەك راۋان سۆزلەيدىكەن. قايسىدۇر بىر شىركەتتە دەرۋازا خەۋەر ئالغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئۆلىما كۇڭزىنىڭ يۈزىنچى نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، ھەيران قالدىم. كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپمۇ كەتتى. ئۇمۇ ھەق قايتۇرۇۋالغىلى كەپتۇ. شىياۋكۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ غايىبنى بىلىش، ئالدىن كۆرۈش ئىقتىدارى بار ئىكەن. تېخى نۇستىردامۇسنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ ئىقتىدارلىق ۋارىسلىرىدىن بىرى ئىكەن. ئادەتتە مەخپىي يوسۇندا پال ئېچىپ، كىشىلەرگە كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىپمۇ قويىدىكەن. بۇنىڭدىن يەتتە-سەككىز يىلچە ئىلگىرى مەرھۇم نىياز چىگىت «شىياۋكۇڭ»نى ئىزدەپ بىر قېتىم پال ئاچقۇزۇپتۇ. شۇ چاغدا شىياۋكۇڭ ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆزىتىپ، ئوتتۇز ئەۋلاد يېتىپ يېسىمۇ يەتكۈدەك بايلىق توپلىۋالغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئۇنىڭغا ئەمدى توختاپ قېلىشنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئىت-ئېشەكتەك ئازابلىنىپ ئۆلىدىغانلىقىنى، ئۆلگەندىمۇ نومۇس ۋە خارلىقتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. لېكىن ... «شىياۋكۇڭ» ئاشۇ

قېتىمقى پالنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇۋالغىلى كەپتۇ. ئۇنىڭ ئادەتتە بىر قېتىم پال سېلىشى ئۈچ مىڭ سوم ئىكەن. مەرتىۋىسى يۇقىرىلارغا پال سالغاندا بولسا بەش مىڭ سوم ئالىدىكەن. ئۇنىڭ نىياز ھېزىمگە پال ئېچىپ بەرگەنلىكىگە شوپۇر گۇۋاھلىق بەردى. شاھىت بولغانىكەن، ھەق قايتۇرۇلمىسا بولمايتتى. ئوغۇل بەش مىڭ سومنى ساندى، مەن دەپتەرگە تىزىملىدىم ...

بەلكىم مەن يەنە مىڭىنچى ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىنى تىزىملاشقىمۇ ئۈلگۈرگەن بولاتتىم. لېكىن دەل شۇ چاغدا «نىياز چىگىتنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى» «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» نى سۆيلەپ كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قاش-قاپاقلىرىدىن نىياز چىگىتنى تا ھازىرغىچە دەپنە قىلمىغانلىقىمىزغا، نامىزىنى تا ھازىرغىچە چۈشۈرمىگەنلىكىمىزگە نارازىلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەق قايتۇرۇۋالغۇچىلار دەۋا قىلغان ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن. بۇ بىر توپ كاززاپلارنىڭ ئادەم ئۆلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىشى، لاي سۇدىن بېلىق تۇتۇشى ئىكەن. قاراپ تۇرۇپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئىكەن ... مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ سۆزلەردىمۇ داۋلى بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بىز ئالدام خالتىغا چۈشكەن-دەك قىلاتتۇق. ئويلىغانسېرى ئىش ئاشۇنداقتەك تۇيۇلاتتى ... ئەمما ئويلاپ يۇرۇشكە، «ھەققىمنى ئالدىم» دەپ نىياز چىگىتنىڭ بايلىقىنى ئېلىپ كەتكەنلەرنى قوغلاپ يۇرۇشكە پۇرسەت يار بەرمەيتتى. نىياز چىگىتنىڭ تاۋۇتى مەسچىت سەيناسىدا نامىزى چۈشۈرۈلۈشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بىز «مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى» دىكى بەش كىشى مەرھۇمنىڭ ئوغلىنى باشلاپ ئالدىراش مەسچىتكە قايتتۇق. «ئالداش بايرىمى» كۈنى نامازغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە ھەق قايتۇرۇۋېلىشقا كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئاللىقاچان تارقىلىپ كېتىشكەنىدى. مەسچىتكە يېقىنلاشقانسېرى بۇرنىمىزغا چىدىغۇسىز بىر خىل سېسىق پۇراقنىڭ

ئۇرۇلغانلىقىنى سېزەتتۇق. ئەتراپتا قاچاندۇر بىر چاغدا ئۆلگەن بىرەر غالجىر ئىتنىڭ تاپى تاشلاپ قويۇلغاندەك تۇيۇلاتتى. بىز مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، ھېلىقى سېسىق پۇراق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. نىياز چىگىتنىڭ تاۋۇتىدىن يېڭى تىرىلگەن مىڭلىغان كۆك چىۋىن گىژىلداپ ئۇچۇپ، قارا قويۇندەك كۆتۈرۈلدى. بىز شۇ چاغدىلا نىياز چىگىتنىڭ مۇبارەك جەستىنىڭ ئاپرىلنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىدا پۇراپ-بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلدۇق. ئىمام ئاخۇنۇم ئالدىراش مېيىت نامىزىنى باشلىدى. «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» نىڭ «تەشۋىقات ھەيئىتى» جالالىدىن قارىم مەرھۇمنى تونۇشتۇرۇپ، رازىلىق سوراپمۇ يۈرمىدى. «تەشكىلات ھەيئىتى» مەن «سەپراس! » دەپ ۋارقىراپمۇ يۈرمىدىم. ناماز تولىمۇ ئالدىراش ئۆتەلدى. ئىمام ئاخۇنۇم مېيىت نامىزىدا تۆت قېتىم دەيدىغان «ئاللاھۇئەكبەر» نى ئۈچ قېتىم دەپلا بولدى قىلدى. ئالدىراش ھالدا ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپلا نامازنى تۈگەتكەن بولدۇق. چۈنكى مەسچىتتىن دەرھال كېتىش كېرەك ئىدى. نىياز چىگىتنىڭ جەستىدىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراققا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى.

## 2. يىغا چولپانلىرى

كۆلكە چولپانلىرىنى تاللاشتا سايلام ئېلىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. كۈلدىغان ئىشلار كۆپ بولسىمۇ يۇقىرى ماھارەتلىك كۆلكە چولپانلىرى ئۆزلۈكىدىن يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ خۇددى تارىختا نەسىردىن ئەپەندى، موللا زەيدىن، سەلەي چاققان، دىلبەر دورغا، ھازىر بولسا ھېسام، ئەمەت ئۆمەر، ئادىل مىجىت، توختىقۇربان سايىت ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى يېتىشىپ چىققاندەكلا ئىش. ئەمما يىغلاش چولپانلىرىغا قارىتا ئىش بۇنداقلا ئاددىي ئەمەس. ئۇلارنى تاللىماقچى بولىدىكەنمىز چوقۇم سايلام ئېلىپ

بارماي بولمايدۇ. ۋەكىللىك خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن تېخى ھەر ساھە، ھەر قاتلام، ھەر مىللەت، ھەر جىنسقا قارىتا سان-كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈش كېرەك.

مەن ئۇلارنى تۇنجى قېتىم نىياز چىگىتنىڭ مېيىت نامىزىدا ئۇچراتتىم. بۇ ئاشۇ 2011-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى جۈمەدىن ئىلگىرى بولغان ئىش. «كېچىكتۇرۇلگەن مېيىت نامىزى» دا يېزىلماي قالغان ئىشمۇ مۇشۇ. مەرھۇمنىڭ ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلانغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نامازدىن ئىلگىرىكى پاتىھە ئۈچۈن يولغا چىقتىم. شۇنداق قىلماي بولمايتتى. قايغۇرغانلىقىمنى بىلدۈرۈش، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ياردەملىشىدىغان ئىشلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلىش، قاچان، قايسى مەسچىتتە نامىزى چۈشۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئالدىن بىر قېتىم پاتىھەگە بارماي بولمايتتى. مەرھۇمنىڭ تىرىكلىكىدە قىلغان ئەمەللىرىنى، بەرگىنىدىن ئالغىنى كۆپ بولغانلىقىنى، كۈلدۈرگىنىدىن كۈلگىنىنى، يىغلىغىنىدىن يىغلاتقىنى، تىك تۇرغىنىدىن تىزلانغىنى كۆپ بولغانلىقىنى، ياد ئېتىشكە تېگىشلىك ئىشىنى ئاز ئەسكە ئالغانلىقىنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

تۇيۇقسىز چىققان تونۇش ئاۋاز مېنى خىياللىرىم ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

دەرھال جاۋاب قايتۇردۇم. ئالدىمدا قارشى تەرەپتىن مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى جالالىدىن قارىم كېلىۋاتاتتى. بىز چوڭقۇر ئېگىلىپ، قوش قوللاپ ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ ھارغان، يىراق بىر يەردىن كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ جىددىي بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. ئۇمۇ سوئاللىق

قارىشىمنى ئېنىق چۈشەنگەندى.
— نېمىسىنى دەيلا، توي — تويدەك، هازا — هازىدەك
بولۇشى كېرەك. ناغرا-سۇناي ئاۋازى ياڭرىمىغان توي توي ئەمەس.
يىغىسى يوق هازىمۇ شۇنداق، نادامەت چېكىپ ئاھ-پەرياد
كۆتۈرمىسە، قوشاق قېتىپ يىغا-زار قىلمىسا قانداق مېيىت نامىزى
بولىدۇ؟ ئۆيدىن ئەسكى كارىۋاتنى كۆتۈرۈپ چىقتىڭمۇ ياكى
تاۋۇتنى؟ ئاتاڭنى مەڭگۈلۈك ئۇزىتىۋاتامسەن ياكى كونا
ساندۇقۇڭنى؟ هەي، كۆرمەملا، مەرھۇمنىڭ يالغۇز ئوغلى
«ئىلمىي ئادەم» مىش. «ئىلمىي ئادەم» دېگەن بەرھەق بولىدىغان
ئۆلۈمگە يىغلاپ يۈرمەسمىش. مەرھۇمنىڭ چوڭ قىزىنىڭ قان
بېسىمى يۇقىرى بولۇش كېسىلى بارمىش. ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمگە
يىغلىسا قان بېسىمى يەنىمۇ بەك ئۆرلەپ قالارمىش. ئىككىنچى
قىزى سىياسىي خىزمەت كادىرى بولغاچقا يىغلىسا مۇۋاپىق
بولماسمىش. تەسىرى يامان بولارمىش. ئۈچىنچى قىزى تېخى
يېتىپ كەلمەپتۇ. مانا قارىسىلا، هېچكىم يىغلىمىسا، هېچكىم هازا
ئاچمىسا قانداق ناماز بولىدۇ؟ ئاتىسى ئۆلۈپ ياتسىمۇ، بالىلىرى
كالىدەك ئۈشۈيۈپ تۇرسۇن، بۇنداق بولسا قاملىشارمۇ؟
ئەل-جامائەت نېمە دەيدۇ؟ ئاخىرى ئۇيان مەسلىھەتلىشىپ، بۇيان
مەسلىھەتلىشىپ مەرھۇمنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر يىغلاپ بەرسۇن
دېگەن يەرگە كەلدۇق. ئەمما ئۇلار يىغلاشنى خالىمايدىكەن. مېيىت
نامىزىغا كېلىشىمۇ ناتايىن ئىكەن. قارىماملا، هايات چېغىدا
ئۇنىڭدىن هېچنېمىنى ئايىمايدىغان قول ئاستىدىكىلەرنىڭ
قىلىقلىرىنى، «ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق» دېگەن شۇ. مەرھۇم
هايات چېغىدا شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەرنى بەكلا ياخشى
كۆرەتتى. سورۇنلارنىڭ هەممىسىدە ئۇلارنى ئۆزىگە هەمراھ
قىلاتتى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، تىزىغا،
قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرغانچىلىك قىلاتتى. ئۇلارنى يىغلاپ بەرسۇن
دەپ كىشى ئەۋەتسەك، ئۇلارمۇ خالىماپتۇ. ئۇلارنىڭ سەنئەت

ماھارىتى كۆلۈمسىرەشتە ئىمىش. مېيىت نامىزىدا يىغلاشنى ئۇلارغا مەكتەپتە ئۆگەتمىگەنىمىش ... باش قاتتى. ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ئاخىرى كىمدۇر بىرى شەھەردە يېڭى قۇرۇلغان «ئابۇچەشمە» ناملىق يىغلاش شىركىتى بارلىقىنى، شۇ يەردىن يىغلىغۇچى ياللاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغلىغۇچى ياللاشقا ئۆزۈم بېرىشقا توغرا كەلدى. باھاسىدا كېلىشەلمەي قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. لېكىن ئۇلاردا باشقۇرغۇچى تارماق بېكىتكەن مۇقىم باھا بار ئىكەن. يىغلاشنىڭ شەكلى، مەزمۇنى، يىغا ئاۋازىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، ئېچىنىشلىق دەرىجىسى، ۋاقتى بويىچە ھېسابلاپ ھەق ئالىدىكەن. مانا ھازىر شۇ ئىشنى پۈتتۈشۈپ كېلىشىم. بىر ئايال ۋە بىر ئەر يىغلىغۇچى ياللاپ كەلدىم. يىغلاش ماھارىتى بەكمۇ ئۈستۈنىمىش. ئۇلار يىغا باشلىسا، بەلكىم مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەسىرلەندۈرەر، تەسىرلەنسە ئۇلارمۇ قوشۇلار، ھازا ھازىدەك بولار ... سەھەردىن بېرى ئاچمەن. ئۇچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى. يىغلىغۇچىلارنى مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە باشلاپ قويۇپلا ئۆيگە قاراپ چېپىشىم. ناشتا قىلىۋېلىپلا يېتىپ بارىمەن. ئۆزلىرىگە خوش، خوش ...

جالالىدىن قارىم بىلەن ئۇچرىشىپ خوشلاشقۇچە ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىستۇرۇشقا پۇرسەت بولمىدى. ئەمما بۇ نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشىمگە، تەسىرات ئېلىشىمغا، ھەيران قېلىشىمغا قىلچىمۇ تەسىر كۆرسەتمىگەنىدى. جالالىدىن قارىم بىلەن ھەيرانلىق ئىلكىدە خوشلىشىپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە مەرھۇم نىياز چىگىتنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشتىم. يېقىنلاشتىم يۇ، ئۇ يەردە ھەقىقىي، ئېچىنىشلىق، قايغۇلۇق ھازا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى يىراقتىنلا چاڭقىلداپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاياللارنىڭ يىغا ئاۋازىغا ئەرلەرنىڭ يىغا ئاۋازى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئىنچىكە-زىل، يوغان-بوم ئاۋازلار ئارىلىشىپ، قايغۇلۇق ماتەم سىمفونىيىسى ھاسىل قىلغانىدى ...

مەرھۇمنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدىم. ئەر ھازىدارلار سېپىگە يېقىنلاشتىم. ئۇلار بىلەن كۆرۈشەي دەپ قوش قولۇمنى ئۇزاتقۇچە قارا ماتەم كىيىمى كىيگەن، بېلىگە ئاق باغلىغان، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلۈۋاتقان بىر يىگىتنىڭ قوينىغا كىرىپ قالدىم. ئۇ ماڭا ئېسىلىپ، مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۈن سالدى:

«ۋاي دادام-جانىم دادام. نۇرلۇق كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ، دادام. قەدىناس دوستۇڭ يېتىپ كەلدى. كۆزىدىن ياش تۆكۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا چىقساڭچۇ، دادام. ھال-ئەھۋالىنى سورىساڭچۇ، دادام. سەن شۇنداق كېتەرسەنمۇ، بىزنى دەردكە قويارسەنمۇ، ۋاي دادام-جانىم دادام، ھۇ! ...»

يىگىتنىڭ يىغىسى بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. بوغۇزۇم ئېچىشىپ، گېلىمغا نېمىدۇ بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى. «يىغا يىغىنى چىللار» دېگەنلىرى شۇ ئىدى. ھازىر ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتىم. شۇ ئەسنادا بۇرنۇمغا قاڭسىق، ناتونۇش بىر پۇراقنىڭ ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم. مۇشۇ قاڭسىق پۇراقنى نەدىدۇر بىر يەردە پۇرىغاندەك ئىدىم. ياشلىقىم — بەڭۋاشلىقىم ئېسىمگە كەلدى. تووۋا خۇدايىم، ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن يىغلاۋېتىپتۇ-دە، توڭگۇز. ئېسىمگە يىغلاۋاتقۇچىنىڭ مەرھۇمنىڭ ئوغلى ئەمەس، بەلكى ياللىۋېلىنغان يىغلىغۇچى ئىكەنلىكى چۈشتى. ئۇنىڭ يىغلاش-ھازا ئېچىش ماھارىتىگە قايىل بولدۇم. نەدىن ئۆگەنگەندۇ بۇنچىلىك ئېچىنىشلىق يىغلاشنى؟ ئۆگىتىدىغان مەكتەپ بارمىدۇ-يە؟ قاڭسىق پۇراق كۆڭلۈمنى ئېلىشتۇراتتى. ھۆ قىلغۇم-قۇسقۇم كېلەتتى. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئىمانسىمنىڭ بۇلغىنىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق بىئاراملىقتا ئىدىم. ئەمما ئۇنىڭ قۇچاقلىرىدىن ئۇنچىۋالا ئوڭاي چىقىپ كېتەلمىدىم. يىغىسى چوڭقۇر ئوكيانلاردا ياشايدىغان كىتنىڭ يىغىسىدەك ئېچىنىشلىق ئىدى. ھېچ توگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇنداق چاغدا

«ئۆزلىرىنى تۇتتۇۋالسىلا يەي، سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا يەي، كەتكەننىڭ ئارقىسىدىن كەتكىلى بولماس يەي، مەرھۇمغا خۇدا قۇتلۇق كۈننى بېرىپتۇ يەي ...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تەسەللى بېرىش كېرەك ئىدى. لېكىن يىغلاۋاتقۇچىنىڭ ياللانما يىغلىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىم ئۈچۈن ئۇنداق گەپلەرنى دېگۈم كەلمىدى. دېگەننىڭمۇ پايدىسى يوق ئىدى. كەسپكە ئايلانغان ھەرقانداق ئىشقا تەربىيە دېگەننىڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كەسپىگە هاراق مەستلىكى كۈچ بېرىۋاتقان ئەھۋالدا تەسەللىنىڭ نېمە رولى بولسۇن، مەست توڭگۇزنى قوتانغا سولىيمەن دېيىشتىنمۇ ئەخمىقانە ئىش بارمۇ؟

مەست توڭگۇز مېنى ئىتتەرگەنچىلىك قىلىپ قۇچاقلىرىنى بوشاتتى-دە، يىغىسىنى يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، دەرۋازىدىن يېڭى كىرىۋاتقان پەتە قىلغۇچىغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

مەن دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ قالدىم. ھېلىقى سېسىق-قاڭسىق پۇراقتىنمۇ قۇتۇلغاندىم. دەرھال ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ هازىدارلار سېپىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتىم. مەرھۇمنىڭ ئوغلى — ھېلىقى يىغلاشنى مەدەنىيەتسىزلىك ھېسابلايدىغان «ئىلمىي ئادەم» نىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ قويدۇم. بۇ ئۆزۈمنىڭمۇ قايغۇدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن هويلىدىكى ھەشەمەتلىك پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا يۈكۈنۈپ پاتىھە ئوقۇدۇم ۋە ئادەتتىكى: «خېلى ئۇزۇندىن بېرى كېسەلمىدى؟ قاچان نەپەس ئۈزدى، قايسى زاراتگاھلىققا دەپنە قىلماقچى بولدۇق؟» دېگەندەك گەپلەرنى سوراپ قويدۇم. ئادەتتە مېيىت نامىزى ئالدىدا بۇنىڭدىن باشقا گەپ بولمايتتى. ئاشۇ گەپلەردىن كېيىن سۈكۈت ساقلاش كېرەك ئىدى. قائىدە ئوبدان ئورۇندىلىۋاتاتتى. قۇلىقىمغا ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئاياللارنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى. ئاياللارنىڭ يىغىسى دېگەن ئەسلىدىنلا ئېچىنىشلىق بولىدۇ. باشلاپ يىغلىغۇچىنىڭ ئاۋازى بەكمۇ

قايغۇلۇق ئىدى. يۈرەكلەرنى ئېزەتتى.

«جانىم ئاتامدىن ئايرىلىپ، سۆندى قاناتىم قايرىلىپ، مەن قانداق چىداي! ... گۈلۈم ئىدىڭ توزۇپ كەتتىڭ، لاچىنىدەك ئۇچۇپ كەتتىڭ. مەن قانداق چىداي! ... سەگۇ تېرەك يىقىلدى. ئۈنچە-مارجان چېچىلدى. مەن قانداق چىداي! ... جان دادام، جانىم دادام، بىزنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ، هۇ، هۇ، هۇ! ...»

ئاياللارنىڭ ئاۋازى گۈرۈلدەپ قوشۇلاتتى. يىغا سىمفونىيىسى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. كىشىگە تۆكۈلگەن غازاڭدەك، توزىغان توزغاقتەك، كۆيۈپ ئۆچكەن كۈلدەك، توڭلاپ قالغان بۇلاقتەك قايغۇلۇق تەسىرات بېرەتتى. مەن ئايال يىغلىغۇچىنىڭمۇ يۇقىرى ماھارەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ ئۇنۇمى ئەر يىغلىغۇچىنىڭ يىغىسىدىن ياخشىراق بولۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدىم. ئۇ ئۆزىگە ئاياللار توپىنى قوشۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى ...

دەرۋازىدىن قورساقلىرى ئوبدانلا يوغىنىغان، چىرايلىق سەمرىگەن، سالاپەتلىك ئۈچ كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىكى مەغرۇرلۇق، مېڭىشلىرىدىكى ئالچاڭلىق ئۇلارنىڭمۇ مەرھۇمنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ئىشداشلىرى ياكى رەھبەرلىرى، ياكى ھەمتاۋاقلىرى، ھەمداستىخانلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئەر يىغلىغۇچى ئۇلارغا قۇچاقلىرىنى ئاچتى.

«ۋاي دادام-جانىم دادام، ئىلغار دادام، نەمۇنىچى دادام، مۇنەۋۋەر دادام، ئاكتىپ دادام، ئاق قۇدەك ئاق دادام، داكىدەك پاك دادام، سىمابتەك ساپ دادام، ديانەتلىك دادام، ئىناۋەتلىك دادام، كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ، رەھبەرلەرنى كۆرسەڭچۇ دادام، ئۇلارغا سالام بەرسەڭچۇ دادام، سەن شۇنداق كېتەرسەنمۇ، بىزنى دەردكە قويارسەنمۇ دادام، هۇ، هۇ، هۇ! ...» يىغلىغۇچى رەھبەرلەرنى بىر-بىرلەپ قۇچاقلاپ يىغىسىنى تۈگەتكۈچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. ئۇنىڭ يىغىسى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

كىمدۇر بىرى ئارىلىشىپ رەھبەرلەرنى ئۇنىڭ قوچىقىدىن ئاجرىتىۋالدى. بولمىسا ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. رەھبەرلەر ئۆيگە — مېھمانخانىغا باشلاندى، پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا باشلانسا ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالاتتى. سەپ بولۇپ تىزىلغان ھازىدارلارمۇ سوڭدىشىپلا مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىشتى. ھويلىدا نېمىشقىدۇر يىغلىغۇچى بىلەن ئىككىمىزلا قالغان ئىدۇق. ئۇ يىغلاۋېرىپ ھېرىپ كەتكەنمۇ ياكى ئادەم يوق ھويلىدا يىغلاۋېرىشنى ئارتۇقچە دەپ بىلگەنمۇ، يىغىسىنى توختاتتى. يېنىمغا كېلىپ سۇپىنىڭ قىرىغىلا ئولتۇردى ۋە تاماكا تۇتاشتۇردى. مەن ھەيران ئىدىم. ئۇنىڭ يىغلاش ماھارىتى مېنى راستىنلا قايىل قىلغانىدى. گەپ-سۆزسىز ئولتۇرۇۋېرىش ئەپسىز ئىدى. ئۇنىڭ كىملىكىنى، يىغلاشنى نەدىن ئۆگەنگەنلىكىنى بىلگۈم كېلەتتى. ئەپسىزلىك ھېس قىلساممۇ ئاخىرى يەنىلا ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاشقا جۈرئەت قىلدىم.

— يىغلاۋېرىپ ھېرىپ كەتكەنسىز؟

— خىزمەت دېگەننىڭ جاپاسىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ، — بۇ مېنىڭ خىزمىتىم.

ئاق پىشماق، ئەگمە قاشلىق، ئاشىقلاردەك نازۇك بوي يىگىت كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى.

— قايسى مەكتەپتە يىغلاشنى ئۆگەنگەن دەملا؟ ياق، بىزگە ئۆگىنىش نېسىپ بولمىغان. مېنىڭ قابىلىيىتىم تۇغما. بۇنداق قابىلىيەت كۆپىنچە تۇغما بولىدۇ.

— مۇنداق دەڭ؟

— شۇنداق، تۇغما بولىدۇ. يىغلاي دېسەملا كۆزۈمدىن ياش چىقىدۇ. ئەلۋەتتە يىغىغا قوشۇپ دەيدىغان گەپلەرنى بولسا كېيىنكى چاغلاردا كىتابلاردىن يادلىۋالدىم. ئانامدىنمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ئاڭلىسىلا، ئۆي ئىچىدە يىغلاۋاتقىنى مېنىڭ ئانام

بولىدۇ. ئۇ بەكمۇ بەلەن يىغلايدۇ ...

— دېمەك، سىزنىڭ يىغلاش قابىلىيىتىڭىز ئىرسىيەتتىن ئىكەن-دە؟

— بەلكىم شۇنداقتۇ. ئېچىنىشلىق ئىشنى كۆرسەملا يىغلاش، يىغلاي دېسەملا يىغلاش مېنىڭ ئارتۇقچىلىقىم. ئويلاپ باقسىلا، جاھاندا ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق ئېچىنىشلىق ئىش بولامدۇ؟ مەن بىرەر كىمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىساملا يىغلاپ سالىمەن. ئويلاپ باقسىلا، جاھاندا بوزەك قىلىنىشتىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولامدۇ؟ مەن بىرەر كىمنىڭ بوزەك بولغانلىقىنى، بوزەك قىلىنغانلىقىنى كۆرسەملا يىغلاپ سالىمەن. سىلى بىرەر كىمنىڭ ئازابلانغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇرۇلۇشتىن، تاياق يېيىشتىن، تىپىلىشتىن، قاقىرام ئىسسىقتا ۋاسكېتبول گارىغا باغلاپ قويۇلۇشتىن، تېرەكلەرگە ئېسىپ قويۇلۇشتىن، قەھرىتان سوغۇقتا مۇزخانىلارغا سولاپ توڭغا سېلىنىشتىن ئارتۇق ئازاب بارمۇ؟ مەن بىرەر كىمنىڭ ئازابلانغانلىقىنى كۆرسەملا يىغلاپ سالىمەن. سىلى جاھاندا ئادالەت دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغانلا؟ ئەمما مەن ئاشۇ نەرسىنىڭ يوق قىلىنغانلىقىنى كۆرسەملا يىغلاپ سالىمەن ...

— ئۆزىڭىزدىكى بۇ ئارتۇقچىلىقنى قاچان ھېس قىلدىڭىز؟

— بۇ خېلى بۇرۇنقى ئىش. مەن ئاتامنىڭ قاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بەك كىچىك بولسام كېرەك. زادىلا ئېسىمدە يوق. ئانام بىلەنلا قالدىم. ئۆيىمىزدىن بىرەركىم ئۆلۈپ باقمىغان بولغاچقا يىغلاشقىمۇ توغرا كەلمىگەن. قايسى يىلى؟ ئېنىق ئەمەس. ئىشقىلىپ باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. يېزا باشلىقى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بەك بەلەن ئادەم بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەھەللە، كەنتلەردە ماتەم مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلدى. ھەتتا كەنتلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ دەرس توختىتىلىپ ماتەم مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلدى. مەرھۇمغا چۈشتىن

بۈرۈن ئىككى سائەت، چۈشتىن كېيىن ئۈچ سائەت ماتەم بىلدۈردۇق. ماتەم مۇراسىمى ئۈچ كۈن داۋام قىلدى. مۇراسىمدا مەكتەپ مۇدىرى ئېسەدەپ تۇرۇپ مەرھۇمنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەيتتى، بىز دىققەت بىلەن ئاڭلايتتۇق، ئارقىدىن ئۇنىڭ روھىغا سالام-سەجدە قىلاتتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۆز ئۆزىدىن-ئۆزۈن ھۆركىرەپ يىغلايتتۇق، يىغلىماسلىققا، بوش يىغلاشقا بولمايتتى، ئىچ-ئىچىمىزدىن چىقىرىپ، موزايدەك ھۆ تارتىپ، دەمدەردەك بۇقۇلداپ، كېكەچتەك بوغۇلۇپ يىغلىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇ قېتىم مەن بەك بەلەن يىغلىغان بولسام كېرەك، ئىككىنچى كۈنلۈك ماتەم ئاخىرلاشقاندا سىنىپلاردا يىغلاش نەمۇنىچىلىرىنى سايلاش ئېلىپ بېرىلدى. سىنىپ مۇدىرىمىز يىغلاش نەمۇنىچىلىرىنىڭ شەرتلىرىنى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئون ماددىمۇ ياكى ئون بىر ماددىمۇ، شۇنداقراق ئىدى. ھەممە جەھەتتە ياخشى بولۇش، ئاتا-ئانىسىنىڭ تارىخى پاك بولۇش، ئۆلچەملىك يىغلىيالايدىغان بولۇش دېگەندەك شەرتلەر ئىدى. يىغلاش نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلانغانلار يېزىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ماتەم مۇراسىمىغا ۋەكىل بولۇپ بارىدىكەن. سىنىپىمىزدا ئاۋۋال نامزات كۆرسىتىش، ئاخىرىدا قول كۆتۈرۈپ ماقۇللاش تەرتىپى بويىچە سايلاش ئېلىپ باردۇق. ھېلى ئېيتتىمغۇ، شۇ قېتىمقى مەكتەپتىكى ماتەم مۇراسىملىرىدا بەك ئېچىنىشلىق يىغلىغان بولسام كېرەك، سىنىپ كوللېكتىپى بىردەك ئاۋاز بىلەن مېنى يىغلاش نەمۇنىچىسى قىلىپ سايلىدى. مەندىن باشقا يەنە ئىككى ساۋاقدىشىممۇ سايلاندى. سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، سىنىپىمىزدىكى سايلام نەتىجىسى مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ قارار قىلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدىكەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىنىپتا سايلانغان يىغلاش نەمۇنىچىلىرىنى مەكتەپ رەھبەرلىكى قارار

قىلىپ يىغلاش نەمۇنچىلىقىغا تەيىنلەيدىكەن، ئاندىن كېيىن يېزىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ماتەم مۇراسىمىنىڭ ۋەكىللىكى سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدىكەنمىز. ماتەم بولۇۋاتقاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ماڭا چۈشتىن كېيىن يېزا بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىش رەسمىي ئۇقتۇرۇلدى. مەن شۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ رەسمىي ھالدا يىغلاش نەمۇنچىلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىمنى ئۇقتۇم. خۇشالمۇ بولدۇم. لېكىن كۈلۈشكە بولمايتتى، كۈلۈمسىرەشكىمۇ بولمايتتى. ماتەم مۇراسىمىنىڭ ۋەكىلى بولغانلىقىم ئۈچۈن يىغلاپلا يۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. يىغلاش ۋەكىللىكىگە تەيىنلەنگەنلىك غەلىبەمنى يىغلاش بىلەن قۇتلۇقلىدىم. يېزىغا چىققۇچە يول بويى يىغلاپ ماڭدىم. ئېسەدەيتتىم، بوغۇلاتتىم، بوقۇلدايتتىم. كۆزۈمدىن توختىماي ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى. يېزىدىكى ماتەم مۇراسىمى بەكمۇ داغدۇغىلىق بولدى. مەيدان ئاق چېچەكلىك، قارا چېچەكلىك بولۇپ كەتكەن ئىدى. يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيىدىن ماتەم مۇزىكىسى ياڭراپ تۇراتتى. ھەرقايسى مەھەللە، كەنت، مەكتەپلەردىن سايلانغان نەچچە مىڭ يىغلاش نەمۇنچىسى ماتەم مۇزىكىسىغا جور بولۇپ ھۆركىرەپ يىغلايتتى. ماتەم مۇزىكىسى چېلىنىپ، ماتەم سۆزى سۆزلىنىپ، ماتەم سەجدە-سالىمى قىلىنىپ، ماتەم مۇزىكىسى قايتا ياڭرىغاندا مەن شۇنداق ھۆ تارتىپ يىغلىدىمكى، يىغامنىڭ ئىچ-ئىچىمدىن ئۇرغۇشى ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم ئوغلاقنىڭ مەرىشى، ئانىسىدىن ئايرىلغان ئاسلاننىڭ مياۋلىشى، ئانىسىدىن ئايرىلغان چۈجىنىڭ چۇكۇلدىشى بۇنچىلىك ئېچىنىشلىق بولماس. مەن ئۆزۈمنىڭ قاتارىدىكى يىغلاش نەمۇنچىلىرىغا ئېسىلىپ يىغلايتتىم. ئۇلارنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يىغلايتتىم. ئۇلارمۇ ماڭا ئېسىلىپ تۇرۇپ، مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يىغلايتتى. ماتەم مەيدانى دېڭىزدەك دولقۇنلىناتتى. دېڭىزدەك ئاھ ئۇراتتى. يىغلىغۇچى نەمۇنچىلار دېڭىز

دولقۇنلىرىدەك ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. كىم كىمنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقانلىقىنى، كىم كىمگە ئېسىلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. مەن قانچە ئادەمگە ئېسىلىپ يىغلىغىنىمنى بىلمەيتتىم. كىم ئۇچۇن، نېمە ئۇچۇن يىغلاۋاتقانلىقىمنى تېخىمۇ بىلمەيتتىم. پەقەت يىغلاش نەمۇنچىسى بولغانلىقىم ئۇچۇنلا يىغلىشىم كېرەكلىكى يادىمدا ئىدى. سىنىپ كوللېكتىپىنىڭ، مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئۇمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۇچۇنلا يىغلايتتىم. يىغام ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلىيالىغۇدەك ئېچىنىشلىق ئىدى. بىر چاغدا باغرى ئىسسىق بىر ئايالنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدىم. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ ماڭا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلايتتى. مەن ئۇنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يىغلايتتىم. ئايالنىڭ يىغىسى جۇپتىدىن ئايرىلغان كاككۇكنىڭ سايراشلىرىدەك، ئادەمدىن ئايرىلغان ھاۋانىڭ پەريادلىرىدەك نادامەتلىك ئىدى. كۆز ياشلىرى مەيدە-سىنى — كۆكسىنى چۆپ-چۆپ ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. قۇچاقلىشىپ يىغلىشىۋاتقان بولغاچقا ئۇنىڭ كۆكسىدىكى ھۆللۈك مېنىڭ كىيىملىرىمنىمۇ ھۆل قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ ماتەم قوشاقلىرىغا قۇلاق سالدىم:

سەن سەكراتقا چۈشكەندە، ئاخۇنۇم،
خورەك تارتتى دەپتىمەن، ئاخۇنۇم.
كۆزلىرىڭ يۇمۇلغاندا، ئاخۇنۇم،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن، ئاخۇنۇم.

ئاۋاز تونۇش ئىدى. خۇددى ئاخشاملا، ئەتىگەنلا ئاڭلىغاندەك تونۇش ئىدى. يەنە قۇلاق سالدىم:

ئېگىز-ئېگىز جىنازا، ئاخۇنۇم،

يوپۇق ياپقان جىنازا، ئاخۇنۇم.
كۆرۈۋالاي بىر قېنىپ، ئاخۇنۇم،
توختاپ تۇرغىن بىر هازا، ئاخۇنۇم.

مەن ئاۋازنى تونۇغانىدىم. بۇ ئانامنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ پەرياد قىلىشلىرى، نالە قىلىشلىرى، ئاھ ئۇرۇشلىرى شۇنچىلىك تونۇشلۇق ئىدى. سىلىگە دېدىمغۇ، مەن يىغلايمەن دېسەم دەرهال يىغلىيالايمەن. يىغىدىن توختاي دېسەم دەرهال توختىيالايمەن. بىر مىنۇتتا يىغامنى توختاتتىم. كۆزلىرىمدىكى ياشنى سۈرتتۇم. كۆز ئالدىم روشەنلەشتى. راستتىنلا ئانام ئىكەن. مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ يىغلاۋېتىپتۇ. خۇددى دادامغا يىغلىغاندەك، دادامنىڭ هازىسىدا قوشاق قاتقاندەك يىغلاۋېتىپتۇ. قوشاقلىرىنى دېمەك:

بۇگۈن ئۇلۇغ، ئۇلۇغ كۈن، ئاخۇنۇم،
ماڭا بولدى قارا تۈن، ئاخۇنۇم،
يېشىم ئاقتى يۈزۈمگە، ئاخۇنۇم،
زۇلمەت پاتتى كۆزۈمگە، ئاخۇنۇم،
قۇلاق سالغىن سۆزۈمگە ئاخۇنۇم،
تويۇۋالاي هۆسنۈڭگە، ئاخۇنۇم،
مەن قانداق چىداي، ئاخۇنۇم ...

ئانامنىڭ قوشاقلىرى نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمگە ياقمىغانىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولساممۇ نېمىنىدۇ چۈشەنگەندەك بولغانىدىم. ئانامنى سىلكىشلەپ يىغىدىن توختاتتىم. «ئانا، ئانا!» دەپ چاقىردىم، ئۇ يىغىدىن توختاپ كۆزلىرىنى سۈرتتى. مېنى تونۇدى ۋە بىردىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
— سىز بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز، ئانا؟
ئانام هودۇقۇپ قالدى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيتتى، بىر هازا

دۇدۇقلىغاندەك قىلىپ ئاران گەپ تاپتى:

— مېنىمۇ يىغلاش نەمۇنچىسى قىلىپ سايلاشتى، بالام. مەھەللىدىكى، كەنتتىكى سايلامدا مېنى يىغلاش نەمۇنچىسى قىلىپ سايلىشىپتۇ. شۇڭا ... — مەن چۈشەنگەنىدىم. يىغلاش نەمۇنچىسى دېگەن يىغلىشى كېرەك. يىغلاش نەمۇنچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەنىكەن، يىغلىمىسا بولمايدۇ. مەن ئانامغا ئېسىلدىم، ئانام ماڭا ئېسىلدى. بىز دوست تارتىشىپ قايتىدىن يىغىمىزنى باشلىۋەتتۇق ...

— دېمەك، ئۆزىڭىزدىكى بۇ ئارتۇقچىلىقنى شۇ چاغدا ھېس قىلغانىكەنسىز-دە؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئۇزۇن بايانىدىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ. يىگىت بارغانسېرى كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن كۆپرەك گەپ-ھېكايە ئاڭلىغۇم كېلىپ تۇراتتى.

— بەلكىم شۇنداقتۇ. تۇنجى قېتىم يىغلىشىم بولغاچقا شۇ چاغدا ھېس قىلغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ يىغام سەل كېيىنرەك ئەۋجىگە چىقتى. قارىسىلا، ئاشۇ قېتىمقى يىغىدىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئانام كۆزۈمگە باشقىچىلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ماتەم مۇراسىمىدىكى قوشاقلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇراتتى. باشقىلارنىڭ ئارقامدىن ئاڭلىنار-ئاڭلانماس قىلىپ «ھارامزادە» دەپ تىللىغانلىرىمۇ قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلاپ تۇراتتى. نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئېنىقلىشىم زۆرۈردەك تۇيۇلاتتى. سەل چوڭ بولدۇم. باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىپ ئېتىمىزدا ئىشلەشكە باشلىدىم. بىر كۈنى ئانام گازىر قورۇدى. ئۆز ئېتىزىمىزدىن چىققان گازىر ئىدى. ئۇ چاغلاردا تېخى كېۋەزلىكنىڭ قىرلىرىغا تېرىغان گازىرنى چانىۋېتىدىغان ئىشلار چىقمىغان ئىدى. قىردىن بولسىمۇ خېلى گازىر ئالاتتۇق. سېتىپ كادىرلارغا بېرىدىغاننى بېرەتتۇق. ئۆزىمىزگىمۇ ئانچە-مۇنچە ئېشىپ قالاتتى، ئانام ئەنە شۇ گازىرنى قورۇۋاتاتتى.

گازىر قورۇلۇپ بولاي دېگەندە قولۇمنى ئۇزاتتىم.

— ماڭا بىر چاڭگال ئېلىۋېتىڭا ...

ئانام بىر چاڭگال قىزىق گازىرنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. ئاشۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قولىنى گازىر بىلەن قوشۇپ چىڭ تۇتۇۋالدىم. ئۇ، «ۋايجان، قولۇم كۆيۈپ كەتتى!» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى. مەن ئۆز سوئالىمنى سوراۋەردىم:

— ئۆتكەنكى ماتەم مۇراسىمىدا زادى كىم ئۈچۈن يىغلىدىڭىز؟

— ۋايجان، ۋاي قولۇم كۆيۈپ كەتتى، قويۇۋەت، — ئانام ۋارقىرايتتى. مەن پىسەنت قىلمىدىم. قولىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇۋالدىم.

— ئېيتىپ بەرمىسىڭىز قويۇۋەتمەيمەن.

— دادىڭ ئۈچۈن يىغلىدىم. راست، ئەمدى قويۇۋەت، ۋايجان ...

— دادام كىم؟

— دادىڭ ئۆزى شۇ. قويۇۋەت، ۋايجان!

ئانامنىڭ قولىنى قويۇۋەتتىم. كۆيۈككە چىدىمىغان بىچارە گازىرنى چېچىۋەتتى. مەسىلە ئېنىق بولغانىدى. شۇ كۈنى كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك يېرىم بولغانلىقىنى بىلمەيسىز. ئانام ھەممىنى ئىقرار قىلدى. مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئىقرار قىلدى. ئۇلار سۇ ئامبىرى ياساش ئەمگىكى، ئۆستەڭ چېپىش ئەمگىكى، بوز يەر ئېچىش ئەمگىكى، تاشيول ياساش ئەمگىكى دەپ قانۇنىي ئاتامنى ئۆيدە تۇرغۇزمايدىكەن. ئاللىقانداق ھاشارلارغا ھەيدەپ ئارام بەرمەيدىكەن. قانۇنىي ئاتام ئۆيدە يوق بىر كۈنى ئۆز ئاتام ئۇنىڭغا قانات سۆرەپتۇ. بىچارە قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ تەڭ كېلەلمەپتۇ. كېيىن قورساق كۆتۈرۈپتۇ. قانۇنىي ئاتام قوشنىلارنىڭ مىش-مىشلىرىنى ئاڭلىغانمۇ ۋە ياكى كۆڭلى سەزگەنمۇ، ئانامنى قاتتىق دۇمبالاپتۇ. قورسىقىدىكى ھارامزادىنى

چۈشۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئاتام مىڭ بىر ئاماللارنى قىلىپ كۆرۈپتۇ، دورا يەپتۇ، ئوكۇل ئۇردۇرۇپتۇ، ئۆگزىدىن سەكرەپتۇ، ئەمما «مايماق قاپاقنىڭ بېغى بەك» دېگەندەك قورسىقىدىكى هاراملىقنى چۈشۈرۈۋېتەلمەپتۇ ... شۇ چاغلاردا قانۇنىي ئاتام ئۆز ئاتامغا خىرىس قىلغانمۇ، ئۇنى يېزىدا سولاپ قويۇشۇپتۇ. ئۇ چاغلاردا كىمنىڭ هوقۇقى بولسا سولاپ قويسا بولۇۋېرىدىكەن. نەگە سولىغىسى كەلسە سولاۋېرىدىكەن. قانداقتۇر بىر پۇقرانىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدىغان يالىنى تاپسىلا ئىش پۈتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ شور پېشانە شۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا جىنايىتىدىن قېچىپ ئۆلۈۋالدى دەپ هۆكۈم چىقىرىپتۇ. كېيىن مەن تۇغۇلۇپتىمەن. بىچارە ئاتام كۈرمىڭ جاپا خورلۇقلارغا چىداپ مېنى قاتارغا قوشۇپتۇ. ئۆز ئاتام ئاشكارا هالدا مېنى ئېتىراپ قىلماپتۇ، لېكىن زېرىككەن، تېرىككەن چاغلىرىدا، تۈن يېرىمىدا ئانامنى يوقلاپ بىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپتۇ ...

مەن ئۆزۈمدىكى يىغلاش ئىقتىدارىنى بەلكىم ئاشۇ پاراڭدىن كېيىن هېس قىلغان بولسام كېرەك. شۇ كېچە شۇنداق بوزلاپ يىغلىدىمكى، تىمساھمۇ بۇنچىلىك ئاچچىق، كىتمۇ بۇنچىلىك مۇڭلۇق يىغلىيالماس. ئويلاپ باقسىلا، يىگىت ئۈچۈن ئىككى ئاتىلىق بولۇپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بارمۇ؟ ئۆز ئاتام دەپ يۈرگىنىم پەقەت قانۇنىي ئاتام بولۇپ چىقتى. هېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق ئادەم ئۆز ئاتام بولۇپ چىقتى. ئاتامنىڭ دەردىگە يىغلايمۇ، ئانامنىڭ دەردىگە؟ ئانامۇ شۇنداق ئېچىنىشلىق يىغلايتتى. جۈپتىدىن ئايرىلغان دەمدەرنىڭ بۇقۇلداشلىرى، جۈپتىدىن ئايرىلغان تورغاينىڭ چۇرۇلداشلىرى ئۇنىڭ يىغىسىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. ئانا ئۈچۈن قوش ئەرلىك بولۇپ قېلىشتىن ئارتۇق خورلۇق بارمۇ؟ ئۆز ئېرىگە تالىق نەرسىنى قوغدىيالمىدى. زومىگەرنىڭ ئاشنىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟

ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن يىغلاڭغۇ ئادەم بولۇپ قالدىم. ئېچىنىشلىق ئىشلارنى كۆرسەم يىغلاپ سالاتتىم. بۇ مېنى سولاقىمۇ ئېلىپ باردى. ئاشۇ كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ سۈرىتىگە قاراپ يىغلاپ سايتىمەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ سۈرىتىگە قاراپ يىغلاشنىڭ گۇناھ بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ سەككىز كۈن ياتتىم. ئانام بىچارە قوي-كالىلارنى سېتىپ، بەش مىڭ سوم جەرىمانە تۆلەپ ئاران قۇتقۇزۇۋالدى. تېخى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى ئاچقان ھەقلىق كامىر ۋە ھەقلىق تاماقخانا ئۈچۈنمۇ بىر كاللەك تۆلەپتۇ. سولاققا كىرگەن ئادەم كەنتتە تۇرالايتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈيى يىقىنىۋېتىلمەي قالاتتىمۇ؟ كېيىنچە بوز يەردىن شەھەرگە قېچىپ چىقتۇق. بىرەر ھاياتلىق يولى تاپارمىز دەپ ئويلايتتۇق. شەھەر دېگەندە بىرەر ئارتۇقچىلىقى بولمىسا كۈن ئالماق بەكمۇ تەس ئىكەن. ئىت-ئېشەكنىڭ كۈنىنى كۆردۇق. ھالىمىزنى كۆرگەن بىر ئاق كۆڭۈل مويسىپىت «بىرەر ئارتۇقچىلىقىڭلار يوقمۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. دېھقان خەق دېگەندە كەتمەن چېپىشتىن باشقا نېمە ئارتۇقچىلىق بولسۇن؟! يەنە ئۈمىدسىزلەندىم. تۇيۇقسىز يىغلاپ تاشلىدىم. ئانامۇ يىغلىدى. ئاھۇزار چېكىپ يىغلاشتۇق. يىغلاۋېتىپ يىغلىشىمىزنىڭلا بىزدىكى ئارتۇقچىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم. مويسىپىتكە ئېيتىۋىدىم، ئۇ بىر ھازا ئويلاپ قالدى. ئارقىدىن ماڭا قاراپ: «يىغاڭنى توختات!» دېدى، مەن دەرھال توختاتتىم، كۆز يېشىم شۇ زامانلا قۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ: «يىغلا!» دېدى، مەن يەنە يىغلاشقا باشلىدىم، كۆز يېشىم يامغۇردەك تۆكۈلدى. مويسىپىت بېشىنى ئىرغاڭلاتتى. ئۇ مېنىڭدە راستتىنلا ئارتۇقچىلىق بارلىقىغا ئىشەنگەندى. ئۇ ئانامنىمۇ سىناپ كۆردى. ئۇزاق ئويلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىزدىن قانداق قىلغاندا پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۇ بىزنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى. كېيىن بىرقانچە كۈن پالاقشىپ، تەستىقلىتىپ،

تىزىمغا ئالدۇرۇپ، ھەق تۆلەپ «ئابۇچەشمە» شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى. مانا قارىسىلا، مەخسۇس ھازا كىيىمى كىيىپ، قارىلىق باغلاپ ئاشۇ شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ قالدىم. ئىش-ئوقىتىمىز يامان ئەمەس. ھەپتىدە كەم بولسىمۇ ئۈچ-تۆت قېتىم ئىش تېپىلىپ تۇرىدۇ. ئىش تېپىلىپ تۇرسىلا خوجايىنىممۇ ئىش ھەققىنى ئوبدان بېرىدۇ. گۇلدەك كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدۇق. ئانامىمۇ ئىشلەيدۇ. مەنمۇ ئىشلەيمەن. ئىككى كىشىلىك ئىش ھەققى خىراجىتىمىزدىن ئاشىدۇ. ھازىر ھەممە نېمىمىز تەل. سىرتتا توختىتىپ قويۇلغان «تولۇن ئاي» ماركىلىق ئالىي پىكاپنى كۆردىلىمۇ، بىز ئۇنى يېقىندىلا سېتىۋالدۇق ... خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مېنىڭ تۇغما قابىلىيىتىم، شۇنداقلا كۆپ مەشىقلەنگەن ئىقتىدارىم بولغاچقا ۋەزىپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندايمەن. ئانام مەندىنمۇ ياخشىراق، ئاڭلىدىلىمۇ؟ ئۆزلىرى باھا بېرىپ باقسىلا. بىز ھازىدارلارنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز. ئۆزىمىزنىڭ نالە مەسەللىك يىغىسى بىلەن ھازىنى ئەۋجىگە كۆتۈرىمىز ...

«ۋاي ئاتام، جانىم ئاتا، سەن ئاتامدىن ئايرىلىپ، سۇندى قاناتىم قايرىلىپ، مەن قانداق قىلاي ئەمدى. مەن قانداق چىداي ئەمدى، ھۇ، ھۇ، ھۇ! ...»

ئۇنىڭ تۇيۇقسىز چىققان يىغا ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ قاچان ھېكايىسىنى توختاتقانلىقىنى، قاچان ئورنىدىن تۇرۇۋالغانلىقىنى سەزمەي قالغانىدىم. بۇ قوشاق قېتىپ يىغلىغان پېتى دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان يېڭى پەتىچىلەرگە قاراپ قۇچاق كېرىپ كېتىۋاتاتتى. ھويلا بىردىنلا يىغا-زارغا تولغاندەك بولۇپ قالدى. مېھمانخانىدىكى ھازا ئىگىلىرى ۋە پەتىچىلەرمۇ ھويلىغا چىقىشتى. قۇچاقلاپ تۇرۇپ قوشاق قېتىپ يىغلاش داۋام قىلاتتى. قوش قوللاپ پاتىھانە كۆرۈنۈشلەر داۋام قىلاتتى ...

مەن ياللىنىۋېلىنغان يىغلىغۇچىنىڭ يىغىسىنى جۇمەگىچە

ئاڭلاشقا توغرا كەلسە كېرەك دېگەن قاراشتا ئىدىم. جۇمەدە مەرھۇمنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلۇپ، يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن «تولۇن ئاي» ماركىلىق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېتىدۇ دەپ پەرەز قىلاتتىم. شۇنداق بولسا ئۇ پەقەت تۆت سائەتچە يىغلايتتى. تۆت سائەتلىك يىغىسىغا قانچە پۇل ئالىدىغاندۇ؟ شىركەت قانچە پۇل ئېلىپ يىغلىغۇچىنىڭ ئىش ھەققىگە قانچىلىك بېرىدىغاندۇ؟ ئەتىگەن شىركەتكە قانچە پۇل تۆلەپ يىغلىغۇچى ياللىغانلىقىنى جالالىدىن قارىمدىن سورىۋالمىغانىدىم. ھېلى يىغلىغۇچىدىن بىر سائەتلىك يىغىسى ئۈچۈن شىركەتتىن قانچىلىك ھەق ئالىدىغانلىقىنى سوراشقا ئۇيالغانىدىم. ئەمدى ئاشۇلارنى بىلگۈم كېلىۋاتاتتى. سىرتتا تۇرغان «تولۇن ئاي» ماركىلىق ھەشەمەتلىك پىكاپقا كۆزۈم چۈشتى. پىكاپقا كۆزۈم چۈشۈپلا، ئۇلار ئانا-بالىنىڭ تۆت سائەتلىك يىغىسىنىڭ ھەققى مېنىڭ بىر يىللىق پۇلۇمنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلەلەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. يىغلاش دەۋرىمىزدە قابىلىيەت-ئىقتىدار پۇلغا ئايلىنىۋاتاتتى. قابىلىيىتى بارلار قابىلىيىتىمۇ پۇلغا ئايلانسا نېمە بوپتۇ؟ ئىشلىسۇن، «ئىشلىگەنلەر چىشلەر» دېيىشىدىغۇ، ئىشلىگىنىگە يارىشا چىشلىسۇن، قۇربىتى يەتكۈچە ئىشلىسۇن، يىغلىماق-ياش تۆكمەك دېگەن ئاسانمۇ؟

ئەمما مەن خاتالاشقانىدىم. يىغلىغۇچىنىڭ نىياز چىگىتنىڭ ئوغلىدىن ئالىدىغان ئىش ھەققىنى بەكلا تۆۋەن ھېسابلاپ قويغانىدىم. شۇ قېتىم ناكەسلەرنىڭ «ھەققىمىز بار ئىدى» دەپ غوۋغا قىلىشى بىلەن مەرھۇمنىڭ مېيىت نامىزى ۋاقتىدا ئۆتەلمەي قالدى. تۆتىنچى كۈنىگىچىمۇ يەرلىككە قويغىلى بولمىدى. بىز مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىدىكىلەر بەكلا ئالدىراش ئىشلىگەن بولساقمۇ، يەنىلا ئارقىغا سوزۇلۇپ كەتتى. مېيىت نامىزى ئۆتەلمىگەن، مېيىت يەرلىككە قويۇلمىغانىكەن، يىغلاپ تۇرۇش كېرەك ئىدى. يىغلىغۇچىنى قايتۇرۇۋەتكىلى بولمايتتى. ئوغلى —

«ئىلمىي ئادەم» يىغلاشنى مەدەنىيەتسىزلىك كۆرسە، قىزلىرى يىغلاشنى خالىمىسا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ جالالىدىن قارىم «ئابۇچەشمە» شىركىتىگە يەنە بىر قېتىم بېرىپ كەلدى. سۆزلەپ بېرىشىچە، خېلى تالاش-تارتىش بوپتۇ. ئۇلارنى باشقا هازا سورۇنلىرىمۇ ساقلاپ تۇرىدىكەن. يەنە كېلىپ باشقا هازا ئىگىلىرىمۇ مۇشۇ ئانا-بالىنىلا ياللاشقا قىزىقىدىكەن. ئىقتىدارلىقلارغا كىم قىزىقمىسۇن؟ ئۇياق تالىشىپ، بۇياق تالىشىپ، ئاخىرى ئەتىگەندە يېرىم سائەت، چۈشتە يېرىم سائەت، كەچتە يېرىم سائەت مەرھۇم نىياز چىگىتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ يىغلاپ بېرىدىغانغا كېلىشىپتۇ. ئىش ھەققى بولسا بەكلا يۇقىرى ئىكەن. مەن «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» نىڭ تەشكىلات ھەيئىتى بولغاچقا مەرھۇمنىڭ مۇتتەھەملەرگە قايتۇرىدىغانلىرىنى تىزىملاشقا مەسئۇل بولغانىدىم. جالالىدىن قارىمدىن ئېنىق سانىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ شۇنداق بىر سانني ئېيتتىكى، دەپتەرگە پۈتۈشكە جۈرئەت قىلالماي قالدىم. بۇ ناكەسلەرگە قايتۇرۇپ ئاشقان مال-مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى يىغلىغۇچىغا — «ئابۇچەشمە» شىركىتىگە بەرگەن بىلەن باراۋەر ئىدى. مەن «ئالە، شەھرىگىنى! » دەۋەتتىم ئۈنلۈك قىلىپ، مەرھۇمنىڭ ئوغلى — ھېلىقى «ئىلمىي ئادەم» بولسا، «مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم. مۇشۇنداق بولۇشىنى، توزغاقتەك توزۇپ كېتىشىنى بىلەتتىم! » دەپ غۇدۇرايتتى ...

## 3. چىقمىغان جىن

نىياز چىگىت باقىي ئالەمدىن جۇدا بولغان ئاشۇ 2011-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەتىگەندە، مەن مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە پەتىگە بېرىپ، ھويلىدا جالالىدىن قارىم «ئابۇچەشمە» شىركىتىدىن ياللاپ كەلگەن مەست يىغلىغۇچىنىڭ يىغلاش ھۈنىرى توغرىسىدىكى

ھېكايىسىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا خىجىللىق ھېس قىلدىم. ئۆزۈم تەمەننا قويۇپ يۈرگىنىمدەك ئۇنچىۋالا ياخشى ئادەممۇ ئەمەس ئىكەنمەن. كىشى ئۆلۈپ ياتسا، گەرچە يىغلاشنى خالىمىسىمۇ قىز-ئوغۇللىرىنىڭ كۆڭلى پەرىشان تۇرسا، ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرۇپ، خۇرسىنىشلىرىغا ئاھ ئۇرۇپ ھەمدەم بولماي ھېكايە ئاڭلاپ ئولتۇرغىنىم نېمىسى؟ بۇ مۇسىبەت نىزاملىرىغا دۇرۇسمۇ؟ ... مەن ياللانما يىغلىغۇچىنىڭ يېنىدىن قانداق قوپۇپ كېتىشىمنى ئويلاۋاتقاندا، يىغلىغۇچى بىردىن پەرياد ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

«قانداق قىلاي، كېتىپ قالدىڭ، مۇرەببىم، كەتكىنىڭنى سەزمەي قالدىم، مۇرەببىم.»

يىغلىغۇچى مەندىن چاققانىكەن. ئۆز ۋەزىپىسىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى مېنىڭكىدىن كۈچلۈك ئىكەن. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان يېڭى پەتچىلەرنى قۇچاقلاپ، ياقا يىرتىپ، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، بىپايان ئوكياندىكى كىتتەك نالە قىلىپ، دەمدەردەك بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ھېلى كىرىپ كەتكەن، ياسىداق مېھمانخانىدا پاتىھە ئوقۇيدىغانلارمۇ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئاشۇ مەرھۇم نىياز چىگىتنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ گېزىتلەردە ئىسمى-شەرىپلىرى بېسىلغان، تېلېۋىزورنىڭ كەچلىك پروگراممىسىدا ئىسمى-شەرىپلىرى ئېلان قىلىنغان ئەزالىرى ئىكەن. مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، تالاش-تارتىشلار ئارقىلىق تەشكىل قىلىنغان بۇ ھەيئەت نىياز چىگىتنى دەپنە قىلىش جەريانىدىكى ھەممە ئىشلارغا مەسئۇل ئىكەن. ئۇلار مەھەللە مەسچىتىدىن كىم كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدى. مەن ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. «مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى» نىڭ ھەيئىتى بولغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق قىلمىسام بولمايتتى. ئۇلار مەن بىرلا ھەيئەتنىڭ كەلگەنلىكىگە قانائەت قىلىشمىدى. ئىمام ئاخۇنۇمنى ۋە باشقا ھەيئەتلەرنى

چاقىرىشقا چاپارمەنلەر چېپىشتى.

بىز ئېنىق ۋەزىيە تاپشۇرۇۋالدۇق. مەرھۇمنى يۇيۇپ-تاراپ كېپەنلىككە ئېلىپ ئۇلۇغ جۈمە نامىزىغا ئۇلگۇرتۇشىمىز كېرەك ئىكەن.

جۈمەدە مەسچىتكە كۆپ ئادەم كېلىدىغان بولغاچقا نىياز چىگىتتەك كاتتا ئادەمنىڭ مېيىت نامىزىنى كۆپ ئادەم يىغىلىپ ئوقۇش زۆرۈر ئىكەن. بىز بۇيرۇق بويىچە دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىلدۇق. مەن كىمدۇر ئەكىلىپ بەرگەن بەش مېتىر خام خەسىدىن كېپەنلىك پىچىشقا كىرىشتىم. مەن كېپەنلىك پىچىشقا، كېپەنلىك تىكىشكە ئۇستا ئىدىم. بۇنىڭ ئالدىدا ئەلۋەتتە ئازراق تالاش-تارتىشمۇ بولۇپ ئۆتتى. تالاش-تارتىش بۇ كاتتا ئۆلۈكنىڭ كېپىنىنى كاتتا ئىمام ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىراق بىرەر كىم تىكىش كېرەكلىكى ئۇستىدە ئەمەس، بەلكى قايسى خىل رەختتە كېپەنلىك قىلىش ھەققىدە بولدى. مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى نىياز چىگىتنىڭ كېپەنلىكىنى خاڭجۇنىڭ يىپەك رەختىدە، ھېچبولمىغاندىمۇ خوتەننىڭ شايىسىدا تىكىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى دەرھال قوللىدى. ئاساس كەلتۈرۈشچە، نىياز چىگىتتەك كاتتا ئادەمنىڭ كېپەنلىكى چوقۇم خاڭجۇ تاۋىرىدەك ئېسىل رەختتىن بولۇشى كېرەك ئىكەن. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ يىپەك رەختتە كېپەنلىك تىكىش توغۇل، كىيىم كىيىشمۇ شەرىئەتتە ھارام قىلىنغانلىقىنى ئۇزاقتىن-ئۇزاق چۈشەندۈرۈشىگە توغرا كەلدى.

ئىمام ئاخۇنۇم ئەسلىي كېپەنلىك دېگەننىڭ بوز-ماتادىن بولۇشى كېرەكلىكىنى، لېكىن شۇ يېڭى ئىرا ۋە يېڭى ئەسىرنىڭ ئىككىنچى ئون يىلى باشلانغان چاغلاردا بوزچى قالمىغانلىقىنى، بوز-ماتا تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ خام خەسىدىن كېپەنلىك قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكىنى شىپى كەلتۈردى. ئۇلار «شەرىئەت زامانغا ماسلىشىشى كېرەك» دېيىشتى.

ئىمام ئاخۇنۇم يالىڭاچ تۇغۇلىدىغان ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئۆلگەندە بولسىمۇ باراۋەرلىكتە قايتىشى جائىز ئىكەنلىكىنى ئاساسلىدى. تەڭرى ئالدىدا ئىنسان قىممىتىنىڭ ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئورنى، ھوقۇقى، بايلىقى، مەرتىۋىسىگە قاراپ ئەمەس، قىلغان-ئەتكەن ئەمەللىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا، گۇناھ-ساۋابلىرىنىڭ سالمىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇلار «تەڭرىمۇ سىياسەتكە ماسلىشىشى كېرەك» دېيىشتى.

سۈكۈتلۈك ۋە سۈكۈتسىز مۇنازىرە خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى.

ئىمام ئاخۇنۇم كاتتىلارنىڭ كاتتىسىنىڭ «ئۆرپ-ئادەت بويىچە دەپنە قىلىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئۇ بۇ گەپنى نەدىندۇر ئاڭلىۋالغانىكەن. ئۇنىڭ بۇ ستاتىسى خېلى جىك باستى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى خام خەسىدىن كېپەنلىك تىكىدىغان بولدۇق ...

كېپەنلىك تەييار بولدى. مەرھۇمنى يۇيۇپ-تارايدىغان سۇمۇ ئىسسىپ-ئىللىپ قىزىلگۈلنىڭ ياپرىقى، ئىپار تالقىنى، ئەنبەر جۇلابى دېگەندەك خۇش پۇراقلار ئارىلاشتۇرۇلدى. نىياز چىگىت يۇيۇپ-تارالسا، كېپەنلىككە ئېلىنسىلا ئىش پۈتەتتى. بۇ يەردە ھېلىقىدەك پىدىيىسىنى بېرىش①، قازا قالغان ناماز-روزىلىرىنى ھەق-پۇل بەدىلىگە باشقىلارغا ھاۋالە قىلىش دېگەندەك ئىشلارمۇ، ھازىدار پەرزەنتلەرنىڭ جىنازىنى ئايلىنىپ-چۆرگىلەپ ماتەم يىغىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈشىمۇ بولمايدىغاندەك قىلاتتى. مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى كېيىنكى ئىشنى بىلمىگەندەك ئالدىنقى ئادەتنىمۇ بىلمەس بولۇۋالغانىدى. «مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام» دېيىلىدۇ تەمسىللەردە، پەرزەنتلەر ئاتىسىنى دورىمىسا

① — ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى خۇدادىن تىلەش.

قانداق بولىدۇ؟ مەرھۇم ھايات چېغىدا ئېلىشنى، ئېلىشنى ۋە پەقەت ئېلىشنىلا بىلىدىكەنمىش. بېرىش دېگەن گەپ ئۇنىڭ لۇغىتىدىمۇ، ئىنساب-ئەسلىمىلىرىدىمۇ يوق ئىكەنمىش. پەرزەنتلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ خىسلىتىنى ئەينەن ئۆزلەشتۇرگەندەك قىلاتتى. ئەمما بىز مەرھۇم يۇيۇپ-تارالسا، كېپەنلىككە ئېلىنسىلا ئىش پۈتىدۇ دەپ ئويلاۋاتقاندا، ئىمام ئاخۇنۇم مەرھۇمنى يۇيۇشقا تۇتۇش قىلغاندا يەنە چاتاق چىقتى. چاتاقنى يەنىلا چاتاقچى ئىمام ئاخۇنۇم چىقاردى. ئۇ ئۆلۈپ ياتقان نىياز چىگىتنىڭ ئاغزىدا تولغىچە ئالتۇن چىش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. كۆرگەن بولۇشى ناتايىن، بىلىپ قاپتۇ ياكى ئاڭلاپ قاپتۇ. «ئالتۇن چىش سېلىش-شەرىئەتتە ھارام، ئالتۇن چىش بىلەن دەپنە قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭچە، يۇيۇپ-تاراش ئالدىدا ئالتۇن چىشلارنى ئېلىۋېتىش-سۇغۇرۇۋېتىش كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ گېپى مەرھۇمنىڭ قىزلىرىنى دەرھال قايىل قىلدى. ئۇلار خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈشتى. دەپنە قىلىش ھەيئىتىدىكىلەر ئىشنى تاپىلاپ قويۇپ كېتىپ قالغاچقا ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئەگەر نەخ مەيداندا بولغان بولسا، «شەرىئەت ئالتۇن دەۋرىگە ماسلىشىشى كېرەك» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولاتتى. ئۇلار كېتىپ قالغاچقا بۇنداق گەپلەر دېيىلمىدى ...

مەرھۇمنىڭ قىزلىرى مەرھۇمنىڭ ئالتۇن چىشلىرىنى سۇغۇرۇۋېتىشكە قوشۇلغان، لېكىن قانداق سۇغۇرۇش ئۇسۇلىنى، سۇغۇرۇۋېتىدىغان ئادەمنى تاللىمىغان بولغاچقا، ئىمام ئاخۇنۇم جالالىدىن قارىم بىلەن ئىككىمىزنى ئالتۇن چىشلارنى سۇغۇرۇۋېتىشكە تەكلىپ قىلدى. جالالىدىن قارىم ئىككىمىز ئامبۇر-قىسقۇچلارنى ئېلىپ جەسەتكە يېقىنلاشقاندا، مەن مەرھۇمنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى جامالىنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. كۆمۈردەك قارىداپ، تۇپراقتەك بوزىرىپ يېتىپتۇ. جەسەتنىڭ تۇرۇپ-تۇرۇپ لىكىلداپ-چۈچۈگەنلىكىنى سەزدىم.

توۋا خۇدايىم، ئۆلۈكمۇ مىدىرلايدىكەن-ھە، ئەمما ئەقلىم بۇنى دەرھال قوبۇل قىلدى. ھايۋان بوغۇزلىنىپ، قانلىرى ئېقىپ، جېنى چىقىپ بولغاندىمۇ مۇسكۇللىرى لىغىلداپ-تىترەيدىغۇ، كىشىلەر بۇنى ھالاللىقى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرگىنى دېيىشىدۇ. بەلكىم نىياز چىگىتمۇ ھالاللىقى ئۈچۈن ئەمەس، باشقا بىر ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن شۇ ئەسنادا ئۇنى «ھېق» تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇ ئۇزۇن-ئۇزۇندا بىر قېتىم لىككىلداپ-چۆچۈگەندەك قىلاتتى. گېلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىن ھېقىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. «توۋا خۇدايىم، ئۆلۈكنىمۇ ھېق تۇتىدىكەن-ھە، مانا كۆرۈڭ ...» جالالىدىن قارىم مېنى ئالدىرىتىپ قالدى. بىز مەرھۇمنىڭ ئالتۇن چىشلىرىنى سۇغۇرۇۋېتىشكە تۇتۇش قىلدۇق. ئۆلۈكنىڭ ئېغىزى مەھكەم يۇمۇلغانىدى. جالالىدىن قارىم بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستۈنكى لەۋلىرىنى، يەنە بىر قولى بىلەن ئاستىنقى لەۋلىرىنى چىمداپ تۇتۇپ، مىڭ تەستە ئېغىزىنى يىردى. ئالتۇن چىشلار مەھكەم كىرىشىپ كەتكەن، جان چىقىش ئالدىدىكى ئازابلىق چىشلەش بىلىنىپ تۇراتتى. مەن شۇ مىنۇتتا «جەننەت — ئۆلۈمنىڭ جاپا-مۇشەققىتىگە ئەرزىمەيدۇ، مەنسەپ راھىتى مەنسەپتىن يىقىلغاندىكى ئىزاغا ئەرزىمەيدۇ. گۇناھ قىلىپ كۆرىدىغان راھەت دوزاختا كۆيىدىغان ئازابنىڭ مۇشەققىتىگە ئەرزىمەيدۇ» دېگەن ئەقلىيەنى يادىمغا ئالدىم.

مەرھۇمنىڭ ئۆمرىدە كۆرگەن راھىتى ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازابىغا دال بولالمىغاندەك تۇراتتى. چىشلار ئازاب ئىچىدە شۇنداق كىرىشكەن ئىدىكى، بىچارىنىڭ ئېڭىكىنى تېڭىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى بولماپتۇ. ئەمدىكى مەسىلە ئاشۇ كىرىشكەن چىشلارغا ئامبۇرنى قانداق سېلىشتا ئىدى. ئۇنى-بۇنى قىلىپ باقتىم. ئامبۇر چۈشمىدى. ئەتۈركە بىلەن قومۇراي دەپ باقتىم، ئىلاج بولمىدى. جالالىدىن قارىم ئوبدان ماسلىشىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ جەسەتنىڭ

ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى قويۇۋېتىپ، بىر قولى بىلەن جەسەتنىڭ زاڭقىدىن، يەنە بىر قولى بىلەن ئۈستۈنكى ئېڭەك-بۇرۇنلىرىدىن قاماللاپ كىرىشكەن چىشلارنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئاۋازى مەسچىت سەيناسىدا بوراندەك گۈرۈلدەپ چىقىدىغان، ئۆزىمۇ پالۋانلاردەك كۈچلۈك ئادەم ئىدى. لېكىن جەسەتنىڭ كىرىشكەن چىشلىرىنى ئاجرىتالمىدى. كۈچەپ كەتكەنلىكىدىن ئەسلىدىمۇ قان تەپچىپ تۇرىدىغان چېھرى ئانار دانىلىرىدەك قىزىرىپ كەتتى. چېكىسىدىن بۈژژىدە تەر چىقتى. لېكىن كىرىشكەن چىشلارنى ئاجرىتالمىدى. ئالتۇن قاپلانغان چىشلار خۇددى بېتون خىشتىن بېتون لاي بىلەن قاتۇرۇلغان تامدەك مۇستەھكەم تۇراتتى ...

ئۇزاق ئاۋارە بولۇشتىن كېيىن جالالىدىن قارىممۇ، مەنمۇ فاڭجېن-لۇشيەن جەھەتتە ئېغىش بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. مەسىلە جەسەتنىڭ جان ئاچچىقىدا كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىش ئەمەس، بەلكى ئاشۇ كىرىشىپ كەتكەن چىشلارغا قاپلانغان ئالتۇنلارنى ئېلىۋېتىشتە ئىدى. بىز يەنە پىچاق-ئەتۋىركىلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق. پىچاق ياكى ئەتۋىركە بىلەن قاپلانغان ئالتۇنلارنى كىچىككىنە قايرىش-پۇكۇش مۇمكىن بولسا، ئامبۇرنى ئىشلەتكىلى بولاتتى. ئامبۇر بىلەن قىسىۋالغىلى بولسىلا قاپلانغان ئالتۇنلارنى سۇغۇرۇۋېتەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتۇق. مەن بىر ھازا ھەپىلەشتىم. جالالىدىن قارىم بىر ھازا ھەپىلەشتى. ئىمام ئاخۇنۇم ئالدىرىتىپ تۇراتتى. ئىمام ئاخۇنۇمنى بولسا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان جۈمە ۋاقتى ۋە دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ تاپشۇرۇقى ئالدىرىتاتتى. ئاخىرى قاملاشتۇرالمايۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەن ئىمام ئاخۇنۇم: «قۇشقاچ سويسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دېدى ۋە مېنى چىشچى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مېنى بۇيرۇشى توغرا ئىدى. ئەتىگەن جالالىدىن قارىم «ئابۇچەشمە» شىركىتىگە بېرىپ، يىغلىغۇچى

ياللاپ كەلگەن بولغاچقا يەنە ئۇنى بۇيرۇغىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ مەن مەرھۇمنىڭ چىشىغا قاپلانغان ئالتۇنلارنى ئېلىۋېتەلەيدىغان ئۇستا ئىزدەپ بازارغا چىقتىم ...

ئىستېمالچىدىن سودىگەر، ئۆيدىن دۇكان، ئادەمدىن شىركەت كۆپ بولۇۋاتقان شۇ زامانىمىزدا شەھەر كوچىلىرىدىن چىش دۇكانلىرى تېپىلماي قالامتىمۇ؟ شەھەر رەستىسىدە چىش دۇكانلىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. دۇكان، ماگىزىن، شىركەتلەرنىڭ پېشانىسىگە قادالغان ۋىۋىسكىدىكى ئالتۇن چىش، ئالماس چىش، كۈمۈش چىش، سەدەپ چىش، مىس-تۆچ چىش ... لارنىڭ سۈرىتىگە قاراپلا ئۇلارنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ھەرخىل يېزىقلاردا چوڭ ۋە كۆركەم قىلىپ يېزىلغان ناملىرىنى بىر دېمەك، بىر-بىرىدىن چىرايلىق، بىر-بىرىدىن دەبدەبىلىك ئىدى. «ئالتۇن چىش سېلىش پادىشاھى»، «ئالماس چىش سېلىش پادىشاھى»، «سەدەپ چىش سېلىش پادىشاھى»، «چىشچىلىق ساھەسىدىكى پادىشاھ» لار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، جاھانغا پادىشاھ توشۇپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. يەنە تېخى كىچىك تاختىلارغا ئاشۇ «پادىشاھ» لارنى چىشچىلىق ساھەسىدىكى داڭلىق مۇتەخەسسىس دەپ تونۇشتۇرۇلغان چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بار ئىدى. «پادىشاھ» نى مۇتەخەسسىس دېگىنى چۈشۈرگىنىمۇ ياكى كۆپتۈرگىنى؟ بۇنىڭغا ھەيران بولاتتىڭ ... بىرقانچە «پادىشاھ» لارنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپمۇ چىقتىم. ئۇلار ھاۋالە قىلىنغان ئىشنى سان-سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئورۇندايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى ياغدۇرۇۋەتكەن «پادىشاھ» لار نېمىشقىدۇ ھاپىزنىڭ ناخشىلىرىدىكى «لاسكۇيدا ئىشچى، بالىماستا قىشچى، قاراقاشتا چىشچى» بولۇۋالغانلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نىياز چىگىتىنىڭ ئاغزىدىكى ئالتۇن چىشلارنى سۇغۇرۇۋېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەلمىدىم. تېخى بەزىلەر چىش سېلىشنى، چىش قاپلاشنى بىلىدىغانلىقى، لېكىن چىش سۇغۇرۇۋېتىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى

ئاشكارا ئېتىراپمۇ قىلدى. مەكتەپتە ئۇنى ئۆگەتمىگەنىمىش ... مەن ئالدىرىمىسام بولمايتتى. جۇمە ۋاقتى بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى. مەن مۇۋاپىق ئۇستا ئىزدەشنى داۋاملاشتۇردۇم. تېزلا تېپىپمۇ ئالدىم ...

ئاشۇ ئۇستا كىمنىڭ ئالتۇن چىشىنى سۇغۇرۇۋېتىش لازىملىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئۇنى مەن قاپلاپ قويغان، مەنلا سۇغۇرۇۋېتەلەيمەن، لېكىن ...» دېدى. مەن گەپنىڭ ئىش ھەققىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم ۋە تالاش-تارتىشسىزلا ئۇنىڭ شەرتىگە قوشۇلدۇم. ئۇمۇ شۇ دۇكاندىن چىققان ۋاقىتتىن باشلاپ ۋاقىت بويىچە، يەنى ھەربىر مىنۇت بىرلىكى بويىچە ھېسابلاپ ھەق ئالىدىكەن. تالىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. كۆندۈم. ۋەزىپىنى ئورۇندىساملا بولاتتى. ئىش ھەققى مېنىڭ يانچۇقۇمدىن چىقاتتىمۇ؟

نىياز چىگىتنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان يولدا، ئۇستا ھېكايىنى ئۆزى باشلىدى:

ئاشۇ بىر يىلى، خوتۇنىنىڭ ئاتىسىنىڭ، يەنى چىشچى ئۇستامنىڭ قېيناتىسىنىڭ يەنە بىر قۇدىسىنىڭ نەۋرىسى قانۇنسىز ئىشلارغا چېتىلىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلىپتۇ. ئۆزىنى ياۋاشلىق بىلەن مەلۇم قىلىش بۇيرۇلۇپتۇ ۋە تۇتۇپ بەرگەن، يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەنلەرگە بېرىلىدىغان سۆيۈنچىمۇ ئېلان قىلىنىپتۇ. لېكىن بەڭۋاش بالا نەگىدۇ قېچىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋاپتۇ. ئۇنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا قىستايدىغان ئۇسۇل، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى رېجىمغا ئېلىش ئىكەن. شۇنداق قىلىپ چىشچى ئۇستامنىڭ قېيناتىسى قۇدىلىرىغا قوشۇلۇپ، ئۆزى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان ئاشۇ سولتەكنىڭ سەۋەبىدىن رېجىمغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قاتارىدا چىشچى ئۇستامنىڭ قېيناتىسى، بالا-چاقىلىرى، نەۋرە-چەۋرىلىرىمۇ بار ئىكەن. ئەلۋەتتە چىشچى ئۇستامنىڭ

خوتۇنى ۋە بالا-چاقىلىرىمۇ شۇ قاتاردا ئىكەن، تېخى ئەمچەكتىن
ئايرىمىغان بالىسىمۇ رېجىمغا چۈشۈپتۇ. نېمىشقىدۇر چىشچى
ئۇستام سىرتتا قاپتۇ. ئۇ رېجىمدىكىلەرنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ.
رۇخسەت قىلىنغان دائىرىدە ئاش-ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۇلار
قاچاندۇر بىر چاغلاردىكى ئاشلىق ئامبىرىغا سولانغانىكەن.
12-ئاينىڭ سوغۇقىدا ئامبارنىڭ تۈڭلۈك-دېرىزىلىرى ئېچىپ
قويۇلىدىكەن، تېگىگە تېخى سۇ سېپىپ قويۇلىدىكەن.

ئاشۇنداق كۆڭۈل قويۇپ هازىرلانغان شارائىتتا رېجىمغا
ئېلىنغانلار زادىلا ئىسسىقلاپ قالمايدىكەن. ئەپسۇسكى، چىشچى
ئۇستامنىڭ ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بالىسى ئاشۇ ئامبار ئىچىدە
يۆتەل بولۇپ قاپتۇ. بىچارە نارەسىدە پاختا ئاتقاندەك توختىماي
يۆتىلىدىكەن. قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ. ئوت-كاۋاپ بولۇپ
ئىنجىقلايدىكەن. بۇ ئىش چىشچى ئۇستامنى ئالدىرىتىپ قويۇپتۇ،
جىددىيلەشتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ ئاشۇ بالىسىنى بولسىمۇ چىقىرىۋېلىش
ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە چېپىپتۇ. ئاخىرى نىياز چىگىتنى تېپىپتۇ.
باشقىلار ئاشۇ نىياز چىگىتلا ياردەم قىلالىشى مۇمكىن دەپ
تونۇشتۇرغانىكەن. ئەمما ئىش ئاسانغا چۈشمەپتۇ. نىياز چىگىت
ۋەدە بېرىشنىغۇ بېرىپتۇ. لېكىن بالا تېخىچە ئامباردىن چىقماپتۇ.
چىشچى ئۇستام ئۇنىڭ ئاپارغان سوۋغىتىنى ئاز كۆرگەنلىكىنى،
شۇڭا ھەرىكەت قىلمايۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. قانداق قىلىش
ھەققىدە ئويلاپتۇ. ئويلاۋاتقاندا نىياز چىگىتنىڭ
ئۇپراپ-كۆتمەكلىشىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرۈپ قاپتۇ. نىياز
چىگىتنىڭ كۈلگەننى قىلىپ چىشلىرىنى ھىڭگايتىشىمۇ ئۇنى
چىشچى ئۇستامغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىكەن. ئۇستام ئۇنىڭ نېمە
دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. تولا غاجاش ۋە تولا يېيىشتىن
ئۇپراپ-كۆتمەكلىشىپ، سارغىيىپ، سەتلىشىپ كەتكەن ئاشۇ
چىشلارنى قاپلاپ قويۇش لازىملىقىنى چۈشىنىپتۇ. دەرھال تەكلىپ
بېرىپ، ئىشقا كىرىشىپ ئۇنىڭ ھەممە چىشلىرىنى قاپلاپ

قويۇپتۇ. نىياز چېگىتنىڭ چىشلىرى قاراقاشلىقلارنىڭكىدەك 32 ئىكەن، خېلى جىق ئالتۇن كېتىپتۇ. لېكىن ئۇستامغا ھازىر تارتقان زىياننى ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىكەن. نارەسىدە بالىسى بولسىمۇ رېجىمدىن قۇتۇلسىلا بولىدىكەن ...

نىياز چېگىتنىڭ ئوتتۇز ئىككى چىشىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاپ قويغانلىقىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ ئىكەن. چىشچى ئۇستام ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم: «ئۇنى مەن قاپلاپ قويغان، مەنلا ئېلىۋېتەلەيمەن» دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى. مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىدا نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىمنى سەزدىم.

— ياردەم قىلالىدىمۇ؟

— نەدىكىنى دەيلا، ئەتە-ئۆگۈن دەپ بۆكۈمگە جىگدە سالدى. كېيىنرەك پارتىيە-ھۆكۈمەت غەمخورلۇق قىلىپ «خەلقنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويغاندا، رېجىمگە ئېلىنغانلار قويۇۋېتىلدى. ئەمما ئۇ چاغدا ئاشۇ نارەسىدەمنىڭ تىنىقى ئاللىقاچان توختىغانىكەن. نەس يۆتەل بالامنى ئېلىپ كەتتى. قىزىلگۈلدەك ئۆز بالام غازاڭدەك سارغىيىپ ئۆلۈپ كەتتى ...

مەن چىشچى ئۇستامنىڭ ئېسەدەۋاتقانلىقىنى سەزدىم، قىيا قاراپ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. قاقاچ باغلىغان يارا ئېغىزىنى تاتىلاپ سالغانلىقىمغا ئۆكۈندۈم. ئەمما قىزىقىشىم يەنىلا ئۆكۈنۈشۈمدىن ئۈستۈن كېلىۋاتاتتى ...

— بىر ھېسابتا نارەسىدىلەرنىڭ ئۆلۈمىگە نىياز چېگىت سەۋەب بوپتۇ-دە.

— ياق، نىياز چېگىتتىن كۆرمەيمەن. بالامنى يۆتەل ئېلىپ كەتتى. نىياز چېگىت پەقەت بۆكۈمگە جىگدە سالدى. كېيىن ئۇقسام، ئۇنىڭ قولىدىن ئۇنچىلىك ئىشمۇ كەلمەيدىكەن. پەقەت بىزدەك ھېلىم بوزەكلەرنى ئالداپ ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرۇشلا كېلىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرمەيمەن، پەقەت ئۇنىڭغا ئىشەنگەن

ئەخمەقلىقىم ئۈچۈنلا ئەپسۇسلىنىمەن ...

بىز نىياز چىگىتنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدۇق. «ئابۇچەشمە» نامىدىكى هازا شىركىتىدىن يالاپ كېلىنگەن يىغلىغۇچى يىگىت بىزنى يەنە بىر قېتىم قۇچاقلاپ، يەنە بىر قېتىم قوشاق قېتىپ يىغلاپ هازا ئاچتى. لېكىن ئەمدى بىزنىڭ ئۇنىڭ قۇچاقلىرىدا ئۆزۈنراق تۇرۇشقا، ئۇنىڭ يالغان يىغىسىغا ئېسەدەپ بېرىشكە ۋاقتىمىز يوق ئىدى. مەن ئۇنى سىلكىۋەتتىم ۋە چىشچى ئۇستامنى نىياز چىگىتنىڭ جەسىتى ياتقۇزۇلغان ئۆيگە باشلىدىم.

چىشچى ئۇستام ئون يىللار ئىلگىرى نىياز چىگىتنىڭ تولا غاجاش ۋە تولا يېيىشتىن ئۇپراپ-كۆتمەكلىشىپ كەتكەن چىشلىرىنى ئالتۇن بىلەن قاپلاشقا قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلغان؟ بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما ئەمدى ئۇ ئاشۇ ئالتۇن چىشلارنى سۇغۇرۇۋېلىشقا توپتوغرا ئىككى سائەت ۋاقىت سەرپ قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، چىشقا قاپلانغان ئالتۇنلارنى سۇغۇرۇۋېلىشقا ئامال قىلالماي، چىشلارنى بولقا بىلەن ئۇرۇپ-چېقىپ ئالدى. نىياز چىگىتنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازابتا كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىشقا ئۇمۇ ئامال قىلالمىغانىدى. چىشلارنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىشقا ئامال بولمىغانىكەن، قاپلانغان ئالتۇنلارنىمۇ ئاجرىتىۋالغىلى بولمايدىكەن. چىشلارنى ئۇرۇپ چېقىشلا ئاخىرقى ئامال ئىكەن. بولقا بىلەن قاتتىق-قاتتىق ئۇرۇشقا توغرا كەلدى. مەرھۇمنىڭ تولا غاجاشتىن چېنىقىش تاپقان چىشلىرى تولىمۇ مەزمۇت ئىكەن. ئالتۇنلار بىلەن بىرىكىپ ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇپ كەتكەنىكەن. ئۇستام ھەربىر چىشنى ئايرىم-ئايرىم بولقىلاپ، ئايرىم-ئايرىم چېقىپ ئالدى. ئېغىز چىشلىرىنى چاققاندا ئىچىدىن بىۋاسىتە ئۇرۇشقا مۇمكىن بولمىغاچقا سىرتتىن ئېڭەك-زاڭاقلىرى بىلەن قوشۇپ چېقىشقا مەجبۇر بولدى. مەرھۇمنىڭ ھايات چېغىدا ئۆز ئېڭەكلىرىگە ئۆزى ئۇرۇپ، ئۆزىنى سېمىز كۆرسىتىدىغان، ئۆز كاتتىلىرىنىڭ ئالدىدا

يەرگە تىزلىنىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ توۋا قىلىدىغان ئادىتى بار ئىكەنمىش. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆز ئېگەكلىرىگە بولغا بىلەن ئۇرغانلىقىنى كۆرمىگەنىكەن. مانا ئەمدى ئۆلگەندە بولسىمۇ بولغا يېدى. بۇ بەلكىم پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىسمەت بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن ئۇنىڭ بولغا تەگكەن يۈزلىرىنىڭ ئىششىپ چىقمىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. چېقىلغان چىش مىلىكلىرىدىن قان ئارىلاش شېغىل سۇ سىرغىپ چىقتى، ئاغزى قانغا تولغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى ...

چىشچى ئۇستامنىڭ ئىشى تۈگىگەنىدى. مەن ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ مەرھۇم نىياز چىگىتنىڭ جەسىتىنى قانداق يۇيۇپ تاراشلىرىنى، قانچە چېلەك سۇ ئىشلىتىشىنى، قانداق پاكىزلاشلىرىنى كۆرۈشنى خالىماي چىشچى ئۇستامغا ئەگىشىپ ئاستا سىرتقا ماڭدىم. جەسەتكە ئاخىرقى قېتىم قارىغان چېغىمدا ئۇنى يەنىلا ھېق تۇتتۇۋالغانلىقىنى كۆردۇم.

جەسەت تۇرۇپ-تۇرۇپ سىلكىنىپ-چۆچۈپ قويىۋاتتى، زۇۋانىدىن ھېقىلىدىغان ئاۋاز چىقاتتى ...

## 4. ھېق

ئاشۇ 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى جۈمەدىن ئىلگىرى مەرھۇم نىياز چىگىتنىڭ ئالتۇن چىشلىرىنى سۇغۇرغۇچى ئۇستىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، نىياز چىگىتنىڭ كۆمۈردەك قارايغان، ئاغزىغا قان تولغان جەسىتىنى ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ يۇيۇپ-تارىشىغا تاپشۇرۇپ، سىرتقا قاراپ ماڭغىنىمدا مەرھۇمنى يەنىلا ھېق تۇتتۇۋالغانلىقىنى كۆردۇم. جەسەت ئۆزۈن-ئۆزۈندا بىر قېتىم لىكىلداپ-چۆچۈگەندەك قىلاتتى. گېلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىن ھېقىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى ...

بىز — چىشچى ئۇستا بىلەن مەن سىرتقا چىقتۇق. ھويلىدا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. ھازىدارلار سەپ تۈزۈپ تۇرىدىغان ئورۇندا مەرھۇمنىڭ ھېلىقى يىغلاشنى مەدەنىيەتسىزلىك دەپ قارايدىغان «ئىلمىي» ئوغلى يالغۇز تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ئوبدانراق ھەق ئېلىشنى كۆزلىگەن «ئابۇچەشمە» شىركىتىنىڭ يىغلىغۇچىسى كېلىپ-كېتىۋاتقان ئادەم بولمىسىمۇ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، قوشاق قېتىپ، ۋارقىراپ يىغلاۋاتاتتى. مەن مېيىت نامىزىغا قاتنىشىدىغان جامائەت مەسچىتكە يىغىلىدۇ، بەلكىم مەسچىتكە مېڭىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. چىشچى ئۇستام بىلەن ئىككىمىز قوللىرىمىزنى يۇيۇپ، ھويلىدىكى ياسىداق سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. چىشچى ئۇستا بەڭگى ئادەم ئىكەن. يەنە كېلىپ ساغلاملىقنى ئەڭ كۆپ تەشەببۇس قىلىدىغان ھارامزادە ئامېرىكىلىقلار ئىشلەپ چىقارغان «مارلىبورۇ» ماركىلىق سىگارت چېكىدىكەن. ئۇ سىگارتتىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى ۋە مېنىڭ ئەيىبلەش نەزىرىدىكى قارىشىمغا قارىتا «تاماكا دېگەن دەردنى ئالىدۇ، يۈرىكىمىزدە دەرد بار، دەرد بار دېسىلە» دەپ كوتۇلداپ قويدى. ئاغزىدىن تۇرۇم-تۇرۇم بولۇپ چىققان كۆكۈچ ئىس پۇرقىراپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى ۋە تارقىلىپ كەتتى. مەن ھاۋاغا سىڭىپ يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئىسقا قاراپ چىشچى ئۇستامنىڭ دەردلىرىنىڭمۇ تارقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بىر كۈندە نەچچە تال چېكىدىغاندۇ؟ ئەگەر راستىنلا تاماكا دەردنى ئالىدىغان بولسا، شۇنچە چېكىشلەردىن كېيىن دەردمۇ قالماس. ياقەي، ھېلى ئۇ «يۈرىكىمىزدە دەرد بار» دېدىغۇ، تاماكا ھەممە دەردنى ئېلىپ بولالمىسا كېرەك. بەلكىم يۈرەك دېگەن توختاۋسىز دەرد ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇتقا ئوخشايدىغاندۇ. يېڭى-يېڭى دەردلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدىغاندۇ. ئۇستامغا ئۈزلۈكسىز چېكىپ دەردلەرنى ئېلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىغاندۇ ... نىياز چىگىتنىڭ ئوغلى دەرۋازا يېنىدىكى

هازىدارلار تۇرىدىغان ئورۇندىن قوزغىلىپ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ چاقماق چاقتى. هازا-ناماز كۆڭلىرى تاماكا چېكىپ كەيپ قىلىش سەت ئىش بولسىمۇ، ئانچىۋالا ئەجەبلىنىپمۇ كەتمىدىم. بىچارىنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ يېتىپتۇ. قەلبى دەردلەرگە تولۇپ تۇرۇپتۇ. چىشچى ئۇستام ئېيتقاندەك تاماكا ئۇنىڭمۇ دەردىنى ئالسا ئەجەب ئەمەس. چەكسۇن، پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ چەكسۇن. دەردلىرى يېنىكلەپ قالار ... ئۇنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرغىنى ياخشى بولغاندى. چىشچى ئۇستامغا بىر بىرىدىغان ھەقنى بىر تەرەپ قىلىش، مەرھۇمنىڭ ھېلىقى چېقىپ ئېلىۋېتىلگەن ئالتۇن قاپلىق چىشلىرىنى ئالتۇندىن قانداق ئادالاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا قۇلايلىق بولدى. قىسقىلا مۇزاكىرە قىلىپ، مەرھۇمنىڭ چىشلىرىنى ئالتۇندىن ئەمەس، بەلكى ئالتۇنلارنى چىشتىن تازىلاشقا كېلىشتۇق. مەرھۇمنىڭ ئوغلى ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ تولا غاجاشتىن ئۇپراپ، سارغىيىپ، سەتلىشىپ كەتكەن چىشلىرى ئەمەس، بەلكى چىشلارنى قاپلىغان ئالتۇن لازىم ئىكەن. چىشچى ئۇستامنىڭ ئىش ھەققىنى ئالتۇنلارنى چىشتىن تازىلاپ بولغاندىن كېيىن ھېسابلىشىدىغانغا كېلىشتى. چىشچى ئۇستا كەتتى. كەتكەندىمۇ جۇمەگە ئۆلگۈرۈپ مېيىت نامىزىغا داخىل بولىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا بىلدۈرۈپ ماڭدى. ھويلىدىكى سۇپىدا مەرھۇمنىڭ ئوغلى بىلەن ئىككىمىزلا قالغاندۇق. ھېلىقى «ئابۇچەشمە» شىركىتىنىڭ يىغلىغۇچىسى دەرۋازىنىڭ قاناتلىرىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ غېرىبلارچە، مۇساپىرلارچە يىغلاۋاتاتتى. ئاۋازى بىزگە ئانچە دەخلى قىلالمايتتى. مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مەرھۇمنىڭ نېمە كېسەل بىلەن كېتىپ قالغانلىقىنى سوراپ قويدۇم. جىم ئولتۇرۇش ئەپسىز ئىدى. پەتىگە كەلگەندە ئاشۇنداق رەسمىيەت خاراكتېرلىك گەپلەرنى سوراپ قويۇش كېرەك ئىدى. مەرھۇمنىڭ ئوغلى سۆز باشلىدى:

— ئۇنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغىنى خېلىلا ئىلگىرىكى ئىش. ئاشۇ ھەرىكەت ئېلىپ بارماسلىق ھەققىدە ھەرىكەت ئېلىپ باردىغان يىللار ئەسلىرىدە بارمىكىن؟ ھەرىكەت باشلىنىشتىن سەل ئىلگىرى، نېمە پوق يېگەن، دادام ئۆزىنىڭ بىرىنچى قول كاتتىسى بىلەن ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك تۆت نەپەر سەپدىشىنى پاش قىلىپ يۇقىرىغا خەت يېزىپتۇ. نامسىز خەت ئىكەن، پوق يېدى دېگىنىم ئاشۇ. بەلكىم پوق يېگەنلىك بولماسلىقى مۇمكىن. ئۆز رىقابەتچىلىرىنى ئىشەكتىن چۈشۈرۈپ بىرىنچى قول باشلىق بولۇشنى ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق بىرەر ئەمەلگە ئولتۇرۇشنى كۆزلىگەن بولۇشى كېرەك. نامسىز خەتتە ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋاللار تەكشۈرۈلۈپ تۆھمەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپتۇ. بەلكىم تۆھمەت بولماسلىقى مۇمكىن. ئىسپاتلانماي قالغانىكەن، تۆھمەت دېيىلىشى تۇرغان گەپ. شۇنداق قىلىپ نامسىز خەتكە تۆھمەت خېتى دەپ يەكۈن بېرىلىپتۇ. تۆھمەت قىلىنغانىكەن، تۆھمەتخورنى تېپىپ جازالاش كېرەك. نامسىز خەت تۇرسا، تۆھمەتخورنى قانداق تاپقۇلۇق؟ ئەمما بەربىر تېپىۋېلىشىپتۇ. تەكشۈرۈش تۆھمەت ئوبيېكتلىرىغا تاپشۇرۇلغانىكەن، ئۇلار نامسىز خەتنىڭ فاكس ئارقىلىق يوللانغانلىقىدىن ئىبارەت يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، پوچتا ئىدارىسىنىڭ فاكس باشقۇرغۇچىسىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ تاللاپتۇ. ئۇ يىللاردا تېخى كومپيۇتېر ئومۇملاشمىغان، تورلاشتۇرۇلمىغان، ئېلېكترونلۇق يوللانما ئەۋەتىش ئادەتكە ئايلانمىغان چاغلار ئىكەن. كىشىلەر بىر-بىرىگە قەلەم-قەغەز ئارقىلىق خەت يېزىشىدىكەن. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا خەت يازماقچى بولسا ۋە خېتى ئالدىراش بولسا، پوچتىخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تىجارەت فاكس ئارقىلىق خەت بارماقچى بولغان ئورۇننىڭ فاكسىغا يوللىنىدىكەن ... تەكشۈرگۈچىلەر ئاشۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپتۇ. پوچتىخانىدىكى فاكس باشقۇرغۇچىنى

مەخسۇس ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەرنى تولۇق بىر ئايلاندۇرغانىكەن، ئۇ ھېلىقى خەتنى فاكس ئارقىلىق يوللىغۇچىنى تونۇپ بېرىپتۇ. سوراق ئارقىلىق مەلۇم بوپتۇكى، نامسىز خەتنى دادام يازغان ۋە فاكس ئارقىلىق سېلىۋېتىشنى بۇيرۇغانىكەن. ئاشۇ ئىش توغرىسىدىكى گەپ ئائىلىمىزگە يېتىپ كەلگەندە، دادامنى تۇيۇقسىز ھېق تۇتۇشقا باشلاپتۇ. دادامنى ھېق تۇتۇشقا بەلكىم نامسىز خەتنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشى سەۋەب بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، باشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ھېق تۇتۇش راستىنىلا شۇ كۈنلەردىن باشلىنىپتۇ. ئۇ چاغدا مەن ئۆيدە يوق ئىدىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. بۇ ئىشلارنى كېيىن ئاڭلىدىم. دادامنى توختىماي ھېق تۇتۇپ تۇرىدىكەن. ھەر مىنۇتتا ئىككى-ئۈچ قېتىم تۇتىدىكەن. گېلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىن ھېقىلدىغان ئاۋاز چىقىدىكەن. بەدىنى سىلكىنىپ چۆچۈگەندەك، تىترىگەندەك قىلىدىكەن. ئاشقازان-ئۈچەيلىرى ئېچىشىپ كېتىدىكەن. يا ئۇخلىغىنى ئۇيقۇ، يا يېگىنى تائام بولمايدىكەن. توختىماي ئۈنلەيدىغان ئېسىل نەسىللىك دەمدەردەك بوقۇلداپ، كېچىلىرى ئۇخلىمايدىغان ھۇقسوپىدەك ھۇقۇلداپ تۇرىدىكەن. بىچارە كۆپ ئازابلىنىپتۇ. داڭلىق دوختۇرخانىلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار ياتىقىدا يېتىپ داۋالىنىپتۇ. ھېق ئوڭشالماپتۇ. مەشھۇر تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ، مەخپىي رېتسىپلار ئارقىلىق ياسىغان شەربەتلەر، جۇلابلار، مەجۇنلەر، لوئوقىلار، تەرياقلار، جاۋارىشلار، خېمىرىيلارنى ئىستېمال قىلىپ بېقىپتۇ. ھېق ئوڭشالماپتۇ. چوڭ شەھەرلەرنىڭ چوڭ دوختۇرخانىلىرىغا بېرىپ بېقىپتۇ، يەنىلا ئوڭشالماپتۇ. كىشىلەرنىڭ كوت-كوت گەپلىرىگە ئىشىنىپ يەرلىك ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ بېقىپتۇ، يەنى مۇزلۇق دوغاپ ئىچىپ كۆرۈپتۇ، قۇلاق سۇپرىسىنىڭ يۇمشىقىنى ئاغرىغۇدەك قاتتىق چىمداپ بېقىپتۇ، ئېغىز-بۇرنىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ جان چىقىپ كەتكۈدەك ھالغا يەتكۈچە نەپەسلىنىشنى

تۇختىتىپ بېقىپتۇ، ھېچ يەنىلا ئۇڭشالماپتۇ. تېۋىپلارنىڭ دېيىشىچە، ئاشقازان دىۋارىنى چۇمكەپ تۇرىدىغان نېپىز پەردە ئارىسىغا ھاۋا كىرىۋالسا ھېچ تۇتىمدىكەن، ئاشۇ ئايرىپ تۇرغۇچى نېپىز پەردىنى قىسقۇچى، ھاۋانى سىقىپ چىقارغۇچى ئامىللار كارغا كەلمەپتۇ. دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، قورساق بىلەن كۆكرەكنى ئايرىپ تۇرغۇچى كىرگىت بوشاپ كەتسە ھېچ تۇتىدىكەن، لېكىن ئاشۇ ئايرىپ تۇرغۇچى كىرگىتنى چىڭىتقۇچى ئوكۇل-دورىلار كارغا كەلمەپتۇ. ئامېرىكىنىڭ، گېرمانىيىنىڭ، ئىتالىيىنىڭ، ياپونىيىنىڭ دورىلىرىمۇ ھېقنى توختىتالماپتۇ ...

بىر كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان كىچىك سىڭلىم: «دادا، بىرەر كىمنىڭ ھەققىنى يەۋالغانمىدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. دادام ھېقىلىدىغاچ كۆزلىرىنى ئالايتىپتۇ. ئاپام: «بۇ سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟» دەپ سىڭلىمنىڭ قۇلاقلىرىنى سوزۇپتۇ. سىڭلىم مەكتەپتە بولغان گەپلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ دېيىشىچە، بىرەر كىمنىڭ ھەققىنى يەۋالسا ھېچ تۇتۇپ قالارمىش. مانا كۆرمەملا، كىچىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېق بىلەن ھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋالغىنىنى، بىرەر كىمنىڭ ھەققىنى يەۋالسا، ئۇنىڭ ھەققى تۇتىدۇ دېگەن گەپنى ھېق تۇتىدۇ دەپ چۈشىنىپ قاپتۇ. سىڭلىمنىڭ يەنە ئېيتىشىچە، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بەرسىلا ھېق ئوڭشىلارمىش ... بۇ گەپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن بىچارە ئاپامنىڭ يادىغا پات-پات كېلىۋالىدىكەن. ئاپام تۇرۇپ-تۇرۇپ ھېق بىلەن ھەقنىڭ سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئويلاپ قالىدىكەن، ئويلا-ئويلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە سىڭلىم ئېيتقان ھېلىقى ئەقىدە ئېتىقادقا ئايلىنىپتۇ. دادامغا يېلىنىپ تۇرۇپ باشقىلاردىن ئالغان نەرسىلەرنى ياندۇرۇپ بېرىۋېتىشنى سوراپتۇ. ئۇنىڭچىمۇ ھەق قايتۇرۇۋېتىلسىلا دادامنى قىيناۋاتقان ھېق توختىشى مۇمكىن ئىكەن، ئەمما دادام ئۇنىماپتۇ. تېخى ھېقىلداپ تۇرۇپ ئاپامنى:

«خۇراپىي» دەپ ئەيىبلەپتۇ. ھىق تۇتۇش بولسا داۋام قىپتۇ ...

ئەسلىي ئاشۇ قېتىم تۆھمەت قىلغان دېگەن گۇناھ ئارتىلغاچقا، دادام قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشى، تۈرمىگە چۈشمىگەندىمۇ ئېشەكتىن يىقىلىشى، خىزمەت ۋە ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قېلىشى كېرەك ئىكەن. لېكىن دادامنىڭ يۇقىرىدىكى ئارقا تىرىكى بوش كەلمەپتۇ. تۆۋەندىكىلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئارقا تىرىكى يوق دەيسىز؟ ئارقا تىرىكى يوقلار ئوڭايلا موللاق سالىدۇ. موللاق سالماسلىق ئۈچۈن ئارقا تىرەك تۇتۇش كېرەك. دادامنىڭ ئارقا تىرىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا «ئىچكى قىسمىدىكى بىر قېتىملىق قورساق سوقۇشتۇرۇش، ھوقۇق تالىشىش كۆرۈشى ئىكەن. ھوقۇق تالاشمايدىغان كىم بار؟ ھوقۇق تالاشمايدىغان كادىر ئوبدان كادىرمۇ؟ تۆۋەندىكى بۇنداق سىياسىي كۆرەشلەرگە نىسبەتەن يېنىكلىك بىلەن بىر تەرەپكە ئاغماسلىق كېرەك» دەپ ئىنزاھات بېرىپتۇ. بۇ گەپنىڭ ھەقىقىسى ئاللىقاچان ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ بولغانىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ياقتىن يوللانغان دادامنى بىر تەرەپ قىلىش دوكلاتى ئۈن-تىنسىز بېسىپ قويۇلۇپتۇ. دادام داۋاملىق ئىشلەۋېرىپتۇ. ئېسىل ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋېرىپتۇ. ئەمما ھىق تۇتۇپ تۇرىدىكەن. چوڭ يىغىنلاردا سۆزلەۋاتقاندىمۇ ھىق تۇتۇپ يېرىم گاچىدەك كېكەچلەپ كېتىدىكەن. لېكىن دادام ھىقنىڭ ئازابلىشىغا، كاشىلا سېلىشىغا پەرۋا قىلماي قەيسەرلىك بىلەن سۆزلەۋېرىدىكەن، ھوقۇقىنىمۇ يۈرگۈزۈۋېرىدىكەن، ئېلىپمۇ تۇرىدىكەن، چوڭ ئويناپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، ھوقۇقنىڭ مېغىزىنى چاقىدىكەن ... كېيىنرەك مەنمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدىم. ئۆزى ئىش تېپىپ ئورۇنلىشىش دېگەن گەپلەر يېڭى چىققان چاغلار ئىدى، دادام ھىق تۇتۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا ھوقۇق يۈرگۈزۈپ تۇرغاچقا، ماڭا ئورۇن ئىزدەشكە توغرا كەلمىدى. ئۆزۈممۇ ئەلاچى ئوقۇغانىدىم. شۇنداق قىلىپ باشقا ساۋاقداشلىرىمنى كېپىش بازىرىدا تاشلاپ ئەڭ

يۇرتتا ئاتام كۆرۈنمەيتى. ئۇلار ئۇچراتتى. داداملار بىلەن بىرگە
ياخشى ئورۇنغا ئەڭ بالدۇر ئورۇنلاشتىم. دادىمنى يەنىلا ھېچ تۇتۇپ تۇراتتى. بەدىنى ھەر
ئۆتۈشكە باشلىدىم. دادامنى يەنىلا ھېچ تۇتۇپ تۇراتتى. گېلىنىڭ
مىنۇتتا ئىككى-ئۈچ قېتىم لىكىلداپ سىلكىنەتتى. گېلىنىڭ
چوڭقۇر يېرىدىن ھېقىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا
ھوقۇقىنى يۇرگۈزۈپ تۇراتتى، ئېلىپمۇ تۇراتتى، ئالغىنىغا لايىق
ھېقمۇ تۇتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئېلىشلىرىنى بىلىپ-سېزىپ تۇراتتىم.
ئانامۇ بىلىپ-سېزىپ تۇراتتى. مەن قورقاتتىم، ئانامۇ
قورقاتتى. بىر كۈنى توقسىنى تولۇپ ھەممىمىزنىڭ شەرمەندە
بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتۇق. مەن مىڭ ئۇرۇنۇپ دادام بىلەن ئاران
بىر قېتىم سۆزلەشتىم. ئۇ مېنى دەسلەپتىلا «سەن نېمىنى
بىلەتتىڭ» دەپ قېقىۋەتتى. ئۇنىڭ ھېقىلداپ تۇرۇپ ئېيتىشىچە،
بۇ مۇشۇنداق ئالىدىغان زامانىكەن. قولى ئۇزۇنلار قولى يەتكەنچە
ئېلىۋەرسە بولىدىكەن. قولى يەتمىگەنلەر «ئۇزۇم ئاچچىقكەن» دەپ
قېلىۋېرىدىكەن. تامغا چىقالىغانلار تام ئۈستىدە تۇرۇپ، چەللىگە
چىقالىغانلار چەللە ئۈستىدە تۇرۇپ ئالسا بولۇۋېرىدىكەن. ئۇنداق
قىلالمىغانلار موزاينى ئالداپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ تۇرۇپ
ئالسىمۇ بولىدىكەن. ئىشقىلىپ ئېلىش «ئۇزۇم تېخى ئاچچىقكەن»
دەپ ئۆزىنى-ئۆزى ئالداشتىن ياخشى ئىكەن ... ئۇنىڭ ھېقىلداپ
تۇرۇپ يەنە ئېيتىشىچە، ئېلىشنىڭ ئومۇمىي جەمئىيەت ئۈچۈن
ھېچقانداق زىيىنى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ يانچۇقىدىن چىقسىمۇ ياكى
ئۆزىنىڭ يانچۇقىدىن چىقسىمۇ ئوخشاشلا بازار ئوبوروتىغا
قاتنىشىدىكەن. ئېلىشنىڭ تېخى چاچقۇن مەبلەغنى بىر يەرگە
مەركەزلەشتۈرۈش رولىمۇ بار ئىكەن. بىرەر شەخسكە، بىرەر
ئىدارە-ئورگانغا زىيان بولغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن پۈتۈن جەمئىيەت
ئۈچۈن زىيىنى يوق ئىكەن. ئوخشاشلا جەمئىيەتنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشقا سەرمايە بولۇۋېرىدىكەن ... ئالمىسا بەرگۈچىلەر
«ئىشىمىز ھەل بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ ئۈمىدسىزلىنىدى-
كەن. ئالسا ئۇلار خاتىرجەم بولىدىكەن. خەقنىڭ كۆڭلىنى

قايتۇرۇش ياخشى ئىش ئەمەس ئىكەن. نۇرغۇن بەرگۈچىلەر ئالغۇچىلارنى تاپالماي ئاۋارە ئىكەن. ئۇلارغىمۇ پۇرسەت يارىتىپ بېرىش زۆرۈر ئىكەن ...

دادام مېنى ئېغىز ئاچۇرمىدى. ئۇنىڭمۇ داۋلىسى بار دەك تۇراتتى. مەن مۇنازىرىلىشەلمىدىم. ئۆز دادام بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇنى ئەيىبلەشنى كىم قويۇپتۇ ماڭا؟ بەلكىم ئومۇم ئۇچۇن، ئاچا-سىڭىللىرىم ئۇچۇن ئېلىۋاتقاندۇ. بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى ئويلاۋاتقاندۇ، كۆپرەك مىراس قالدۇرۇشنى كۆزلەۋاتقاندۇ ... ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىم ئاشۇنداق بولدى. نېمىلەرنىدۇ بىلىۋالغاندەك ۋە چۈشىنىۋالغاندەك بولدۇم. لېكىن يەنىلا كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى چاۋىمىز چىتقا يېيىلىپ شەرمەندە بولۇشىمىزدىن ئەنسىرەيتتىم. ئانام بولسا دادامنى ھەر مىنۇتتا ئىككى-ئۈچ قېتىم تۇتۇپ ئازابلاۋاتقان ھېقنى توختىتىش كويىدا ئىدى. ئەتىگەنلىك نامازدىن كېيىن جايىنامازدا ئولتۇرۇپ، مېھرىبان ئاللادىن ئاشۇ ھېقنى توختىتىشنى، دادامغا سالامەتلىك ئاتا قىلىشنى، بالا-قازادىن، تۆھمەت-بەتنامدىن، زۇلۇم-سىتەمدىن ساقلاشنى، ئېغىر سىناقلارغا دۇچار قىلماسلىقنى تىلەيتتى. لېكىن ئۆزى يەنىلا ھەقنى قايتۇرۇۋەتسەكلا ھېق توختايدۇ دېگەن ئەقىدىدە ئىدى. دادامدىن ھەقنى قايتۇرۇشنى سورايتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشلىرى «خۇراپات» دېگەن ئەيىبلىنىش بىلەن خۇلاسىلىنەتتى. ئانام ھەممىدىن بەك دادامنى تۇتۇۋاتقان ھېقنىڭ كۈچىيىپ كېتىپ، دادامنىڭ ھېق سەۋەبلىك نەپەستىن قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ھېق كۈچىيىپ كېتىپ، دادامنىڭ ئىچكى بېسىمىنىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن، بومبىدەك ۋە ياكى قاپاق ھەرە يەپ سالغان پاقىدەك پاڭگىدە پارتلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئەنسىرەشلىرىنى ماڭا دەيتتى. دادامغا دېيەلمەيتتى. «خۇراپات» دەپ ئەيىبلىنىشتىنغۇ ئانچە قورقۇپمۇ كەتمەيتتى. لېكىن دادام بىلەن تىركىشىۋېرىشتىن، ئۇنىڭ سەپراسىنى قوزغاپ قويۇشتىن

قورقاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشۇنچىلىك ئىدى. ئۇزۇن يىل زومىگەر ئەرنىڭ زورلۇقلىرىغا كۆنۈپ قالغان ئاشۇ بىچارە مەزلۇمە دەردلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۆنۈپ قالغانىدى ... ئەمما دادامنى يەنىلا ھېق تۇتۇپ تۇراتتى، لىكىلداپ-سىلكىنەتتى، گېلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىن ھېقىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى، ئەمما ...

— شۇنداق قىلىپ مەرھۇمنىڭ جېنىنى ئاشۇ ھېق ئېلىپ كەتتى دەڭ، — سۆز قىستۇردۇم مەن.

— ياق، ھېققۇ تۇتۇۋەردى. لېكىن ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتەلمىدى. ھېق دېگەن ئاشۇنچىلىك نېمىكەن. تۇتۇدىكەنۇ، لېكىن جانغا تاقاشمايدىكەن. بۇ خۇددى كوت-كوت ئادەملەرنىڭ غەيۋەتلىرى توختىمىغاندەك، لېكىن ئېلىشۋاتقان-يەۋېلىشۋاتقانلارنىڭ پىسەنتىگىمۇ كىرىپ چىقمىغاندەكلا ئىش ئىكەن. دادامنى ھېق تۇتۇپ تۇردى، ئەمما ئۇ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋەردى. ئالىدىغاننى ئېلىپ، سوقۇدىغاننى سوقۇپ تۇردى. ئىش سەل كېيىن يۈز بەردى. پىكىر ئېلىش بولغانىكەن، كىمدۇ بىرى دادامغا دادام كۆتۈرەلمىگۈدەك چوڭ ئەيىبنى ئارتىپتۇ. ئەلۋەتتە ئالغانلىرى توغرىسىدا ئەمەس، باشقا ئىش توغرىسىدىكى ئەيىب ئىكەن. پىكىر دادامغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. قەغەزچە ئىكەن. دادام پىكىرلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىز ھۆ قىپتۇ. تۇتۇۋاتقان ھېقنىڭ ئۇستىگە يەنە ھۆ تۇتسا، ئەمدى نېمە بولماقچى؟ ئۇ يۇمشاق ئورۇندۇقىدىن تىرىڭگىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. يەرگە — گىلەم ئۇستىگە يىقىلىپتۇ. مېڭىسىگە قان چۇشۇپتۇ ... ئاشۇ پىكىر دادامغا ئېغىر كەلگەن ئىكەن. شۇنچە ئەقىدە-ئىخلاس بىلەن ئىشلىسىمۇ، ئەمدى ئاشۇنداق پىكىر-باھا ئوتتۇرىغا چىقسا، كىم چىدىيالايدۇ؟ «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دېيىلىدۇ قوشاقلاردا. ئەقىدىسى يەرگە ئۇرۇلغان جانان ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماي قالاتتىمۇ؟ ئۆزىنى دەرياغا، كۆللەرگە تاشلاپ نابۇت قىلماي قالاتتىمۇ؟ دادامنىڭ غەزەپ-ئەسەبلىرى ئاشۇ باھاغا ئۆزىنى قانغا غەرق قىلىش بىلەن

جاۋاب بېرىپتۇ. بىز يۈز بەرگەن ئىشنى ئاڭلاپ، دوختۇرخانىغا
يېتىپ بارغان چېغىمىزدا، ئۇ بىھوش ئىكەن. ئاشۇ بىھوشلۇقىدا
ئون بەش كۈن ياتتى. دوختۇرلار پالاقلاپ كەتتى. ئون بەش
كېچە-كۈندۈز قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى
دادامنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى
ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇراتتى. دادام ئون بەش كۈن ھوشسىز
ياتتى. ھوشسىز ياتقان ئون بەش كېچە-كۈندۈز ئىچىدىمۇ توختىماي
ھېق تۇتۇپ تۇردى. ھوشسىز تېنى لىكىلداپ سىلكىنىپ تۇراتتى.
تىلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ھېقىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى ... دادام ئون
بەش كۈنلەردىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. كۆزلىرىنى ئېچىپ،
كۆزى قىيماي قايتىپ كەلگەن دۇنيالىرىغا نەزەر سالالايدىغان
بولدى. لېكىن تىلى زۇۋاندىن، پۇت-قولى ھەرىكەتتىن قالغانىدى.
بىر پارچە گۆشتەك لاپسىيىپ ياتاتتى. پەقەت توختىماي
مىدىرلاپ-پىلدىرلاپ تۇرىدىغان كۆزى بىلەن يېيىش-ئىچىشتىن
قالمىغان گېلىلا تىرىكلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى، ھېقمۇ
تۇتۇپ تۇراتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنى داۋالاشقا
رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ قارارى بويىچە ئۇنى چوڭ
شەھەرگە يۆتكەپ، تېخىمۇ چوڭ دوختۇرخانىدا داۋالاتتۇق.
ئاستا-ئاستا ياخشىلىنىپمۇ قالدى. قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى
دېيىشكە ئۇرۇنۇپ تاۋۇش چىقىرالايدىغان بولدى. كىشىلەر ئاشۇ
تاۋۇشلارغا ھەر خىل مەنە بېرىشىپ، ئۆزلىرىچە ئىزاھلىشىپ
يۈردى. لېكىن مەن چۈشىنىپ تۇراتتىمكى، ئۇ ھېلىقى ھەشە-
مەتلىك پىكاپنىڭ ئاۋازىنى دورايتتى. ئۇ يەنىلا ئاشۇ پىكاپقا
ئولتۇرۇپ ھوقۇقنىڭ لەززىتىنى سۈرۈشنى ئارمان قىلاتتى ...

ئۇ ئاشۇ كېسەل بىلەن ئۇزۇن يېتىپ قالدى. ئۇزۇن
قىينىلىپ جان ئۈزدى. ھېق بولسا تۇتۇپ تۇراتتى. مېنىڭچە ئۇنى
ھېق ئەمەس، مېڭىسىگە قان چۈشۈش ئېلىپ كەتتى. ئاشۇ قان
چۈشۈش ... ھېلى كۆرگەنلا، ھېق ئۇ جان ئۈزگەندىن كېيىنمۇ
توختىمىدى. توۋا دەيمەن. جېنى چىقىپ بولسىمۇ، لېكىن ھېق

تۇتۇپ توختىمىسۇن، بۇ نېمە كارامەت، ئادەمنىڭ ئەقلى
كۆتۈرمەيدۇ، ئەقىلگە سىغمايدۇ، ئەمما دادامنى ئېلىپ كەتكىنى
ھېچ ئەمەس ...

نىياز چېكىتنىڭ ھازىردار ئوغلىنىڭ مەرھۇمنىڭ كېسەللىك
ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايانى ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. بەلكىم
ئاخىرلاشمىغاندۇ، ئۇنىڭ دەپ بېرىدىغانلىرى يەنە كۆپتۇر، لېكىن
ئەمدى مەن ئورنۇمدىن تۇرمىسام بولمايتتى. قورسىقىم ئاچقان،
تەرىتىم بۇزۇلغانىدى. ئۆيگە قايتىپ قورساقنى ئەستەرلىشىم،
تاھارەتنى يېڭىلاپ جۈمەگە ئۈلگۈرۈپ مەسچىتكە يېتىپ بېرىشىم
لازىم ئىدى. ھازىردار بىلەن خوشلاشتىم ۋە شۇنداق قىلدىم.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار مەسچىتتە مېيىت نامىزى ئوقۇلۇش
ئالدىدا ھېلىقى بەرگۈچى مۇتتەھەملەرنىڭ ھەق قايتۇرۇش دەۋاسى
قىلغانلىقى، مېيىتنىڭ نامىزى تۆتىنچى كۈنى كەچكىچىمۇ
چۈشۈرۈلمەي قالغانلىقى قاتارلىقلار «كېچىكتۈرۈلگەن مېيىت
نامىزى» دا يېزىلدى. مەن مەرھۇم نەپەس ئۈزۈپ ئۈچىنچى كۈنى
ئاخىرلاشقۇچە، ھەر قېتىم مەسچىتكە بارغىنىمدا مەرھۇمنىڭ يەنىلا
لىكىلداپ-سىلكىنىپ، ھېقىلداپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان
ئىدىم. تۆتىنچى كۈنى كەچتە، مېيىت نامىزىنى سېسىق پۇراق
ئىچىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا دىققەت قىلدىمكى، ھېچ تۇتۇش
توختاپ قاپتۇ. مەرھۇم ياتقان تاۋۇتنىڭ لىكىلداپ-سىلكىنىشتىن
تەۋرىگىنىنى كۆرمىدىم. ھېقىلدىغان ئاۋازنىمۇ ئاڭلىمىدىم.
مەرھۇمنىڭ خانىمى توغرا پەرەز قىلغانىكەندۇق، ئەپسۇس، ئۇ
چاغلاردا مۇمكىن بولماپتۇ. مانا ئەمدى تۆت كۈن ۋاقىت سەرپ
قىلىپ باشقىلاردىن ئالغان نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ
بولۇۋىدۇق، ھېچ توختاپ قالدى. مەسچىت ئىچىدىن ھېقىلدىغان
ئاۋاز يوقالدى. بۇ يەردە ئەمدى پەقەت يېشىل چىۋىنلارنىڭ
گىژىلدىشى بىلەن ھازىردار ئوغۇلنىڭ: «مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى
بىلەتتىم، مۇشۇنداق بولۇشىنى، توزغاقتەك توزۇپ كېتىشىنى
بىلەتتىم ...» دېگەن غودۇراشلىرىلا ئاڭلىناتتى ...

## پوۋېست

# قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا

## تۈن يېرىمىدا ئىشىك چېكىلدى

شىپائىنىڭ شەرقىي كۆنگۈرىسىدىن كۆمۈش سۈمبىدەك سوزۇلۇپ كىرگەن ئاي نۇرى ئايۋاننىڭ غەربىي تېمىغا چۈشتى. تامدا نۇرلۇق، سۈزۈك، ئاپئاق تەڭگە ھاسىل بولدى. تەڭگە چوڭ ئىدى. ھېيتلىق توقاچتەك كېلەتتى. كۆمۈش تەڭگە يىراق يوللارنى بېسىپ كەلگۈچە ھېرىپ كەتكەندەك، مۈشۈ يەردە بىردەم ئارام ئالغۇسى باردەك تامغا ئۇزاق چاپلىشىپ تۇردى. ياق، ئۇ توختىمىدى، تامغا چاپلاشقان ھالدا ئاستا-ئاستا پەسكە سىيرىلدى. ئۇ، مۈشۈ يەردىن ئاللىقانداق بىر كىچىك زەررىنى ئىزدىگەندەك، ئاقارتىلمىغان تام يۈزىدىكى ھەربىر نۇقتا، چېكىت ۋە يېرىقنى، سامان پارچىسى، قاچاندۇر سىزىلىپ پەيدا بولغان ئىز ۋە نېمىدىندۇر قالغان داغنى تەپسىلىي يورۇتۇپ چىقتى، تولىمۇ ئۇزاقتا تام تۈۋىگە چۈشتى. تام تۈۋىدە — تام تەكشىلىكى بىلەن سۇپا تەكشىلىكى كېسىشكەن جايدا — ئۇزاق ھايالشىمايلا تاۋار يوتقان ئۈستىگە سىيرىلىپ چىقتى. تاۋار يوتقاننى پاياندار قىلىپ شەرققە — سۈپىنىڭ لېۋىگە سىلجىدى. كۆمۈش تەڭگە دومىلىمايتتى، يامىشىپ ئۆمىلىمەيتتى. تاۋار يوتقان ئۈستىدە ئاستا، تولىمۇ ئاستا تېيىلىپ كېلەتتى. ئۇ، ئۇزاق تېيىلدى.

ئاخىرى تاۋار يوتقان ئۈستىدىكى مامۇقتەك يۇمشاق، ئىسسىق، ئاق قاشتېشىدەك سۈزۈك بىلەككە يامىشىپ چىقتى. ئاق بىلەكتىكى كۈمۈش بىلەزۈك بىلەكتە پارقىراپ كەتتى. كۈمۈش نۇر بىلەزۈككە سوقۇلدى، لېكىن جىرىڭشىمىدى. ئۇ، ئاشۇ تۇيدۇرماي سىيرىلىشىدا ئۇخلاپ ياتقان ئايالنىڭ مارالنىڭ بوينىدەك ئۇزۇن ۋە ئاپئاق بويىنىنى، چىرايلىق زاڭىقىنى، سۈزۈك لەۋلىرىنى يورۇتۇپ ئۆتتى، ناچىدەك تۈز، قاڭشارلىق بۇرنى، قىزىل ئالمىدەك گۈزەل مەڭزى ئۈستىدە ئۇزۇن توختىدى. مەڭزىگىچە سوزۇلغان كىرپىكلەر، قىردىكى قىياقتەك قويۇق قاشلار نۇرلاندى. كەڭ ۋە تولۇق پېشانە، ياستۇق ئۈستىگە چېچىلغان بوستان چاچلار نۇرلاندى ... ئاي نۇرى ئايالنىڭ گۈزەل چېھرىنى تويماي سۆيەتتى. ئۇنىڭ بوينىغا، لەۋلىرىگە، مەڭزىگە، كۆزلىرىگە سۆيدى. چاچلىرى ئارىسىغا بۇرنىنى تىقىپ ھىدلىدى. مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى. ئايالنىڭ كۆز قۇيرۇقىدا، چاناقلىرىدا، پېشانىسىدە پەيدا بولغان قورۇقلارغا ئۇزۇن تىكىلىپ قارىدى. ئۇ، ئايالنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراشنى، ئاشۇ كۆزلەردىكى ئۇچقۇندىن لەززەتلىنىشنى، يەنىمۇ نۇرلىنىشنى خالايتتى، بىراق كۆزلەر چىڭ يۇمۇۋېلىنغانىدى. ئۇزۇن نەشتەردەك ئۆتكۈر كىرپىكلەر پاسىبانلىق قىلىپ تۇراتتى. قوش جىيەكلىك سۈزۈك قاپاق ئۇنى ئۆز پىنھانىغا يوشۇرغانىدى. شۇنداقتىمۇ نۇر ئاشۇ كۆزلەرگە يېنىش-يېنىشلاپ سۆيدى. «ئاھ، كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ، بىر دەقىقە بولسىمۇ ئاچ، پاسىبانلىرىڭنى قوغلا، مەن كۆزلىرىڭنى كۆرۈۋالاي، كۆزلىرىڭگە كىرىۋالاي ...» نۇر پىچىرلايتتى. ئۇ، ئايالنىڭ چېھرىدە توختاپ قالغانىدى. شەرققە قاراپ سىيرىلىشنى، سىيرىلىپ-سىيرىلىپ پالتۇكقا چۈشكەندە ئايۋاندىن چىقىپ كېتىشنى ئۇنتۇغان، مەڭگۈ ئايالنىڭ چېھرىدە ماكان تۇتۇپ قېلىشنى قارار قىلغاندەك ئىدى. «ئاھ، كۆزلىرىڭنى ئاچساڭچۇ ...» ئاي نۇرى ئاشۇ كۆزلەرگە كىرىۋالسىلا ئەبەدىي

قېپقالىدىغانلىقىنى، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلەتتىمىكىن؟ ! جاھان كېزىشتىن، سەرگەردان بولۇشتىن، تاڭ ئاتقاندا قۇياش نۇرلىرى ئارىسىدا ئېرىپ كېتىشتىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلەتتىمىكىن؟ ! نۇر كۈتتى. ئايالنىڭ چېھرىدە، نۇرنىڭ ئۆز ئانىسى ئايغا ئوخشايدىغان گۈزەل چېھرىدە توختاپ كۈتتى. بەك ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كەلمىدى. ئايال مىدىرلىدى، تولغاندى، ئاپئاق بىلەكلىرىنى تاۋار يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقتى ۋە كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى. شۇ دەقىقىدە ھېلىقى ئاق تەڭگىدەك ئاي نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئايال ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئايۋان خىرە-شىرە يورۇپ تۇراتتى. تورۇستىكى بالالار، ۋاسىلار، بالا بېشىدىكى ئالدىنقى يىلى كەلگەن قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسى، شىپاڭ كۈنگۈرىسىنىڭ شادىلىرى خىرە-شىرە يورۇپ تۇراتتى. ئايال ئاي تۇغقانلىقىنى بىلدى. ئاي نۇرىنىڭ ياستۇقىدا، چېھرىدە، چاچلىرىدا جىلۋە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاي تۇغقىلى خېلى بولغانلىقىنى، ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقانلىقىنى پەرەز قىلدى. بېشىنى ياستۇقتىن سەل-پەل كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ جاھانغا قۇلاق سالدى. تۈن تىپتىنچ ئىدى. خورازلارنىڭ چىللاشقىنى ئاڭلانمايتتى. پەقەت ياندىكى سۇپىدا ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ يېنىك پۇشۇلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلى تەرەپكە قارىدى ۋە ئاشۇ يانغا ئۆرۈلۈپ ياتتى، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇ، ئۇخلاپ قېلىشنى خالايتتى، لېكىن ئۇخلىيالمىدى، ئۇيقۇسى قاچقانىدى. يەنە بىر يانغا ئۆرۈلۈپ ياتتى، يەنە ئۇخلىيالمىدى. يىراق بىر جايدىن خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى. ئەمدى باشقا خورازلار ئۈن قاتىدۇ، ھەممە ياقتىن خورازلارنىڭ چىللىشى ئاڭلىنىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. كېيىن ئۇنداق بولمىدى. ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى ئاڭلىنىپ جاھان يەنە جىمىپ كەتتى. ئاچ خوراز بولسا كېرەك، بەلكىم ئۇيقۇسى قاچقان خورازدۇر، بىچارە ... ئايال

كۆزلىرىنى يەنە ئاچتى. ئاي نۇرى تېخىچە ئۇنىڭ ياستۇقىدا، پېشانىسىدە، چېچىلىپ ياتقان چاچلىرىدا ئويناۋاتاتتى. «ئاي نۇرى كۆزلىرىمگە يوشۇرۇنۇۋالدىمىكىن؟ ...» دەپ ئويلىدى ئايال توساتتىن، شۇنداق ئويلىدىيۇ، لەۋلىرىدە بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. كۆزلىرى ئۇچقۇندىدى. «ئاھ، سېنىڭ كۆزلىرىڭگە تولۇن ئاي يوشۇرۇنغان، تولۇن ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى ساڭا سەزدۈرمەي كۆزلىرىڭگە كىرىۋاپتۇ. چېھرىڭدىن بالقىغان، كۆزلىرىڭدىن ئۇچقۇندىغان نۇر ئاشۇ...» دېگەنىدى بىر يىگىت ئۇزاق يىللار ئىلگىرى. ئاشۇ يىگىتنىڭ سىيماسى ئايالنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. ئۇ، كۈلۈمسىرەپ ئاستا-ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. تال سۆگەتنىڭ چىۋىقلىرى يىگىتنىڭ يۈزىنى توسۇۋالدى. يىگىت قول ئۇزاتتى. قوللار چىڭ جۈپلەشتى... ئايالنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىدىكى قانلار مەۋج ئۇردى، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇ، تاۋار يوتقاننى تارتىپ چىڭ قۇچاقلىدى، باغرىغا باستى، يەنىمۇ چىڭ باستى...

«تىرىق، تىرىق، تىرىق...»

ئايال بوش-بوش چېكىلگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى، بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدى. جىمجىت. سەزگۈلىرى ئۇنى ئالدىغانمىكىن؟ قۇلاقلىرىغا شۇنداق ئاڭلانغانمىكىن...

«تىرىق، تىرىق، تىرىق...»

ئايال ئەمدى ئېنىق ئاڭلىدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ دېرىزىسى چېكىلىۋاتاتتى. بارماقلار بىلەن چېكىشتىن چىققان ئاۋاز تولىمۇ بوش ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئايال ئېنىق ئاڭلىدى. يۈرىكى يۈرەك قېپىنى يېرىپ چىقماقچىدەك دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ كۈتكەن ئادىمىنىڭ كەلگەنلىكىنى، كۆزلىرىگە يوشۇرۇنغان ئاي نۇرىنى، كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىنى چەككىنى نېمىسى؟ ئايۋانغا كۆچۈپ چىققانلىقىمىزنى

يدىكىنە. راست، ئايۋانغا كۆچۈپ چىقىدىغان ۋاقىت ...دى. ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىمۇ ھاۋا ئانچە ئىسسىق ئەمەس، ...ان سوقۇپ تۇرىدۇ، توپا يېغىپ تۇرىدۇ. لېكىن كەنت ...ۇلىرى بۇنىڭغا ئۇنامدىغان؟ «كۆچۈپ چىق، ئىچكىرىكى ئۆيدە ...لا قۇرتى باقسەن، قۇرتخاناڭ بولمىسا، ساراي ئۆيدە باقماي نەدە ...اتتىڭ؟ ئۆينىڭ تېگىدىكى توپىلارنى يېغىۋېلىپ، تاملىرىنى ...كلاپ، دېزىنفېكسىيە قىل، ئوچاقنى رېمونت قىلىپ ئوت قالاشقا ...ييارلا. پىلە قۇرتى توڭلاپ قالسا بولمايدۇ. بوران-شامالدا، ...وپا-چاڭدا قالسا بولمايدۇ. ئۆزۈڭ توڭلىمىسەن، بوران-شامالدا قالمىسەن، بۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئامال قىل. قۇرت باقماسلىقتا ھەددىڭ ئەمەس ...» ئۇلار ئاشۇ گەپلەرنى تەكرارلاۋاتقىلى نەۋاخ؟ ئايۋانغا كۆچمەسلىككە نېمە ئىلاج؟ خۇداغا شۈكۈر، مەرھۇم مۇشۇ ئايۋاننىڭمۇ ئۈستىنى يېپىپ ياخشى قىلغانىكەن، ئوچۇقچىلىقتا قالمىدۇق. بوران-شامال ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، يامغۇردا قالمىدۇق، خۇداغا شۈكۈر ... ئۇ، ئايۋانغا كۆچۈپ چىققانلىقىمىزنى بىلمەمدىكىنە؟

«تىرىق، تىرىق، تىرىق ...»

دېرىزە ئۈچىنچى قېتىم چېكىلدى. ئاۋاز ئالدىنقى چېكىشلەردىن چىڭراق ئىدى. ئايالنىڭ قەلبى ھاياجاندىن تىترىدى. ئۇ، شۇ تاپتا ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا چىقىشنى، دېرىزە چەككۈچىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ مەھكەم قۇچاقلاشنى خالايتتى. ئۇ، قولىنى ياستۇققا تىرەپ گەۋدىسىنى يېرىم كۆتۈردى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرماقچىدى. شۇ دەقىقىدە كۆزى ئوغلى ياتقان سۇپىغا چۈشتى. ئوغلىنىڭ ئۆسۈك چاچلىرى گىرىمسىمان ...اي يورۇقىدا تېخىمۇ قارا كۆرۈنەتتى. ئۇ ئويغاقمىدۇر؟ ئورنۇم-دىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭسام سېزىپ قالارمۇ؟ نېمىدەپ ئويلار ...وغۇل ئېغىر پۇشۇلداپ مىدىرلىدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ نېمىگىدۇر ...ۇلاق سالدى. ئويغاقكەن، ئۇ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ۋاي

خۇدايىم ...

دېرىزە ئۇچىنچى قېتىم چېكىلگەندىن كېيىن ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى. جاھان سۈكۈناتقا چۆمدى. «كەتكەن بولسا كېرەك، قايتىپ كەتكەن بولسا كېرەك ...» دەپ ئويلىدى ئايال. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىنى، دېرىزىنى قايتا چەكمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئوغلىنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بويىغا يەتكەن ئوغۇل، جاندىن ئەزىز ئوغۇل نېمىلەرنى ئويلاپ قالار؟ ئايالنىڭ ئەقلى ئۇنىسىز سادا قايتۇرۇپ دېرىزە چەككۈچىنى قايتىپ كېتىشكە ئۈندەيتتى. قەلبى بولسا، كۆڭلىدىكى ئاشۇ ئادەمنىڭ ئوغلى ئۇخلىغۇچە قايتىپ كەتمەسلىكىنى، دېرىزە تۈۋىدە ساقلاپ تۇرۇشىنى خالايتتى. ئۆيدىن چىقسام سېزىپ قالىدۇ. ئوغلۇم سېزىپ قالىدۇ. ئۇخلىسىچۇ، دۈبدەك قاتتىق، غەپلەتتە شېرىن ئۇخلىسا ...

«تاك، تاك، تاك ...»

ئەمدى ئىشىك چېكىلدى. ئاۋاز ئايۋاننىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىغىچە ئېنىق ئاڭلاندى. ئايالنىڭ يۈرىكى گېلىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ، ھاياجاندىن ئەمەس، ئەنسىرەشتىن پۇچىلىنىپ كەتتى: ئوغلۇم ئويغاق، ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟ تۈن يېرىمىدا ئىشىك قاققان ئادەمدىن گۇمانلانماسمۇ؟ ئاھ، خۇدا ...

ئايالنىڭ قۇلىقى ئىشىكتە، كۆزى ئوغلىدا ئىدى. نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. ئىشىك يەنە بىر قېتىم چېكىلدى. توغرىسى چېكىلمىدى، قېقىلدى. ئايال ئوغلىنىڭ كىيىنىپ ئورنىدىن تۇرغانلىقىغا، «كىم؟» دەپ سورىماستىنلا كېلىپ ئىشىكنى ئاچقانلىقىغا قاراپ ياتتى. ئوغلىنىڭ قولىدا دەم بارئىدى. ئۆرۈك غولىدىن ياسالغان، ئۇزۇندىن بېرى ئىشىك دەملەشكە ئىشلەتكەن، قۇرۇق، قاتتىق دەم بارئىدى. ئۇ، ئىشىكتىن بۇقىدەك ئۇسسۇپلا چىقىپ كەتتى.

# مەسچىت يېنىدا ئادەم ئۆلۈپتۇ

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ جەسىتىنى مەسچىت جامائىتى ناماز بامداتتىن تارقىغاندا بايقىدى.

ئۇستىگە گۈمبەزلىك ئەزانخانا چىقىرىپ، گۈمبەز ئۇستىگە كۆك ئاسماندا ئۈزگەن ھىلال ئاي بەلگىسىنى قاداپ، تاملىرىغا ئايەت ۋە ھەدىسلەر نەقىش قىلىپ سىلىنغان كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك مەسچىت دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدە، پىششىق خىشلىق مەسچىت تېمى بىلەن ئىككى قاتار سەگۈ تېرەك ئۆسكەن ئېرىقنىڭ ئارىلىقىدا كىمدۇربىرى سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

ئۆز ۋندىن-ئۆز ۋنغا سوزۇلغان «قۇرئان كەرىم» مۇتالىئەسى ۋە پەند-نەسىھەتلەر بىلەن خىلىلا كېچىكىپ تارقىغان جامائەت ئۇنى دەسلەپ بايقىماي قالدى. پەقەت ئارقىدىراق چىققان بىر نامازخاننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشتى:

— ھوي، قاراڭلار، بۇ يەردە بىركىم يېتىپتۇ.

— بىركىم يېتىپتۇ؟ قەيەردە؟

— ئەنە.

مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىدىكى، ئىككى تەرىپىگە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق چىقىرىپ ياسالغان كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئاللىقاچان شېغىللىق يولغا چىقىپ بولغان جامائەت گويا ھەربىي كوماندا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەردەك گۈرررىدە ئاشۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. ئېرىق بويىغا قىستىلىشىپ، سەگۈ تېرەكلەر ئارىسىدىن بويۇنداپ قاراشتى. كەنتتە ئۆي-ماكانسىز ئادەم يوق، بۇ يەردە سىرتتا قالغان ئادەمنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان، ئەمدى كىمدۇر؟ كەلگۈندى-مۇساپىرمىدۇر؟ ... ھەممە كىشىنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى. نامەلۇم ئادەم ئوڭدا ياتاتتى. پۇتلىرى تېرەكلەر ئارىسىدىن ئېرىققا ساڭگىلاپ قالغان،

كىيىم-كېچەكلىرى ھۆل. قاپقارا ئۆسكىلەڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، پېشانىسىگە چېچىلىپ چۈشكەن، لاي-پاتقاق چاپلاشقان چېھرە مەينەت ۋە تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ جامائەت بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدى:

— تۇرسۇن مۇئەللىمغۇ بۇ، مەكتەپتىكى ھېلىقى تۇرسۇن مۇئەللىم ...

— بىزنىڭ مۇھەممەتنىڭ مۇئەللىمى ...

— نېمە بولغاندۇ، بۇ بىچارىگە؟

— ئالدىنقى كۈنىلا بالا يىغىپ بىزنىڭ ئۆيگە كەپتىكەن ...

— مەن ئاخشام ئۇنى بازاردا كۆرگەن، ئاغىنىلىرى بىلەن ئاشپۇزۇلدا ئولتۇرۇپتىكەن ...

جامائەت ئارىسىدىكى ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتتى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ يېنىغا زوڭزىيىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى، يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىدى ۋە ھايالشىمايلا بېشىنى چايقىدى:

— تېنى سوۋۇپ كېتىپتۇ، تومۇرىمۇ سوقمايدۇ.

— نېمە بوپتۇ؟

— ئۆلۈپ قاپتۇ.

— ئۆلۈپ قاپتۇ؟ ۋاي خۇدايىم ...

جامائەتنىڭ چېھرىگە ھەيرانلىق كۆلەڭگە تاشلىدى. ھېچكىمدىن زۇۋان چىقمىدى. كىشىلەر ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشنىمۇ، ئىشەنمەسلىكنىمۇ بىلەلمەي قالغانىدى. سەگۇ تېرەكتەك بەردەم، تۇۋرۇكتەك ساپمۇ ساق بىر ئادەم راستتىنلا ئۆلۈپ قالسا-ھە؟ تۈنۈگۈنلا ئۇ سۆزلەيتتى-سۆزلەتتى، كۈلەتتى-كۈلدۈرەتتى، ئويلايتتى-ئويلىتاتتى، ئوينايتتى-ئوينىتاتتى. مانا ئەمدى كوچىدا قالغان لالما ئىتتەك سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. سۇنايلىنىپ ياتقانلىقى ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار چاقچاق

قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. بۇ، چاقچاق قىلىدىغان چاغمۇ ئەمەس. راستىنىلا ... كىشىلەرنىڭ چېھرىدىكى ھەيرانلىقتا قايغۇ-ئەلەم سىڭىپ كىرىدى. ئاشۇ قايغۇ-ئەلەم ئىچىدە قۇدرىتى ئۇلۇغ ئالالانىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرىگە قايىللىق چاقنايتتى. ئالالانىڭ قۇدرىتى تەڭداشسىزدۇر. ئۇ، خالىسا، ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ. تۇرسۇن مۇئەللىم دېگەننىڭ كىچىككىنە جېنى نېمىتى؟ ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى سىنىپلاردا جاراڭلىيالمايدۇ. ئۇنىڭ كۈلكىسى ئەمدى مەيدان ئارا ياڭرىيالمايدۇ. تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرغان ئىسسىق قانلىرى مۇزلىغان، قول-پۇتلىرى مىخ-ئىدراكى ھەرىكەتتىن توختىغان، كۆز نۇرلىرى ئۆچكەن ... «ئەي كارامەتلىك ئالالا، بەندەڭنىڭ ئەيىب-سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرگەيسەن، بىلىپ-بىلمەي سادىر قىلغان گۇناھكەبىرلىرىنى مەغپىرەت قىلغايسەن ...»

ئەخمەت ئاخۇن سېكرىتار ئىرىقتىن يەنە يول تەرەپكە سەكرەپ ئۆتتى:

— نەق مەيدان بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن، ساقچىغا خەۋەر قىلايلى. ساپمۇ ساق ئادەمتى ئەمەسمۇ؟ بىرەر ئىش ... بىرەر ئىش بولغاندەك. ھەرھالدا ساقچى تەكشۈرۈپ بىرنېمە دېسۇن ...

سېكرىتار كىمنىدۇر يېزىلىق ساقچى پونكىتىغا ۋە يەنە ئالىبىرىنى مەكتەپكە يۈگۈرتتى. خەۋەر قىلىش لازىم ئىدى. ئۇ، كەنت باشلىقى ھېكىم ئاخۇن بىلەن نۆۋەتلىشىپ نەق مەيداننى ساقلىماقچى بولۇشتى. سېكرىتار ئاشۇ يەردە ھېكىم ئاخۇن بىلەن ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ تۇرىدۇ. كىيىملىرىگە قۇسۇق يۇقۇپ قاپتۇ. قارىغاندا ...

ئىمام ئاخۇنۇم ياقىسىنى چىشلەپ تۇۋا قىلدى:

— ھۇ، كاپىر، ئىمانسىز جوھۇت، مەسچىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆلگۈچە باشقىراق بىر جايدا ئۆلسىچۇ ... تۇۋا خۇدايىم،

توۋا ... ئۆلگەننىڭ
جامائەت بىرلەپ-ئىككىلەپ تارقىلىشقا باشلىدى.
ئارقىسىدىن بىللە كەتكىلى بولمايتتى، يەنە تىرىكچىلىك لازىم
ئىدى. ئۇلار چۈشتە كېلىپ خەۋەر ئۇقۇشنى، ئەتە سەھەردە مېيىت
نامىزىغا داخىل بولۇشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشتى.
شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ دۈشەنبە ئەتىگەندىلا مەسچىتنىڭ
يېنىدا ئادەم ئۆلگەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەر يېزىلىق ساقچى
پونكىتىغا، ئۇ يەردىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسىغا يېتىپ باردى؛ مەسچىتتىن يانغان جامائەتكە ئەگىشىپ
«تىكەنباغ» دىكى ئۆي-ئۆيگە تارقىدى، مەسچىتكە بارىدىغان ئادىمى
يوق ئۆيلەرگە بولسا، ۋاتىلداق خوتۇنلار خەۋەر قىلىپ ئۇلگۇردى.
ھېكىم ئاخۇننىڭ خوتۇنى ھېيۋىخان شاق-شاق بۇ شۇم خەۋەرنى
ئاڭلاپلا قوشنىسى رابىيەخاننىڭ ئىشىكىنى ئۇردى. رابىيەخان
ھويلىدا ئىدى. قولىدا سۈپۈرگە بولسىمۇ، تېخىچە ھويلىنى
سۈپۈرمىگەنىدى. ھويلا تاڭغا يېقىن ئۇرۇپ ئۆتكەن بوراندا
تۆكۈلگەن ئاقۇچ چېچەكلەرگە كۆمۈلۈپ تۇراتتى. ھېيۋىخان
ئەگۈننى ئېچىپلا شاقىلداپ كەتتى:
— ئاڭلىدىڭىزمۇ، رابىيەخان، تۇرسۇن مۇئەززىن ئۆلۈپ
قاپتۇ. مەكتەپتىكى ھېلىقى تۇرسۇن مۇئەززىنچۇ، مەسچىتنىڭ
يېنىدا ئۆلۈپ قاپتۇ ...
رابىيەخاننىڭ بېشى پىررىدە قايدى، يەر يانتۇلىشىپ، ئۆي
ۋە دەل-دەرەخلەر قىيسايدى، جاھان ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزى ھېيۋىخاننىڭ مىتىلداۋاتقان لەۋلىرىگە
تىكىلىپ قالغانىدى. ئەگەر بىر قولى بىلەن ئەگۈننىڭ شادىسىنى
تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئاللىقاچان يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى.
— ... بىزنىڭ ئادەم ھېلىلا مەسچىتتىن شۇنداق دەپ كەلدى.
قارىسىلا، ماۋۇ ئىشنى ...
ھېيۋىخاننىڭ لەۋلىرى توختاۋسىز مىتىلدايتتى.

رابىيەخاننىڭ لەۋلىرىمۇ مىتىلداشقا باشلىدى:

— غېنى ئۆلتۈرۈپ قويغانمىدۇ، ئۇنى غېنى ئۆلتۈرۈپ قويغانمىدۇ، تۇۋا ماۋۇ بالىنى ...

— نېمە دېدىڭ، رابىيەخان، غېنى ئۆلتۈرۈپ قويغان دېدىڭمۇ، يەنە بىر دېسىلە ...

— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن، ۋاي خۇدايىم ...

رابىيەخاننىڭ لەۋلىرى توختاۋسىز مىتىلداپ: «ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم ...» دېگەن بىرلا سۆزنى تەكرارلايتتى. بۇ چاغدا ھېيۋىخان شاق-شاقنىڭ لەۋلىرى مىتىلداشتىن توختىغان، ئېشەك يېلىمى بىلەن يەملەپ قويغاندەك چاپلىشىپلا قالغانىدى. كۆزلىرى تۇيۇقسىز ئاجايىپ بىر غەلىتە مەخلۇقنى كۆرگەندەك ۋە ياكى توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قىممەتلىك بىر نەرسىگە چۆشكەندەك قېتىپلا قالدى. ئۇ نېمىنىدۇر چۈشەنگەنىدى. ئۇ، قوشنىسىنىڭ ئاپئاق تاتىرىپ ھوشىدىن كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ، قوللىرىنىڭ ئەگۈن شادىسىدىن ئاجراپ يىقىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنىمۇ پىسەنت قىلماي، پالاقلاپ مەسچىت تەرەپكە چاپتى.

## ئاق قۇ پەرۋاز قىلىدۇ

رابىيە ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ قولى ئەگۈننىڭ شادىسىدىن ئاجراپ جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ ئەگۈنگە يۆلىنىپ قالمىغان بولسا، يىقىلىپ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالغان بولاتتى. ئۇ، ئاشۇ ئولتۇرۇشىدا ئىستىقامەتتە ئولتۇرغاندەك، يىراقلارغا كەتكەن ئامرىقىنى كۈتۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ يولىغا تۆت كۆزى بىلەن، ياق مىڭ كۆزى بىلەن تەلمۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇزاقتىن بېرى قايتمىغان ئەزىز، ئوماق، جانجىگەر ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ،

كۆزلىرىدىن قان-ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان غەمگۇزار ئانىغا ئوخشايتتى. ئۇ، بۈگۈن نېمىشقىدۇر ھېچ ئويلىمايلا ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان، بېشىغا تېگى ئاق، كەرەشنىۋاي چېكىت گۈللۈك ياغلىق چىگىۋالغانىدى، ئاق كۆڭلەك، ئاق ياغلىق، ئاق چېھرە ... ئەگۈنگە يانداش ئۆسكەن ئۆرۈكنىڭ ئاقۇچ چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئاققا ئورالغان پەرىشتە، ئاق قاشتېشىدىن ئويۇلغان پەرىشتە ھەيكىلى ئەگۈنگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. پەرىشتە ھوشسىز ئىدى. تېنىدىن بىۋاقىت ئايرىلىپ چىققان ئاق قۇ يىراق ئۆتمۈشنى، بەكمۇ ئۇزاقتا قالغان چاغلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى. يالغۇز ئاق قۇ بىپايان ۋە سۈزۈك كۆل ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتتى. پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتتى. نېپىز، سۈزۈك، ئاقۇچ شايىدەك سوزۇلۇپ ياتقان كۆرۈنمەس ۋاقىت پەردىسى ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتتى. نېپىز پەردە ئاستىدىكى بوستانلىق ياشنايتتى. ئۆرۈك ئاپئاق چېچەكلەيتتى ... تال سۆگەت چوكان تاشلايتتى. گۈل بەرگى شۇنچىلىك ئەۋرىشىم ئىدىكى، بۇلبۇلنىڭ مۇسىقىلىرىغا رەققاس سىلىپ ھارمايتتى. تولۇن ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى باغلارنى يۇيۇپ تۇراتتى ... قىز مەكتەپ ھويلىسىدا يىگىت قىزنىڭ ياغلىقىنى ئېلىپلا قاچتى. قىز قوغلىدى. يىگىت ئۇزاپ ئاي نۇرلىرى ئارىسىغا سىڭىپلا كەتتى. قىز يېتىشىپ كەلگەندە، يىگىت ئۇنىڭ قولياغلىقىنى ئۈچ بۇرجەك قاتلاپ، بېلىگە باغلىۋالغانىدى. كۆل بويىدىكى سۆگەتنىڭ تاللىرىغا ئېسىلىپ ساقلاپ تۇراتتى. تولۇن ئاي كۆلدە چۆمۈلۈۋاتاتتى. قىز يىگىتكە يېقىنلاشتى. ھاسىراش ئاۋازى يىگىتنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاڭلانغۇدەك، نەپەسلىرى يىگىتنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغۇدەك يېقىنلاشتى. يىگىت قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئاشۇ تەگسىز بۇلاقلاردا ئاي نۇرى جىلۋە قىلاتتى. يىگىت ئاسمانغا قارىدى. كۆكتە تولۇن ئاي ئۈزەتتى. يىگىت كۆلگە باقتى. كۆلدە تولۇن ئاي يۇيۇنۇۋاتاتتى. يىگىت قىزغا تىكىلدى. تولۇن ئاي

كۈلۈمسىرەيتتى.

— ياغلىقىمنى بېرىڭ، ئەسكى ...

— مەن ياغلىقىڭىزنى ئالمىدىم.

— ئەنە، بېلىڭىزدە تۇرمامدۇ؟

— مۇشۇ ياغلىق سىزنىڭمۇ؟ ئۆزىڭىز يېشىۋېلىڭ ئەمىسە ...

قىزنىڭ ئۇزاتقان قوللىرى يىگىتنىڭ ئالقىنىغا چۈشتى، يۇمشاق، ئىسسىق ئالقانلار جۈپلەشتى. ئىككى جۈپ كۆزدىن قايتقان ئاي نۇرلىرى بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتتى.

ئاق قۇ نېپىز، سۈزۈك ۋە پايانسىز ۋاقىت پەردىسى ئاستىدىن «چاھارباغ» قا ئايلانغان مەكتەپنى، غېرىپقا ئايلانغان يۇقىرى يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسىنى، سەنەمگە ئايلانغان رابىيەنى — ئۆزىنى كۆردى. غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ غۇبارسىز قەلبى، ئوتلۇق ئىستەكلىرى، يالقۇنلۇق سېغىنىشلىرى ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرىغا چۈمۈلەتتى. ئارمانلىرى تال سۆگەتكە چىرمىشاتتى. كۆڭۈللىرى گۈل پورەك بولۇپ ئېچىلاتتى. چېچەك بولۇپ تۆكۈلەتتى، يەنە ئېچىلاتتى. ئىككى قەلب كۈيلەپ هارمايتتى. ئىزھارى دەردلىرى پۈتمەيتتى. ئاشۇ كۈيلەر ئاي نۇرلىرى ئارىسىدا ئېرىپ كېتەتتى. «ئاھ، رابىيە، كۆزلىرىڭگە تولۇن ئاي يوشۇرۇنغان، تولۇن ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى كۆزلىرىڭگە تۈيدۈرماي كىرىۋاپتۇ. چېھرىڭدىن بالقىغان، كۆزلىرىڭدىن ئۇچقۇندىغان نۇر ئاشۇ ...» دەپ پىچىرلايتتى. يىگىت ئاي نۇرلىرى ئارىسىدا. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئاي نۇرلىرى تۆكۈلەتتى، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. بەختنىڭ، مۇھەببەتنىڭ قەنت-ناۋاتلىرى ئېرىپ ئاي نۇرلىرىغا قېتىلىپ كېتەتتى. ئۇلار ھەر قېتىم قۇچاقلاشقانلىرىدا، ئىككى قىرغاق قۇچاقلىرى ئارىسىدىكى دەريانىڭ مەڭگۈ دولقۇنلاپ، ئۆركەشلەپ، شوخلۇق قىلىشلىرىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى. ھەر قېتىم سۆيۈشكەنلىرىدە ھەسەلنىڭ شېرىنلىكىنى، گۈلنىڭ خۇش ھىدىنى، كۈينىڭ يېقىملىقلىقىنى ھېس قىلىشاتتى. ھەر قېتىم

بېقىشقانلىرىدا ئوت-ئۆچقۇنىنىڭ، نۇر-ئاپتاپنىڭ ھارارىتىنى سېزىشەتتى ...

مۇھەببەتنىڭ ئەتە-ئۆگۈنى ئويلاشقا چولىسى يوق. ئۇلار «چەكلەنگەن مېۋە» نىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشتى. سىرلىق ۋەھىمە، قۇترىغان تۇيغۇ، غالجىرانە ئىنتىلىش تۇزۇكرەك تېتىشقا ئىمكان بەرمىدى، يەنە تېتىپ باقتى، يەنە ۋە يەنە تېتىپ باقتى، يەنىلا قانمىدى. ئاشۇ يەردە، ئاشۇ پەيتتە ئوت-ئاتەشنىڭ، نۇر ئاپتاپنىڭ، ئازاب ۋە خۇشاللىقنىڭ، كۈچ ۋە ئىنتىلىشنىڭ، سەزگۈر ۋە ھاياجاننىڭ ... ھەممە، ھەممە نېمىنىڭ تەمى باردەك تۇيۇلاتتى. لېكىن تۇزۇكرەك تېتىغىلى، قانغىلى بولمايتتى. ئىككى تەن ئاشۇنىڭغا ئىنتىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنلا قوشۇلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئىزدىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ...

گەرچە ئۇلار «چەكلەنگەن مېۋە» نىڭ تەمىنى كۆپ قېتىم تېتىپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇلارنى «چاھارباغ» دىن قوغلاپ چىقارمىدى. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى ھېچكىم، ھەتتا يىلانمۇ تۇيمىغانىدى.

شەيتان غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان، توغرىراقى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە، قەلبىگە، دىلىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇ، ئاشۇ يەردە تۇرۇپ، ئاجايىپ تۇيغۇلارنى جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنى «چەكلەنگەن مېۋە» گە قېنىشقا كۈشكۈرتەتتى. «بۈگۈن قانىسەن، مۇشۇ قېتىم چوقۇم قانىسەن ...» دەپ ئالدايتتى. غېرىپ بىلەن سەنەم ئالدىنىشقا رازى ئىدى. ئاشۇ پەيتتىكى جىسمانىي ھوزۇرنىڭ روھىي لەززەتكە ئالمىشىشى، ئىنتىلىش ۋە تەقەززانىڭ جىسمانىيەتتە ۋىسال تېپىشى ئۇلارنى ساراڭ، خامۇش، گاراڭ قىلىپ قويغانىدى. قانغاندەك قىلاتتىيۇ دەم ئۆتمەي يەنە تەشنا بولاتتى، يەنە ئىنتىلەتتى. جاھاننىڭ بارچە لەززىتى ئاشۇ پەيتكە مۇجەسسەملەنگەنىدى. قىز پىچىرلايتتى: «قۇچاقلا، مەھكەم قۇچاقلا...» قىز ئۆز قۇۋۇرغىلىرىنىڭ غاراسلاپ كەتكىنىنى

ئاڭلايتتى، لەۋلەر جۈپلىشەتتى، تىللار يالىشاتتى، شۆلگەيلەر قېتىلاتتى، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىلغاندەك بولاتتى، گۈلخان يالقۇنلايتتى، گۈل خۇش پۇراق چاچاتتى، كەپتەر ئۈنلەپ، دەمدەر بوقۇلدايتتى، يېڭى-يېڭى كۈيلەر ھاسىل بولاتتى ...

ئاشۇ تېتىپ بېقىشلار يەنىمۇ داۋاملاشقان، شېرىن چۈش يەنىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولاتتى. لېكىن ۋىسالنىڭ كۈشەندىسى جۇدالىق سەزدۈرمەي يېتىپ كەلدى. ئۇ، شەپە چىقىرىپ، داقا-دۈمباق چېلىپ يېتىپ كەلگەن ھالەتتىمۇ ئۇلار سەزمىگەن بولاتتى، چۈنكى ئۇلار غەرق بولغان چۈش شۇنچىلىك شېرىن ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئويغىنىشنىمۇ، ھەرقانداق شەپىگە قۇلاق سېلىشنىمۇ خالىمايتتى ...

يىگىت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ ئوتتۇرا تېخنىكومغا كېتىپ قالدى. شېرىن چۈش ئۈزۈلدى. گۈللەر پورەكلەشتىن، بۇلبۇللار سايراشتىن توختىدى. پەقەت، پەقەت ئاي نۇرىلا گۈزەل خاتىرىلەرنى ئەسلىتىپ كۈلۈمسىرەيتتى.

ئاق قۇ نېپىز، سۈزۈك ۋە پايانسىز ۋاقىت پەردىسى ئۈستىدە پەرۋاز قىلاتتى. ئاشۇ پەردە ئاستىدىن نېمىنىدۇر كۆرۈشكە ئىنتىلەتتى. «چاھارباغ» ئىچى-سىرتىدىن غېرىپ-سەنەمنىڭ ئۆزىنى ئىزدەيتتى. ئاق قۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا پەرۋاز قىلىپ كەلگەن سالام خەتلەرنى كۆردى. ئوتلۇق سېغىنىش، بۇزۇلماس ۋەدىلەر ھەققىدىكى يالقۇنلۇق قۇرلارنى ئوقۇدى. قۇرلار ئارىسىدىن يىراقتا تىكىلگەن كۆزلەرنى، ئاشۇ كۆزلەردە پارلاپ تۇرغان ئاي نۇرلىرىنى كۆردى. خىيالچان قەلبلەرنى، ۋىسال ئىنتىلىشلىرىنى، جۇدالىق ئازابلىرىنى پەرق ئەتتى. ئاشۇ خەتلەردە كېيىنكى يىلى دارىلمۇئەللىمىننىڭ «چاھارباغ» ىدا جەم بولۇش ۋەدە قىلىناتتى، ئاشۇ پەيتكە ئۇچۇپ بېرىش ئارمان قىلىناتتى، ئۇلار قانات قاقاتتى، لېكىن ئۇچالمايتتى. ئەپسۇس، ناھايىتى ئەپسۇسكى، قۇياش پارلاپ تۇرغان 1965-يىلنىڭ ئىسسىق يازىدا[1]، ئاشۇ

«چاھارباغ» پومېشچىكنىڭ قىزىنى ئۆزىگە قوندۇرۇشنى رەت قىلدى. سەنەم مىشىلداپ يىغلىدى، ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى، نېمە سەۋەبلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنىمۇ بىلمىدى. ئۇ پەقەت خورلانغانلىقىنى، يېتىم بالىدەك چەتكە قېقىلغانلىقىنى، قاراڭغۇلۇققا ئىرغىتىپ تاشلانغانلىقىنى ھېس قىلاتتى، دەردىنى كۆز يېشىدىن ئالاتتى ...

ئاق قۇ ئۇزۇن ئۇچتى. ئەمدى سەنەمنىڭ كۆز يېشىدىن باشقا ھېچنېمە تاپالمىدى. خەتلەر، ۋەدىلەر، سېغىنىشلار ... ھەممىسى يوقالغانىدى. گۈل خازان بولغان، بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئاي پاتقان، ئۇنىڭ يارقىن نۇرلىرى ئۆچكەنىدى. غېرىپ-سەنەمنىڭ بىر نۆۋەتلىك ھېكايىسى ئاخىرلىشىپ، يېڭى غېرىپ-سەنەملەرگە ئورۇن بوشاتقانىدى. ئاق قۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ئىسسىق ياش سىرغىدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ئاق قاشتېشىدىن ئويۇلغان پەرىشتە تېخىچە ئەگۈنگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئاق قۇ قايتتى، رابىيەنىڭ ئۇستىگە قوندى ۋە غايىب بولدى. روھ تەنگە، تەن روھقا قوشۇلۇپ كەتتى.

## نىكاھ ئوقۇتايلى، ئاندىن كېيىن ...

رابىيە ھوشىغا كەلدى. ئۆرۈكنىڭ ئاقۇچ چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ سەل مىدىرلاپ ئەگۈننىڭ ئوچۇق تۇرغان بىر قانىتىنى يېپىپ قويدى، لېكىن ئورنىدىن تۇرمىدى. ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماجالىمۇ يوق ئىدى. قۇلاق تۈۋىدە: «تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆلۈپ قاپتۇ. مەسچىتنىڭ يېنىدا ئۆلۈپتۇ ... » دېگەن بىرلا سۆز جاراڭلاپ تۇراتتى. نېمىشقا ئۆلۈپ قالىدۇ؟ نېمىشقا ئۆلۈپ قالغاندۇر؟ ... رابىيە كېچىدىكى ئىشنى يادىغا ئالدى. غېنى شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كىرمىگەنىدى. ئۇ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدى، سىرتتىكى ھەربىر تىۋىشكە قۇلاق سالدى، تۈزۈكرەك

بىر تىنۋش ئاڭلانمىدى. ئىشىك چەككۈچى كېتىپ قالغان بولسا، ئۈچراشمىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۈچراشمىغانلا بولسا، ھېچ ئىش بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئىشىك چەككۈچىنىڭ كېتىپ قالغان بولۇشىنى، ئوغلى بىلەن ئۈچرىشىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. ئۈچرىشىپ قالغان بولسا، غېنى نېمىلەرنى ئويلىغاندۇر؟ ۋاي خۇدايىم، ۋاي سەتچىلىك! بويىغا يېتىپ قالغان ئوغۇلنىڭ ئالدىدا قايسى كامارغا كىرىۋالغۇلۇق؟ ئۇ ئوغلىنىڭ قايتىپ كىرىشىنى كۈتەتتى، قايتىپ كىرمەسلىكىنىمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئوغلىنىڭ چىرايىغا قاراشتىن نومۇس قىلاتتى. ۋاي خۇدايىم، ئۇ نېمىدەپ ئويلار؟ نېمىدەپ ئويلاپ قالار ...

خورازلار نەچچە قېتىم چىللاشتى، ئىتلار نەچچە قېتىم قاۋاشتى، ئۈزاق جىم بولۇپ كېتىپ يەنە چىللاشتى، قاۋاشتى، تاڭمۇ ئاتتى. ئايۋاننىڭ شەرقىي كۈنگۈرىسىدىن ئاي ئەمەس، ئەمدى شەپەق نۇرى كىردى، لېكىن ئوغۇل قايتىپ كىرمىدى.

«تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆلۈپتۇ، مەسچىتنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قاپتۇ ...» رابىيەنىڭ قۇلاقلىرىغا ھېيۋەتخان شاق-شاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، لەۋلىرىنىڭ مىتىلداشلىرى كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. توۋا خۇدايىم، نېمە بولۇپ ئۆلۈپ قالغاندۇر؟ غېنى ... غېنى ئۆلتۇرۇپ قويغانمىدۇر؟ ئۇلۇغ خۇدا، كۆپۈر خىياللاردىن يىراق قىلغايسەن ... ئەگەر كەتمەي ئىشىك تۈۋىدە تۇرۋەرگەن، ئوغۇل ئۇنى ئوغرى دەپ قارىغان بولسا، جېدەللىشىپ قالدىمىكىن؟ ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇپ قويدىمىكىن؟ ئاھ، خۇدا، ياق ... ئەگەر ئوغرى چۈشكەندەك خىيالغا كەلگەن بولسا، مېنى ئويغاتقان، چىراغنى ياندۇرغان بولاتتى يا ئۇ ھەممە ئىشنى سېزىپ يۈرەتتىمىكىن؟ ئىشىك چەككۈچىنىڭ كىملىكىنى، نېمىشقا تۈن يېرىمىدا ئىشىك چېكىدىغانلىقىنى بىلەتتىمىكىن؟ ئاھ خۇدا، مانا ئەمدى ئۇ ئۆلۈپتۇ، بىچارە قانداق ئۆلگەندۇر؟ غېنى ... ئوغلۇم نەدىدۇر؟ دۇكانغا كەتتىمىكىن؟ قاچتىمىكىن؟

يوشۇرۇنۇۋالغانمىدۇيا؟ ۋاي خۇدايىم ...

رابىيەنىڭ پىكىرلىرى چىگىشلىشىپ كەتتى. كەم سۆز، مۇلايىم، ئەدەپلىك ئوغۇلنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. «ياق، ياق!» دەپ خىتاب قىلاتتى ئۇنىڭ قەلبى. ئۇنىڭ ئۆز ۋۇندىن بېرى ئاشۇ ئىشنى سېزىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ، شۇ سەۋەبلىك كېچىدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلاتتى. بۇ، مۇمكىن ئەمەس، زادىلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇ كېچىدە بازارغا قايتىپ كەتكەن، ئۆلگۈچى بىلەن زادىلا ئۇچراشمىغان. بۇ راست، راست شۇنداق بولغان ... نېمىشقا ماڭا دەپ قويماي كېتىپ قالدۇ؟ بۇرۇن خوشلىشىپ ماڭاتتىغۇ، ئەمدى ...

رابىيە ئوغلىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى قىلىقلىرىنى يادىغا ئالدى. جاندىن ئەزىز، ئوماق، توي قىلىپ تۇغماي-تۇغماي خېلى يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان دۇنيادا بىردىنبىر يالغۇز ئوغلى ئاستا-ئاستا ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەركىلەپ قۇچاقلىمايدىغان، ئېتىكىگە باش قويمايدىغان، توختاۋسىز ۋىچىرلاپ ئۇنى-بۇنى سورىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئانا-بالا بىر يەرگە كەلسىلا، ئۇ جىمغۇر بولۇۋالاتتى. بازاردىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىغا ئىشقا كىرگەن ئىككى-ئۈچ يىلدىن بېرى بولسا، تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. ئۆيگە كەمدىن-كەم كېلەتتى، كۆپ چاغلاردا دۇكاندا قونۇپ قالاتتى. كۈندۈزلىرى كەلسىمۇ، ئۇزاق تۇرمايلا كېتىپ قالاتتى. بەزىدە كەلگەن-كەتكىنىنى دەپمۇ قويمايتتى. بۈگۈن كېچە دەپ قويمايلا كېتىپ قالغان بولسا، نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭ ئادىتى شۇنداققۇ. ئۇنىڭدىن گۇمان قىلغىنىمنى، كۆپۈر خىياللاردا بولغىنىمنى قارا. «ئۇلۇغ خۇدا، ئوغلۇمنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئۇ، ئەدەپلىك، رايىش، كەم سۆز بالا، ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. ئەسلا قىلمايدۇ ...»

«تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆلۈپ قاپتۇ، مەسچىتنىڭ يېنىدا ئۆلۈپ قاپتۇ» ھېيۋىخان شاق-شاقنىڭ ئاۋازى جاراڭلايتتى، لەۋلىرىنىڭ

ىتىلداشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تو ۋا خۇدايىم، نېمە بولۇپ ئۆلۈپ قالغاندۇر؟ ئېيىقتەك كۈچلۈك ۋە ساغلام ئىدىغۇ، نېمە بولغاندۇر؟ ئاخشام دېرىزىنى، ئىشىكنى چەككىنى شۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىم چېكەتتى؟ يەكشەنبىدە بازاردىن قايتىپ ئۇدۇللا كەلگەن گەپ، ئۇدۇللا كەلگىنى مۇشۇ بىر قېتىم ئەمەسقۇ، ماڭا ئاتاپ بىر نەرسە ئالغان چاغلىرىدا ئۇدۇل كېلەتتى، تونۇر كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى ئېلىپمۇ كېلەتتى. كەمپۇت، قەنت-ناۋات، ماتاڭ ئالىمۇ كېلەتتى. ئاخشام چوقۇم بازاردىن قايتقان گەپ. ئۇدۇل كەلگىنى شۇ. قېرىشقاندەك غېنىنىڭ قونۇپ قالغىنىنى ... مېنىڭ ئامرىقىم، بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئامرىقىم، ئەمدى ئۇنىڭدىن يەنە ئايرىلىپ قالدىممۇ؟ ئاشۇ قېتىمقى يىگىرمە نەچچە يىلغا سوزۇلغان ئايرىلىش يەتمىگەنمىدى؟ ئاھ، خۇدا، جۇدالىقنى، دەرد-ئەلەمنى، ھەسرەت-نادامەتنى، يالغۇزلۇقنى مەن ئۇچۇنلا ياراتقانمىدىڭ؟ مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى نېسىۋەمنى ئىچ پۇشۇقى، دەرد-ئەلەملا قىلىپ ياراتقانمىدىڭ؟ كۆز يېشىمنى مول، بەختىمنى، كۈلكەمنى كەم ياراتقانمىدىڭ؟ ئۆمۈ ئۆلۈپتۇ، مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ، ئوتلۇق كۆزلىرى مەڭگۈگە يۇمۇلۇپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىدىڭمۇ؟ ...

رابىيەنىڭ قەلبى نىدا قىلاتتى، ئاھ-پەرياد ئۇراتتى، لېكىن نېمىشقىدۇر كۆزىدە بىر تامچىمۇ ياش يوق ئىدى. بىچارە، نىمجان، خامۇش ھالەتتە ئەگۈنگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۆرۈكنىڭ ئاپئاق چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۆرۈك شېخىغا قونۇپ چېچەك چوقۇلاۋاتقان قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىنىمۇ، ئېغىلدىكى ئاچ قويلىرىنىڭ مەرەشلىرىنىمۇ، كوچىدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ پالاقلاشلىرىنىمۇ ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭ ئەس-يادى يىراق ئەستىلىكلەرنىڭ تۇمانلىق قوينىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئاشۇ يىراقلاردىن نېمىنىدۇر ئىزدەپ يۈرەتتى. ئىزدەيتتىيۇ، پەقەت جۇدالىق ۋە دەرد-ئەلەمنىلا ئۇچرىتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ دۇنيا

پەقەت ئاشۇنداق، ئاشۇنداقلا يارىتىلغانىدى.

دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگىمۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان بۇ پومپىشچىكنىڭ قىزى ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلدى، جۇدالىق دەردى ۋە چەتكە قېقىلىش ئازابىنى يۇدۇپ قايتتى. مۇئەللىمنىڭ ئاخىرقى سۆزى ھېلىمۇ يادىدا بار ئىدى: «تەربىيىلىنىۋېلىشقا بولىدىغان پەرزەنتلەر ئۈچۈن پەقەت ئىككىلا سان بېرىلىپتۇ، ئامال بولمىدى، ئەمدى سەن...» دېگەنىدى مۇئەللىم. ئۇ مۇشۇ چىرايلىق ئوقۇغۇچىسى ئالدىدا نېمىشقىدۇر «ساڭا سان يەتمىدى، يېزىغا قايتىدىغان بولدۇڭ» دېگەن گەپلەرنى ئاغزىدىن چىقىرالمىغانىدى، ئاشۇ گەپلەرنى ئېيتىشقا نومۇس قىلغانىدى.

رابىيە يېزىغا قايتىپ خېلى كۈنلەردىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ئاشۇ «ئىككى سان» بىلەنلا يوق قىلىۋېتىلگەن ئىستىقبالىنى ئەمدى ئىزدەپ تاپالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى، ئېنىققۇ چۈشەنمىدى، پەقەت غۇۋا ھېس قىلدى. ئىستىقبالىنى ئىزدەپ ھېچ يەرگە بارالمايدىغانلىقىنى، ئىزدىگەن ھالەتتىمۇ تاپالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ زامانىنىڭ بۇلۇت، تۇمان ۋە چاڭ-توزانلىرى ئارىسىدا غايىب بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما ئۇ ئۆز «غېرىب»ىنىڭ ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. باغداتتا بولسىمۇ كېلىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇ كۈتتى. بىر ئاي، ئىككى ئاي، ئۈچ ئاي كۈتتى. زارىقىپ تەلمۈردى، لېكىن غېرىپ كەلمىدى. قاراقچىلارغا تۇتقۇن بولغاندەك ئۈن-تىنسىز يوقىلىپ كەتتى. رابىيەنىڭ قەلبى ھەسرەتكە تولدى. سېغىنىش، گۇمان ۋە دەرد-ئەلەم غەليان كۆتۈرەتتى. سەنەم غېرىپسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى، ئۆزى كەلمىگەن غېرىپنى ئىزدەپ بېرىش لازىملىقىنى ھېس قىلاتتى. ئىزدەپ بارمىسىمۇ بولمايتتى. سەنەم شەھەرگە بېرىش، ئاشۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى ئىزدەپ تېپىش، غېرىپ بىلەن دىدار-مۇلاقەت بولۇشنى

كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ شەھەرنى بىلەتتى. ئىلگىرى بىر قېتىم بارغانىدى. تاڭ يورۇشىغىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم، كەچ كىرگۈچە بېرىۋالىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ شەھەرگە بارالىغان، غېرىپنى ئىزدىگەنمۇ بولاتتى، لېكىن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك ھەممە پىلاننى يوققا چىقاردى. پومېشچىكنىڭ ئائىلىسى يېڭى ئېچىلغان بوز يەرگە — يىراق تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگە كۆچۈرۈۋېتىلدى. ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلگەن بىر توپ «خەلق ئەسكىرى» يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدىكى مۇسادىرىدىن ئېشىپ قالغان نەرسە-كېرەكلەرنى ئەترەتنىڭ ئات ھارۋىسىغا باستى. مۇسادىرىدىن ئېشىپ قالغان ئۆينى، ئايۋاننى، ئېغىلنى بىردەمدىلا يىقىتىپ، چېقىپ تۈزلەپ تاشلىدى ... پومېشچىكنىڭ قاپىقى تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ساڭگىلاپ چۈشكەن، ئانىنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. رابىيە ئاتا-ئانىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىنى چۈشەندى. ئەمدى مانا شۇ يىراق تەكلىماكاندىن شەھەرگە ئاسان بارغىلى بولمايتتى، بىپايان قۇملۇق ۋە جاڭگال توسۇپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ غېرىپنىڭ كېلىشىگە يەنىلا ئىشىنەتتى. قاراقچىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىشىغا، «كەربالا» نىڭ دەشتىنى بېسىپ ئۆتەلىشىگە، سەنىمنى تاپالىشىغا ئىشىنەتتى. ئاشۇ كۈنلەردىكى سېغىنىش ئوتى، كېچىلەردە كۆز يېشىدىن ھۆللەنگەن تەكىيە، كۈتۈش ئازابى ھېلىمۇ رابىيەنىڭ ئېسىدە بار ئىدى. ئۇ شۇنچە كۈتتى، كۆزلىرى تېشىلگۈچە يولغا قارىدى، تەلمۈردى، لېكىن غېرىب كەلمىدى. «كەلمىدى يار، كەلمىدى ... » رابىيەنىڭ قەلبى ناله ئېيتتى.

ئىككىنچى يىلى كۈزدە، دادىسى بىلەن ئانىسى «گېزەندە» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ «سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئوبيېكتى» قىلىنغان، كۈندۈزى ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنىپ، كېچىسى كۈرەش قىلىنىۋاتقان، «گېزەندە» نىڭ قىزى رابىيە كېچە-كۈندۈز تاغار يۇدۇپ، ئېتىزغا كۈزگى تېرىيدىغان يەرگە قىغ-ئوغۇت

توشۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ «تويى» بولدى. ئۇنىڭ ئەرگە تېگىشىنى «مەيدان» (ئۇ چاغدا بوز يەر دېھقانچىلىق مەيدانى دەپ ئاتىلاتتى) پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن يېڭىلا قۇرۇلۇۋاتقان، بىلىكىگە قىزىل لاتا چىگىپ يۈرىدىغان «قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتى» قارار قىلغانىدى. ئۇنىڭ توي قىلىش-قىلماسلىقىنى، كىمگە تېگىشنى خالايدىغانلىقىنى ھېچكىم سوراپ قويمىدى. «گېزەندە» نىڭ قىزىنىڭ ئۇنداق ئەركىنلىكى بولمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» نىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش-تەربىيىلىۋېلىش ئىكەنلىكىنى، «گېزەندە» ئاتا-ئانىسىدىن چەك-چېگرا ئايرىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. رابىيەنىڭ ئېسىدە ھېلىمۇ ئېنىق تۇرۇپتۇ: ئۇنى ئېتىزلىقتىن چاقىرىپ كېلىپ، كىمدۇر بىرىنىڭ يېنىغا تۇرغۇزۇپ قويغاندا، بۇرنىغا گۇپۇلدەپ سېسىق پۇراق ئۇرۇلدى. كۆڭلى ئېلىنىپ ھۆ قىلغۇسى كەلدى. بۈگۈنكى ئىش ئوڭمۇ ياكى چۈشمۇ؟ سەزگۈسىنى يوقاتقانىدى. «يىگىت» كىممۇ، ئادەملەرگىمۇ قارىغۇسى كەلمەيتتى. ئالدىدىكى تامدا ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. سۈرەتكە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدۇرۇشتى. قىپقىزىل تاشلىق «ماۋ زېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ قىپقىزىل تاشلىق «تۆت توم»ى تويلۇق سوۋغات قىلىندى. «ماۋ زېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە ناخشىلىرى» ئوقۇلدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ھەمراھ بولۇپ «ھۇجرا» غا ئەكىرىپ قويدى. «ھۇجرا» نىڭ تۆت تېمىغا ئالا قويماي ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتى چاپلانغان. كىچىككىنە شىرە ئۈستىگە تويغا سوۋغات قىلىنغان «قىزىل كىتاب» لار پاتماي قالغانىدى. قىزنىڭ بېشى ساڭگىلىغان، كۆزىنى يەردىن ئۈزمەيتتى، بۇرنىغا سېسىق پۇراق ئۇرۇلۇپ ھۆ قىلغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ كىم بىلەن «توي» قىلىۋاتقانلىقىنى ئەمەس، ئاشۇ سېسىق پۇراقنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى. پۇرسەت تېپىپ، «يىگىت»

نېمىشقىدۇر بىر ئىشقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى. «يىگىت» گەدىنىگىچە تاز ئىدى. ياغلاش-قاسماق تەلپىكىنىڭ ئاستىدىن گەدىنىگىچە چۈشكەن كەپشە-تۇماق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «نىياز، نىياز تازكەنغۇ بۇ ...» دەپ ئويلىدى قىز. ئۇنىڭ يەنە ھۆ قىلغۇسى كەلدى، بوغۇزىغىچە يوپۇرۇلۇپ چىققان قۇسۇقنى يۇتۇۋەتتى. «ھۆ» دېگەن ئاۋۇشىنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ... رابىيە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى، چۈشىنەلمەيلا قالدى. ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە: ناغرا-سۇناي چېلىنمىدى، ئاش-پولۇ تارتىلمىدى، قىزىل كىگىزدە كۆتۈرۈپ ئاتقىمۇ مىندۈرۈلمىدى، گۈلخان ئۈستىدىن ئاتلىتىپ، ئىسسىق جۇۋا ئۈستىگىمۇ ئولتۇرغۇزۇلمىدى. نىكاھقۇ ئەسلا ئوقۇلمىدى ... «تۆت كونا» بۇزۇلۇۋاتقان چاغدا توي دېگەن مانا شۇنداق بولىدىكەن. «ئىنقىلاب» دېگەن تويدەك نازاكەتلىك بولمايدىكەن ... ئاشۇ چاغدا رابىيە ئاشۇ بىر توپ غەلىيانچىنىڭ ئۆزىنى زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى راستتىنلا «تويى» بولۇۋاتقانلىقىنى ئايرىيالمىغانىدى. ھېلىقى «يىگىت» — نىياز تازنىڭ ئۈچ-تۆت يىلدىن كېيىنكى بىر كېچىدە سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ «توي»غا ئۇنىڭ: «ۋاي ئىست، گېزەندىنىڭ قىزى نېمىدېگەن ئۇز...» دېگەنلىكى سەۋەب بوپتىكەن. «ئۇنى ئالغۇڭ بارمۇ؟» دەپتۇ «قىزىل قوغدىغۇچىلار» نىڭ باشلىقى. «بولمايچۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نىياز چاقچاق ئارىلاش، — بىر پىيالە سۇغا قوشۇپ گۇپپىدە يۇتۇۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ. «ئۇنداق بولسا ئىش ئوڭاي، بىزنىڭ ‹گېزەندە› نىڭ پۇشتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار» دەپتۇ باشلىق. شۇنداق قىلىپ مانا شۇ ئويۇن ئوينىلىپتۇ ...

ئەمما رابىيەنىڭ راستتىنلا «تويى» بولغانىدى. «تويى» بولمىغان بولسىمۇ نىيازغا چېتىپ قويۇلغانىدى. ئۇ بۇنى شۇ كۈنى يېرىم كېچىگە يېقىن تەن ئالدى. بولغۇلۇق بولغانىدى. ئاشۇ تۈن

جازا-قىيناققا، سوئال-سوراق، كېچە ئۈچ رابىيە كېيىن يېرىمدىن
خىرقىرايتتى: بىلەن قەھرى ئاۋازدا پەس نىياز تارتىلدى.
— ئېيتە، قىزلىقىڭنى كىمگە بەردىڭ؟ ئېيت دەيمەن،

ئېيتە...
نىياز دۆشكەلەيتتى، چىمدايتتى، ئۇراتتى، چاچلىرىنى
يۇلاتتى، يۈز-كۆزلىرىگە تۈكۈرەتتى. ئۇ ساراڭدەك قۇتراپ
كەتكەنىدى. ئۆزىنى ئالدام خالتىغا چۈشكەندەك، رابىيە ئۇنى
ئۆمۈرلۈك ھاقارەتكە قالدۇرغاندەك سېزەتتى. نامەلۇم بىر ئۆچ
ئېلىش تۇيغۇسى ئۇنى قۇترىتاتتى. ئۇ رابىيەنىڭ قوللىرىنى
باغلىدى، تورۇسقا ئاستى، قىپيالىڭاچ قىلىپ چىۋىق بىلەن
ساۋىدى، چاچلىرىنى يۇلدى. «قىزلىقىڭنى كىمگە بەردىڭ
قانجۇق، چۇۋۇق سېۋەت، كونا كەش؟ ئېيت دەيمەن، ھۇ
گېزەندىنىڭ پۇشتى. ئەكسىيەتچىنىڭ قىزىمۇ بۇزۇق بولىدىكەن
ئەمەسمۇ؟ ھۇ جالاپ، ئېيتە، قىزلىقىڭنى كىمگە بەردىڭ؟ سېنى
ئۆلگۈچە كۇرەش قىلىمەن. كۇرەش قىلىپ ئۆلتۈرىمەن. ئىت
كاللاڭنى يانجىپ تاشلايمەن سەن جالاپنىڭ.»
نىياز كۈندۈزى جىمىپ قالاتتى، كېچىسى خىرقىرايتتى،
غالجىرلىشاتتى. ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا،
ئۇ رابىيەنى قىپيالىڭاچ قىلىپ يەتكۈچە ساۋىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن
ئاشۇ غالجىرلاشقان ھالىتىدە نەپسى ھايۋانىنى قاندۇردى. نىياز
بۇقىدەك كۈچلۈك ئىدى، بۇقىدەك ھارمايتتى. رابىيەنىڭ
قوۋۇرغىلىرى غاراسلاپ كەتتى، قايرىلغان پۇتلىرى، ئېگىلگەن
نازۇك بەللىرى سۇنۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى ... ئاشۇنىڭدىن
كېيىن نىياز رابىيەنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالدى، سېسىق پۇراق
ئۇرۇپ تۇراتتى. رابىيەنىڭ ھۆ قىلغۇسى كېلەتتى.
ئاشۇ كېچىدىن كېيىن نىياز سوراق قىلىشنى، ئۇرۇشنى،
تىللاشنى، قىيناشنى توختاتتى. ئۇنىڭ غالجىرلىقى پەسلىگەنىدى.
لېكىن ھايۋانىي نەپسىنى ھەر كېچە قاندۇرماي قالمايتتى.

شۇ كۈنلەردە رابىيەنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى، كېچىسى تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان چاغدىمۇ، كۈندۈزى تاغار يۇدۇپ قىغ توشۇۋاتقان چاغدىمۇ كۆزىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى، لېكىن ئېغىزىدىن بىر ئېغىز زۇۋان چىقمىدى، «ۋايجان» لاپمۇ قويمىدى. ئۇ ئاشۇ قىيناشلار ئىچىدە ئۆلۈپ قالسامەن، دەپ ئويلايتتى، ئۆلۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى. «ئاھ خۇدا، جېنىمنى ئالساڭچۇ» دەپ پەرياد ئۇراتتى ئىچىدە. شۇنداقتىمۇ ئۆلمىدى، ئۆلمەي قالغىنىغا هازىرمۇ هەيران بولاتتى.

ئۆلمىگەنىكەن، ھەممىگە كۆنمەي ئامال يوق ئىدى. لېكىن ئۇنى ھەممىدىن بەك نىيازنىڭ بېشىدىن بۇخسۇپ تۇرىدىغان سېسىق پۇراق قىينايتتى. ئۇ ئەمدى ئاشۇ نىيازدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ يەتكەنىدى. ئاخىرى ئۇنى شاپتۇل مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ بېشىغا چىپىشقا، ھەر كۈنى ئىككى ۋاقىت بېشىنى يۇيۇشقا مەجبۇر قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە نىياز ئوبدانلا ياۋاشلاپ قالغانىدى. رابىيە نېمە دېسە قولىدىن كېلىشىچە ئورۇنداشقا تىرىشاتتى. بىرەر-ئىككى ئاي ھەپىلەشكەندىن كېيىن نىياز كەپشە-تۇماقلاردىن قۇتۇلۇپ، مىسۋاش ئارخاتقا ئايلاندى، سېسىق پۇراقلار يوقالدى...

رابىيەنىڭ كېيىن سۆزلەپ يۈرۈشىچە، نىياز ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، نومۇس-ھايانى بىلىدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن. خوتۇنى ۋە بالىسىنى ئاچ قويماي باقالايدىكەن، بىراق بەك بالدۇر كېتىپ قالدى. ئازادە ئۆي-جاي ۋە يېشىغا توشمىغان بالىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. رابىيەنى ئاتا-ئانىسى كۈرەش قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئاشۇ مۇدھىش جاڭگالدىن ياندۇرۇپ چىقىپ، بەك ئۇزاق ياشىمايلا كېتىپ قالدى. نىياز كېتىپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۇللۇق ھاياتىدا رابىيە ئاندىن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلدى. «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن، ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن» دېگەن تەمسىلنى ھەقىقىي چۈشەندى. رابىيە نىيازنىڭ

ھايات چېغىدا كۆزلىرىگە بىر قېتىممۇ تىكىلىپ قاراپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ مىستەك پارقىراپ تۇرىدىغان بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان توم بوينىغا بىر قېتىممۇ گىرە سېلىپ باقمىغانىدى. «تۈتۈنىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. كېيىن تۇل قالغان چاغلىرىدىكى تاڭ ئاتماس ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇ ئاشۇ قىلىقلىرىغا يەتكۈچە پۇشايمان قىلدى. ئەگەر ئاشۇ مەرھۇم تىرىلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ چوقۇم قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان بولاتتى.

رابىيە تۇللۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. ئايال ئۈچۈن ئەر كېرەك ئىكەن. يوقنى تېپىپ بەرگىلى، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قىلغىلى ئەمەس، بىر ياستۇققا باش قويغىلى، قۇچاقلىغىلى، سۆيگىلى، كۈچ كۆرسەتكىلى، ھۇزۇرلاندۇرغىلى ئەر كېرەك ئىكەن. تۈگىمەس ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇ تالاي قېتىم ياستۇق ھۆللەپ يىغلىدى، دەمدەردەك بۇقۇلدىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەرمىكى، كۆڭۈل تەسەللىسى ئوغلى ئىدى. ئوغلىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. ھەممە ئىشى ئوغلى ئۈچۈن ئىدى. پۈتۈن مېھرىنى، قەلبىدىكى بارلىق مۇھەببىتىنى ئوغلىغا بېغىشلىدى. ئوغلىدىن باشقا ھەممە نېمىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ھېلىقى نىيازنىڭ بۇقىدەك ھاسىراپ ھۇزۇرلاندۇرۇشلىرىنىمۇ، كېيىنكى سېغىنىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇزاقتىكى مەكتەپ — «چاھارباغ» نى، ھېلىقى باغدا غېرىب-سەنەم بولۇپ يۈرۈشكەنلىرىنى، ھېلىقى ۋاپاسىز غېرىبىنى بولسا ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئەمدى تىنچ ئۆتىدىغاندەك قىلاتتى. قەلبىدىكى ئوت ئۆچۈپ، نامەلۇم تۈيغۇ، ھايۋانىي ئىنتىلىش غەليان كۆتۈرمەيدىغان، كېچىلىرى كىمنىدۇر سېغىنىپ يىغلىمايدىغان بولغانىدى. ئۇ ياشلىقىنىڭ خازان بولغانلىقىغا، پۇراق چاچماي توزۇپ كەتكەنلىكىگە ئۆرتىنەتتى. لېكىن تەقدىرىگە تەن بەرمەي ئىلاجى يوق ئىدى. ئۇ ئۆز تەقدىرىنىڭ مۇشۇنداق

يارىتىلغانلىقىغا چىنپۇتكەن، ھەممىگە تەن بەرگەن چاغدا ئىش يەنە بۇزۇلدى. سامان تېگىدىكى قوقاس يەنە لاۋۇلداپ ئوت ئالدى. ھېلىقى ئۇزاقتا قالغان، قاچاندۇر بىر چاغدا يوقالغان ۋاپاسىز غېرىپ يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. مۇئەللىم دېگەن ئاتاق بىلەن نەدىندۇر بىر يەردىن كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كەلدى. رابىيە ئۇنى تۇنجى كۆرۈشتىلا تونۇۋالدى. ئارىدىن ئۆتكەن يىگىرمە نەچچە يىل ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرەلمىگەنىدى. غېرىپ كۆپ ئۆزگەرگەن، كۆز بىلەن قاراپ تونۇۋالغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنى رابىيەنىڭ كۆزلىرى ئەمەس يۈرىكى تونۇۋالدى. قەلبىدىكى ئاجايىپ بىر سەزگۈ تونۇۋالدى. كۆزلىرى بولسا ئاشۇ ئۆزگىرىشلەردە ئامان قالغان بەلگىلەرنىلا پەرق ئەتتى ...

كېيىنرەك سۆزلەپ بېرىشىچە، غېرىپمۇ ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋاپتۇ. مەكتەپكە بالا يىغىپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان بىر سادا «قارا، قاپاق يۈدۈپ سۇغا كېتىۋاتقان جۇۋانغا قارا» دېگەندەك بوپتۇ. كۆزلىرى ئۇنىڭغا چۈشكەن ھامان يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىنى يېرىۋېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ كېتىپتۇ ...

بەش كۈنمۇ، ئون كۈنمۇ، ئىشقىلىپ خېلى كۈنلەردىن كېيىن ئاشۇ ۋاپاسىز غېرىپ، نىيازدىن قالغان ئايۋانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، بۇنىڭدىن قىلچە ئەجەبلەنمىگەنلىكى رابىيەنىڭ يادىدا، ئۇلار بىر مىنۇت، ياق، يېرىم مىنۇت، ياق، تولىمۇ قىسقا بىر دەقىقە بىر-بىرىگە تىكىلىپ تۇرۇشتى. باش كۈزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى. ئايۋانغا ئۇۋا سالغان قارلىغاچلار توختىماي ۋىچىرلىشاتتى. لېكىن رابىيە بۇنى ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭغا پەقەت يۈرىكىنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقان ئارغىماقنىڭ تۇياق ئاۋازىدەك دۈپۈرلىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. غېرىپ سەنەمنى باغرىغا باستى، لېۋىگە، مەڭزىگە، كۆزلىرىگە، پېشانىسىگە، چاچلىرىغا،

قۇلاقلىرىغا، بويۇنلىرىغا يېنىش-يېنىشلاپ سۆيدى. قوللىرى بولسا رابىيەنىڭ چاچلىرىنى، دولىسىنى، بېلىنى، پەللەك-ساغرىسىنى سىلايتتى، يەنە يېنىش-يېنىشلاپ سۆيۈپ كېتەتتى. قارلىغاچلار توختىماي ۋىچىرلايتتى. رابىيەنىڭ دېمى كېسىلدى، نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ قالدى، ئۇ ھاسىرايتتى. قۇلاقلىرىغا پەقەت ئۆزىنىڭ ھاسىرىشىلا ئاڭلىناتتى.

رابىيە غېرىپنىڭ پالەچ بولۇپ قالغان ئايالى ۋە باللىرى بارلىقىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەي ئەلياتقۇدا مەخپىي نىكاھ ئوقۇتۇپ «توي» قىلدى. رابىيە «نىكاھ ئوقۇتايلى، ئاندىن كېيىن...» دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە تويدەك توي ئۆتكۈزۈش پۈتۈلمىگەنىكەن. يىراق بىر مەھەللىدىن مەخپىي تەكلىپ قىلىنغان موللا نىكاھ ھەققىنى — ئەللىك سومنى ئېلىپلا كېتىپ قالدى. «توي» غا پەقەت «توي» قىلغۇچى ئىككىيلەنلا قاتناشتى. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئالدىنقى «توي» دا «قىزىل كىتاب» توي سوۋغىتى بولغان بولسا، بۇ قېتىم مەخپىي تەييارلانغان كىيىم ۋە تويلۇق ئۈزۈك تەقدىم قىلىندى، ئوخشاشلا ناغرا-سۇناي چېلىنمىدى، قىزىل كىگىزدە كۆتۈرۈپ ئاتقىمۇ مىندۈرۈلمىدى، لېكىن شېرىن ئاي يەنىلا باشلىنىپ كەتتى. مەكتەپنىڭ بېغى نىيازدىن قالغان باغقا تۇتىشىپ تۇراتتى، شورىدىن ئۆتسىلا بولاتتى. ئۇلار خاھ كېچىسى، خاھ كۈندۈزى ئېپىنى تېپىپ ئۇچرىشىپ تۇرالايتتى. ئايۋاندىن چوكۇلدىغان سۆيۈشۈش ئاۋازلىرى كەتمەيتتى. قارلىغاچلار ۋىچىرلايتتى. رابىيە بەختتىن كۈلەتتى. قىرىق ياشلارغا يېقىنلاشقاندىكى شېرىن ئاي تولىمۇ تاتلىق بولىدىكەن، شېرىنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدىكەن. رابىيەنى بەختتىن قاناتلاندۇرغان، بۇلبۇلدەك سايرىتىپ، بۇلبۇلگويادەك كۈلدۈرگەن ئاشۇ غېرىپ تۇرسۇن مۇئەللىم دېگەنىنىڭ ئۆزى ئىدى.

رابىيە تېخىچە ئەگۈنگە يۆلىنىپ، ئۆرۈك چېچەكلىرىگە

كۆمۈلۈپ ئولتۇراتتى. مېڭىسىدە: «ئۆلۈپتۇ، ئۆلۈپتۇ ...» دېگەن بىرلا چۈشەنچىسىز ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەستىلىك قۇشى خېلى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى «چاھارباغ» قا، ھېلى يېقىنقى يىللاردىكى قارلىغاچ ئۇۋۋا سالغان ئايۋانغا قونۇپ يۈرەتتى. ئۇ تەتۈر پېشانە يارىتىلغانلىقىنى، بەختسىزلىك پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىنى ئويلاپ يىغلاپ تاشلىدى، كۆز ياشلىرى بۇلدۇقلاپ ئاقتى، ئېتىكىدىكى يۇمران چېچەكلەر ھۆل بولدى.

## ئوغلۇم ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ

«ھويت، ھويت، ھويت!»

جىددىي سىگنال چېلىپ، «كۆكقۇم» يېزىسىنىڭ كوچىلىرىدىن چېپىپ ئۆتكەن ساقچى ماشىنىسى «تىكەنباغ» دىكى مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. سىگنال ئاۋازىمۇ، ماشىنا ئۈستىدىكى قىزىل بەلگە چىرىغىنىڭ لاپىلدىشىمۇ ئۆچتى. ساقچىلار خەۋەر بېرىلىپ بىر سائەتكە قالمايلا يېتىپ كېلىشكەنىدى. ئۇلارغا ئادىل مەسئۇل بولۇپ كەلگەنىدى. نېمىشقىدۇر «كۆكقۇم» دا دېلو يۈز بەرسە، ئىدارە باشلىقى دائىم ئادىلنى ئەۋەتەتتى. ساقچىلارنىڭ چىرايى جىددىي ۋە سۈرلۈك ئىدى. پاگون ۋە قاسقان شەپكىسىدىكى كاكار بەلگىلەر قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. مەسچىتنىڭ ئالدىغا بىر توپ ئادەم ئولىشىۋالغان، كۆپىنچىسى مەكتەپكە ماڭغان كىچىك بالىلار ئىدى. قىز ئوقۇغۇچىلار چۇرقىرىشىپ يىغلىشىۋاتاتتى. ساقچىلار بالىلارنى دەرھال مەكتەپكە كېتىشكە بۇيرۇدى. چوڭلار ئارقىسىغا سۈرۈلۈپ يول بېرىشتى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ جەسىتى ئەسلىدىكى ئورنىدا ياتاتتى. سەگۇ تېرەكلەر ئارىسىدىن شوخىغۇپ كىرگەن قۇياش نۇرى جەسەتنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئادىل ساقچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئەتراپنى تەكشۈردى، لېكىن بىرمۇ

ئىزنى پەرق ئېتەلمىدى. ئېرىقنىڭ بۇ تەرىپى يول بولغاچقا، ئىزلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئادىل ئەخمەت ئاخۇن سېكرىتارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول ئېلىشتى:

— جەسەتنى بىرەر ئۆيگە يۆتكەپ كىرسەك، قانۇن دوختۇرى ئاشۇ يەردە تەكشۈرۈپ كۆرسە ئوبدان بولاتتى...

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى.

ئەخمەت ئاخۇن سېكرىتار كىمنىدۇر مەسچىت ھۇجرىسىنى ئېچىشقا، مېيىت يۇغاندا ئىشلىتىلىدىغان تەڭنىلىك چاجۇپنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇدى. يەنە كىملەرنىدۇر سۇ ئەكېلىشكە ئەۋەتتى. جەسەت ھايالشىمايلا مەسچىت ھۇجرىسىغا يۆتكەپ كىرىلدى. قانۇن دوختۇرى ئىشقا كىرىشتى. ئۇ، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ يۇز-كۆز، ئۇستۋاشلىرىدىكى لاي-لاتقىلارنى تازىلىدى، ھەممە يېرىنى سىنچىلاپ تەكشۈردى، پۇت-قوللىرىنى، قوۋۇرغىلىرىنى، بويۇن-باشلىرىنى بىر-بىرلەپ تۇتۇپ باقتى، قويۇق قارا چاچلىرىنى قايرىپ، چاچلار ئارىسىغا تىكىلىپ قارىدى. سومكىسىدىن ئاللىقانداق بىر بوتۇلكىغا ئوخشايدىغان نەرسىنى ئېلىپ تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئاغزىغا تۇتتى ۋە بىر قولى بىلەن تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ كوكرىكىنى ئۇزۇنغىچە، قايتا-قايتىلاپ باستى. B بوتۇلكىدا چۈشىنىكسىز ئىشكالا ۋە سىفىرلار بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ سىفىرلارغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بوتۇلكىنى قويۇپ يەنە تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ چاچلىرىنى قايرىپ بېشىغا قاراپ كەتتى.

بۇ چاغدا سىرتتىمۇ تەكشۈرۈش ۋە سۈرۈشتۈرۈش باشلىنىپ كەتكەنىدى. ئادىل تۇرسۇن مۇئەللىمنى تۈنۈگۈن، ياق، كېچىدىن ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ئادەمنى سۈرۈشتۈرۈۋاتاتتى. كۆپ ئاۋارىچىلىك بولمىدى. تۈنۈگۈن تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن يېزا بازىرىغا بارغان، ئاشخانىدا بىللە تاماق يېگەن ئىككى مۇئەللىم

تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، باشقا مەكتەپلەردىن بازارغا كەلگەن ئاغىنىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ بەش كىشى بىللە تاماق يەپتۇ. كۆڭۈل خوشى تۇتۇپ كېتىشىپ، بىر بوتۇلكا هاراق ئىچىشىپتۇ. لېكىن مەست بولۇشماپتۇ، ۋېلسىپىتلىرىگە بىمالال مىنىشىپ بىللە قايتىپ چىقىشىپتۇ. تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ، ئۇلارمۇ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشىپتۇ ...

قانۇن دوختۇرى چىقىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى مەلۇم قىلدى.

— بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا — چوققىسىدا يارا ئىزى بار ئىكەن. بىر سانتىمېتىردىن چوڭراق يېرىلىپتۇ. ئازراق قان ئېقىپ توختاپ قاپتۇ.

— ئۇ ئاخشام هاراق ئىچكەنىكەن، سەزدىڭىزمۇ؟

— سەزدىم. تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ئىسپىرت مىقدارى بەك تۆۋەن، ئۆلۈمگە سەۋەب بولالمايدۇ.

— يارىسىچۇ، بېشىدىكى يارا ....

— تاياق ياكى تاشنەك گال بىر نەرسە بېشىغا قاتتىق ئۇرۇلغان بولسا كېرەك. ئەگەر شۇ زەربە تۈپەيلى مېڭە قان تومۇرلىرى يېرىلغان بولسا، ئۆلۈم كېلىپ چىقىدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇ ئېھتىمال چوڭ ...

— نېمىشقا ئېھتىمال دەيسىز؟ ئېنىق بىر نەرسە دېمەمسىز؟

— مېڭىسىنى يېرىپ تەكشۈرمەي تۇرۇپ، مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ يېرىلغان-يېرىلمىغانلىقىغا هۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

— ئەمىسە يېرىپ تەكشۈرمەمسىز؟

— ئالدى بىلەن يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك.

ئادىل ئويلىنىپ قالدى. دېلو چىگىش ئىدى. ئۆلگۈچىنىڭ بېشىدىكى يارا مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. «بىرەر

كىم قاتىللىق قىلدىمىكىن؟» دېگەن گۇماننى قوزغاپ تۇراتتى.
باشقا تاسادىپىي ھادىسىلەر تۇپەيلى پەيدا بولغان يارا بولۇشىمۇ
مۇمكىن ئىدى. ئەگەر بىرەرى قاتىللىق قىلغان بولسا، قاتىل
كىم؟ ئۇ تۇرسۇن مۇئەللىمنى قاچان ۋە قەيەردە ئۇردى؟ سەۋەبى
نېمە؟ ھاراق سورۇنىدا، قايتىش يولىدا ئۇرۇشقانمىدۇ-يا؟
قىرنقتىن ھالقىغان ئادەملەر كىچىك بالىلاردەك ئۇرۇشۇپ
يۈرەرمۇ؟ يولدا ۋېلىسىپىتتىن يىقىلغانمىدۇ-يە؟ ...

ھېلىقى ئىككى مۇئەللىم يەنە ئايرىم-ئايرىم سوراق قىلىندى.
نەتىجىسى ئوخشاشلا بولدى. ئۇلار ھاراق سورۇنىدىمۇ، يولدىمۇ
ئۇرۇشماپتۇ، ھەتتا ئۇنلۇكىرەك گەپلىشىپمۇ قالماپتۇ، بىر-بىرىنى
بەك ھۆرمەت قىلىشىدىكەن. سوقۇشۇشتىن قانداقمۇ ئېغىز
ئاچقىلى بولسۇن؟ ئۇلار مەكتەپكە يېنىپ چىققاندا كېچە سائەت ئون
بىردىن ئاشقانىكەن. بىر-بىرى بىلەن چىرايلىق خوشلىشىپتۇ.
ئۆيلىرى مەكتەپ قورۇسىدا-بىر قاتاردا ئىكەن. تۇرسۇن
مۇئەللىمنىڭ قولىنى تىقىپ، ئەگۈننىڭ ئىچىدىن ئېتىپ قويۇلغان
ئىشىكنى ئاچقانلىقىنى، ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ كىرىپ
كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈشۈپتۇ ...

ھەر ئىككى مۇئەللىمنىڭ گەپلىرى خۇددى بىر ئېغىزدىن
چىققاندەكلا ئوخشايتتى. ئىككىسىنى ئالدىن كېلىشىۋالغان،
تىلىنى بىر قىلىۋالغان دەپ گۇمان قىلىشقا بولاتتى. لېكىن ئادىل
ئۇلارنى ئەيىبلەشكە ئاساس يوقلۇقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. ئۆيگە
ساپمۇ ساق كىرىپ كەتكەن ئادەم قانداقچىسىغا مەسچىتنىڭ يېنىغا
كېلىپ ئۆلۈپ قالدى؟ قاتىللىق ئۆز ئۆيىدە يۈز بەردىمۇ-يە؟ ئۇنى
بالا-چاقىلىرى ئۆلتۈرۈپ مەسچىت يېنىغا ئەكېلىپ
تاشلىۋەتتىمۇ-يە؟ ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە ئۆيدە باشقا بىر كىم
بارمىدى-يە؟

ئادىل ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار ۋە باشقا مۇئەللىملەر بىلەن
سۆزلىشىپ، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئايالىنىڭ پالەچ ئىكەنلىكىنى،

ئۆزۈندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ ياتىدىغانلىقىنى بىلدى. چوڭ پەرزەنتلىرىنىڭ شەھەردە-مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۆيدىكىلىرىنىڭ تېخى نارەسىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئاشۇ سېسىپ ياتقان ئائىلىنىڭ يېنىدا باشقا بىر ئەرنىڭ — ئۈچىنچى شەخسنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. نامرات ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىشىنى تېخىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئازراق ئەقلى بار، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ قانداق ئۆيلەردە بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايدىغان ئوغرى بۇنداق ئۆيلەرگە كىرىپ يۈرمەيتتى.

دېمەك، ئۆيدە ئېلىشىش بولغانلىقىنى، بېشىغا تەگكەن زەربىنىڭ ئۆز ئۆيىدە بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولاتتى. ھېلىقى ئىككى مۇئەللىم: «تۇرسۇن ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن» دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەگەر دېلو مەسچىتنىڭ يېنىدا، جەسەت ياتقان يەردە يۈز بەرگەن دېيىلسە، ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن ئادەم قانداق بولۇپ مەسچىتنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى؟ نېمە ئىش ۋە كىم ئۇنى مەسچىتنىڭ يېنىغا ئەكەلدى؟

ئادىلنىڭ مېڭىسىگە بىر يورۇقلۇق ۋاللىدە نۇر چۈشۈرۈپ ئۆتتى. تۇرسۇن پەقەت ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەن، ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن كىرمىگەن. ئىككى ھەمراھىدا «ئۆيىگە كىرىپ كەتتى» دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈنلا ھويلىدا بىر ئاز ساقلاپ تۇرغان ... زادى ئۆيىگە كىردىمۇ-كىرمىدىمۇ؟ بۇنى ھازىرلا ئېنىقلاشقا بولاتتى. بېرىپ ئائىلىدىن سوراپ باقسىلا بولاتتى. مۇئەللىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى تېخى ئائىلىگە، بالىلىرىغا ئۇقتۇرۇلمىغانىدى. ئادىل ئۆزىنىڭ بېرىشىنى ئەپسىز كۆردى. باشقا ساقچىلارنى ئەۋەتسىمۇ ئەپسىز بولاتتى. ئادىل مۇئەللىملەردىن بىرىنى ئەۋەتىپ، تۇرسۇننىڭ ئاخشام ئۆيىگە كىرگەن-كىرمىگەنلىكىنى، ئۆيدە قونغان-قونمىغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىش كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئۇنىڭچە، قاتىللىق يۈز بەرگەن مەيدان بېكىتىلسە، باشقا ئىشلارنى ئېنىقلاشقا ئاسان بولاتتى. تونىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇۋالسىلا يېڭىنى، پەشلىرىنى سىلاشتۇرۇپ تاپقىلى بولاتتى. ئۇ، تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە كىمنى ئەۋەتىشنى ئويلاۋاتقاندا، ئېگىز، ئورۇق بىر ئايال توپلىشىۋالغان ئادەملەرنى ئىتتىرىپ-سۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئايال ھاسىرايتتى، خۇددى مارافونغا يۈگۈرۈپ كەلگەن تەنھەرىكەتچىدەك ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ: «دوكلات!» دەپ راپورت بەرمىدى، قولىنى چېكىسىگىمۇ كۆتۈرمىدى، لېكىن ئادىلنىڭ ئالدىدا توختاپلا ھاسىرىغان پېتى سۆزلەپ كەتتى:

— غېنى ئۆلتۈرۈپتۇ، غېنى ئۆلتۈرۈپتۇ ...

ئايالنىڭ ئاۋازى ۋارقىرىغاندەك ئۈنلۈك چىقتى. ئادىل چۆچۈپ كەتتى:

— نېمە دېدىڭىز؟ كىم كىمنى ئۆلتۈرۈپتۇ؟

— رابىيەخان شۇنداق دېدى. تۇرسۇن مۇئەللىمنى غېنى ئۆلتۈرۈپتۇ ...

— غېنى دېگەن كىم؟

— مەن ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم ...

— غېنى شۇنداق دېدىمۇ؟

— رابىيەخان ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى. خۇدا گۇۋاھ، ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق دېدى. مەن ھازىرلا شۇ يەردىن كەلدىم ...

ئايال ھاسىرايتتى، دۇدۇقلايتتى، نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى. ئادىل ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تۈزۈكرەك ئۇقالمىدى. پەقەت ئۇنىڭ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەر ئەكەلگەنلىكىنىلا ھېس قىلدى. ئۇ، ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتارنىڭ ياردىمىدە، ئۇنىڭمۇ بىر ھازا چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىنلا ئاندىن كەنتتە رابىيەخان دېگەن ئايالنىڭ بارلىقىنى، غېنى دېگەننىڭ رابىيەخاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، مۇنۇ خەۋەر يەتكۈزگۈچى

ھېيۋىخاننىڭ تۇرسۇن مۇئەللىمنى غېنىي ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ھېيۋىخان بۇ گەپنى غېنىنىڭ ئانىسى رابىيەخاندىن ئاڭلىغانىمىش، رابىيەخان شۇنداق دېگەنىمىش ...

ئادىلنىڭ دىققىتى بىردىنلا رابىيەخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى غېنىغا مەركەزلەشتى. تۇتۇق دېلو بىردىنلا ئايدىڭلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. غېنىنى تۇتسىلا ئىش تۈگەيدىغاندەك تەسىرات پەيدا بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەيران ئىدى. مۇنۇ ھېيۋىخاننىڭ يىپ ئۇچى مەلۇم قىلغانلىقىغا ھەيران بولمىدى. ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار بولغان، خەلققە تاپانسىلا خەلق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇنىڭ ھەيران بولۇۋاتقىنى، ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆز ئوغلىنى پاش قىلغانلىقى ئىدى.

ساقچىلار مەسچىتكە يېقىنلا يەردىكى رابىيەخاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى. رابىخان تېخىچە ئەگۈنگە يۆلىنىپ، ئاپئاق ئۆرۈك چېچەكلىرىگە كۆمۈلۈپ ئولتۇراتتى، چىگىش خىيال ۋە ئەسلىمىلەرنىڭ يەلپۈشىدە ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ نادامەت ۋە شادلىقلىرى ئۈستىدە ئۈچۈپ يۈرەتتى. ساقچىلار ئىشىكنى قاققاندىلا ئۆزىگە كەلدى. قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغان كاكارلىق قاسقان شەپكىلەرنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى، چىرايى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتتى، پۇت-قوللىرى دىرىلدەيتتى.

— سىز رابىيەخان بولامسىز؟

رابىيەخان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاراپ تۇراتتى، جاۋاب بېرىشنىمۇ، بەرمەسلىكنىمۇ بىلمەيتتى. ئادىل ئۇنىڭ ئاھۇنىڭكىدەك چۆچۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قالغانىدى، قەلبىدە سىرلىق بىر تۇيغۇ دولقۇنلاپ كەتتى ...

ئەخمەت ئاخۇن سېكرېتار رابىيەخانغا چۈشەندۈردى:

— سىزدىن سوراۋاتىدۇ ...

— ھەئە، — رابىيەخان ئاۋازىنىڭ ئۇزاقتىن، تولىمۇ چوڭقۇر

بىر يەردىن چىققانلىقىنى ھېس قىلدى.
— ئوغلىڭىز غېنى ئۆيدە بارمۇ؟
— يوق.
— نەگە كەتتى؟
— ئۇ بازاردا سەيپۇڭچىلىق قىلىدۇ، شۇ يەرگە كەتكەن ...
— مۇنۇ شەپكە كىمنىڭ؟
بۇ سوئال باشقا بىر ساقچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ۋە كۆپچىلىككە قارىتىپ ئېيتىلغانىدى. ئادىل رابىيەخان بىلەن سۆزلىشىۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭ سەپدىشى ئەگۈننىڭ ئىشكىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە، ئاپئاق ئۆرۈك چېچەكلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقان كەرەشنىۋاي رەڭلىك شەپكىنى بايقىغانىدى. ئۇ، شەپكىنى پۇلاڭلىتىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى. كۆپچىلىك شەپكىگە تىكىلدى. جا سارجىدىن تىكىلگەن كەپكە تېخى يېڭى ئىدى. ئۇزاق كىيىلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار كەپكىنى دەرھال تونۇدى:
— تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ شەپكىسى. تۇنۇگۈن بېشىدا ئاشۇ شەپكە بار ئىدى ...
— راست، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ شەپكىسى، — ئەخمەت ئاخۇن سىكرىتارمۇ تەستىقلىدى.
تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ شەپكىسى قانداق بولۇپ رابىيەخاننىڭ ھويلىسىغا كېلىپ قالدى؟ ھەممە ھەيران ئىدى. كىشىلەر نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ پىچىرلىشاتتى. ئادىل ھېيۇنخاننىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنەر-ئىشەنمەيلا بۇياققا كەلگەنىدى، ئەمدى كۆڭلىدىكى گۇمان تۇگىدى. شەپكىنىڭ مۇشۇ ھويلىدىن تېپىلغانلىقى ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ مۇشۇ ھويلا بىلەن، بولۇپمۇ غېنى بىلەن باغلىنىشى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. ھېچبولمىغاندىمۇ مۇشۇ ئېھتىماللىقنى چەتكە قاققىلى بولمايتتى. ئادىل ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان رابىيەخانغا قارىتىپ سوئاللارنى

ياغدۇر ۋۇەتتى:

— سىز تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ......

— تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ شەپكىسى قانداق بولۇپ سىزنىڭ ھويلىڭىزغا كېلىپ قالدى؟

— ......

— سىز ئوغلىڭىزنى تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈمىدە جاۋابكارلىقى بار، دەپ قارامسىز؟

— ......

رابىيەخان ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى، گاچىدەك زۇۋان سۇرمەيتتى. ئادىل ئاخىرقى سوئالنى يەنە تەكرارلىدى.

— ياق، — رابىيەخان تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى. ئاۋاز ۋارقىرىغاندەك چىقىپ كەتتى، — مېنىڭ ئوغلۇم ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ ...

— سىز ھېلى ھېيۋىخانغا شۇنداق دەپتىكەنسىزغۇ؟

— ھېيۋىخانغا؟

— ھەئە، ھېيۋىخان سىزنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىڭىزنى بىزگە مەلۇم قىلدى.

— ياق، مەن ئۇنداق دېمىدىم.

— دېدى، ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن. مۇشۇ يەردە دې-گەن ... ، — توپ ئىچىدىكى ھېيۋىخان شاقىلداپ كەتتى. ئۇ ھەدەپ ئۆز سۆزىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇناتتى، — خۇدا گۇۋاھ، ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى ...

— ياق، مەن ئۇنداق دېمىدىم، — رابىيەخاننىڭ ئاۋازى سالماقلىشىپ قالغان، بەدىنىدىكى تىترەكلەر توختىغان، ئۇ، ئوغلىنىڭ مۇشۇ دېلوغا چېتىلىپ قېلىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان چۈشەنگەنىدى، خۇددى چۈجىسىنى

قوغداشقا ئاتلانغان مېكىياندەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى. ھېيۋىخان شاق-شاقنىڭ پاش قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلدى، — مەن ئۇنداق دېمىدىم. ھېيۋىخانىنمۇ كۆرمىدىم ...

— يالغانچى، قىپقىزىل يالغانچى ... ھوي رابىيەخان، ھېلىلا مۇشۇ يەردە ئۆزلىرى دېدىلىغۇ، ئەمدى تېنىۋالماقچىمۇ؟ ئاخىرەتتە يۈزلىرى قارا قوپار، ئىلاھىم. توۋا خۇدايىم، ماۋۇ خوتۇننىڭ يالغانچىلىقىنى ...

— يالغانچى دېگەن ئۆزلىرى، ھەممە ئادەم بىلىدۇ سىلىنى ...

ئەمدى ئىككى خوتۇن جېدەللىشىشكە چۈشكەن، ھېيۋىخان شاق-شاقنىڭ ئاۋازى چاڭىلدايتتى. رابىيەخاننىڭ ئاۋازى پەس، لېكىن قەتئىي ئىدى. كىمنىڭ راست، كىمنىڭ يالغانلىقىنى ئايرىغىلى بولمايتتى. رابىيەخان ئۆزىنىڭ يالغان سۆزلىمىگەنلىكىگە ئىشىنەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئەتىگەن — بۇنىڭدىن بىرەر سائەتچە بۇرۇن — ھېيۋىخان شاق-شاقنىڭ ئالدىدا ئاغزىدىن چىققان سۆز ئۇنىڭ يادىدا يوق ئىدى. ھەتتا ئاشۇ چاغدا ئاغزىدىن ئاشۇنداق سۆزنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىغانىدى. شۇڭا، ئۆز سۆزىنىڭ يالغان ئەمەسلىكىگە ئىشىنەتتى ...

ئادىلغا ئىككى خوتۇننى ئايرىشقا، ئۇلارنىڭ چاڭىلداق ئاۋازىنى بېسىشقا توغرا كەلدى..

— بولدى قىلىڭلار، تالاشماڭلار، بولدى قىلىڭلار دەيمەن ...

بىر ھازا تىرىشچانلىقتىن كېيىن ئىككى خوتۇننىڭ ئاۋازى ئۆچتى. ئەتراپنى جىمجىت-سۈكۈنات باستى. كىشىلەر ئىككى خوتۇننىڭ قايسىسىنىڭ سۆزى راست، قايسىسىنىڭ يالغانلىقى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى قاتىل ھەققىدە ئويلىشىۋاتاتتى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ مۇشۇ ھويلىدىن تېپىلغان شەپكىسى ساقچىلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە ئىدى.

ئادىل رابىيەخاننىڭ ھويلىسىنى، بېغىنى تەكشۈرۈپ باقتى.

بۇ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئىز تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممە يەرنى كېچىدىن بېرى تۆكۈلگەن ئاپئاق، قىزغۇچ، ھال رەڭ چېچەكلەر كۆمۈۋەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ رابىيەخاننىڭ بېغى بىلەن مەكتەپنىڭ بېغىنى ئايرىپ تۇرىدىغان چىتەندىكى شورىغا دىققەت قىلدى. بۇ شورىنى مېۋە ئوغرىلايدىغان بالىلار ئاچقانمۇ ياكى مال-ۋاران ئاچقانمۇ، نامەلۇم ئىدى. ئادىل ئاشۇ شورىنىڭ يېنىدا خېلى ھايال بولدى. چېچەكلەرنى بىر-بىرلەپ ئېلىپ، ئىز-پىز تېپىشقا ئۇرۇندى. لېكىن بۇ ئىشلىرى بىھۇدە بولۇپ چىقتى. لېكىن شورا ...

ئادىلنىڭ دىققەت مەركىزىدە يەنىلا ئاشۇ شەپكە تۇراتتى. لېكىن تېخى قاتىللىق مەيدانى، قاتىللىق قورالى، قاتىللىق سەۋەبى تۇتۇق ئىدى. بۇلار ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە خىلمۇ خىل پىكىر، گۇمان، پەرەز ۋە ئېھتىماللىقلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئادىل رابىيەخاندىن يەنە بىرنەچچە سوئال سورىدى. ئۇنىڭ قىرىق ياشتىن ھالقىغاندىمۇ گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان چىرايىغا، چولپان كۆزلىرىگە، تولغان بەستىگە قاراپ تۇرۇپ، ئاشۇ شەپكىنىڭ نېمىشقا مۇشۇ ھويلىدا چۈشۈپ قالغانلىقىنى غۇۋا قىياس قىلدى. ئۆزىنى تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئورنىغا قويۇپ پەرەز قىلىپ باقتى، چېھرىگە بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بۇ يېزا گۈزىلىنىڭ قاشتېشى ھەيكەلدەك سۇمباتىدىن ئارتۇق ھۇزۇرلىنىشقا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.

— ئوغلىڭىز كېچىدىن ئۆيدىمىتى؟

رابىيەخان بىرئاز تۇرۇپ قالدى. ئۇ، نېمىگىدۇر ئارىسالدى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاخىرى ئاستا جاۋاب بەردى.

— ھەئە.

— ئۇ، بازارغا قاچان قايتىپ كەتتى؟

— ئەتىگەندە كەتتى. بۈگۈن ئەتىگەندە، — رابىيەخان بېشىنى

كۆتۈرۈپ ساقچىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ، ئاشۇ چىرايلاردىن نېمىنىدۇر تېپىۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى، — سىز مېنىڭ ئوغلۇمدىن گۇمان قىلىۋاتامسىز؟ خۇدا ھەققى ماڭا ئىشىنىڭ، ئوغلۇم ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ، ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۇ، قويدەك ياۋاش، سوقىچى قوزىدەك مۇلايىم بالا ... ئۇ قانداقمۇ قاتىللىق قىلالىسۇن؟! ماڭا ئىشىنىڭ، خۇدا ھەققى ...

## قارلىغاچلار ۋىچىرلايدۇ

بازاردىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىغا: «تۇرسۇن مۇئەللىم ئۆلۈپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، غېنى ھاڭ-تاڭ قالدى، زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئادەمنىڭ جېنى دېگەن شۇنچىۋالا ئاجىز بولامدۇ؟ سۇپۇرگە بىلەن ئۇرغانغا ئۆلۈپ قالىدىغان قۇشقاچمىتى ئۇ؟ دەپ ئويلىدى. كۆڭلىگە ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈپ قويدۇممىكىنە، دېگەن خىيال كەلگەندە قورقۇپ كەتتى، لېكىن قەلبىدە، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا قانائەت ۋە رازىمەنلىككە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر تۇيغۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدى. قەلبى: «ئاشۇ نومۇسسىز ‹ئەبلەخ› ئۆلۈپتۇ، ئۆلگىنى خوپ بوپتۇ...» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. غېنى ئۇزاقتىن بېرى ئاشۇ ئەبلەخنىڭ ئۆلۈشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. لېكىن ئەمدى مانا ئاشۇ ئەبلەخنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە ئۇ ھاڭ-تاڭ قالدى.

غېنىنىڭ قەلبىدە تۇرسۇن مۇئەللىمگە — ئۆزىنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇتقان ئاشۇ مۇئەللىمگە نىسبەتەن كۈچلۈك نەپرەت بار ئىدى. ھەممە ئادەم مۇئەللىمنى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقان، ئاغزىغا تۇنجى ئىلىم سالغان

مۇئەللىمنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن غېنى تۇرسۇن مۇئەللىمنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرەتتى. پەقەت بىرلا ئاشۇ مۇئەللىمگە ئۆچ ئىدى. ئاشۇ نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك يەتتە-سەككىز يىلدىن بېرى ئۇنى كېچە-كۈندۈز قىيناپ كەلدى. نەپرەت ئۇلغىيىپ غەزەپ گۈلخېنى بولۇپ ياناتتى، بەزىدە تۇرۇپ-تۇرۇپ پەسىيىپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى، لېكىن ئاشۇ «ئەبلەخ» نىڭ يېڭى-يېڭى نومۇسسىزلىقلىرىنى سەزگەن ھامان يەنە ئۇلغىياتتى. يېشى چوڭايغانسېرى، جاھاننى چۈشەنگەنسېرى، ئىززەت-ئابرۇي تۇيغۇسى كۈچەيگەنسېرى يەنىمۇ بەكرەك ئۇلغىيىپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ مۇئەللىمنى «ئەبلەخ» دەپ ئېسىگە ئالاتتى. ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنىڭدىنمۇ سەترەك سۆز بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم تۇرسۇن مۇئەللىمنى ئاشۇ سۆز بىلەن سۈپەتلىگەن، ئاشۇ سۆز بىلەن ئاتىغان بولاتتى. ئۇنىڭچە، تۇرسۇن مۇئەللىم كەم-كۈتىسىز «ئەبلەخ» ئىدى. غېنىنىڭ ئاشۇ «ئەبلەخ» نى زادىلا ئۇچراتقۇسى، كۆرگۈسى، ئېسىگە ئالغۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك بىزار ئىدى. لېكىن ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئاشۇ «ئەبلەخ» پات-پات يادىغا كېلىۋالاتتى. پۈتۈن نومۇسسىزلىقلىرى بىلەن كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا غېنى نومۇس ۋە ئىزادىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالاتتى، چىشلىرى كىرىشىپ غىچىرلاپ كېتەتتى. ئاشۇ بىھايا ئەسلىمىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دەرھال بىرەر جىددىي ئىشقا تۇتۇش قىلاتتى ياكى سەيپۇڭخانىدىكى باشقا شاگىرتلارغا قاراپ مەنىسىز پاراڭدىن بىرنى باشلايتتى. ئاشۇ ئىش ياكى پاراڭ ئارقىلىق ھېلىقى «ئەبلەخ» نىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان بەتبەشىرە سىيماسىنى، نومۇسسىز-بىھايا قىلىقلىرىنى قوغلاشقا ئۇرۇناتتى ۋە قوغلىۋېتەتتى.

مانا ھازىر ئاشۇ «ئەبلەخ» نىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىلەن ئۇنىڭ بەتبەشىرە، نومۇسسىز سىيماسى يەنە كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى، خۇددى فوتو سۈرەتتەك ئايان بولدى. غېنىنىڭ

كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلدى، يۈزىنىڭ قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، قەلبىنى نەپرەت ئۆرتەيتتى. ئۇ بېشىنى سىلكىپ ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىدىن يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئاشۇ نومۇسسىز سۈرەت خۇددى كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالغان جىن-شاياتۇندەك قانچە قىلسىمۇ يىراق كەتمەيتتى. قاياققا قارىسا شۇ ياقتا پەيدا بولاتتى، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغىنىمۇ بىكار كەتتى، كۆزلىرىنى يۇمسىمۇ، ئاچسىمۇ ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غېنى ئالدىدىكى—قولىدىكى كىيىمگە، كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ توختاۋسىز يۇقىرى-تۆۋەن سەكرەۋاتقان يىڭنىسىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئاشۇ نومۇسسىز سۈرەتمۇ ئاشۇ يەردە ئىدى. ماشىنا توختاۋسىز جاقىلدايتتى، پۈتى تەپكىنى توختاۋسىز تېپەتتى. ئاشۇ بىر قۇرنى قايتا-قايتا، ئۈستى-ئۈستىلەپ تىكىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئاشۇ يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان نومۇسسىز سۈرەتكە يىڭنە ئۆتكەندەك ئەمەس ئىدى. ئەگەر يىڭنە ئۆتكەن بولسا، ئۇ ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن، قايتا-قايتا سانجىلغان سىزىقتىن كېسىلىپ-ئاجراپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن سۈرەت تېخىچە پۈتۈن ئىدى. ئۇنىڭدا ھېلىقى نومۇسسىز ئەبلەخنىڭ يالىڭاچ، ئىشتانسىز كاسىسى، پەللىكى، قوڭى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ...

خېلى يىللار ئىلگىرى، باھارنىڭ ئىللىق، گۈزەل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە غېنى ئۆگزىدە، شىپاڭنىڭ كۈنگۈرىسىدىن ئايۋان ئىچىگە قاراپ ياتاتتى. كۈنگۈرە شادىلىرى ئارىسىدىن ئايۋان ئىچى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن غېنىنىڭ كۆزلىرى ئايۋان ئىچىگە ئەمەس، ئىككى بالا ئارىسىدىكى لىم ئۈستىگە ئۇۋا سالغان قارلىغاچلارغا تىكىلگەنىدى. غېنى ئۈستىگە شاخ-سۈپۈرگىلەرنى ئارتىپ ئەپچىل نىقابلىنىۋالغان بولغاچقا، قارلىغاچلار سەزمەيتتى. غېنى بولسا قارلىغاچلارنىڭ لاي-سېغىزدىن ياسىغان چىرايلىق ئۇۋىسىنى، چاڭگىسىنى، يېڭىلا تۇغقان بىر تال تۇخۇمىنى كۆرۈپ

ياتاتتى. شوخلۇق بىلەن ۋىچىرلاشلىرىغا قۇلاق سالاتتى. بىر-بىرىگە دان يېگۈزۈۋاتقاندەك تۇمشۇقلىرىنى يېقىشىشلىرىنى، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ-پالاقشىتىپ، ئاللىبىر ھەرىكەتلەرنى قىلىشىنى كۆرۈپ تۇراتتى. قارلىغاچلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ھېلىدىن-ھېلىغا تەكرارلىنىپ تۇراتتى. ئالدىنقى كۈنى قوشنىسىنىڭ ئوغلى: «قارلىغاچلار ئۇۋا قىزىتىۋېتىپتۇ...» دېگەنىدى. بۈگۈن غېنى قارلىغاچلارنىڭ ئۇۋىسىنى قانداق قىزىتىدىغانلىقىنى، قانداق تۇخۇملايدىغانلىقىنى كۆرمەكچىدى ...

تۇرسۇن مۇئەللىم ئايۋانغا كىرىپ كەلگەندە، غېنىنىڭ كۆزلىرى قارلىغاچلارنىڭ ئۇۋىسىدىن يۆتكىلىپ ئۆزىنىڭ سىنىپ مۇدىرىغا تىكىلدى. ئۇ مۇئەللىمنى «ئائىلە سۆھبىتى» ئۆتكۈزگىلى كەپتۇ، دەپ پەرەز قىلدى ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ قەلبىنى مۇئەللىمنىڭ ئۆزى توغرىسىدا نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى چۇلغىۋالدى. ئۇ ئايۋاندىكى ھەربىر ئاۋازغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. ئۇ شۇ تاپتا قارلىغاچلارنىڭ بىردەم ۋىچىرلاشماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئانا مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— غېنى ئۆيدە بارمۇ؟

— يوق، ئوينىغىلى چىقىپ كەتكەن.

— يالغۇز قاپسەن-دە يەنە ...

— ساقلا-ساقلا كۆزلىرىم تېشىلەي دېدى.

— سېغىندىڭمۇ؟

— شۇنچىۋالا ئۇزۇن يوقلىپ كېتەمسىز؟

— پەقەت پۇرسەت بولمىدى، ئەمما بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇمىدىم ...

ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدۇ؟ «ئائىلە سۆھبىتى» دېگەن مۇشۇنداقمىكىنە؟ غېنى ھاڭ-تاڭ ئىدى.

تۇرسۇن مۇئەللىم رابىيەنى قۇچاقلىدى، كۆزلىرىگە يېنىش-يېنىشلاپ سۆيدى. ئۇ رابىيەنىڭ ھېلى ئوڭ كۆزىگە، ھېلى سول كۆزىگە سۆيەتتى.

— ئاھ رابىيە، سېنىڭ مۇشۇ كۆزلىرىڭ ...

تۇرسۇن مۇئەللىم رابىيەدىن ئاجراپ، ئايۋاننىڭ ئىشىكىنى ياپتى ۋە دەم بىلەن تاقاپ قويدى.

— ۋاي ئەسكى، كۈپكۈندۈز تۇرسا ...

— كۈندۈز بولسا نېمە بوپتۇ. تەقەززا قىلمىغىنا ...

— خىجىل بولىمەن، ۋىييەي ...

تۇرسۇن مۇئەللىم رابىيەنى دەس كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئالدى. ئايۋاننىڭ سەھنىسىگە—پالتۇكقا قويۇلغان كارىۋاتنىڭ قىرغىقىغا ئاۋايلاپقىنە ياتقۇزدى. تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئىشتىنى تىزلىرىغىچە سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كاسىسى، پەللىكى، قوڭى ئېچىلىپ قالدى. رابىيەنىڭ يالىڭاچ ۋە چىرايلىق پۇتلىرى ئاشۇ يالىڭاچ پەللەكلەرگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بوش ۋە تاتلىققىنە ئىڭرايتتى. ئىككى تەندىن ئاجرىغان ھاياجانلىق ھاسىراش قوشۇلۇپ باراتتى ...

خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن غېنى ئاشۇ كۈنكى «ئائىلە سۆھبىتى» نىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، چۈشەندىيۇ يۈزلىرىگە لاۋۇلداپ ئوت كەتتى، نومۇس-ئىزادىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇ كېيىنكى تالاي كېچىلەردە ئۆزىنى پات-پات ئويغىتىۋېتىپ تۇرغان ئىڭراش ۋە ھاسىراشلارنىمۇ، كارىۋاتنىڭ غىچىرلىشىنىمۇ چۈشەندى. غېنى ئويغىنىپ كەتكەن چاغلىرىدا، تومۇز ئىسسىقتا ساپان سۆرىگەن بۇقىدەك ھاسىراۋاتقان كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئالىلقاندىق بىر مەخپىي ئىشنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىيۇ، لېكىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، چۈشەنمەيتتى، ئەمدى چۈشىنىۋىدى، يۈزلىرىگە لاۋۇلداپ ئوت كەتتى، نومۇستىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى ...

ئاشۇ چۇشەنگەن كۈندىن باشلاپ تۇرسۇن مۇئەللىم غېنىنىڭ نەزىرىدە «ئەبلەخ» كە ئايلاندى. ئانىسىمۇ «ئەبلەخ» كە ئايلاندى. غېنىنىڭ قەلبىگە نەپرەت تولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشۇ «ئەبلەخ» كە بولغان نەپرەتمۇ، ئانىسىغا بولغان نەپرەتمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى چىدىغۇسىز بىر خىل ئازاب ئۆرتەپ تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ نەپرەت ۋە ئازاب ئىچىدە، شوخ-ئەركە بالىدىن جىمغۇر، كەم سۆز، چېھرىدە بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرىدىغان غەمكىن يىگىتكە ئايلاندى. ئانىسىنىڭ چىرايىغا زادىلا قارىمايتتى، قاراشتىن نومۇس قىلاتتى. ھېلىقى «ئەبلەخ» نى بولسا كۆرەر كۆزى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ نومۇسسىز چىرايىغا تۈكۈرگۈسى، مىشقۇرغىسى، گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە نەپرەت ۋە ئازابتىن باشقا خورلۇق تۇيغۇسىمۇ بار ئىدى. ئۇ، ئاشۇ «ئەبلەخ» ئانامنى خورلاپ ئاياغ ئاستى قىلىۋاتىدۇ، دەپ بىلگەن بولسا، كېيىنرەك ھەقىقىي خورلانغۇچىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇن نەچچە ياشلىق بالا ئالدىدا، ئۇنىڭ كۆزىچىلا ئاشۇنداق قىلىقلارنى قىلىش ئۇنى راستتىنلا كۆزگە ئىلمىغانلىق ئىدى. ئۇ بەزىدە ئانىسىدىنمۇ ئاغرىناتتى، ئانىسىدىنمۇ نەپرەتلىنەتتى. ئۇنىڭ كىچىك ئەقلى بىر تۇل جۇۋاننىڭ، راسا تولغان، تۇرمۇش قەدرىگە يەتكەن ئايالنىڭ قەلبىدىكى نازۇك تۇيغۇلارنى، روھىي ۋە جىسمانىي تەشنالىقنى چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ئايالliq ئىنتىلىشلىرىنىڭ نەتىجىسى بولغان، ئوتتۇرا ياشقا يېقىنلاشقاندا قايتا ئويغانغان مۇھەببەتنى بولسا تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ پەقەت نومۇس قىلاتتى، ئەل-جامائەت ئالدىدا، تەڭتۇش-بۇرادەرلىرى ئالدىدا نومۇس قىلاتتى. ئەگەر ئانىسى بىلەن ھېلىقى «ئەبلەخ» نىڭ ئاشۇ خۇپىيانە ئىشلىرى ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك سەتچىلىك ۋە نومۇسقا قالىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئاشۇ كۈنگە قالغاندا بىردىنبىر يولۇم ئۆلۈم بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايتتى. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاشۇ «ئەبلەخ»

نى ئۆلتۈرۈۋېتىش، كۆزدىن يوق قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلەتتى ...

مانا ھازىر ئاشۇ «ئەبلەخ» ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. غېنىنىڭ كۆڭلىدىكى رازىمەنلىك ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى. «قانداق بولۇپ ئۆلۈپ قالغاندۇر؟ ئۇنى مەن ئۆلتۈرۈپ قويدۇممىكىنە؟» غېنىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان نومۇسسىز سۈرەتلەرنىڭ ئۈستىدە ئاشۇ سوئال قادىلىپ تۇراتتى. غېنى ھەيران ئىدى، ئادەم جېنىنىڭ شۇنچىۋالا ئاجىز بولىدىغانلىقىغىمۇ، بىر تاياقتىلا ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىغىمۇ ھەيران ئىدى. ھېچقانچە ئىش بولغىنىمۇ يوق ئىدى. كېچە، ئىشىك-دېرىزىلەر چېكىلگەندە غېنى ئويغىنىپ كەتتى. دېرىزىنىڭ چېكىلىشىمۇ، ئىشىكنىڭ چېكىلىشىمۇ بوش ئىدى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئويغىنىپ كەتتى. ئاشۇ بوش چېكىلىشتىن ھېلىقى نومۇسسىزلىقنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ خېلى ئۇزۇن چىداپ ياتتى. ئىشىك-دېرىزە چەككۈچىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشىنى ياكى قايتىپ كېتىشىنى كۈتۈپ ياتتى. ئىشىك-دېرىزە چېكىلىۋەردى. غېنى ئاشۇ «ئەبلەخ» نىڭ نومۇسسىزلىق بىلەن ئىشىك چېكىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. نومۇس-ئىزادىن ئۆلگۈدەك بولدى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. «بۇ نومۇسسىزلىقلار تېخى تۈگىمەپتىكەن ئەمەسمۇ؟ ۋاي نومۇسسىزلار، ۋاي ئىپلاسلار ... » ئۇنىڭ كاللىسىدا ئاشۇ پىكىرلا چۆرگىلەيتتى. غېنى ئۆزى خېلىدىن بېرى كۈتكەن ئاشۇ نومۇسسىز «ئەبلەخ» نى ئەدەپلەپ قويۇش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. گەرچە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ تۇرسىمۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتى يوق ئىدى، پەقەت ئەدەپلەپ قويسىلا بولاتتى.

ئىشىك ئالدىدا، ئاشۇ «ئەبلەخ» نى كۆرگەن چاغدا، غېنىنىڭ جەھلى مىڭ گەز ئۆرلىدى. ئاشۇ يەردىلا ئۇنى دەم بىلەن ئۇرۇپ لەختە-لەختە قىلىۋەتكەن، گېلىدىن بوغۇپ ئادەم بولغىنىغا

تويدۇرغانمۇ بولاتتى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۆزىنى بېسىۋالدى. گەپ-سۆز قىلمايلا «ئەبلەخ» نىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ لالما كۈچۈكنى ئاتقاندەك پىرقىرىتىپ تاشلىدى. «ئەبلەخ»تىن گۈپۈلدەپ هاراق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. مەستلىكىدىنمۇ ياكى غېنىنىڭ كۈچەپ چۆرۈپ تاشلىغانلىقىدىنمۇ، يىقىلغان يېرىدە ئىككى دومىلاپ ئاران ئورنىدىن تۇردى. غېنى يەنە ياقىسىدىن ئالدى، دارقىرىتىپ سۆرەپ، هويلىنىڭ ئەگۈنىنىڭ ئالدىدىكى شېغىللىق چوڭ يولغا ئاچىقىپ تاشلىدى. ئۇ يەردىن يەنە تاپنى سۆرىگەندەك سۆرەپ، تېخىمۇ يىراققا ئاپىرىپ تاشلىدى:

— يوقال كۆزۈمدىن، بىزنىڭ هويلىغا ئىككىنچى ئاياغ باسىدىغان بولساڭ، بوينۇڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن، ئەبلەخ ...

ئاشۇ چاغدا، ئەگەر «ئەبلەخ» قۇيرۇقىنى قىسىپ غىپپىدە تىكىۋەتكەن بولسا، هېچ ئىشمۇ بولمىغان بولاتتى، لېكىن نېمىنىدۇر چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچتى.

— مەن ئانىڭىزنى سۆيىمەن، ئانىڭىزمۇ ...

نېمە ئىش بولغانلىقىنى «ئەبلەخ» سەزمەيلا قالدى. بېشىغا تەگكەن قاتتىق دەمنىڭ زەربىسىدىن شېغىللىق يولغا ئۆرۈلگەن كۆتەكتەك يىقىلدى. ئۇ ئۆزىگە نېمە بولغانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن تاياق يېگەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالدى.

غېنى پەقەت ئاشۇ بىرىنلا ئۇرغانىدى. بىرىنلا ئۇرغانلىقى ئېنىق ئېسىدە. مانا هازىر ئۇنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كېلىۋېدى، غېنى ئىشەنمەيلا قالدى. ئاشۇ بىر تاياقنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئادەمنىڭ جېنى دېگەن شۇنچىۋالا ئاجىز بولامدۇ؟ دەپ ئويلاتتى ئۇ. ئۇ مانا شۇ ئىش ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ بالاغا قالىدىغانلىقىنىمۇ غۇۋا چۈشەندى. قەلبىدە ۋەهىمە-قورقۇنچ پەيدا بولدى. لېكىن ئاشۇ خەۋەرگە يەنىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

# ناماز ئوقۇمايدىغان كاپىر ئىكەن، شۇڭا ...

تىككۈچىلىك دۇكىنىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەن ساقچىلار غېنىنىڭ ئۇستىگە خۇددى بۆركۈتتەك تاشلاندى. ئۇنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدىغان پولات كويزىنى سالدى. قوللىرى ئارقىسىغا قايرىلغان ۋە كويزا سېلىنىۋاتقان چاغدا غېنىنىڭ يوغان گەۋدىسى پۈكۈلۈپ، يۈزى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاختىسىغا تېگىپ قالدى. قىلچىلىك قارشىلىق قىلالمىدى. ساقچىلار جىنايەتچىنى شۇنداق ئەپچىللىك ۋە چاققانلىق بىلەن قولغا چۈشۈردىكى، كۆزىنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىكمۇ ۋاقىت كەتمىدى. ئىككى ساقچى ئىككى تەرەپتىن يالاپ، ياقىسىدىن تۇتۇپ، دوڭغايتىپ ئېلىپ ماڭغاندا غېنىنىڭ چىرايى ئۆشتىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى، ۋۇجۇدى تىترەيتتى، پۇتلىرى كالۋالىشىپ تۇزۇكرەك قەدەم ئالالمايتتى، ئاغزى قۇرۇپ نەم دىدارى قالمىغان، خۇددى شور يالاپ سالغاندەك تامغىقىغا چاپلىشىپ قالغانىدى. ساقچىلار غېنىنى ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتقا ئولتۇرغۇزۇپ، يېزا بازىرىنى ئايلاندۇرۇپ چىقتى. ئالدىدا ساقچى پىكاپى يول باشلاپ ماڭدى. پىكاپ ۋە موتسىكلىتتىكى سىگنال ئەسۋابى جىددىي سىگنال تارقىتىپ ئۇلۇغ پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلاتتى. بازاردىكى كىشىلەرمۇ، تىككۈچىلىك دۇكىنىدىكى ئۇستا ۋە شاگىرتلارمۇ ھەيران قالدى. ئۇستا ۋە شاگىرتلار ئاشۇ قەبىھ جىنايەتچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا بەخىرامان ئولتۇرغانلىقىغا، دۇكاننى يوشۇرۇنۇۋېلىش ئورنىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىغا ھەيران ئىدى. ئۇلار ئەگەر بۇرۇنراق بىلگەن بولساق، جىنايەتچىنى ئۆزىمىز پاش قىلاتتۇق ۋە ئۆزىمىز تۇتۇپ ئاپىرىپ بېرەتتۇق ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىشاتتى. لېكىن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. تۇتۇلغانىكەن، گۇناھى پات ئارىدا ئېلان قىلىناتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ جىنايەتچىنى

بۇرۇنراق تۇتۇۋالالمىغانلىقىلا ئىدى.
جىنايەتچى سازايى قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يېزىلىق ساقچى پونكىتىغا يالاپ ئەكىرىلدى. ساقچى پونكىتىنىڭ كىچىككىنە ئىشخانىسى ۋاقىتلىق سوراقخانا قىلىندى. بۇ دېلونى پاش قىلىشقا قاتناشقان ساقچىلارنىڭ كەيپىياتى چاغ، غەيرەت-شىجائىتى ئۆرلەپ تۇراتتى، قىزغىنلىقى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار دېلو مەلۇم قىلىنىپ ئۈچ سائەت ئۆتمەيلا دېلونىڭ ئاساسلىق يىپ ئۇچلىرىنى تونۇپ تېپىپ چىققان جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈپ بولغانىدى. بۇ، رازۋېدكا تارىخىدا كەم كۆرۈلىدىغان سۈرئەت ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ ئاشۇ يۇقىرى رېكورتنى ياراتقانىدى، شۇڭا پەخىرلىنىشكە ئەرزىيتتى.
ئۇلار جىنايەتچى تۇتۇلغانىكەن، ئىش تۈگىگەنگە، مەسىلە يەكۈنگە يېقىنلىشىپ قالدى، دەپ ئويلايتتى. جىنايەتچىنىڭ ئىقرار قىلىش-قىلماسلىقى چوڭ مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئۇ چوقۇم ئىقرار قىلاتتى. ساقچىلار ئۇنى ئىقرار قىلدۇرالىشىغا ئىشىنەتتى، بولۇپمۇ مۇنۇ توك سويمىدەك سولتەك جىنايەتچىنى ئىقرار قىلدۇرۇش تەس ئەمەس ئىدى. ھويلىسىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ شەپكىسى تېپىلدى، قاتىللىق قورالى بولغان دەممۇ تېپىلدى. قوي باققىلى چىققان قايسىبىر بالا يول ياقىسىدىكى ئورمانلىقتىن تېپىۋالغان دەمنى جىنايەتچىنىڭ ئانىسى: «بىزنىڭ ئىشكىنىڭ دېمى» دەپ ئىقرار قىلدى. ئۆرۈك كەسمىسىدىن ياسالغان دەمدە قان داغلىرى تۇرۇپتۇ. مۇشۇنداق پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدا ئىقرار قىلمايدىغان قانداق جىنايەتچىكەن ئۇ؟
سوراق باشلاندى. غېنىنىڭ ئارقىسىغا قايرىلغان قوللىرىغا سېلىنغان كويزا ئېلىۋېتىلدى ۋە ئۇ جىنايەتچى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇلدى. باش سوراقچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئادىل غېنىغا تاماكا تەڭلىدى ۋە بىر ئىستاكان سوغۇق قايناق سۇ قۇيۇپ بەردى. غېنى بېشىنى چايقاپ، تاماكا

چەكمەيدىغانلىقىنى ئىشارە قىلدى، سوغۇق چاينى بولسا غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇ، ئاشۇلارنى پۈتۈنلەي ئاڭسىز، نامەلۇم بىر تەبىئىي سېزىمنىڭ تۈرتكىسىدە بېجىردى. ئۇنىڭ چىرايى قانسىز ئاقىرىپ تۇراتتى، پۇت-قوللىرى تىترەيتتى، سوغۇق چاينى ئىچكەندىن كېيىن ئازراق ھوشىغا كەلگەندەك بولدى، ئاغزى يەنىلا بەتتام، قىرتاق ئىدى ...

ئادىل ئەستايىدىل، ئېنىق، چۈشىنەرلىك قىلىپ سىياسەتنى تاپشۇردى. ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدىغانلىقىنى، جاھىللىق قىلغانلارنىڭ قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، تېنىۋېلىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى پۈرىتىپ ئۆتتى. جاھىللىق قىلماي ئىقرار قىلسا كەڭچىلىككە ئېرىشىدىغانلىقى، ئىستىقبالى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى سەمىمىي ۋە سىلىق ئىدى. سوراق قىلىنىۋاتقان جىنايەتچىنىڭ ئالدىدا ئەمەس، بەڭۋاشلىق قىلغان ئوغلىنىڭ ئالدىدا نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن گۇمان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئىشىنىشكە بولاتتى.

ئاشۇ يېرىم سائەتكە سوزۇلغان سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەت جەريانىدا غېنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا قولغا ئېلىنغانلىقىنى، ئالدىدىكى ساقچىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، بىلىپ تۇراتتى. كېچىدە بولغان ئىش ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان ئىدى، ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ئاجىز ئىدى. ئۇ دەسلەپتە: «بەلكىم ئۇ 〈ئەبلەخ〉 باشقا سەۋەبتىن ئۆلگەندۇر...» دەپمۇ ئويلىغان. لېكىن ئاشۇ باشقا سەۋەبكە ئاساس يوق ئىدى. ئاساس بولمىغانىكەن، ئاشۇ ئۆلۈمگە، خۇن دەۋاسىغا ئۆزىنىڭ سەۋەبكار بولغانلىقىنى تەن ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمدى زادى نېمە قىلىش كېرەك؟ قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى يوق. توۋا خۇدايىم، ئاشۇ بىر تاياق پۈتۈنسۈرۈك، تېتىك،ساپمۇ ساق بىر ئادەمنى

تىنىقتىن توختاتقان بولسا ـ ھە؟ ئەمدى بۇ پاكىت، پاكىت ئالدىدا زادى نېمە قىلىش كېرەك؟ ...

غېنى ساقچىنىڭ ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزىگە دىققەت قىلدى. ئۇنىڭغا ئاشۇنىڭغا ئېرىشىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. ئادىل ئۆز جىنايىتىنى ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىلىش، سورالغان سوئالغا ئېنىق، دەرھال جاۋاب بېرىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، ئۇ ئۆزلۈكسىز بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ ئولتۇردى. سوراق رەسمىي تەرتىپ بويىچە باشلاندى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

غېنى «ئۇلار ئىسمىمنى بىلمەي تۇرۇپ قولغا ئالغانمىدىكىنە؟» دەپ ئويلىدى. ساقچى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇراتتى. خاتىرىلىگۈچى قەلەمنى قەغەزگە تىرىگەن ھالەتتە ئىدى.

— غېنى، غېنى نىياز.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون يەتتىنى تۇگىتىپ ئون سەككىزگە قەدەم قويدۇم.

— دېمەك، ئون سەككىز ياش؟

— شۇنداق.

— يۇرتۇڭ نەلىك؟

— كۆكقۇم يېزا تىكەنباغ كەنتىدىن.

— ئەقلى ـ ھوشۇڭ جايىدىمۇ؟ نېرۋا كېسىلىڭ يوقمۇ؟

— يوق، ئەقلى ـ ھوشۇم جايىدا.

— نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىنغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

سوراق مۇھىم مەسىلىگە — ئەسلى مەقسەتكە كۆچكەنىدى. غېنى بۇنى چۈشەندى، لېكىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. سوراقخانىنى جىملىق باستى. پەقەت خاتىرىلىگۈچىنىڭ قەلىمىدىن چىققان كىتىر ـ كىتىر ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

«بىلىمەن دەيمۇ؟ ياكى بىلمەيمەن دەيمۇ؟ نېمە دېسەم بولار؟

ئەگەر بىلمەيمەن دېسەم ...»

— جاۋاب بەر، نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىندىڭ؟ — ئادىلنىڭ ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

— ھېلىقى «ئەبلەخ» ... ياق تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىندىم، — غېنى ئۆز جاۋابىدىن ھەيران قالدى ۋە شۇ زامات ئۆزىنىڭ ئەسلىدىلا شۇنداق دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئەنە شۇنىڭدىن باشقا قولغا ئېلىنغۇدەك سەۋەبمۇ يوق ئىدى.

— تۇرسۇن مۇئەللىمنى كىم ئۆلتۈردى؟ ئېيتە، چاققان ئېيت ...

— مەن ئۆلتۈردۇم.

ساقچىلارنىڭ چېھرىگە كۈلكە ئولاشتى. ئۇلار غەلىبە قىلغانىدى. ئۇلار بۇنداق بۇرۇتى خەت تارتمىغان سويمەكلەرنى ئوڭايلا ئەيۋەشكە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىشقان بولغاچقا، ئارتۇقچە ئەجەبلىنىپمۇ كېتىشمىدى، لېكىن يەنىلا خۇشال ئىدى. دېمەك ئىقرار قىلدى. بۇ، دېلو ئاياغلاشتى دېگەن گەپ، ئۇلار بىرىنچى سوراقتىلا ئىقرار قىلدۇرۇپ يەنە رېكورت يېڭىلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئادىل سوراقنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— قانداق ئۆلتۈردۇڭ؟

— دەم بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۇم.

پاكىت يەنە ئۇدۇللاشتى. ھېلىقى بالا دەمنى ئەكېلىپ بەرگەندىلا ئادىل ئاشۇ ئۆرۈك كەسمىسىدىن ياسالغان قۇرۇق، قاتتىق دەمنى قاتىللىق قورالى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغانىدى. دەمدىكى قان داغلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. كېيىن رابىيەخان ئۇنى تونۇدى. ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىك دېمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇ چاغدىلا دەمنىڭ قاتىللىق قورالى ئىكەنلىكى مۇقىمدالغان، قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكىمۇ مۇقىمدالغانىدى. ئادىلنىڭ ئويىچە قاتىل بۇنى بەرىبىر ئىقرار

قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئىقرار قىلمايمۇ قىچىپ قۇتۇلالمايتتى. لېكىن ئۇ قاتىلنىڭ بۇنچىۋالا تېز ئىقرار قىلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئىشلار خۇددى قېتىقتىن قىل سۇغۇرغاندەكلا راۋانلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— قاچان ئۆلتۈردۈڭ؟

— كېچىدىن.

— نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

جاۋاب توختاپ قالدى. قاتىلنىڭ چىرايىنى مەيۈسلۈك قاپلىغان، ئۇ تامامەن بويسۇنۇش ھالىتىدە ئىدى، لېكىن ئاشۇ سوئالغا كەلگەندە نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ، ئويلىنىپ قالدى. ئۇ، ئاشۇ «ئەبلەخ» نى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتالمايتتى. ئېيتالمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. ئاشۇ «نېمىشقا؟» دېگەن سوئالنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ تۇرغان ئىشنى يوشۇرۇش ئۈچۈنلا ئۇنى ئۇرغان، ئۆلتۈرۈپ قويغان تۇرسا، ئەمدى قانداقمۇ ئاشۇ «نېمىشقا» نىڭ كەينىدىكى سىرلارنى ئاشكارىلىسۇن؟! ياق، ئۇ بۇنى ئاشكارىلىمايدۇ، مەڭگۈ ھېچكىمگە دېمەيدۇ ... مۇشۇ پەيتتە، سوراقچىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئانىسى كەلدى. ئانىسىنىڭ ئېگىز بويى، زىلۋا قامىتى كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. ھەممە ئادەمنىڭ ئانىسى ئۆزىگە ئۇز. ئانىدىن مېھرىبان ھېچنېمە يوق بۇ دۇنيادا. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن مېھرىبان ئىدى. ئانىسىنىڭ ھىلال ئايدەك ئەگمە، قىياقتەك قويۇق قاشلىرى، بوستان كىرپىكلىرى سايە تاشلىغان نۇرانە كۆزلىرى ھېچكىمدە يوق ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەستىدىن — سۈتتەك سۈزۈك چېھرىدىن، زىلۋا قامىتىدىن، سۇمبۇل چاچلىرىدىن گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ھەممە ئادەمنىڭ ئانىسى ئۆزىگە مېھرىبان، ئانىدىن مېھرىبان ھېچنېمە يوق بۇ دۇنيادا، لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن مېھرىبان ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن

تۆكۈلىدىغان ھەسەلدەك شېرىن سۆزلەر، ھەرقارىشىدىن چاقنايدىغان باھار ئاپتىپىدەك ئىللىق بېقىشلار، ئۇنىڭدەك جان كۆيدۈرۈشلەر ھېچكىمدە يوق ئىدى. ئۇنىڭ سېغىنىش ۋە سېغىندۇرۇشلىرىغا ھېچكىمنىڭ يەتمەيتتى. غېنىنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن دەسلەپكى يىللار كەلدى. ئانىسى ئۇنى ھەر تاڭدا ھاپاش ئېتىپ مەكتەپكە ئاپىراتتى. ئۇنىڭ دولىسى سەھەردىكى يوتقاندەك ئىسسىق ئىدى. چۈشتە، مەكتەپتىن يانغاندا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئانا يەنە ئۇنى باغرىغا باساتتى. ئۇنىڭ باغرى خۇددى قىش كۈنلىرىدىكى مورا ئوچاقتەك ئىسسىق ئىدى. ئانا ئۇنى يېنىش-يېنىشلاپ سۆيەتتى، لەۋلىرى ئۆز تىنىقلىرىدەكلا ئىسسىق ئىدى، يەنە ھاپاش قىلىپ ئۆيگە قايتاتتى. ئۆزۈم ماڭاي دېسە ئۇنىمايتتى. چوڭ بولغاندا ئاندىن ئۆزۈڭ ماڭىسەن دەيتتى ... غېنى كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە — ياتاقلىق مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇغان يىللىرىنى يادىغا ئالدى. نېمىدۇر بىر نەرسە—غېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسە چېگىلگەن ياغلىقنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ئانا پات-پات مەكتەپ مەيدانىدا پەيدا بولاتتى. پەيدا بولۇش قېتىمى پەقەت ئىككىلا كۈن دەۋر قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى بېقىشلىرى، سېغىنىشلىرى، ئوغلىنىڭ چېھرىگە تەلمۈرۈشلىرى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ پەقەت غېنىغىلا بېغىشلانغان بېقىش، سېغىنىش، تەلمۈرۈش ئىدى. ئۇ، ئوغلىنىڭ سۆيىدە ئاقاتتى، ئوتىدا كۆيەتتى، ئوغلىنىڭ غېمىدە غەمخان، دەردىدە دەردمەن ئىدى. ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ناخشا-كۈي تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ، پەقەت ئوغلىغىلا بېغىشلانغان سېغىنىش ناخشىسى بولاتتى. ئۇنىڭ قەلبى، ۋۇجۇدى پەقەت ئوغلىنىلا كۈيلەيتتى ... ئاندىن ئىشچان، ئاندىن جاپاكەش ھېچكىم يوق بۇ دۇنيادا. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن ئىشچان ئىدى. ئۇ — تاڭدا ئوغلى ئۈچۈن ئويغىناتتى، كەچتە ئوغلى ئۈچۈن كۆز يۇماتتى، ئوغلى

ئۇچۇن ئېغىر قىغ تاغىرىنى يۇدۇپ، نازۇك بەللىرى يادەك ئېگىلسىمۇ ۋايسىمايتتى، نازۇك قولللىرى قاپىرىپ-ئېتىلسىمۇ، سونجاقلىرى چاك-چاك يېرىلسىمۇ ۋايسىمايتتى. ھەممىنى ئوغلى ئۇچۇن قىلاتتى. ئۇ، غېنىغا ئاتىسىزلىقنى چاندۇرمىدى. ئاتىمۇ، ئانىمۇ شۇ ئىدى. غېنىنىڭ يۆلىنىدىغان تېغىمۇ، ھۇزۇر سۇرىدىغان بېغىمۇ شۇ ئىدى ... ئانىدەك قەيسەر ھېچكىم يوق بۇ دۇنيادا، لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن قەيسەر ئىدى. ئۇ، ئاتىسىز ئوغلىنى قاناتلىقتا قاقتۇرمىدى، نەشتەرلىككە چاقتۇرمىدى، تۇمشۇقلۇقتا چوقۇتمىدى، تىرناقلىقتا مورلاتمىدى ... ئانىدىن پاك ھېچكىم يوق بۇ دۇنيادا، ئۇنىڭ ئانىسى ھەممىدىن پاك ئىدى. ئۆزىنىڭ ھالال سۈتىدەك پاك ئىدى. پەقەت ئاشۇ «ئەبلەخ» ئۇنىڭ نامىنى بۇلغاشقا ئۇرۇندى. ياق، ئۇ مەڭگۈ بۇلغىيالمايدۇ. غېنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئانىسىنىڭ نامىنى بۇلغىشىغا يول قويمايدۇ ...

شۇ تاپتا غېنى ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەسلىدىمۇ ئانىسىنىڭ ھەممە خىسلەتلىرىنى بىلەتتى. ئانىسىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. ئانىسى ئۇچۇن ئوت دېسە گۈلخانغا، سۇ دېسە قايىنامغا سەكرەشكە رازى ئىدى. ئەمدى مانا ئۆزى سوراق سەھنىسىگە يالاپ چىقىلغان شۇ پەيتتە ھەممىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندى. ئۇنىڭ، ئانىسىنىڭ پاك نامىنى بۇلغايدىغان ھەرقانداق سۆزنى تىلغا ئېلىش ھەققى يوق ئىدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ نامىنى بۇلغايدىغان بىرەر سۆزنى تىلغا ئالسا، ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا قارا يۈز بولىدىغانلىقىنى، تۇزكور بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشتى، لەۋلىرى چىڭ ھىمىرىلدى، ئىرادىسى يېڭىلا چىڭدالغان بېتوندەك قېتىۋاتاتتى.

— نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ ئېيت دەيمەن، ئېيتە ...

بۇ، ئادىلنىڭ ئاشۇ قىسقىغىنە بىر نەچچە دەقىقە ئىچىدە ئۆز

سوئالىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىشى ئىدى. قاتىل تۇرسۇن مۇئەللىمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. بۇ، ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىدى، لېكىن ئۆلتۈرۈش سەۋەبىنىمۇ بىلمەي بولمايتتى. سەۋەبىنى بىلمىگەندە ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىش تەسكە چۈشەتتى. ئادىلنىڭ بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى قاتىلغا مىختەك قادالغانىدى.

— ئېيت دەيمەن، ئېيتە ...

غېنى ئاشۇ سوئالغا نېمىدۇر بىر نەرسە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنىمۇ چۈشىنەتتى. زادى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئىشىكنى چەككەنلىكىنى ئېيتىشقا بولمايتتى. ھويلىدا شەپە ئاڭلىنىۋىدى، چىقسام بىر ئادەم تىمىسقىلاپ يۈرۈپتۇ. ئوغرى ئوخشايدۇ دەپ ئۇردۇم. نەتىجىدە ... بۇنداق دېسەم قانداق بولار؟ ياق، ئۇنى ھويلىغا يېقىن كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. گۇمان تۇغدۇرىدۇ. زادى نېمىدەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟

— ئېيت دەيمەن، زادى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

— ناماز ئوقۇمايدىغان كاپىر ئىكەن. دائىم ھاراق ئىچىپ، ئالتاغىل توۋلاپ يۈرىدىكەن، شۇڭا ئۆلتۈرۈۋەتتىم ...

غېنى ئاشۇ جاۋابىنىڭ قاياقتىن دىلىغا نازىل، تىلىغا جارى بولغىنىنى سەزمەي قالدى، ئاغزىدىن چىققان ئاشۇ سۆزگە ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. لېكىن شۇ پەيتتە مۇشۇ جاۋابىنىڭلا ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ جاۋابىنىڭلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭغا ھازىر دىلىدىكى نازۇك سىرلارغا، ئائىسىنىڭ پاكلىقىغا چېتىلمايدىغان ھەرقانداق جاۋاب بولسا بولۇۋېرەتتى. كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشى، بۇ جاۋابىنىڭ ئۆزىنى قانداق قىسمەتكە دۇچار قىلىشى مۇھىم ئەمەس ئىدى.

— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە ...

— ناماز ئوقۇمايدىغان كاپىر ئىكەن. شۇڭا ...

ساقچىلار سوراق باشلانغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ھەيران قالدى. قاراڭلار، مۇنۇ شۇمتەك ئەشەددىي دىنىي تەلۋە ئىكەن. دىنىي تەلۋىلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ، ھۇ ساراڭ ... ئۇلار مانا شۇنداق ئويلىشاتتى. ئۇلار بىر قاتىلنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر دىنىي تەلۋىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىدىن، بىر جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ئەمەس، بەلكى بىر سىياسىي دېلونى بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن ھەيران ئىدى. ساقچىلارنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچەيدى. قاراڭلار، قىلچە تەپ تارتماي كاپىرنى ئۆلتۈردۈم دەۋاتىدۇ، يۈرىكى قاپلاننىڭكىدەك بار ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ سولتەكنىڭ، ۋۇ موزاي، قورقۇمسىزلىقىڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمىز.

— قاچاندىن بېرى مۇشۇ نىيەتكە كەلگەنىدىڭ؟

— پىلانلىغىلى ئۇزۇن بولغان، ئاخشام پۇرسەت كەلدى.

— مۇشۇ سۆزلىرىڭنى ئويلاپ قىلىۋاتامسەن؟

— راست بولغانلىقى ئۈچۈن ئىقرار بولدۇم.

ئاساسىي مەسىلىلەر ئايدىڭلاشقان، سوراق ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. ساقچىلار مەمنۇن ئىدى. ئۇلار يېرىم كۈن ئىچىدىلا بىر چىگىش دېلوغا قاتىللىق دېلوسى ھۆكۈم قىلغان، يىپ ئۇچىنى بويلاپ قاتىلنى قولغا چۈشۈرگەن، ئۇنى ئىقرار قىلدۇرغانىدى. شۇنداقلا بۇنىڭ بىر دىنىي ئەسەبىيلىككە چېتىلىدىغان دېلو ئىكەنلىكىنىمۇ پاش قىلغانىدى. ئۇلار قاتىلغا غەزەپ بىلەن تىكىلىشەتتى.

ساقچىلار كۆكقۇمدىن چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىلا قايتىپ كېلىشتى. قاتىلنى ناھىيىلىك تۈرمىگە سولىدى ۋە ئىدارە باشلىقىغا دوكلات قىلدى. بۇ بىر دىنىي تەلۋە كەلتۈرۈپ چىقارغان قاتىللىق دېلوسى بولغاچقا، ئىدارە باشلىقى تولىمۇ جىددىي قارىدى. شۇ ھامان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سىياسىي-قانۇن

خىزمىتىگە مەسئۇل سېكرېتارىغا، ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي-قانۇن كومىتېتىغا دوكلات قىلدى. خەۋەر تاپقان ئورۇنلار تەۋرەپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن سىياسىي-قانۇن خىزمىتىگە مەسئۇل سېكرېتار ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ، ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ، سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ جىددىي يىغىن ئاچتى. جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنى ۋە ئادىل باشچىلىقىدىكى دېلو گۇرۇپپىسىنى تەقدىرلىدى. تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىلىرىگە تەپتىش قىلىش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش خىزمىتىنى تېزلىكتە ئاياغلاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.

## ساقچى ئىشەنمىدى

بۇنداق قەبىھ جىنايەتچىنى تېزلىكتە جازالاش ئۈچۈن دېلونى دەرھال رەتلەپ تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش زۆرۈر ئىدى. مانا شۇ «رەتلەش» قول تۇتتى. «دەرھال ئۆتكۈزۈپ بېرىش» ئىشقا ئاشمىدى. بۇ، دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئادىلنىڭ بوشاڭلىقىدىن ياكى ئەندىكمىگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. ئارىدىن ئۆتكەن ئۈچ-تۆت كۈن ئۇنى ئويلاندۇرغان، قەلبىدە گۇمان پەيدا قىلغانىدى. ئۇنىڭغا قايسىبىر پەۋاز چەك باسمايۋاتقاندەك، سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدە نېمىدۇر بىرنەرسە كەمدەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە دېلونى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرسە باشقا نەتىجە چىقىدىغاندەك، يەنە بىر قېتىم سوراق قىلسا، جىنايەتچى باشقا گەپلەرنى دەيدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئويلىغانسېرى گۇمانلاندى، نېمىگىدۇر ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. جىنايەتچىنىڭ سوراق ۋاقتىدا دېگەنلىرىگە ئەمدى ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. دېلونى شۇ پېتى رەتلەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە

كۆڭلى تېخىمۇ ئۇنىمايتتى ... ئاخىرى دېلونى رەتلەشنى تاشلاپ تىكەنباغقا يەنە بىر قېتىم بېرىپ كەلدى. تۈرمىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ، جىنايەتچىنى ئۈچ قېتىم قايتا سوراق قىلدى. ئۇ، جىنايەتچىنىڭ تۈنجى سوراقتا دېگەن گەپلىرىدىن يېنىۋېلىشىنى، باشقا بىر گەپلەرنى دېيىشىنى خالايتتى. لېكىن نېمىشقا ئاشۇنى خالاپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ، ئۆز قەلبىدىن «جىنايەتچىگە ھېسداشلىق قىلىۋاتامسەن؟» دەپ سوراپ باقتى. ئۇ ئەزەلدىن جىنايەتچىگە ھېسداشلىق قىلمايتتى. جىنايەتچىلەرگە ھېسداشلىق قىلغاندا، جەمئىيەتنى تۈزىگىلى، تىنچ-ئامانلىقتىن بەھرىمەن قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى، بولۇپمۇ قاتىل جىنايەتچىلەرگە زادىلا رەھىم قىلىشقا بولمايتتى. ئەمما مۇشۇ قېتىم ... ياق، ئۇ، جىنايەتچىگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقىنى يوق. ئۇنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقىنىمۇ يوق. ئۇنىڭدا پەقەت جىنايەتچى راست گەپ قىلمايۋاتقاندەك، راست گەپ، ھەقىقىي ئىش قايسىبىر ئىس-تۈتەكنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەنە شۇنى بىلگۈسى كېلەتتى. جىنايەتچىنىڭ قاتىللىق قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى، ئەمما نېمە ئۈچۈن قاتىللىق قىلغانلىقى گۇمان تۇغدۇراتتى. ئۇ، قاتىل ئىكەن، ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ. بۇ، ھەق، شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. لېكىن ... ئۆلگۈچىنىڭ شەپكىسىنىڭ قاتىلنىڭ ھويلىسىدىن تېپىلىشى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلاتتى. «ئۆيگە كىرىپ كەلگەن» تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ قاتىل بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمۇ غەلىتە ئىدى. ئادىل مۇشۇلارنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قاتىلنىڭ چىرايلىق ئانىسى كېلەتتى. قىرىق ياشلاردىن ئاشقاندىمۇ گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان ئاشۇ ئايالنىڭ بۇلاقتەك لىمىلدەپ تۇرىدىغان كۆزلىرى، قاشتېشى ھەيكەلدەك سۈزۈك ھۆسنى ئۇنىڭ يادىدا بار ئىدى. ئۇنىڭغا قاتىللىقنىڭ ئاشۇ ئايال بىلەن ئاللىقانداق مۇناسىۋىتى باردەك تۇيۇلاتتى. ئادىل تىكەنباغقا قايتا بارغاندا ئاشۇ

گۇماننى ئەخمەت ئاخۇن سېكرىتارغا ئېيتىۋىدى، سېكرىتار ئىللا-بىللا ئۇنداق ئىشنى سەزمىگەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن ئۇ بىر ھازادىن كېيىن: «رابىيەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، توي قىلىشنى تەلەپ قىلغانلار كۆپ، ئۇنىڭغا قاش ئېتىپ، كۆز قىسقانلار، ئۇنىڭغا قانات سۆرىگەنلەرمۇ بولغان، لېكىن ئۇ ھەممىسىنى رەت قىلغان. قانات سۆرىگەنلەرنىڭ ئوبدانلا ئەدىپىنى بېرىپ قويغان ...» دېدى ۋە ئارقىدىنلا تىكەنباغقا ئاللىبىر خىزمەت بىلەن كېلىپ نۇقتىدا تۇرغان بىر ئەمەلدارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، ناھىيىدە قايسىبىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىكەن. تۇن كېچىدە ئىشىك قېقىپتۇ. ئۇ، ئۆز ھوقۇقىغا ئىشەنگەنمۇ ياكى نومۇس-ھايانى بىلمەمدۇ، ئىشىكنى خېلىلا چىڭ چېكىپتۇ. ھەتتا رابىيەنىڭ قوشنىسى ھېكىم ئاخۇن سۇنجاك (كەنت باشلىقى) لار ئويغىنىپ كەتكۈدەك قېقىپتۇ. ھېكىم ئاخۇن بىلەن ھېيۋىخان شاق-شاق: «نېمە ئىش بولاركىن؟» دېيىشىپ ھويلىغا چىقىپ چىتەننىڭ ئاراشلىرىدىن ماراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا رابىيەنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپتۇيۇ «شالاق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا ئىشىك جالاقلاپ يېپىلىپتۇ. ئەتىسى ھېيۋىخان شاق-شاق پۈتۈن كەنتكە ئۇستۇۋېشى، يۈز-كۆزلىرى يۇندى بىلەن بۇلغىنىپ، سوغا چۈشكەن مۇشۇككىلا ئوخشاپ قالغان ئەمەلدار توغرىسىدا ھېكايە تارقىتىپتۇ. بىچارە ئەمەلدار قۇيرۇقىنى شۇ خادا قىلغانچە تىكەنباغقا ئىككىنچى قايتا كېلەلمەپتۇ ... ئەخمەت ئاخۇن سېكرىتارنىڭ ئېيتىشىچە، پۇلىمۇ، ھوقۇقىمۇ بار ھېلىقى ئەمەلدارنى رەت قىلغان ئايالنىڭ نامرات مۇئەللىمنى قوبۇل كۆرۈشى ئەقىلگە سىغمايدىكەن، بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىكەن. ئەگەر كىچىككىنە شەپىسى سېزىلگەن بولسا ھېيۋىخان شاق-شاق ئاللىقاچان پۈتۈن كەنتكە تارقىتىپ بولار ئىكەن ...

ئاشۇ يەردە ئادىل يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇقۇشۇپ باقتى، رابىيە ھەققىدە، غېنى ھەققىدە ئۇقۇشۇپ باقتى. تۇرسۇن

مۇئەللىمنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئىگىلىدى. لېكىن ئۆز پەرىزىنى ئىسپاتلىيالمىدى، كۆڭلىدىكى تۈگۈننىمۇ يېشەلمىدى، شۇنداقلا ئۆز قارىشىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ يېتەرلىك ئاساس تاپالمىدى. پەرىزى پەرەز پېتى قېلىۋەردى. ئۇنىڭچە، باشقىلارنىڭ سەزمىگەنلىكى بۇنداق ئېھتىمالنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيتتى. كىشىلەر سەزمەيتتى، سەزدۈرمەسلىككىمۇ بولاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھويلىدىن تېپىلغان شەپكە ۋە قاتىللىق قورالى دەم قادىلىپ تۇراتتى. كۆتۈرۈپ چىقىلغان دەم ۋە چۈشۈپ قالغان شەپكىگە قاراپلا ئۇلار مۇشۇ ھويلىدا ئۇچراشقان، مۇشۇ ھويلىدا دوقۇرۇشقان، دەسلەپكى ئېلىشىش مۇشۇ ھويلىدا بولغان، دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى، لېكىن تۇرمىدىكى قايتا سوراقلاردا قاتىل ھويلىدىكى ئېلىشىشنى ئىنكار قىلدى، ئىللا-بىللا يېقىن كەلتۈرمىدى. شەپكە ۋە دەم ھەققىدە يوقىلاڭ، ئىشەنگىلى بولمايدىغان گەپلەرنى قىلدى، كېيىن ئۈندىمەي جىم تۇرۇۋالدى. ئادىلنىڭ پەرىزىچە، قاتىل ئىزچىل تۇردە ھويلىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى، نېمىنىدۇر يوشۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

تۇرمىگە ئۈچىنچى قېتىم بارغاندا قاتىل بىلەن دېيىشكەن گەپلەر ئادىلنىڭ ئېنىق يادىدا بار ئىدى. ئۇ، شۇ قېتىم قاتىل بىلەن ئادەتتىكىچە سۆزلىشىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى.

— سەن ئاشۇ كېچە ئۆلگۈچى بىلەن قەيەردە ئۇچراشتىڭ؟ قانداق ئۇچرىشىپ قالدىڭ؟

— ئۇلار ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى يولدىن ئالىتاغىل ناخشا توۋلاپ ئۆتتى. مەن ئۇلارنىڭ مەستلىكىنى، يەنە ھاراق ئىچكەنلىكىنى بىلىپ دەمنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ چىقتىم. كېيىن ئۇلار مەكتەپكە كىرىپ كېتىپتۇ. مەن ئاشۇ بىدئەتلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرەلمىگىنىمگە ئۆكۈنۈپ، ئۆيگە يېنىپ كىرىپ كەتمەكچى بولدۇم، لېكىن ئۇيقۇم قاچقانىدى. ئەگۈننىڭ ئالدىدا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇردۇم. بىر چاغدا يولدا بىرى پەيدا بولدى.

غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ مەست ئەبلەخ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئارقىسىدىن ماڭدىم ۋە مەسچىتنىڭ ئالدىغا بارغاندا دەم بىلەن بېشىغا ئۇردۇم ...

— ھېچنېمە دېمەيلا ئۇردۇڭمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنى نېمىشقا ئىشىك ئالدىغىدىن ئۆتكەندىلا تونۇمىدىڭ؟

— ئۇنداق قىلغۇم كەلمىدى.

— راستىنلا مەسچىتنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇردۇڭمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا، نېمىدەپ ئۇنىڭ شەپكىسى سېنىڭ ھويلاڭغا چۈشۈپ قالىدۇ؟

— ياماق قىلارمىز، دەپ ئەكەلگەنتىم.

— شەپكىنى ئەكەلگەن ئادەم نېمىشقا ئۆيگە ئەكىرمەي ھويلىغا تاشلاپ قويدۇڭ؟

— ئەكىرگۇم كەلمىدى.

— شەپكىنىغۇ ئەكەپسەن، نېمىشقا دەمنى تاشلىۋەتتىڭ؟

— ......

— سەن ئۇنى ئۇرغاندا شەپكىسى بېشىدا بارمىدى؟

— بار ئىدى.

— ئەمىسە نېمىشقا شەپكىگە قان يۇقمىدى؟

— بۇنى بىلمىدىم.

— سەن راست گەپ قىلمايۋاتىسەن؟

— مەن راستىنلا ئۇنى ئۆلتۈردۇم، مەن ئىقرار.

— ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن ... ياق، بىلىمەن.

— سەن چوڭقۇر ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

— ئويلىدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا راست گەپ قىلمايسەن؟

— راست گەپ قىلدىم. مەن ئىقرار، مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم.

— نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

— هاراق ئىچكەنلىكى، ناماز ئۆتىمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم.

— يالغان، سەن ئۆزۈڭمۇ ناماز ئۆتىمەيدىكەنسەنغۇ؟

— ئۆتەيمەن، دىنغا ئىشىنىمەن.

— مەن تەكشۈرۈپ كۆردۈم. سەيپۇڭخانىدىكىلەر سېنىڭ ناماز ئۆتىگەنلىكىڭنى كۆرمەپتۇ.

— ئۇلار بىلمەيدۇ.

— سەن دائىم ئۇلار بىلەن بىللە تۇرساڭ، نېمىشقا بىلمەيدۇ.

— ......

— ئېيتىپ باقە، نامازنى قانداق ئۆتەيدۇ؟

— هازىر تەرتىم يوق.

— مەن سېنى ناماز ئۆتە دېمىدىم، نامازنى قانداق ئۆتەيدىغانلىقىنى دەپ باق دېدىم.

— ئايەتلەرنى تەرەتسىز تىلغا ئالسا كۇپۇرلۇق بولىدۇ.

— بىكار گەپ.

— بۇ گەپلەرنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ مەن قاتىللىق قىلغانلىقىمنى ئىقرار قىلدىم. قانداق جازا بەرسەڭلار مەيلى، پەقەت مۇشۇ كۈنلەر تېزرەك تۈگىسە بولاتتى ...

ئاشۇ سوراقلاردا ئادىل هېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى، كۆڭلىدىكى پەرەز يەنىلا پەرەز پېتى قېلىۋەردى. ئۇ، ئاشۇ پەرەزلەرنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالغانىدى. ئادىل ئاغزىنىڭ ئۈچىغا كېلىپ قالغان: «هېلىقى مۇئەللىمنىڭ ئاناڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىدى؟» دېگەن سوئالنى ئاغزىدىن نەچچە قېتىم چىقىراي دېدىيۇ، لېكىن يەنىلا بولدى قىلدى. ئاشۇ ياش بالىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويۇشتىن، ئۇنىڭ كىشىلىك ئىززەت-هۆرمىتىگە

چىقىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى. ئەگەر شۇ سوئال ئوتتۇرىغا چىقىرىلسا ئۇنىڭ ئانىسىلا ئەمەس، ئۇنىڭ غۇرۇرىمۇ ھاقارەت قىلىنغان بولاتتى. مەيلى ئاشۇنداق ئىشنىڭ بار-يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ھاقارەت قىلىنغان بولاتتى. ئادىل بۇ نۇقتىنى چۈشىنەتتى. ئۇ قاتىللىق قىلغانىكەن، ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە جازا بېرىشكە بولاتتى. لېكىن قانۇندا قاتىلنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە، ۋىجدانىغا، غۇرۇرىغا ھاقارەت قىلىنسا بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە يوق ئىدى. ئادىل بىر جىنايەتچىنىڭ ئەمەس، ئالدىدا ئولتۇرغان ئاشۇ ياش بالىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى، كۆڭلىنى ئايىدى.

دېلونى تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كېچىكتۈرۈۋېرىشكە بولمايتتى. ئادىلنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان-پەرەزلىرىنىڭ ئىسپاتلىنىشى-ئىسپاتلانماسلىقىمۇ، قاچان ئىسپاتلىنىشىمۇ نامەلۇم ئىدى. ئادىل ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ، ئاشۇ گۇمان ئىسپاتلانغان ھالەتتىمۇ قاتىلنىڭ تەقدىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىشى ناتايىنلىقىنى چۈشەندى، شۇنداق قىلىپ، دېلونى رەتلەپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. دېلو پاش قىلىش سۈرئىتىدە رېكورت ياراتقان بۇ ساقچى يىگىت دېلونى رەتلەشتە رېكورت يارىتالمىدى. لېكىن ئۆز خىزمىتىنى يەنىلا ئاخىرىغا يەتكۈزدى.

ئادىلنىڭ مۇشۇ دېلودىكى ئىشى تۈگىدى. ئۇ، بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتسە بولاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنتۇيالمايتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاشۇ ئىشلارنى يەنە ئەسلەپ قالاتتى. ياپياش قاتىل ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق ئانىسى كۆز ئالدىدا ئايان بولاتتى، شەپكە ۋە دەم توغرىسىدا ئويلاپ قالاتتى. ئۇ دېلونى رەتلەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئالاھازەل يۈز كۈنلەردىن كېيىن قاتىل ئۈستىدە چىقىرىلغان ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئاڭلىدى. غېنىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ دەرھال ئىجرا قىلىش ھۆكۈم قىلىنغانىدى. ئاشۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۈنى نامەلۇم تۇيغۇ ئادىلنى سۆرەپ يەنە بىر قېتىم تۈرمىگە ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئەقلىي ھۆكۈمىنىڭ

توغرىلىقىنى دەلىلىلەيتتى، لېكىن ھېلىقى نامەلۇم تۈيغۇ بولسا، ئۇنى ئاشۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ قالغان نامەلۇم ئىشنى بىلىۋېلىشقا كۈشكۈرتەتتى. بۇ ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئادىل قاتىل جىنايەتچى، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر غېنىنى سوراقخانىغا يەنە بىر قېتىم ئاچىقتۇردى.

غېنىنىڭ ئەسلىدىلا ئاق پىشماق چىرايى تېخىمۇ سۇزۇلۇپ قالغان، يېڭىلا خەت تارتقان بۇرت-ساقاللىرى ئۆسۈپ چىرايىنى تېخىمۇ ئاق كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئوبدانلا سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق بىرخىل بىزارلىق ۋە ئىنتىزارلىق ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ئادىل ئۇنىڭ چىرايىغا نەزەر سېلىپ تۇرغان ئاشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ تۇرمە تۇرمۇشىغا بولغان بىزارلىقىنى ۋە شۇ كۈنلەرنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىغا ئىنتىزارلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

— ئاناڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالغۇڭ بارمۇ؟

ئادىل ئەسلىي باشقا بىر نەرسىلەرنى سورىماقچىدى، ئاغزىدىن نېمە بولۇپ سوت ساقچىسى سورايدىغان سوئالنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمىدى. ئۇ، ئۆز-ئۆزىدىن ھەيران قالدى.

قاتىلنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغانىدى. ئۇ، جۇپلەشكەن قوللىرى بىلەن يۈز-كۆزىنى توسۇۋالدى. ئاشۇ ھالەتتە ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى. شۇ ئارىدا ئادىلنىڭ ئەمدى ھەرقانداق باشقا سوئال سوراشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى، باشتىكى سوئالنىلا تەكرارلاش لازىملىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

— ئاناڭنى كۆرۈشتۈرگىلى ئەكېلەيمۇ؟

— ياق، كۆرۈشمەي ... بىر قېتىم كۆرۈۋالسام، يىراقتىن بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالسىملا بولاتتى ...

غېنىنىڭ جۇپلەشكەن قوللىرى ئارىسىدىن سىرغىغان كۆز ياشلىرى پولات كويزىنى ھۆل قىلدى. ئادىل نېمىدەپ ئاشۇ گەپلەرنى دېگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئەسلىي ئاخىرقى

كۆنلىرىنى كەچۈرۈۋاتقان جىنايەتچىگە ئاشۇ مېھرىبان ئانىنى ئەسلەتمەسلىك كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

## ئوغلۇم مېنى يوقلاپ كېلىدۇ

غېنى قولغا ئېلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي رابىيە ئېلىشىپ قالدى. كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق بىر سىرىق ئۇچقۇن چاقناپ تۇراتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ توختىماي سۆزلەيتتى. دەسلەپكى كۈنلىرى ئۇ چۈشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم، چۈشتىن كېيىن بىر قېتىم بازاردىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ-كېلىپ يۈردى. يولدا ئۇچرىغانلا ئادەمگە — چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش، ئەر-ئايال، تونۇش-ناتونۇش — ھەممىسىگە سۆزلەپ ماڭاتتى. سۆزلىرى ئارىسىدىن «غېنىنى كۆرۈپ كېلەي ...» دېگەن بىرلا جۈملىنى ئۇققىلى بولاتتى. يولدا ئادەم بولمىسىمۇ سۆزلەيتتى. كىمگىدۇر بىركىمگە: «ئوغلۇمنى كۆرۈپ كېلەي، ھېلىلا قايتىپ كېلىمەن» دەيتتى. راستىنلا بىردەمدىلا قايتىپ كېلەتتى. تىككۈچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىغا باراتتىيۇ، كىرمەيلا ئارقىسىغا قايتاتتى، گېپىمۇ ئۆزگىرەتتى: «غېنىنى كۆرۈپ كەلدىم، ئۇ شۇنداق ئۇز» دەيتتى. گەپ قىلغاچ ماڭاتتى، ئالدىراپ-پالاقشىپ ماڭاتتى. ئايىغىدىن ئۆرلىگەن چاڭ-تۇزان يىراقتىن قارىغان ئادەمگە ئاشۇ يولدا بىر قۇيۇن — «توكۇرجىن» يەر بېغىرلاپ ئۇچۇپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئارا پاشىنلىق توپلىيى يىرتىلىپ پۈتىدا تۇرغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. توپلىيىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ ماڭاتتى. چېھرىگە چۈۋۈلۈپ چۈشكەن چاچلىرى، كەڭ ئېتەك ئاق كۆڭلىكى ئەتىيازنىڭ شامىلىدا ئۇچۇپ تۇراتتى.

رابىيەنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. ئۇنى كۆرگەندە چوڭلار توۋا قىلىپ: «ئۇلۇغ ئاللا، بەندەڭنىڭ بېشىغا ئاشۇ كۈنلەرنى سالمىغايسەن!...» دەپ ياقا چىشلىشەتتى.

ئۇششاق باللار بولسا: «ساراڭ كەلدى» دەپ ۋارقىرىشاتتى. كەپسىزلىرى ئۇنىڭغا تاش-داڭگال ئاتاتتى. لېكىن رابىيەنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. «غېنىنى كۆرۈپ كېلەي...» دەپ بەخىرامان كېتىۋېرەتتى.

بىر كۈنى رابىيە قاپىقى يېرىلغان، يۈز-كۆزلىرى قانغا بويالغان هالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ: «غېنى شۇنداق ئۇز تۇرۇپتۇ» دەيتتى. قوشنىلار ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى. هېيۋىخان شاق-شاق هۆللەنگەن خام بىلەن ئۇنىڭ چېھرىدىكى قانلارنى سۈرتۈپ تازىلىدى، چۇۋۇق چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، تېخى تۇنۇگۇنلا قوندۇزدەك قاپقارا تۇرغان چاچلارنىڭ پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە هۆڭرەپ يىغلىۋەتتى، ئۆزىنى تۇتالماي رابىيەنى چىڭ قۇچاقلىدى. رابىيە ئورۇۋقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قالغانىدى. هېيۋىخان شاق-شاقنىڭ يىغىسى يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. هەممە قوشنىلارنىڭ كۆزلىرىمۇ نەملەشتى. رابىيە بەخىرامان ئىدى. ئۇ: «غېنى شۇنداق ئۇز تۇرۇپتۇ...» دېگەن گېپىنى تەكرارلايتتى. هېيۋىخان ئىسەدەپ تۇرۇپ: «جېنىم رابىيەخان، ئەمدى بازارغا بارمىسىلا، غېنى ئۆزى كېلىدۇ، ئەتە سىلىنى كۆرگىلى كېلىدۇ ...» دېدى. قوشنىلارمۇ شۇنداق دېيىشتى.

خۇددى ئاشۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، ئاشۇ كۈندىن باشلاپ رابىيە بازاردىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىغا بېرىپ-كېلىشنى توختاتتى. ئۇ، كۈن بويى ئەگۈنىنىڭ ئالدىدىكى يۇمشاق توپىدا يولغا قاراپ ئولتۇراتتى، كېچىسىمۇ-كۈندۇزىمۇ قوپمايتتى، پەقەت بىرلا گەپنى تەكرارلايتتى: «ئوغلۇم ئەتە مېنى كۆرگىلى كېلىدۇ...»

ئۇلۇغ، مۇقەددەس، شادىيانە قۇربان هېيت ئۆتتى. رابىيە هېيتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمىدى. ئەگۈن يېنىدىكى ئۆرۈكنىڭ يېشىل ياپراقلىرى ئارىسىدىن كۆپكۆك غورىلار

كۆرۈنۈپ ئاستا-ئاستا چوڭايدى، سارغايدى، پىشىپ تۆكۈلدى ۋە سېسىپ كەتتى. رابىيەنىڭ ئېتىزىدىكى بۇغدايلار پىشتى. ياخشى كۆڭۈل قوشنىلار ئورۇپ-تېپىپ، غەللە-پاراقتىن، سۇ پۇلىدىن، مائارىپ فوندىدىن ۋە ئاللىبىر خىراجەتلەردىن ئاشقان قىسمىنى كات ساندۇققا تۆكۈپ قويدى. رابىيەگە تەقسىم قىلىنغان پىلە قۇرتلىرى ئۆلۈپ، جەرىمانىسى ئۈچۈن ئاچ قالغان قويلىرى ھەيدەپ كېتىلدى ... رابىيە بۇلارنىمۇ ئۇقمىدى. ئۇ، كۆك توپىغا مىلىنىپ ئولتۇراتتى. بىرلا گەپنى تەكرارلايتتى: «غېنى ئەتە كېلىدۇ، مېنى كۆرگىلى كېلىدۇ...» قوشنىلار تاماق ئۈزىتىپ تۇراتتى. ھېيۋىخان شاق-شاق ئۈچ ۋاخ تاماقنى ئۆز قولى بىلەن يېگۈزگەنچىلىك قىلاتتى. لېكىن رابىيە بۇلارنىمۇ ئۇقمىدى. ئۇ، مەڭگۈ كۆك توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرىدىغاندەك، ئاشۇ بىرلا گېپىنى مەڭگۈ تەكرارلاۋېرىدىغاندەك قىلاتتى.

لېكىن ئەھۋال ئۇنداقمۇ بولمىدى. كۆك شاپتۇل راسا مەي باغلاپ پىشقان، ئامۇت ئالتۇندەك سارغايغان كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى رابىيە ئەگۈنىنىڭ ئالدىدىن يوقىلىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا ھېيۋىخان شاق-شاق ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدا يوقلۇقىنى كۆردى. ئۇ ئۆزۈندىن بېرى ئولتۇرغان، ئويۇلۇپ كاتەك بولۇپ قالغان يەردە كۆك توپا ۋە ئەسكى لاتا-پۇتىلار قالغانىدى. ھېيۋىخان شاق-شاق تەرەپ-تەرەپتىن ئىزدىدى. ئۆيلەردىن، باغدىن، ھويلىدىن، ئېتىزدىن ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى.

شۇ كۈنى قاتىل، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر غېنى نىيازغا ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىدىغان كۈن ئىدى. پۈتۈن يېزىدىكى قېرى-ياش، ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۇقتۇرۇلغان، پەقەت رابىيەگىلا ئۇقتۇرۇلمىغانىدى. ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇلمىسىمۇ بولاتتى، ئۇقتۇرۇلغان ھالەتتىمۇ ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقمايتتى، كىشىلەر ئاشۇنداق ئويلىشاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماسلىقمۇ

ئۇقتۇرۇلغانىدى. دەل مانا شۇ كۈنى ئۇ يوقىلىپ كەتتى. زادى نەگە كەتتى؟ ھېيۋىخان شاق-شاق ھەيران ئىدى. ئۇنى نەدىن تېپىۋېلىشنى بىلمەيتتى. قوشنىدارچىلىق بۇرچى، ئۇزۇن يىللىق يېقىنلىق تۇيغۇسى رابىيەنى تېپىشقا ئۇندەيتتى، ئۇنى ئەنسىرىتەتتى، خاۋاتىرلەندۈرەتتى.

ئەمما ئۇنىڭ خاۋاتىرلىنىشى بىكار بولۇپ چىقتى. ئاشۇۋاقتىغا يېقىن ئاشۇ يېزا بازىرىدا، ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەن ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىش مەيدانىنىڭ كەينىدىرەك بىر يەردىن رابىيەنى تېپىۋالدى. ئېيتىشلىرىچە، يىغىنغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن كىشىلەر رابىيەنى يىغىن مەيدانىدىكى سەھنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرگەنىمىش. ئۇ توختىماي نېمىلەرنىدۇر دەيمىش. كېيىن يىغىن تەرتىپىگە دەخلى يەتكۈزمىسۇن، دەپ ئويلىغان ئەخمەت ئاخۇن سېكرىتار ئۇنى يېتىلەپ ئەكېلىپ مانا شۇ يەرگە تۇرغۇزۇپ قويغانىمىش ...

ھېيۋىخان شاق-شاق رابىيەنى ئۇزۇن يىل كۆرمىگەندەك چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدى. رابىيەنىڭ نامەلۇم بىر نۇقتىغا تىكىلگەن چوڭقۇر كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى، چاچلىرى چۇۋۇقلۇق، چىرايى مەينەت، كىيىملىرى جۇل-جۇل ئىدى. لەۋلىرىنى توختاۋسىز مىدىرلىتىپ: «ئوغلۇم مېنى كۆرگىلى كېلىدۇ. بۈگۈن كۆرگىلى كېلىدۇ...» دەيتتى. ھېيۋىخان ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم يىغلاپ سالدى.

ھۆكۈم ئېلان قىلىنىۋاتقان چاغدا ھېيۋىخان شاق-شاق سەھنىگە كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئاشۇ يەردە قاتىل جىنايەتچى، دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇر غېنى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى. كۆرۈنۈشى خۇددى بوينىغا ئېسىپ قويۇلغان تاختىدىكى خەتلەرنى ئوقۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ پات-پات بېشىنى كۆتۈرۈپ مەيداندىكى ئادەملەرگە قاراپ قوياتتى. ھەر قېتىم بېشىنى كۆتۈرگەندە ھېيۋىخان شاق-شاققا ئۇ خۇددى ئۈزلىرى تۇرغان يەرگە

قاراۋاتقاندەك، ئانىسىغا قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھېيۋىخان شاق-شاق: «ئۇ چوقۇم ئانىسىنى كۆردى، ئانىسىنى تونۇدى» دەپ ئويلىدى.

جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان، يۈك ماشىنىسىنىڭ كوزۇپىغا چىقىرىلىپ ئېتىشقا ئېلىپ مېڭىلغان ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چاغدا ھېيۋىخان شاق-شاق جىنايەتچىنىڭ ئۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغانلىقىنى، ماشىنا ئۇدۇللاشقاندا يەنە بۇرۇلۇپ قارىغانلىقىنى كۆردى. ئۇ، رابىيەگە ئوغلىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ بۇرۇلدى. رابىيە كۈلۈپ تۇراتتى، كۆزلىرى ئۇچقۇنداپ كەتكەنىدى. ئۇ «غېنىمنى كۆردۈم، شۇنداق ئۇز تۇرۇپتۇ. مەيدىسىدىكى تاختا شۇنداق يارىشىپتۇ ...» دېدى. ھېيۋىخان شاق-شاق ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۇزاپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. يىغىندىن تارقىغان ئادەملەر نېمىگىدۇر ئالدىرىشىپ ئىتتىرىشەتتى. ھېيۋىخان شاق-شاق رابىيەدىن قانداق ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنى نەدە يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئادەملەر تارقىغاندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. باشقا قوشنىلارمۇ ئىزدىشىپ بەردى. لېكىن رابىيە ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. كېيىن يەنە خېلى كۈنلەرگىچە ئىز-دېرىكىنى قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ رابىيەنىڭ ئۆلۈكىدىنمۇ، تىرىكىدىنمۇ دېرەك بولمىدى. ئۇنى پەقەت بىپايان تەكلىماكانغا كىرىپ كەتكەن، قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان، دەپ پەرەز قىلىشقىلا بولاتتى. ھېيۋىخان شاق-شاق پات-پات قوشنىسىنىڭ ئايۋان سارىيىغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتى. قارلىغاچلار ئاللىقاچان كېتىپ قېلىشقان، ئايۋان جىم ۋە ھۇۋۇللاپ قالغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : ئابلىز ئابباس

# قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا

## نۇرمۇھەممەت توختى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2005 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2005 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 14.5
سانى : 0001 ـ 3000
باھاسى : 19.00 يۈەن

责任编辑：牙库甫
责任校对：阿布里孜

图书在版编目(CIP)数据

有燕巢的廊檐/努尔买买提著.—北京：
民族出版社，2005.9
ISBN 7-105-07249-0

Ⅰ.有...　Ⅱ.努...Ⅲ.①短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）②中篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第108453号

出版发行：民族出版社　http://www.e56.com.cn
社　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　话：010-64290862（维文室）
印　刷：北京迪鑫印刷厂
版　次：2005年10月第1版　2005年10月北京第1次印刷
开　本：850毫米×1168毫米
印　张：14.5
印　数：0001-3000册
定　价：19.00元